ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومى دەرسلىكى

# ئۇيغۇر تېبابىتى
# داۋاسازلىق ۋە مۇرەككەپ دورىلار ئىلمى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومى دەرسلىكى

# ئۇيغۇر تېبابىتى
# داۋاسازلىق ۋە مۇرەككەپ دورىلار ئىلمى

(سىناق دەرسلىك)

ئاپتورى: رۇقىيەم سادىق

باش مۇھەررىر: مۇھەممەد ئىمىن سابىرى
باش تەھرىر: ھاجى ئابدىلھەمىد يۇسۇپى
مەسئۇل مۇھەررىر: ئىنايىتۇللا ھېلىمى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔医学制剂学与复方学：维吾尔文 / 茹克亚木·沙地克编著. — 乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2014.11
ISBN 978-7-5372-5955-2

Ⅰ. ①维… Ⅱ. ①茹… Ⅲ. ①维吾尔族-民族医学-制剂学-维吾尔语(中国少数民族语言)②维吾尔族-民族医学-复方(中药)-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①R291.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第244938号

书　　名：维吾尔医学制剂学与复方学
编　　著：茹克亚木·沙地克
总　　编：买买提依明·沙比尔
主　　编：阿吉·阿不都艾米提·玉素甫
责任编辑：伊那耶吐拉·艾里米
封面设计：艾尼瓦·卡森木
出　　版：新疆人民出版总社
　　　　　新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：新疆宏图印务有限责任公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：1987年7月第一版
印　　次：2014年11月第二次印刷
开　　本：787×1092毫米 1/16开本 23 印张
书　　号：ISBN 978-7-5372-5955-2
印　　数：3001—6000
定　　价：57.00元

发行科联系电话：(0991)2823055 邮编：830001

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

# نەشر قىلغۇچىدىن

ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە دورىگەرلىك ئىلمى ۋەتەن تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى يەكۈنلىگەن ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۆزىگە خاس نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇللىرىغا ھەمدە مول دورا بايلىقلىرىغا ئىگە بولغان تېبابەت. ئۇ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، سىستېمىلىشىشتىن ئىبارەت تارىخىي باسقۇچلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئىشلىرىدا مۇھىم روللارنى ئوينىغان.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىلمى پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش جەريانىدا ئېلىمىزدىكى جۇڭيى تېبابىتى، زاڭزۇ تېبابىتى، موڭغۇل تېبابىتىدىن؛ قوشنا ئەللەردىن ھىندى تېبابىتى، ئىران تېبابىتى، ئەرەب ـ ئىسلام تېبابىتى، يۇنان تېبابىتىدىن بەلگىلىك تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تېبابەتلەرگە ئاساسىي نەزەرىيە، داۋالاش تېخنىكىلىرى ۋە دورا ـ دەرمەك تەرەپتىن خېلى زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.

لېكىن، تارىختىكى خىلمۇخىل ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تېبابىتى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىق ۋە چەكلىنىشلەرگىمۇ دۇچ كەلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بېرى، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىكى تېخىمۇ زور يۈكسىلىش پۇرسىتى ۋە تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش ئورگانلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى مېدىتسىنا تېخنىكومىلىرىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك-دورىگەرلىك كەسپلىرى ئېچىلىپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ يېڭى ۋارىسلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تەربىيەلىنىپ چىقىلدى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا 1984 ـ يىلى خوتەندە شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومى قۇرۇلدى.

قولىمىزدىكى بۇ بىر يۈرۈش سىناق دەرسلىكلەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى جۇڭيى ـ مىللىي تېبابەت باشقارمىسىنىڭ بىۋاسىتە تەشكىللىشى بىلەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىلمىنى زامانىۋى مائارىپ ئۇسۇلىدا ئوقۇتۇش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان تۇنجى ئەۋلاد دەرسلىك.. بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشكە خوتەن، قەشقەر، ئۈرۈمچى، كۇچا ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىلىرىدىكى

قىدار ھۆكۈمالار، ھەكىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلغان.
ئەينى ۋاقىتتا تۈزۈلگەن بۇ دەرسلىكلەر تۈزۈش ۋاقتى قىسقا، تەجرىبىلەر كەمچىل
غانلىقى تۈپەيلىدىن مەزمۇن ۋە ئاتالغۇلاردا بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلگەن. بۇ
سلىكلەرنى قايتا بېسىش جەريانىدا، بۇ نۇقتىلار تۈزىتىلدى ۋە يېڭى ئىملا قائىدىسىگە
غۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنداقتىمۇ يەنە بەزى نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشى
مكىن. شۇڭا، ھەكىم ـ تېۋىپلارنىڭ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە كەڭ
تابخانلارنىڭ قىممەتلىك تەنقىد ۋە پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
2014 ـ يىلى 5 ـ ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

قولىڭىزدىكى بۇ «داۋاسازلىق ۋە مۇرەككەپ دورىلار ئىلمى دەرسلىكى» ئېچىلىش ئالدىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومىدا سىناق دەرسلىك قىلىش ئۈچۈن تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ كىتابتىن تېبابىتىمىزنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان ياش تېۋىپلار، دورىگەرلەر ۋە تېبابەتكە قىزىققۇچى كىشىلەر بىر دەك پايدىلىنىشى مۇمكىن.

بۇ كىتاب ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىرىنچى قىسمى يەنى ئومۇمىي قىسمىدا ئۇيغۇر تېبابىتى داۋاسازلىق ۋە دورىگەرلىك ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە ھەمدە دورىلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈش قانۇنىيەتلىرى ۋە دورا ئەشيالىرىنى مۇرەككەپ ياسالما ھالىغا كەلتۈرۈشكە لايىقلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ قىسىم جەمئىي ئىككى باب بولۇپ، ئۇنىڭغا قوشۇمچە 27 خىل كۆشتە دورىلارنى ياساش ئۇسۇللىرى، نۇسخىلىرى كىرگۈزۈلدى.

ئىككىنچى قىسمى مەخسۇس قىسىم بولۇپ، ئۇنىڭغا تېبابىتىمىزدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالما شەكىللىرى، ئۇلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى، ھەرخىل دورا ياسالمىلىرىنىڭ سۈپەت ئۆلچەملىرى، تۈرلىرى، تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭدەك داۋالاش ئۈنۈمى ئىشەنچلىك، كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، تەييارلاش نىسبەتەن ئوڭاي بولغان بىر قىسىم مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى ئۈلگە ئۈچۈن تونۇشتۇرۇلدى. بۇ قىسىم جەمئىي 22 باب بولۇپ، 22 خىل شەكىلدىكى مۇرەككەپ ياسالمىنىڭ 245 خىل نۇسخىسى كىرگۈزۈلدى. بۇ نۇسخىلار قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىلىرىدا ئۇزاقتىن بۇيان ئىشلىتىلىپ ئۈنۈمى كۆرۈلگەن مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرىدىن تاللاپ ئېلىندى. شۇنىڭدەك چەت ئەل كىتابلىرىدىنمۇ بىر قىسىم نۇسخىلار قوبۇل قىلىندى.

كەلگۈسىدە ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش، دورا ياساش ( داۋاسازلىق) ئىشلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا ئاساس سېلىش ئۈچۈن دوختۇرخانىلىرىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقان بىر قىسىم داۋاسازلىق ماشىنىلىرى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش قائىدىلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.

تېبابىتىمىزنىڭ دورىگەرلىك ئىلمىنى تەتقىق ۋە تەرجىمە قىلىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن كىتابقا كىرگەن مۇرەككەپ دورىلارنى تەييارلاشقا (جۈملىدىن ئومۇمەن داۋالاشقا) ئىشلىتىلىدىغان يەككە دورىلارنىڭ ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە، لاتىنچە (قىسمەن ئىنگلىزچە)، خەنزۇچە ناملىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى، بەدەل (ئورۇنباسار) دورىلار جەدۋىلى قوشۇمچە قىلىندى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشتە دوختۇرخانىمىزدىكى بىر قىسىم پېشقەدەملەر ۋە دەرسلىكنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى زور ياردەم ۋە يوليورۇقلارنى بەردى، ئۇلارغا چىڭ كۆڭلۈمدىن سەمىمىي تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكى بىلەن 20 يىلغا يېقىن شۇغۇللانغان بولساممۇ، سەۋىيەم چەكلىك، ۋاقىت قىسقا بولغانلىقى تۈپەيلىدىن كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە مەزمۇنىدا نۇقسانلار بولۇشى چوقۇم، كەڭ كىتابخانلارنىڭ، بولۇپمۇ تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ساھەسىدىكى پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ تەنقىدىي ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن رۇقىيەم
1987 - يىلى ماي

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى ئومۇمىي قىسىم

**بىرىنچى باب داۋاسازلىق ۋە مۇرەككەپ دورىلار ئىلمى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات** ............ 1
بىرىنچى بۆلۈم داۋاسازلىق ۋە مۇرەككەپ دورىلار ئىلمىنىڭ قىسقىچە تارىخى ......... 1
ئىككىنچى بۆلۈم داۋاسازلىق ئىلمىنىڭ تەرىپى، ۋەزىپىسى ۋە مەقسىتى ............ 2
ئۈچىنچى بۆلۈم داۋاسازلىقتا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلار .................... 3
1. دورا ............................................................ 3
2. پىششىق دورا ........................................................ 5
3. دورا ياسالمىلىرى .................................................... 5
4. زەھەرلىك (مۇسەممىيات)، ئۆتكۈر تەسىرلىك (مۇھەددىدات)، مەست قىلغۇچى (ناركوتىك ـ مۇخەددىرات) ۋە نازۇك ماتېرىياللىق دورىلار ...................... 6
تۆتىنچى بۆلۈم مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى توپلىمى ................................ 7
بەشىنچى بۆلۈم رېتسېپ — دورا يېزىش قەغىزى .................................. 8
1. رېتسېپ ........................................................... 8
2. رېتسېپنىڭ ئەھمىيىتى ................................................. 8
3. رېتسېپ خىللىرى ..................................................... 9
4. رېتسېپ يېزىش ۋە رېتسېپ تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ............... 11
ئالتىنچى بۆلۈم ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ........................................... 11
1. تورۇزا ........................................................... 12
2. كەمچەن (مىنزۇركا) .................................................. 13
3. ۋارونكا .......................................................... 14
يەتتىنچى بۆلۈم تېبابەت ئۆلچەملىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۆلچەم بىرلىكلىرى سېلىشتۇرمىسى ........................................................ 14
**ئىككىنچى باب دورىلارنى مۇرەككەپ قىلىش ۋە مۇرەككەپ قىلىشقا لايىقلاشتۇرۇش** ........... 15
بىرىنچى بۆلۈم دورىلارنى مۇرەككەپ قىلىش ...................................... 15
1. دورىلارنى مۇرەككەپلەشتۇرۇشتىكى مەقسەت ................................. 15
2. مۇرەككەپ دورىلار تەركىبىدىكى يەككە دورىلارنىڭ مىقدارى ۋە ئۇنىڭ بىر قېتىملىق ئىچىش مىقدارىنىڭ بەلگىلىنىشى ........................................ 16
3. ئۇيغۇر تېبابىتى مۇرەككەپ دورىلىرى ناملىرىنىڭ بەلگىلىنىش پىرىنسىپلىرى ... 17
4. مۇرەككەپ دورىلارنىڭ مىزاجىنى بەلگىلەش پىرىنسىپلىرى .......................... 18

5. مۆرەككەپ دورىلارغا بەدەل (ئورۇن باسار دورا) ئىشلىتىش قائىدىلىرى ۋە پرىنسىپلىرى ...... 22
ئىككىنچى بۆلۈم دورىلارنى مۆرەككەپلەشتۈرۈشكە لايىقلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرى ...... 23
1. سوقۇش ...... 24
1) تەرىپى ...... 24
2) سوقۇش ئۇسۇللىرى ...... 24
2. ئېزىش (سالايە قىلىش) ...... 24
1) تەرىپى ...... 24
2) سوقۇش ۋە ئېزىشتىكى مەقسەت ...... 25
3) ئېزىش ئۇسۇللىرى ...... 25
4) دورىلارنى سوقۇش ۋە ئېزىشتە ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار ...... 27
5) ھەر خىل ماشىنىلارنى ئىشلىتىش ۋە ئاسراش ...... 31
6) سوقۇش ۋە ئېزىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ...... 32
3. تاسقاپ ـ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈش ...... 33
4. قورۇش (تەقلىيە) ...... 37
5. ئەرەق تارتىش (تەقتىر) ...... 38
6. گازغا ئايلاندۇرۇپ چەككىلەش (تەسئىد) ...... 40
7. دەملەش (نوقۇئ) ...... 41
8. قاينىتىش (مەتبۇخ، مۇغلا) ...... 41
9. ئېرىتىش (ئىنھىلال) ...... 44
10. چىلاش (تەئفىن) ...... 47
11. قۇرۇتۇش (تەجفىف) ...... 48
12. سىقىش ۋە ئۇسارە ئېلىش (ئۇسىر) ...... 48
13. يۇيۇش (تەسۋىل) ...... 50
14. پوستىدىن ئاجرىتىش (تەقەششەر) ...... 50
15. خېمىرگە ئوراپ پىشۇرۇش ئۇسۇلى ...... 51
16. زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى ...... 52
(1) كۆچۈلىنى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى ...... 52
(2) ئەنزىرۇتنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى ...... 53
(3) زىرنى مۇدەببەر قىلىش ئۇسۇلى ...... 53
(4) سەبرىنى زەرەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى ...... 53
(5) توربۇتنى مۇجەۋۋەپ قىلىش (توربۇتنى زەھەرسىزلەندۈرۈش) ئۇسۇلى ...... 53
(6) ئاق پارپا (بىش) نى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى ...... 53
(7) ھەببە سالاتىن (دەند ـ جامال كۆتە) نى سۈتتە زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى ...... 54
(8) سۈرمىنى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى ...... 54

www.uyghurkitap.com


(9) مەھمۇدىنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى (سوقمۇنىيا مەشۇتى) …… 54

17. كۆشتە قىلىش ئۇسۇلى …… 54

(1) ئالتۇن كۆشتىسى …… 56

(2) تۇخۇم شاكىلى كۆشتىسى …… 57

(3) سەدەپ كۆشتىسى …… 57

(4) ياقۇت كۆشتىسى …… 58

(5) مارجان كۆشتىسى …… 58

(6) شىگرىپ (قىزىل سىر) كۆشتىسى …… 59

(7) سەممىلغار (سەنكىيا ـ ئارسېنىك) كۆشتىسى …… 60

(8) ھەجەرۇلىيەھۇد كۆشتىسى …… 62

(9) سىماب كۆشتىسى …… 62

18. گىلى ھېكمەت قىلىش ئۇسۇلى …… 63

19. دورىلارنى يۇيۇپ ساپ قىلىش ئۇسۇلى (غەسلە) …… 65

(1) لاجىۋەردنى يۇيۇش ئۇسۇلى …… 66

(2) لاكنى يۇيۇش ئۇسۇلى …… 66

ئۈچىنچى بۆلۈم پىششىقلانغان دورىلارنى قاچىلاش ۋە ساقلاش …… 66

1. قاچىلاش …… 66

2. ساقلاش …… 67

تۆتىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرىنىڭ تۈرلىرى …… 68


## ئىككىنچى مەخسۇس قىسم


بىرىنچى باب مەجۇن (يۇغۇرۇلما) دورىلار …… 71

1. تەرىپى …… 71

2. مۇجۇن دورىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى …… 71

3. مەجۇن دورىلارنىڭ يېتەرسىزلىكى …… 71

4. مەجۇن دورىلارنىڭ سۇپىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ …… 72

5. مەجۇن دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى …… 72

6. مەجۇن دورىلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى …… 74

بىرىنچى بۆلۈم خېمىر دورىلار …… 74

خېمىرى ئەبرىشىم سادده (ئاددىي پىلە غوزا خېمىرى) …… 75

خېمىرى گاۋزىبان (گاۋزىبان خېمىرى) …… 75

خېمىرى مەرۋارىد (مەرۋايىت خېمىرى) …… 76

خېمىرى سەندەل (سەندەل خېمىرى) …… 76

خېمىرى بىنەپشە (بىنەپشە خېمىرى) ...... 77
ئىككىنچى بۆلۈم ئىترىفىللار (ئىترىفىلات) ...... 77
ئىترىفىلى ئۇستۇقۇددۇس (ئۇستۇددۇس ئىترىفىلى) ...... 78
ئىترىفىلى شاھتەررە (شاھتەررە ئىترىفىلى) ...... 78
ئىترىفىلى سەغىر (كىچىك نۇسخا ئىترىفىل) ...... 79
ئىترىفىلى كەبىر (چوڭ نۇسخا ئىترىفىل) ...... 79
ئىترىفىلى بەرەس (بەرەس ئىترىفىلى) ...... 80
ئىترىفىلى ئەپتىمۇن (سېرىق ئوت ئىترىفىل) ...... 80
ئىترىفىلى بەدىيان (ئارپا بەدىيان ئىترىفىلى) ...... 81
ئۈچىنچى بۆلۈم ئايارەجلەر (ئاچچىق ياسالمىلار) ...... 81
ئايارەج جالىنۇس (جالىنۇس ھېكىم ئىجاد قىلغان ئايارەج) ...... 82
ئايرەج پەيقىرا (ئاچچىق تەملىك ئايارەج) ...... 82
ئايرەج لوغازىيا (مۇرەككەپ شەھمەنزەل مەجۇنى) ...... 83
تۆتىنچى بۆلۈم تەرياقلار (زەھەر قايتۇرغۇچى ياسالمىلار) ...... 84
تەرياقى ئەربەئە ...... 84
تەرياقى ئەقرەپ (چايان تەرياقى) ...... 85
تەرياقى نەزلە (نەزلە تەرياقى) ...... 85
تەرياقى سۇمۇم (زەھەرگە قارشى تەرياق) ...... 86
تەرياقى سامانىيە (كۆپ ئۇنۇملۇك تەرياق) ...... 86
بەشىنچى بۆلۈم جاۋارشلار ...... 86
جاۋارش ئەنبەر (ئەنبەر جاۋارشى) ...... 87
جاۋارش دارچىن (دارچىن جاۋارشى) ...... 88
جاۋارش زەرئۇنى (بۆرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى جاۋارش) ...... 88
جاۋارش زەنجىۋىل (زەنجىۋىل جاۋارشى) ...... 89
جاۋارش مەستىكى (مەستىكى جاۋارشى) ...... 89
جاۋارش كۇندۇر (كۇندۇر جاۋارشى) ...... 89
جاۋارش سەپەرجىل (بېھى جاۋارشى) ...... 90
جاۋارش خۇزى (ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى جاۋارش) ...... 90
جاۋارش جالىنۇس (گالېن جاۋارشى) ...... 91
جاۋارش بالادۇر (بالادۇر جاۋارشى) ...... 91
جاۋارش كۇمۇنى (زىرە جاۋرشى) ...... 92
ئالتىنچى بۆلۈم مەجۇن دورىلار ...... 93
مەجۇنى خىيارشەنبەر (خىيارشەنبەر مەجۇنى) ...... 93
مەجۇنى چۆبچىنى (چۆبچىن مەجۇنى) ...... 94
مەجۇنى ماسكەلبەۋل (سۈيدۈكنى چەكلىگۈچى مەجۇن) ...... 94

www.uyghurkitap.com


مەجۇنى سوم (سامساق مەجۇنى) ...... 94

مەجۇنى نۇجاھ (نىرۋىنى كۈچەيتكۈچى مەجۇن) ...... 95

مەجۇنى ماددەتۇلھايات (ھاياتلىق ماددىسىنى تولۇقلىغۇچى مەجۇن) ...... 95

مەجۇنى نۇشدار (ئامىلە مەجۇنى) ...... 96

مەجۇنى ۋەج (ئىگىر مەجۇنى) ...... 97

مەجۇنى مۇقەۋۋى مەئىدە ( I ) (ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى مەجۇن) ...... 97

مەجۇنى بۇقرات (ھۆكىما بۇقرات مەجۇنى) ...... 98

مەجۇنى نانخا (جۇۋنە مەجۇنى) ...... 98

مەجۇنى مۇقەۋۋى مەئىدە ( II ) (ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى مەجۇن) ...... 99

مەجۇنى زەرئۇني (باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى مەجۇن) ...... 99

مەجۇنى كالىزىرى (تاغ زىرىسى مەجۇنى) ...... 100

مەجۇنى مەسىھا (جىنسىي بەزلەر خىزمىتىنى كۈچلەندۈرگۈچى مەجۇن) ...... 100

مەجۇنى ھۆرمىل كەبىر (چوڭ نۇسخا ئادراسمان ئۇرۇقى مەجۇنى) ...... 101

مەجۇنى ئۇلمىسكى شىرىن (تاتلىق ئىپار مەجۇنى) ...... 101

مەجۇنى بەرشىشا (تېز تەسىر كۆرسەتكۈچى مەجۇن) ...... 102

مەجۇنى ئازراقى (كۈچۈلا مەجۇنى) ...... 103

مەجۇنى كۇندۇر (سۈيدۈك تىزگىنلىگۈچى مەجۇن) ...... 104

يەتتىنچى بۆلۈم مۇپەررىھلەر (خۇشاللاندۇرغۇچى ياسالمىلار) ...... 104

مۇپەررىھى سەندەل (سەندەل مۇپەررىھى) ...... 105

مۇپەررىھى ياقۇتى (ياقۇت مۇپەررىھى) ...... 105

مۇپەررىھى ئەبرىشىم (ئەبرىشىم مۇپەررىھى) ...... 106

مۇپەررىھى ھار (ئىسسىق تەبىئەتلىك مۇپەررىھ) ...... 106

سەككىزىنچى بۆلۈم لۇبۇبلار (مېغىزلىق خېمىر دورىلار) ...... 107

لۇبۇبى كەبىر (چوڭ نۇسخا مېغىزلار مەجۇنى) ...... 107

لۇبۇبى سەغىر (كىچىك نۇسخا مېغىزلار مەجۇنى) ...... 108

توققۇزىنچى بۆلۈم لوئوقلار (يالانچۇقلار) ...... 108

لوئوقى كېتان (زىغىر يالانچۇقى) ...... 109

لۇلۇقى بادام (بادام يالانچۇقى) ...... 109

لوئوقى خەشخاش (كۆكنار يالانچۇقى) ...... 110

لوئوقى زۇپا (زۇپا يالانچۇقى) ...... 110

لوئوقى سىپىستان (سىپىستان يالانچۇقى) ...... 110

لوئوقى تىن (ئەنجۈر يالانچۇقى) ...... 111

يۇغۇرۇلما دورىلارنى تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ...... 111

مەجۇن دورا تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار ...... 113

رۇبلار (ئېكستراكتلار) ...... 113

قاتتىق ۋە قۇرۇق دورا ياسالمىلىرى ...... 115
**ئىككىنچى باب توقۇچاق (قۇرس ـ تابلېت) دورا ياسالمىلىرى** ...... 115
1. تەرتىپى ...... 115
2. قۇرس دورىلار تۈۋەندىكى بىر قاتار ئالاھىدىلىككە ئىگە ...... 115
3. قۇرسلارنىڭ يېتەرسىزلىكى ...... 115
4. قۇرس تەييارلاشتىكى مەقسەت ...... 115
5. قۇرس دورىلارنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلەپ ...... 115
بىرىنچى بۆلۈم قۇرس تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچىلار ...... 116
ئىككىنچى بۆلۈم قۇرس دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى ...... 119
1. تالقان تەييارلاش ئۇسۇلى ...... 119
2. دانىچە تەييارلاش ...... 125
3. قۇرس ياساش ...... 128
4. قۇرس ياساش جەريانىدا ئۇچرايدىغان مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشى
ئۇسۇللىرى ...... 131
5. قۇرسنى قاپلاش (يۈزىگە ھەل بېرىش) ...... 133
6. قۇرسنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ...... 135
7. قۇرسلارنى قاچىلش ۋە ساقلاش ...... 137
قۇرسى كەھرىبا (قەھرىۋا تابلېتى) ...... 137
قۇرسى گۈلسۇرۇخ (قىزىلگۈل تابلېتى) ...... 137
قۇرسى تاباشىر (تاباشىر تابلېتى) ...... 138
قۇرسى تاباشىر قابىز (ئىچىنى قاتۇرغۇچى تابلېت) ...... 138
قۇرسى تاباشىر مۇنەييىن (تاباشىرلىق ئىچ يۇمشىتىش تابلېتى) ...... 139
قۇرسى زىيابىتىس (شېكەر سىيىش كېسىلى تابلېتى) ...... 139
قۇرسى كاكىنەج (كاكىنەج تابلېتى) ...... 139
**ئۈچىنچى بان كۇمىلاچ (ھەب) دورا ياسالمىلىرى** ...... 141
1. تەرىپى ...... 141
2. كۇمىلاچ دورىلار تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ...... 141
3. كۇمىلاچلارنىڭ يېتەرسىزلىكى ...... 142
4. كۇمىلاچ دورىلارنىڭ سۈپىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ...... 142
5. كۇمىلاچ تەييارلاشقا خېمىر قىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچى، نەملىگۈچلەرنى تاللاش ...... 142
6. كۇمىلاچلارنىڭ تۈرلىرى ...... 142
بىرىنچى بۆلۈم غۇلۇلە ...... 143
1. تەرىپى ...... 143
2. غۇلۇلە تەييارلاشقا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچىلار ...... 143
3. غۇلۇلە تەييارلاش ئۇسۇلى ...... 145

www.uyghurkitap.com

4. غۇلۇلە تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ...... 152
5. غۇلۇلە تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار ...... 152
ئىككىنچى بۆلۈم كىچىك (ئۇششاق) كۆمىلاچ (ھەب) لەر ...... 154
1. تەرىپى ...... 154
2. ئۇششاق كۆمىلاچ خېمىرىنى يۇغۇرۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچى ياكى نەملىگۈچىلەر ...... 154
3. كىچىك (ئۇششاق) كۆمىلاچ تەييارلاش ئۇسۇلى ...... 155
4. ئۇششاق كۆمىلاچ تەييارلاشقا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ...... 160
5. ئۇششاق كۆمىلاچ تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار ...... 161
ھەببى بىنەپشە (بىنەپشە كۆمۈلىسى) ...... 162
ھەببى مۇقىل (مۇقىل كۆمۈلىسى) ...... 162
ھەببى سۆرۈنجان (سۆرۈنجان كۆمۈلىسى) ...... 163
ھەببى شەترەنجى (شەترەنجى كۆمۈلىسى) ...... 163
ھەببى زەيبەق (سىماب كۆمۈلىسى) ...... 163
ھەببى قوقىيا (قوقىيا كۆمۈلىسى) ...... 164
ھەببى غارىقۇن (غارىقۇن كۆمۈلىسى) ...... 164
ھەببى جەدۋارچىنى (جۇڭگو پارپىسى كۆمۈلىسى) ...... 165
ھەببى ئازراقى (كۈچۈلا كۆمۈلىسى) ...... 165
ھەببى كىبرىت (گۈڭگۈرت كۆمۈلىسى) ...... 166
ھەببى شەبيار («نامازشام قارىنغۇلىقى» كۆمۈلىسى) ...... 166
ھەببى ئايارەج پەيقىرا (ئايارەج پەيقىرا كۆمۈلىسى) ...... 167
ھەببى مۇخرىج (سۈرگە كۆمۈلىسى) ...... 167
ھەببى تەنكار (تەنكار كۆمۈلىسى) ...... 168
ھەببى شىپا (شىپالىق كۆمۈلا) ...... 168
ھەببى سوئال (يۆتەل كۆمۈلىسى) ...... 169
ھەببى مۇمسىك (مەنىيتېزگىنلىگۈچى كۆمۈلا) ...... 169
ھەببى شاھتەررە (شاھتەررە كۆمۈلىسى) ...... 170
ھەببى سەبرە (سەبرە كۆمۈلىسى) ...... 170
ھەببى ئەقرە (تۇغۇت توختىتىش كۆمۈلىسى) ...... 170
ھەببى رەۋەن (رەۋەن كۆمۈلىسى) ...... 171
ھەببى تاباشىر قابىز (ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى تاباشىر كۆمۈلىسى) ...... 172
ھەببى تاباشىر مۇلەييىن (تەرەتنى يۇمشاتقۇچى تاباشىر كۆمۈلىسى) ...... 172
ھەببى كەھرىۋا (قەھرىبا كۆمۈلىسى) ...... 173
ھەببى بادىشكەن (يەل ھەيدىگۈچى كۆمۈلا) ...... 173
ھەببى لاجىۋەرد (لاجىۋەرد كۆمۈلىسى) ...... 174

ھەببى ئىترىفىل ئاززاقى (تۆت خىل ھىلىلە، كۆچۈلا كۇمۇلىسى) ........ 174
ھەببى بەختوسەۋت (ئاۋاز ئېچىش كۇمۇلىسى) ........ 174
ھەببى خىزران (خانازىر كۇمۇلىسى) ........ 175
ھەببى كافۇر (كافۇر كۇمۇلىسى) ........ 175
ھەببى دىيدان (قۇرت چۈشۈرۈش كۇمۇلىسى) ........ 176
ھەببى سۆزنەك (سۆزنەك كۇمۇلىسى) ........ 176
ھەببى ئەتشە (ئۇسسۇزلۇق كۇمۇلىسى) ........ 176
ھەببى مۇپەتتەتىل ھاسات (تاش پارچىلىغۇچى كۇمۇلا) ........ 177
**تۆتىنچى باب تالقانلاپ (سوفۇپىلار)** ........ 178
1. تەرىپى ........ 178
2. تالقان دورىلار تۈۋەندىكىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىككە ئىگە ........ 178
3. تالقان دورىلارنىڭ يېتەرسىزلىكى ........ 178
4. تالقان دورىلار سۇپىتىگە بولغان تەلەپ ........ 179
5. تالقان دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى ........ 179
6. تالقانلارنىڭ تۈرلىرى ........ 182
بىرىنچى بۆلۈم سوفۇپىلار ........ 182
سوفۇپى بەدىيان (ئارپا بەدىيان تالقىنى) ........ 183
سوفۇپى سوئال (يۆتەل تالقىنى) ........ 183
سوفۇپى سوئال مۇرەككەپ (مۇرەككەپ يۆتەل تالقىنى) ........ 183
سوفۇپى سۇرئىتى ئىنزال (مەنىيتېز كېتىش تالقىنى) ........ 184
سوفۇپى ھرقەتۇلبەۋىل (سۈيدۈك ئىچىشىپ كېلىش تالقىنى) ........ 184
سوفۇپى سۆرۈنجان ھار (ئىسسىق تەبىئەتلىك سۆرۈنجان تالقىنى) ........ 185
سوفۇپى سوزاك (سۆزنەك تالقىنى) ........ 185
سوفۇپى ئىترىفىل كەشنىزى (تۆت خىل ھىلىلە ۋە يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى تالقىنى) ... 185
سوفۇپى قابىز (ئىچ توختاتقۇچى تالقان) ........ 186
سوفۇپى سەنگدانەمۇرغ (توخۇ تاشلىقى تالقىنى) ........ 186
ئىككىنچى بۆلۈم سۇنۇنلار (چىش تالقانلىرى) ........ 187
سۇنۇنى شىب (زەمچىلىك چىش تالقىنى) ........ 187
سۇنۇنى مۇرى مەككىي (مۇرى مەككىيلىك چىش تالقىنى) ........ 187
سۇنۇنى مۇمسىك (قان توختاتقۇچى چىش تالقىنى) ........ 188
سۇنۇنى نەمەك (تۇزلۇق چىش تالقىنى) ........ 188
سۇنۇنى دەندان (قان توختاتقۇچى چىش تالقىنى) ........ 188
ئۈچىنچى بۆلۈم سۇرمىلەر (كۆھلى) ........ 189
كۆھلى غىشائ (كۆزگە پەردە چۈشۈشنى داۋالايدىغان سۇرمە) ........ 189
كۆھلى دەمئە (كۆز ياشاڭغۇراش سۇرمىسى) ........ 190

www.uyghurkitap.com

كۆھلى مۇقەۋۋىي (كۆزنى كۈچەيتكۈچى سۈرمە) ........ 190
كۆھلى رۇشنائى (كۆزنى روشەنلەشتۈرگۈچى سۈرمە) ........ 191
كۆھلى بەياز (كۆزگە ئاق چۈشۈشنى داۋالىغۇچى سۈرمە) ........ 191
تۆتىنچى بۆلۈم ئۇپىلار (زەرۇرى) ........ 191
زەرۇرى قەلەي (قەلەي ئۇپىسى) ........ 192
زەرۇرى سەبرە (سەبرى ئۇپىسى) ........ 192
زەرۇرى مامىرانچىن (مىرانچىنى ئۇپىسى) ........ 192
زەرۇرى دانە پەرەڭ (كۆكتات ئۇپىسى) ........ 193
زەرۇرى سىقلۇللىسان (تىل ئىغىرلىقى تالقىنى) ........ 193
سوفۇپى ھار (جاراھەت تالقىنى) ........ 193
سۈيۈق دورا ياسالمىلىرى ........ 194
**بەشىنچى باب شەربەت دورا ياسالمىلىرى (قىياملار)** ........ 196
1. تەرىپى ........ 196
شەربەت دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 196
3. شەربەتلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ناملىرى ........ 196
4. شەربەت دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى ........ 196
5. شەربەت دورىلارنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى (كونسېنتراتسىيەسى) ........ 196
6. شەربەت دورىلارنىڭ سۈپىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ........ 197
7. شەربەت دورىلارنى تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ........ 198
8. شەربەت دورىلارنى قاچىلاش ۋە ساقلاش ........ 199
شەربىتى بادرەنجىبرىيە (بادرەنجىبرىيە شەربىتى) ........ 200
شەربىتى ئانار شىرىن (تاتلىق ئانار شەربىتى) ........ 200
شەربىتى دىنارى (دىنار شەربىتى) ........ 201
شەربىتى سەندەل (سەندەل شەربىتى) ........ 201
شەربىتى بۇزۇرى (بۇزۇرى شەربىتى) ........ 202
شەربىتى ئەبرىشىم (پىلە غوزىسى شەربىتى) ........ 202
شەربىتى سۇمبۇل (سۇنبۇل قىيامى) ........ 203
شەربىتى سەپەرجىل (بېھى سۈيى قىيامى) ........ 203
شەربىتى زىرىشكە (زىرىق قىيامى) ........ 204
شەربىتى زۆھرىلقۇتنى (كېۋەز چېچىكى قىيامى) ........ 204
شەربىتى زەبىپ (ئۈزۈم سۈيى قىيامى) ........ 205
شەربىتى خەشخاش (كۆكنار شاكىلى قىيامى) ........ 206
شەربىتى سىيب (ئالما سۈيى شەربىتى) ........ 206
شەربىتى ئەنجىبار (ئۆرگۈنەك قىيامى) ........ 206
مائۇلھەسەل (ھەسەل سۈيى) ........ 207

مۇسەللەس چىقىرىش ........ 208
**ئالتىنچى باب سىركەنجۈل ياساللىرى (سىركىلىك قيام)** ........ 209
1. تەرىپى ........ 209
2. ئالاھىدىلىكى ........ 209
3. تەييارلاش ئۇسۇللىرى ........ 209
4. سىركەنجۈل تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ........ 209
سىركەنجۈل ئەنسىل (تاغ پىيىزى سىركەنجۈلى) ........ 210
سىركەنجۈل بۇزۇرى (بۇزۇرى سىركەنجۈلى) ........ 210
سىركەنجۈل رۇممانى (ئانار سىركەنجۈلى) ........ 211
سىركەنجۈل رەۋەنى (رەۋەن سىركەنجۈلى) ........ 211
**يەتتىنچى باب ئەرق ياساللىرى** ........ 213
1. تەرىپى ........ 213
2. ئەرقلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 213
3. ئەرقى دورا تۈرلىرى ........ 213
4. ئەرق دورا تەييارلاش ئۇسۇللىرى ........ 213
5. ئەرق تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ........ 214
ئەرقى كاسىنە (كاسىنە پار سۈيى) ........ 214
ئەرقى بەديان (ئارپا بەديان پار سۈيى) ........ 215
ئەرقى بىدىمىشكى (سۆگەت پوتلىسى پار سۈيى) ........ 215
ئەرقى بادرەنجبۇيا (بادرەنجبۇيە پار سۈيى) ........ 216
ئەرقى بارتەڭ (پاقىيوپۇرمىقى پار سۈيى) ........ 216
ئەرقى تۇت (قارا ئۈجمە پار سۈيى) ........ 216
ئەرقى ئەنگۈرشىفا (ئىتۇزۇمى پار سۈيى) ........ 217
ئەرقى گاۋزىبان (گازىۋان پار سۈيى) ........ 217
ئەرقى نانىخا (جۇۋىنە پار سۈيى) ........ 218
ئەرقى شاھتەررە (شاھتەررە پار سۈيى) ........ 218
ئەرقى پۇدىنە (ياپۇز پار سۈيى) ........ 219
ئەرقى گۇلاب (قىزىلگۇل گۇل پار سۈيى) ........ 219
ئەرقى نىلۇپەر (نىلۇپەر پار سۈيى) ........ 219
ئەرقى كاكىنەج (كاكىنەج پار سۈيى) ........ 220
**سەككىزىنچى باب مۇرابىبالار** ........ 221
1. تەرىپى ........ 221
2. مۇرابىبالارنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 221
3. مۇرابىبالارنىڭ تۈرلىرى ........ 221
4. مۇرابىبالارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى ........ 221

5. مۇراببالارنى تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ...... 221

مۇراببائى تىن (ئەنجۈر مۇراببىاسى) ...... 222

مۇراببائى ئۇجاس (قارىئۆرۈك مۇراببىاسى) ...... 223

مۇراببائى سىيب (ئالما مۇراببىاسى) ...... 223

مۇراببائى سەپەرجىل (بېھى مۇراببىاسى) ...... 224

مۇراببائى زەنجىۋىل (زەنجىۋىل مۇراببىاسى) ...... 224

مۇراببائى ھېلىلە (ھېلىلە مۇراببىاسى) ...... 225

**توققۇزىنچى باب قايناتما (مەتبۇخ) دورا ياساللىرى** ...... 226

1. تەرىپى ...... 226

2. مەتبۇخ دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... 226

3. مەتبۇخلارنىڭ يېتەرسىزلىكى ...... 226

4. مەتبۇخ دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى ...... 226

5. مەتبۇخ دورا تەييارلاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ...... 226

مەتبۇخى ئەپتىمۇن (سېرىق ئوت قايىنتىلمىسى) ...... 227

مەتبۇخى ئۇستقۇددۇس (ئۇستقۇددۇس قايىنتىلمىسى) ...... 227

مەتبۇخى بەرەس (بەرەس قايىنتىلمىسى) ...... 228

مەتبۇخى خىيارشەنبەر (خىيارشەنبەر قايىنتىلمىسى) ...... 228

مەتبۇخى ھېلىلە (ھېلىلە قايىنتىلمىسى) ...... 229

مەتبۇخى مۇنزىج سەۋدا (سەۋدانى پىشۇرغۇچى قايىنتىلما) ...... 229

مەتبۇخى شاھتەررە (شاھتەررە قايىنتىلمىسى) ...... 230

مەتبۇخى سۆرۈنجان (سۆرۈنجان قايىنتىلمىسى) ...... 230

مەتبۇخى سەۋدا (باش ئاغرىقى قايىنتىلمىسى) ...... 231

مەتبۇخى بىستىپايەج (بىستىپايەج قايىنتىلمىسى) ...... 231

**ئونىنچى باب چىلانما (نۇقۇئ) دورا ياساللىرى دەملىمىلەر** ...... 233

1. تەرىپى ...... 233

2. چىلانما دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... 233

3. چىلانما دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى ...... 233

4. چىلانما دورىلارنى تەييارلاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ...... 233

نۇقۇئى پەۋاكىھ (مېۋىلەر چىلانمىسى) ...... 234

نۇقۇئى ئەينۇلا (ئەينۇلا چىلانمىسى) ...... 234

نۇقۇئى سەبرە (سەبرى چىلانمىسى) ...... 235

نۇقۇئى جىيارشەنبەر (خىيارشەنبەر چىلانمىسى) ...... 235

نۇقۇئى تەمرىھىندى (تەمرى ھىندى چىلانمىسى) ...... 235

نۇقۇئى ھېلىلە (ھېلىلە چىلانمىسى) ...... 236

**ئون بىرىنچى باب لوئابلار** ...... 237

1. تەرىپى ........ 237
2. لوئابلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 237
3. لوئاب چىقىرىش ئۇسۇللىرى ........ 237
لوئاب ئىسپىغۇل.(ئىسپىغۇل لۇئابى) ........ 237
لوئابى تۇخۇمى سەپەرجىل (بىھى ئۇرۇقى لوئابى) ........ 237
**ئون ئىككىنچى باب پۇراتما ۋە چۇچكۇرتمە دورا ياسالمىلىرى** ........ 239
1. تەرىپى ........ 239
2. پۇراتما ۋە چۇچكۇرتمە دورىلارنىڭ ئەھمىيىتى ........ 239
3. پۇرتما ۋە چۇچكۇرتمە دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى ........ 239
بۇخۇرى سەرسام (سەرسام پۇراتمىسى) ........ 239
بۇخۇرى نەزلە (نەزلە پۇراتمىسى) ........ 240
بۇخۇرى غەشيان (كۆڭۈل ئېلىشىش پۇراتمىسى) ........ 240
سوفۇپى ھەققونىنەزلە (تاماكا ۋە سۆگەت گۈلى تالقىنى) ........ 241
**ئون ئۈچىنچى باب پاشۇيە** ........ 242
1. تەرىپى ........ 242
2. پاشۇيەنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 242
3. پاشۇيە تەييارلاپ ئۇسۇللىرى ........ 242
4. دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ........ 242
پاشۇيە سەرسام (سەرسام پاشۇيىسى) ........ 242
**ئون تۆتىنچى گۈلقەنتلەر** ........ 244
1. تەرىپى ........ 244
2. گۈلقەنتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 244
3. گۈلقەنتلەرنىڭ تۈرلىرى ۋەناملىرى ........ 244
4. گۈلقەنت ياساش ئۇسۇللىرى ........ 244
5. گۈلقەنتلەرنى تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ........ 245
قىزىل گۈل گۈلقەنتى ........ 245
خەشخاش گۈلى گۈلقەنتى ........ 246
پىننە گۈلقەنتى ........ 246
ئانار چېچىكى گۈلقەنتى ........ 247
كېۋەز چېچىكى گۈلقەنتى ........ 247
چامغۇر چېچىكى گۈلقەنتى ........ 247
جىگدە گۈلى گۈلقەنتى ........ 248
سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى ........ 248
**ئون بەشىنچى باب ياغ (رەۋغەن) دورا ياسالمىلىرى** ........ 249
1. تەرىپى ........ 249

2. ياغ دورىلارنىڭ كېلىش مەنبەئى ۋە تەييارلىنىشى ...... 249
3. ياغ دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... 250
4. ياغ دورىلارنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلەپ ...... 250
5. ياغ دورا تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ...... 250
رەۋغىنى ۋەرد (قىزىلگۈل يېغى) ...... 251
رەۋغىنى شۈنىز (سىيادانە يېغى) ...... 251
رەۋغىنى لەۋزى (بادام يېغى) ...... 252
رەۋغىنى موم (موم يېغى) ...... 252
رەۋغىنى قودا (قودا يېغى) ...... 253
رەۋغىنى مۆر (چۈمۈلە يېغى) ...... 253
رەۋغىنى دۆب (ئېيىق يېغى) ...... 254
رەۋغىنى پەجەل (تۇرۇپ سۈيىنىڭ يېغى) ...... 254
رەۋغىنى ئازراقى (كۆچۈلا يېغى) ...... 254
رەۋغىنى قۇستە (قۇستە يېغى) ...... 255
رەۋغىنى قەرنەپىل (قەلەمپۇر يېغى) ...... 255
رەۋغىنى دەھتۇرە (جەۋزى ماسىل يېغى) ...... 256
**ئون ئالتىنچى باب مەلھەم (مەرھەم) دورا ياسالمىلىرى** ...... 257
1. تەرىپى ...... 257
2. مەلھەم دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... 257
3. مەلھەم دورىلارنىڭ سۈپىتىگە قويۇلغان تەلەپلەر ...... 257
4. مەلھەم دورا ياسالمىلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچە ماتېرىياللار ...... 257
5. مەلھەم دورا تەييارلاش ئۇسۇللىرى ...... 258
6. مەلھەم دورا تەييارلاشتا دىققەت ئىلىدىغان ئىشلار ...... 258
مەلھىمى سەرتان (راك مەلھىمى) ...... 259
مەلھىمى داخلىيۇن (ئىششىق قايتۇرۇش مەلھىمى) ...... 259
مەلھىمى ئاتىشەك (سىفلىس مەلھىمى) ...... 260
مەلھىمى ئۇقاپ (نۆشۈدۈر مەلھىمى) ...... 260
مەلھىمى رال (راتيانەج مەلھىمى) ...... 261
مەلھىمى ئەقرە (چاچ چىقىرىش مەلھىمى) ...... 261
كۆكتاش ـ سىماب مەلھىمى ...... 261
مەلھىمى پەرپىيۇن (پەرپىيۇن مەلھىمى) ...... 262
مەلھىمى نەۋرە (ئاھاك مەلھىمى) ...... 262
مەلھىمى بەيزە (تۇخۇم سېرىقى مەلھىمى) ...... 263
**ئون يەتتىنچى باب زىماد (تاڭما) دورا ياسالمىلىرى (قاتتىق مەلھەملەر پاستىلالار)** ...... 264
1. تەرىپى ...... 264




www.uyghurkitap.com

2. زىماتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 264
3. زىماتلارنى تەييارلاش ........ 264
زىماتى بوۋاسىر (بوۋاسىر قاتتىق مەلھىمى) ........ 264
زىماتى مۇقەۋۋىي (كۈچەيتكۈچى قاتتىق مەلھەم) ........ 265
زىماتى مۇپاسىل (بوغۇم ئاغرىقى قاتتىق مەلھىمى) ........ 265
زىماتى نۇقرەس (كىچىك بوغۇم ياللۇغى قاتتىق مەلھىمى) ........ 265
**ئون سەككىزىنچى باب ھۆقنە (كىلىزما) دورىلىرى** ........ 267
1. تەرىپى ........ 267
2. ھۆقنە دورىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 267
3. ھۆقنىلەرنى ئىشلىتىشتىكى مەقسەت ........ 267
4. ھۆقنىلەرنى تەييارلاش ئۇسۇلى ........ 267
5. ھۆقنە دورىلارنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ........ 267
ھۆقنەئى سەرسام (مېڭە پەردە ياللۇغى كىلىزما سۇيۇقلۇقى) ........ 267
**ئون توققۇزىنچى باب تامچىلار (قۇتۇلار)** ........ 269
1. تەرىپى ........ 269
2. تامچە دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 269
3. تامچە دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى ........ 269
4. يامچە دورىلارنى تەييارلاشقا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ........ 269
5. تامچە دورىلارنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلەپ ........ 270
قۇتۇرى ئەشا (نامازشام قارىغۇلىقى كۆز تامچىسى) ........ 270
قۇتۇرى ئەسەم (قۇلاققا تامغۇزۇلىدىغان تامچە) ........ 271
**يىگىرمىنچى باب تىزابلار (كىسلاتا خۇسۇسىيەتلىك سۇيۇقلۇقلار)** ........ 272
1. تەرىپى ........ 272
2. تىزابلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 272
3. تىزاب دورىلارنى تەييارلاشتىكى مەقسەت ........ 272
4. تىزاب دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى ........ 272
5. تىزاب دورىلارنى تەييارلاش ۋە ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ........ 273
گۈڭگۈرت تىزابى ........ 273
نۈشۇدۇر تىزابى ........ 274
**يىگىرمە بىرىنچى باب شىياف ياسالمىلىرى (شامچە دورىلار)** ........ 275
1. تەرىپى ........ 275
2. شىياف ياساشتىكى مەقسەت ........ 275
3. شىيافلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 275
4. شىيافلارنىڭ يېتەرسىزلىكى ........ 275
5. شىياف ياسالمىسىغا قويىلىدىغان تەلەپلەر ........ 276

6. شىياف تەييارلاش ئۇسۇللىرى ...... 276
7. شىيافلارنى ساقلاش ئۇسۇللىرى ...... 276
8. شىيافلارنىڭ تۈرلىرى ...... 277
بىرىنچى بۆلۈم شامچە (شىياف) ...... 277
شىيافى تەلىيىن (ئىچ يۇمشاتقۇچى شامچە) ...... 277
شىيافى ئەسۋەد (قارا شامچە) ...... 277
شىيافى كافۇر (كافۇر شامچىسى) ...... 278
شىيافى نارەنجى (نارەنجى شامچىسى) ...... 278
ئىككىنچى بۆلۈم پىلىكۈچ شامچىلار (پەتىلە) ...... 278
پەتىلە رۇئاب (بۇرۇن قاناشنى توختاتقۇچى پىلىكۈچ شامچە) ...... 279
پەتىلە مەرۋى (قۇلاق ئاغرىقىنى پەستكۈچى پىلىكۈچ شامچە) ...... 279
ئۈچىنچى بۆلۈم جىنسىي يول ۋە بالىياتقۇ شامچىسى (پەرزىچە) ...... 279
پەرزىجە ئەقرە (تۇغۇت چەكلەش شامچىسى) ...... 279
پەرزىجە مۇھبەل (جىنسىي يول شامچىسى) ...... 280
پەرزىجە مۇسقىت (بالا چۈشۈرۈش شامچىسى) ...... 280
پەرزىجە مۇددىر (ھەيز ماڭدۇرۇش شامچىسى) ...... 280
پەرزىجە مەشمە (بالا ھەمراھىنى چۈشۈرۈش شامچىسى) ...... 281
**يىگىرمە ئىككىنچى باب ئوكۇل ياساملىرى** ...... 282
1. تەرىپى ...... 282
2. ئوكۇل ياساملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... 282
3. گىياھ دورىلاردىن ئوكۇل ياساملىرىنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى ...... 282
بىرىنچى بۆلۈم ماتېرىيالنى بىر تەرەپ قىلىش ...... 282
ئىككىنچى بۆلۈم جەۋھىرىنى (قۇۋۋىتىنى) ئايرىپ ئېلىش ...... 283
ئۈچىنچى بۆلۈم پىششىقلاپ ئىشلەش ...... 286
تۆتىنچى بۆلۈم ئوكۇل سۇيۇقلۇقى تەييارلاش تېخنىكىلىرى ...... 292
بەشىنچى بۆلۈم گىياھ دورا ئوكۇل ياساملىرىنى تەييارلاش ۋە ساقلاش جەريانىدا
ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە سەۋەبلىرى ئۈستىدە تەھلىل ...... 301
ئالتىنچى بۆلۈم گىياھ دورىلار ئوكۇل ياسالمىسىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى ۋە تەكشۈرۈش ... 304
بەدەل (ئورۇن باسار) دورىلار جەدۋىلى ...... 320
**ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم مۇھىم دورا ئەشيالىرىنىڭ ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە،**
**لاتىنچە، خەنزۇچە ناملىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى** ...... 328

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىرىنچى ئومۇمىي قىسىم

## بىرىنچى باب داۋاسازلىق ۋە مۇرەككەپ دورىلار ئىلمى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

### بىرىنچى بۆلۈم داۋاسازلىق ۋە مۇرەككەپ دورىلار ئىلمىنىڭ قىسقىچە تارىخى

ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە دورىگەرلىك ئىلمى يازما خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان ۋاقىتتىن ھېسابلىغاندا 2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.

دورىگەرلىك ئەسلىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئۆتۈشتە شىپالىق گىياھلار، زىيانلىق ۋە زەھەرلىك گىياھلارنى تەدرىجىي تونۇشقا باشلاپ، شىپالىق ئوت - چۆپ، ھايۋانات ئەزالىرىنى ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىشىدىن باشلانغان. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا دورىگەرلىكنىڭ تارىخى تېخىمۇ ئۇزۇن.

تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بەلگىلىك راۋاجلىنىش باسقۇچىغا يەتكەندىن كېيىن ھەر خىل كېسەللىكلەرنى، بولۇپمۇ مۇرەككەپ-رەك كېسەللىكلەرنى بىر خىل يەككە دورا بىلەن داۋالاشتىن ئىككى - ئۈچ خىل، بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش تەدبىرلىرى بارلىققا كەلگەن. مەزكۇر بىرىكمىلەر ئەڭ ئىپتىدائىي مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى بولۇپ، ئۇلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى ئىپتىدائىي داۋاسازلىق (دورا ياساش) تېخنولوگىيەسىدىن ئىبارەتتۇر.

خوتەن، تۇرپان قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان بىرقانچە تۇرلۇك تاش دورا ھاۋانچىلىرى ۋە تاش تەخسىلەر قەدىمكى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن ئىپتىدائىي داۋاسازلىقنىڭ ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرىدۇر، شۇنىڭدەك ئۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپلا داۋاسازلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

تارىم ۋادىسىدا ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا باغۋەنچىلىك، جۈملىدىن ئۈزۈمچىلىك مىلادىيەدىن كۆپ ئەسىر بۇرۇن راۋاجلانغانلىقى، ئۈزۈمدىن تەملىك خۇش پۇراق شارابلار، دورىلىق شارابلار ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى ئېلىمىزنىڭ ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 475 - يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 221 - يىللاردا ئۆتكەن) تارىخىدا، شۇنىڭدەك باشقا تارىخنامە ۋە جۇڭگو تېبابىتىنىڭ قەدىمكى كىلاسسىك ئەسەرلىرىدە ئېنىق بايان قىلىنغان. دورا شارابلىرى ياساشمۇ داۋاسازلىقنىڭ بىر خىل ئەمەلىيىتىدىن ئىبارەت.

قەدىمكى جۇڭيى كىلاسسىك ئەسەرلىرىگە ئۇيغۇر تېبابىتىدىن ئېلىنغان «غەربىي دىيار (شىنجاڭ) ئۈمۈر ئۇزارتىش قايناتمىسى» نىڭ نۇسخىسى ۋە نۇرغۇنلىغان باشقا ياسالمىلار نۇسخىلىرى، يەككە دورىلار كىرگۈزۈلگەن. بۇ، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ ئۇزاق تارىختىكى تەرەققىياتىدىن دېرەك بەرسە، بىر ياقتىن ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سودا ـ سېتىق، مەدەنىيەت، تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك جەھەتتە ئۇزاقتىن بۇيان ئالاقە مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

چەت ئەل ساياھەتچىلىرى تۇرپاندىن ئېلىپ كېتىپ تەرجىمە قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تېببىي ئەسەر① نىڭ گېرمانىيەدە تەرجىمە قىلىنغان 160 خىلدىن ئارتۇق يەككە ۋە مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى، داۋالاشقا ئىشلىتىدىغان ياسالمىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان تۈركچە «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» دېگەن ئەسەردە ئېيتىلغان تۆۋەندىكى سۆزلەر ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە ئۇيغۇر تېبابىتى داۋاسازلىقىنىڭ بۇنىڭدىن 15 ئەسىر بۇرۇنلا يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ: « ···دورا ياسالمىلىرىنىڭ شەكىللىرى ۋە ئىزھار قىلىش يوسۇنلىرى بىزگە ئۇيغۇرلاردا دورا تەييارلاشنىڭ نەقەدەر ئاساسلىق ۋە ئىلمىي بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى دورا ياسالمىلىرى شەكىللىرىنىڭ كۆپچىلىكى شۇ چاغلاردىلا ئۇيغۇرلاردا بار بولغان···»، « ···دورىلارنى ئىشلىتىدىغان ساھەلىرى زامانىۋى مېدىتسىنادىكىگە ئوخشاشلا ئىلغار···»، « ···دورىگەرلىك سايمانلىرىمۇ بەك جىق»②

ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللاردىۋانى» دىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر يۈز نەچچە خىل يەككە دورا. ئون نەچچە خىل مۇرەككەپ دورا ۋە ئەللىك خىلدىن ئارتۇق كېسەللىك ناملىرى، دورىلارنىڭ شىپالىق ئۈنۈمى ھەققىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر بار.

ئىسلام دىنىغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كىرگەن ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇئەلى ئىبن سىنا تېببىي تەلىماتىنىڭ ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ۋە دورىگەرلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ـ دورىگەرچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

يېقىنقى بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك ئىشلىرى ھەر خىل سەۋەبلەردىن قاتماللىشىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا تېبابىتىمىز قايتىدىن مىسلىسىز تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

## ئىككىنچى بۆلۈم داۋاسازلىق ئىلمىنىڭ تەرىپى، ۋەزىپىسى ۋە مەقسىتى

### 1. تەرىپى

بۇ دورىلارنى پىششىقلاش سەنئىتىدىن ئىبارەت بىر خىل تېخنىكىۋى بىلىم بولۇپ،

① بۇ كىتاب تۇرپاندىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ئۈچۈن چەت ئەلدە «تۇرپان تېكىستلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ پارچىلىرى بېرلىن، لوندون، دۇڭخۇاڭ، موسكۋا، لېنىنگرادلاردا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەر بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1500 يىل بۇرۇن يېزىلغانلىقى مەلۇم (م. مۇھەررىر)

② سۇھەيىل يۈنۈۋەر «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» ئىستانبول 1936 ـ يىلى تۈركچە باسمىسى.

ئەرەبچە «سەيدىلىيە»، لاتىنچە «فارماتسىيە» (ياكى دورا تېخنولوگىيەسى)، خەنزۇچە «ياۋجى شۆ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ، دوختۇرخانا دورا بۆلۈملىرى ۋە دورا زاۋۇتلىرىدا دورىلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ھەر خىل شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن دورا ياسالمىلىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، ياساش تېخنىكىسى ۋە ئۇلارنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرىنى ئۆگىنىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ، دورا ياسالمىلىرىنىڭ سۈپىتىگە، دورا ماتېرىياللىرى ئىچىدىكى شىپالىق تەسىرىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ كېسەللەرنىڭ بىخەتەر دورا ئىشلىتىشىنى تەمىن ئېتىدۇ.

2. ۋەزىپىسى

داۋاسازلىقنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى يەككە خام دورىلارنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، تەسىرى ۋە خىمىيەۋى تەركىبلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قوشۇپ مۇرەككەپ شەكىلگە كەلتۈرۈش ھەمدە دورا ياسالمىلىرىنى ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى، تۇراقلىق، بىخەتەر قىلىپ تەييارلاپ خەلق سالامەتلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

3. داۋاسازلىقنىڭ مەقسىتى

زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك نەزەرىيەسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەنئەنىۋى دورا ياسالمىلىرىنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىنى كۆزىتىپ، دورا ياساش تېخنىكىسىنى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش، سۈپىتىنى ياخشىلاشنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە سۈپىتى ياخشى، ئۈنۈمى يۇقىرى، ئەكس تەسىرى ئاز، ئىچىش، ئىستېمال قىلىش ئوڭاي، ئېلىپ يۈرۈش، يۆتكەپ ئىشلىتىش ئاسان، ناھايىتى ئەرزان بولغان يېڭى شەكىلدىكى دورا ياسالمىلىرىنى ياساپ چىقىشنى ئىزدىنىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم داۋاسازلىقتا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلار

1. دورا

«دورا» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

دورا كېسەللەرنى داۋالاش ـ ئالدىنى ئېلىش ۋە دىياگنوز قويۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ماددا.

دورا بەدەننىڭ بۇزۇلغان ھەر خىل تەڭپۇڭلۇقىنى تۈزىتىشتە بەدەنگە ياردەم بېرىدىغان مۇھىم بىر ۋاسىتە.

باشقا مەنىدىن ئېيتقاندا دورا تېۋىپنىڭ قورالى، قورال ياخشى بولمىسا جەڭ قىلغىلى بولمىغىنىدەك، دورا ياخشى بولمىسا كېسەل داۋالاپ ئۈنۈم قازانغىلى بولمايدۇ. دورا ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بەدەنگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىچكى ئامىللاردىكى بۇزۇلۇشلارنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. بىراق، دورىنى ھەممىگە قادىر بىردىنبىر ۋاسىتە دەپ قالايمىقان، ئۆلۈك ھالدا قارىغۇلارچە ئىشلىتىۋېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ھەربىر كىشىنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ۋە

باشقا جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن كۆپ ھاللاردا بىر كىشىگە مەنپەئەت قىلغان، ياخشى ئۈنۈم بەرگەن دورىلار يەنە بىر كىشىگە مەنپەئەت قىلمايدۇ ياكى ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. شۇڭا دورىلار داۋالاش تەدبىرلىرى ئىچىدىكى مۇرەككەپ ۋە مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ.

دورىنى ھەربىر كىشىنىڭ يېشى، ئىرقى، جىنسى، بەدىنىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، كېسەلنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى، يەر شارائىتى، پەسىل، ئۆرپ ـ ئادىتى، كەسپى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن جانلىق ھالدا قوللىنىش كېرەك. شۇنىڭدەك دورىنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە خىمىيەۋى تەركىبلىرىگە ئاساسلىنىپ نۇسخا تۈزۈش، بىر قېتىمدا ۋە بىر كۈندە ئىستېمال قىلىشقا تېگىشلىك مىقدارىنى ئەتراپلىق ئويلىنىپ، نۇرغۇن قېتىم سىناق قىلىپ كۆرۈپ ئاندىن بېكىتىش لازىم. چۈنكى كېسەل كىشىنىڭ شۇ چاغدىكى مىزاجىدىكى ئۆزگىرىشكە ماس كېلىدىغان خۇسۇسىيەتلىك دورا ئىشلىتىلمىسە مەنپەئەت قىلمايدۇ. ئىچىدىغان مىقدارى يېتەرلىك بولمىسا ئۈنۈم بەرمەيدۇ. مىقدارى كۆپ بولۇپ كەتسە ئەكس تەسىر كۆرستىدۇ ياكى زەھەرلەپ قويىدۇ. يەنە دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ۋە قايسى ئەزا كېسەللىرىكلىرىگە شىپا بولىدىغانلىقىغا قاراپ تاماقتىن بۇرۇن ياكى تاماقتىن كېيىن ئىچىشنى بۇيرۇشلارغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. كۆپ ھاللاردا بوغۇم ئاغرىقى (مۇپاسىل)، نېرۋا ئاجىزلىقى (زەئفى ئەسەب)، ئومۇمىي بەدەن سۇلۇق ئىششىقى (ئىستىسقائى لەھمى)، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى (ئىرتىفائى سەفتىددەم)، بۆرەك ئاغرىقى (ۋەجئىل كۇلىيە)، جىگەر كېسەللىرى (ئەمراز كەبەد) قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبچى خىلتلىرىنى ياكى بۇزۇق ماددىلارنى تازىلىغۇچى، سۈرگۈچى دورىلىرىنى تاماقتىن بۇرۇن ئىستېمال قىلغان ياخشى. بۇنداق قىلغاندا دورا بۇ خىل كېسەللىك ئامىللىرىغا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى كۆرستەلەيدۇ. ھەمدە كېسەللەرنىڭ كۆڭلىنى ئىلىشتۇرۇپ قۇستۇرىدىغان يېقىمسىز ھالەتلەر كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن: ھەببى سەبرە، ھەببى سۆرۈنجان، ھەببى قوقىيا قاتارلىق دورىلارنى تاماقتىن بۇرۇن ئىستېمال قىلىش لازىم.

ئاشقازان ـ ئۈچەي يوللىرىنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئاغرىق پەسەيتىپ تىنچلاندۇرغۇچى، يۆتەل پەسەيتكۈچى، ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى، تاماق ھەزىم قىلىشقا ياردەم بەرگۈچى دورىلاردىن، مەسىلەن: مەجۇنى بەرشىشا، مەجۇنى داۋائىلمىشكى، سۇفۇپى سوئال، شەربىتى خەشخاش، شەربىتى ئەۋرىشىمدەك دورىلارنى تاماق يەپ يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئىستېمال قىلسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

يەنە دورىنىڭ قايسى شەكىلدىكى ياسالمىسىنى يېزىش كېرەكلىكىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كۆپ ھاللاردا جىددىي باشلانغان كېسەللەرگە مەتبۇخ (قايناتمىلار)، ئەرەق دورىلار (قايىنتىپ تامچىلىتىپ ئېلىنغان پار سۈيى) قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى بۇنداق دورىلارنىڭ تەسىرى تېز بولىدۇ. سوزۇلما كېسەللىكلەردە يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە تالقان ۋە مەجۇنى دورىلار ئاساس قىلىنىدۇ.

ھەرقانداق كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشىدا بەدەن خىلتلىرىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى

(مۇۋازىنىتى) دە ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقى مۇھىم بىر سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا دورىلارنى ئىشلىتىشتە ئالدى بىلەن بەدەندە ئېشىپ كەتكەن (ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالغان) خىلتنى ھەيدەپ چىقىرىپ تەڭشەش (تەئدىل) پىرىنسىپى نىشان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال مەزكۇر خىلتنى پىشۇرۇش ئۈچۈن پىشۇرغۇچى دورىلار (مۇنزىجلار) نى بېرىپ، مەزكۇر غەيرىي تەبىئىي خىلتنى تازىلاشقا لايىق ھالغا كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇلارنى سۈرۈپ چىقىدىغان (مۇسھىل) دورىلارنى بېرىپ بەدەننى تازىلاش كېرەك.

ئومۇمەن، ئالدى بىلەن دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، تەبىئىتى ۋە ئىشلىتىش پىرىنسىپلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەندىلا ئاندىن كېسەللىككە قاراپ دورا بەرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە كېسەل داۋالىغاندا، ئالدى بىلەن، ئۆز يېرىمىزدىن چىقىدىغان يەرلىك دورىلارنى ۋە ئاددىي نۇسخىلارنى ئىشلىتىپ، تەدرىجىي ھالدا ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە يۈزلىنىپ دورا ئىشلىتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## 2. پىششىق دورا

بۇ، كۆرۈنەرلىك داۋالاش ئۈنۈمىگە ئىگە ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن دورا نۇسخىلىرى (رېتسېپلار)غا ئاساسەن كۆپ مىقداردا پىششىقلاپ ئىشلەپ ئىشلىتىلىدىغان تەييار دورا ياسالمىلىرىدىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن: مەجۇنى جاۋارىش كۇمۇنى، شەربىتى سۇمبۇل، ھەببى ئازاراقى دېگەنلەردەك. بۇنداق پىششىقلاپ ئىشلەنگەن دورىلار شىشە - قۇتىلارغا قاچىلانغان بولۇپ، شىشە ئۈستىگە دورا نامى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى، ئىشلىتىش مىقدارى، تەسىرى قاتارلىقلار يېزىپ چاپلانغان بولىدۇ.

## 3. دورا ياسالمىلىرى

بۇ، دورا ياساش قوللانمىلىرىغا ئاساسەن پىششىقلاپ ئىشلەپ تەييارلانغان مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن دورا ياسالمىلىرىغا ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: كۇملاچ ياسالمىسى، شەربەت ياسالمىسى، مەجۇنات ياسالمىسى دېگەنلەردەك.

تېبابىتىمىزدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى شەكلى 30 نەچچە خىل بولۇپ، ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغانلىرى ئون نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ.

دورا ياسالمىلىرىنىڭ داۋالاشتا تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، داۋالاش ئېھتىياجى بىلەن مۇناسىۋەتى ناھايىتى زىچ. مەسىلەن: ئەگەر ئاشقازان - ئۈچەي يوللىرى كېسەللىكلىرىدە تېزراق ئۈنۈم بېرىشنى كۆزلەپ دورا ئىشلەتمەكچى بولساق سۇيۇق دورىلارنى ئىشلەتكەن ياخشى. چۈنكى دۇيۇق دورىلارنىڭ ئۈنۈمى تېز بولىدۇ. سىرتقى جاراھەتلەرگە نىسبەتەن دەسلەپتە سۇيۇق ياسالمىلار، تالقان ۋە كېيىنكى دەۋرىدە ماي دورىلارنى ئىشلەتكەن ياخشى. چۈنكى بۇ خىل ياسالمىلار تېرە ۋە جاراھەتلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ تېز ئۈنۈم بېرىدۇ.

دورىلارنى مەلۇم بىر شەكىلگە كەلتۈرۈشتە داۋالاش مەقسىتىنى چىقىش قىلىپ ئۇنىڭ تەركىبىدىكى يەككە دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، تەبىئىتى، تەسىرى، خىمىيەۋى

تەركىبى، داۋالايدىغان كېسەللىكى، تۇراقلىقلىق دەرىجىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىلمىي مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ ياسالما شەكلىنى كېڭىشىپ بېكىتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

دورا ياسالمىلىرىنى تېز ۋە ئاستىراق ئۈنۈم بېرىشىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك تەرتىپتە تىزىشقا بولىدۇ: ئوكۇل سۇيۇقلۇقى، سۇيۇق دورىلار (قايناتما، كاشكاپ، گەرەق، شەربەتلەر)، تالقان (سوفۇپ) دورىلار، مەجۇنات (يۇغۇرما دورىلار)، قۇرس (توقۇچاق) دورىلار، كۇملاچ (ھەب) دورىلار، ياغ دورا ياسالمىلىرىدىن ئىبارەت.

**4. زەھەرلىك (مۇسەممىيات)، ئۆتكۈر تەسىرلىك (مۇھەددىدات)، مەست قىلغۇچى (ناركوتىك ـ مۇخەددىرات) ۋە نازۇك ماتېرىياللىق دورىلار**

بۇ خىل دورىلارنىڭ تېبابەتمىزدە پەرقلەندۈرۈلۈشى تۆۋەندىكىچە:

**(1) زەھەرلىك (مۇسەممىيات) دورىلار:** دورىلىق تەسىرى كۈچلۈك، ئىستېمال قىلىش مىقدارى ئاز بولۇپ، تېگىشلىك مىقداردىن ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا ئەزالار ئىچى ۋە سىرتىدا ئېغىر ئەھۋاللارنى ھەتتا ئۆلۈم ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان دورىلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن: سەنگىيا (ئارسېنىك)، سىماب كۇشتىسى (كەپەرەس ۋە باشقىلار)، كۈچۈلا كۇمۇلىسى (ھەببى ئازاراقى)، مەجۇنى ئازاراقى قاتارلىقلار. بۇ ياسالمىلارنىڭ ئەسلىي دورىلىرى مەخسۇس ئىشكاپلاردا ساقلىنىپ، ئاچقۇسى مەسئۇل خادىمدا تۇرۇشى كېرەك.

(2) ئۆتكۈر تەسىرلىك (مۇھەددىدات) دورىلار: بۇلار دورىلىق تەسىرى ئۆتكۈر بولۇپ، يېيىش مىقدارى ئېشىپ كەتسە، ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكۈزىدىغان، ھەتتا ئۆلۈم ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان دورىلاردۇر. مەسىلەن: گۈڭگۈرت كىسلاتاسى (تىزابى كىبرىت) غا ئوخشاش ھەر خىل تىزاپ (كىسلاتا) لاردىن ئىبارەت. بۇ خىل دورىلارمۇ مەخسۇس ئىشكاپتا قۇلۇپلاپ ساقلىنىدۇ.

(3) مەست قىلغۇچى (مۇخەددىرات) دورىلار: بۇلار ئومۇمىي بەدەننى مەست قىلغۇچى دورىلار بولۇپ، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تورمۇزلاپ، ئەس ـ ھوشىنى ۋاقىتىنچە ياكى قىسمەن يوقىتىدىغان، ئەمما نەپەس ئېلىش ۋە قان ئايلىنىشلار دېگەندەك يامان تەسىرى بولمايدىغان دورىلاردۇر. مەسىلەن: ئەپيۇن، ئەپيۇن چوشكەن ياسالما مەجۇنى بەرشىشا، ھەببى شىپاغا ئىت ياڭىقى (جەۋزى ھاسىل) قوشۇپ ياسالغان ياسالمىلار، جەۋزى ھاسىلنىڭ ئۆزى ۋە باشقىلار.

**قوشۇمچە:**

سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن زەھەرلىك، ئۆتكۈر تەسىرلىك ۋە مەست قىلغۇچى (ناركوتىك) دورىلارنىڭ رېتسېپى ئاچ قىزىل بولۇشى، رېتسېپلار مەخسۇس ئىشكاپلاردا ئايرىم ساقلىنىشى، ۋاقتىدا ئىستاتىستىكا قىلىنىپ تۇرۇلۇشى لازىم. دۆلەت دورا باشقۇرۇش قانۇنى ۋە مەست قىلغۇچى دورىلارنى باشقۇرۇش تىزامىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئەستايىدىل باشقۇرۇپ تېگىشلىك رەسمىيەتلەر بويىچە ئىشلىتىلىشى كېرەك. خىلاپلىق ھەرىكەتلەر ئەھۋالنىڭ ئېغىر ـ يەڭگىللىكىگە قاراپ

جاۋابكارلىقىقا تارتىلىدۇ، ھەتتا قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

(4) نازۇك ماتېرىياللىق دورىلار: بۇلار قىممەت باھالىق، نازۇك ۋە ئاز مىقداردا ئىشلىتىلىدىغان دورىلاردىن ئىبارەت، مەسىلەن: ئىپار، ئەنبەر، مەرۋايىت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار، ئۇلارنىڭ ياسالمىلىرى جاۋارىش ئەنبەر، داۋا ئىلمىشكى، مەجۇنى ئادەمگىياھ ۋە باشقىلار.

## تۆتىنچى بۆلۈم مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى توپلىمى

مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى توپلىمى ئەرەبچە «قارا بادىن» لاتىنچە «فارماكوپىيە»، خەنزۇچە «ياۋدىيەن» دەپ ئاتىلىپ، دورىلارنى ئۆلچەم (مىزان) لىرىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان قانۇنىي خاراكتېرگە ئىگە كىتابتىن ئىبارەت. ئۇلار دۆلەتلەر تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنىدۇ. مۇرەككەپ دورا نۇسخىلار توپلىمىغا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، دىياگنوز قويۇشتا ئىشەنچلىك ئۈنۈمگە ئىگە بولغان كۆپ قوللىنىلىدىغان دورىلار كىرگۈزۈلىدۇ ھەمدە دورىلارنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى، تەكشۈرۈش ئۇسۇلى، مۇرەككەپ ياسالمىلار تەييارلاش تېخنىكىلىرى كىرگۈزۈلىدۇ. دوختۇرخانىلار ۋە دورا زاۋۇتلىرى دورىلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، تەمىنلەش، ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە فارماكوپىيەنى ئاساسىي ھۆججەت قىلىدۇ.

قوشۇمچە:

دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن بۇيان 1953 ـ يىلى، 1957 ـ يىلى، 1963 ـ يىلى ۋە 1977 ـ يىللىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تۆت قېتىم غەربچە تېبابەتچى دورىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فارماكوپىيە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى فارماكوپىيەسى» تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىندى. 1977 ـ يىلى تۈزۈلگەن فارماكوپىيە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ 1 ـ قىسمىغا 446 خىل جۇڭيى تېبابىتى گىياھ دورىلىرى ۋە 197 خىل مۇرەككەپ ياسالمىلار كىرگۈزۈلگەن. لېكىن ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە دورىگەرلىكى ساھەسىدە دۆلىتىمىز تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بۇنداق فارماكوپىيە تېخى يوق. ئەمما قەدىمكى زامانلاردىكى پادىشاھلىقلار تەستىقلىغان ۋە ئۇيغۇر تېۋىپلىرى بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان پايدىلىنىپ كەلگەن «قارا بادىن ئەزەم»، «قارا بادىن كەبىر»، «قارا بادىن قادىرىي» دېگەن كىتابلار ئۆز دەۋرىدە شۇ دۆلەتلەرنىڭ فارماكوپىيەسى دەپ تونۇلۇپ كەلگەن. بۇ كىتابلاردا ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى نۇسخىلىرى، تەييارلاش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان.

مەركىزنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن «جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى» ۋەتەن تېبابىتى قىسمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى بولغان «ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى» يېزىلىپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى «ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكى» نىڭ «ئۇيغۇر تېبابىتى مۇرەككەپ دورىلىرى» كىتابى (سىناق نۇسخىسى) 1983 ـ يىلى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭغا ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان 15 خىل مۇرەككەپ دورا ياسالمىلىرى ھەمدە 695 خىل دورا نۇسخىلىرى

كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا نۇسخىلارنىڭ تەركىبى، مىقدارلىرى، تەييارلىنىشى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىشى، ئىشلىتىش مىقدارى قاتارلىق مەزمۇنلار كېسەللىك سىستېمىسى بويىچە بايان قىلىنغان. بۇ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكى جەھەتتە ئازادلىقتىن كېيىن تۇنجى قېتىم تۈزۈلگەن نىسبەتەن چوڭراق دورىگەرلىك كىتابى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا دۆلەت دورا فارماكوپېيەسىدەك قانۇنىي كىتاب ئەمەس.

دۆلىتىمىزدە غەربچە تېبابەت، ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكلەر، جۇملىدىن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، دورا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان، دورىنىڭ سۈپىتىگە قارىتا تەلەپ كۈن ساناپ ئۆسۈۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئۇيغۇر تېبابىتى يەككە دورىلىرى ۋە مۇرەككەپ دورا ياسالمىلىرى پەيدىنپەي دۆلەت دورا فارماكوپېيەسىگە كىرگۈزۈلۈشىدىن ئۈمىد بار.

دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزلىرىنىڭ فارماكوپېيەسى بار. مەسىلەن: سوۋېت ئىتتىپاقى فارماكوپېيەسى، ئەنگلىيە فارماكوپېيەسى، ئامېرىكا فارماكوپېيەسى، ياپونىيە فارماكوپېيەسى، پاكىستان فارماكوپېيەسىگە ئوخشاش. دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان بېرىش ـ كېلىش ۋە سودا مۇئامىلىسى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقاچقا چەت ئەل فارماكوپېيەسىنىڭ بەزى مەزمۇنلىرىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىپمۇ قالىدۇ. ئەمما شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەرقايسى دۆلەتلەر فارماكوپېيەلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ماھىيەت جەھەتتىن پەرقى بولىدۇ. شۇڭا بۇلاردىن پەقەت كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سالامەتلىكى ۋە مەنپەئىتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا جانلىق پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ. ئاساس قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

## بەشىنچى بۆلۈم رېتسېپ — دورا يېزىش قەغىزى

### 1. رېتسېپ

رېتسېپ سۆزى لاتىنچە ئاتالغۇ بولۇپ، دوختۇر ياكى تېۋىپنىڭ دورىگەرگە بەرگەن يوليورۇقىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنى ئۇيغۇرچە «دورا يېزىش قەغىزى»، ئەرەبچە «ۋۇسفە»، ئوردۇچە «نۇسخا»، خەنزۇچە «چۇفاڭ» دەپ قوللىنىلىدۇ.

رېتسېپ — داۋالاش ۋە دورىگەرلىكتە قوللىنىلىدىغان بىر خىل مۇھىم ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ ھەمدە تېۋىپ (دوختۇر) مەلۇم بىر كېسەلنى داۋالاش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق دورىلارنى تەييارلاپ بېرىش ھەققىدە دورىگەرگە يازغان يازما يوليورۇقتىن ئىبارەت.

كەڭرەك مەنىدىن ئېيتقاندا ئومۇمەن ھەرقانداق بىر خىل دورىنى تەييارلاش ئۈچۈن يېزىپ بېرىلگەن ئاساستۇر.

### 2. رېتسېپنىڭ ئەھمىيتى

رېتسېپ كېسەلگە دورا بېرىش ئۈچۈن يېزىپ بېرىلگەن دورا قەغىزى بولۇپلا قالماي، بەلكى قانۇنىي، تېخنىكىۋى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەگەر رېتسېپ توغرا يېزىلمىغانلىقى ياكى توغرا تەييارلانمىغانلىقى تۈپەيلىدىن داۋالاش خەتەرلىكى كېلىپچىققان بولسا شۇ رېتسېپ ئاساسىدا دوختۇر ياكى دورىگەرنىڭ مەسئۇلىيىتى قانۇنىي جەھەتتىن سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. شۇڭا رېتسېپ قەغەزگە ۋاقىت، دوختۇر ۋە دورىگەر ئىمزاسى قاتارلىقلار چوقۇم يېزىلىشى لازىم.

رېتسېپنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇنىڭغا يېزىلغان دورا ئىسمى، ئىچىش مىقدارى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە قايسى خىل دورا شەكلىگە كەلتۈرۈش لازىملىقى بىلەن دورىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتە تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيىتى بار. رېتسېپقا يېزىلغان ھەربىر دورىنىڭ باھاسى رېتسېپ ئاساسىدا ھېسابلاپ چىقىلىدۇ ۋە رېتسېپقا يېزىپ قويۇلىدۇ. چىقىم بولغان دورىلارنىڭ ھېسابى رېتسېپ ئارقىلىق ئىستاتىستىكا قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ زەھەرلىك مەست قىلغۇچى ۋە قىممەت باھالىق دورىلارنىڭ ھېساباتى رېتسېپ ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### 3. رېتسېپ خىللىرى

1) قانۇنىي رېتسېپ — قانۇنىي نۇسخا:

بۇ ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىپ تەجرىبىدىن ئۆتكەن يەككە دورا نۇسخىلىرى ۋە ياسالمىلار ئاساسىدا قارابادىنغا (فارماكوپىيەگە) كىرگۈزۈلگەن ياكى ئاپتونوم رايون ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك سەھىيە نازارەتلىرى تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلىپ دورىگەرلىك قوللانمىلىرىغا كىرگۈزۈلگەن دورا نۇسخىلىرىدىن ئىبارەتتۇر. ھەرقايسى دورا ياساش زاۋۇتلىرى ۋە دوختۇرخانا دورا ياساش بۆلۈملىرى بۇ نۇسخىغا ئاساسەن دورا تەييارلايدۇ. بۇ خىل رېتسېپلار بەلگىلىك قانۇنىي كۈچكە ئىگە. مەسىلەن: ئۇيغۇر تېبابىتىدە بۇرۇن يېزىلىپ ھازىرغىچە تېۋىپلىرىمىز پايدىلىنىپ كەلگەن قارابادىن كەبىر، قارابادىن ئەزەم، قارابادىن قادىرى، مۇجەررىباتى ئەكبەرى، مەخزەنىل مۇرەككەبات قاتارلىق رېتسېپلار توپلىمى ئۆز ۋاقتىدا قانۇنىي خاراكتېرگە ئىگە كىتابلاردۇر.

2) كېلىشىم رېتسېپ:

بۇ ئادەتتە بىرەر دوختۇرخانا ياكى مەلۇم بىر رايون ئۆز ئورنى، شۇ رايوننىڭ ئەھۋالىغا ۋە مەلۇم كېسەللىكلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن دوختۇر (تېۋىپ) لار كېڭىشىپ تۈزۈپ چىققان ۋە پېشقەدەم ھۆكۈمالار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان نۇسخىلار — دورا نۇسخىلىرىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ خىل رېتسېپلار شۇ دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3) تېۋىپ رېتسېپى (دورا يېزىش قەغىزى)

بۇ، تېۋىپنىڭ ئايرىم بىر كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن تېگىشلىك دورىلارنى يېزىپ بېرىدىغان دورا قەغىزىدىن ئىبارەتتۇر. تېۋىپ رېتسېپىنىڭ تۈزۈلۈشى بەلگىلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**قوشۇمچە:**

سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ 1958 - يىلى ئېلان قىلغان ئۇنىۋېرسال

دوختۇرخانىلارنىڭ خىزمەت تۈزۈمىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن رېتسېپ ئۆلگىسىنى ئۇيغۇ
تېبابىتى دوختۇرخانىلىرىدىمۇ ئىشلىتىپ كەلمەكتە. بۇ خىل رېتسېپ تۆۋەندىك
مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

رېتسېپنىڭ يۇقىرىقى قىسمى: بۇ، دوختۇرخانىنىڭ تولۇق ئىسمى، بۆلۈ
ئايرىمىسى، كېسەل كىشىنىڭ ئىسمى، جىنسى، يېشى، ئامبۇلاتورىيە نومۇرى، كېسەلخان
نومۇرى، رېتسېپ نومۇرى، يىل، ئاي، كۈن قاتارلىقلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

رېتسېپنىڭ ئوتتۇرا قىسمى: بۇ، رېتسېپنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، بۇنىڭغا دورىلا
ئىسمى، مىقدارى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى قاتارلىق مەزمۇنلار يېزىلىدۇ. دورا يازغاند
ئاساسلىق بولغان باش دورا ئەڭ بېشىغا، ئاندىن ياردەمچى دورىلار يېزىلىدۇ.

ئاخىرقى قىسمى: بۇنىڭغا تېۋىپ ئىمزاسى، دورىگەر ئىمزاسى يېزىلىدۇ ۋە شۇ
رېتسېپتىكى دورىلارنىڭ جەمئىي پۇلى يېزىپ قويۇلىدۇ.

رېتسېپنىڭ شەكلى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى:

| پۇلى | يېشى | جىنسى | ئىسمى | بۆلۈم ئايرىمىسى |
|---|---|---|---|---|
| | | رېتسېپ نومۇرى | كېسەلخانا نومۇرى | ئامبۇلاتورىيە نومۇرى |
| | | يىل | ئاي | كۈن |

## × × ×ئۇيغۇر تېبابىتى شىپاخانىسىنىڭ رېتسېپى

يەككە خام دورىلارنى يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان رېتسېپ شەكلى يۇقىرىقىغا
ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. ئەمما رېتسېپنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بوش ئورۇن
كۆپرەك قالدۇرۇلىدۇ. چۈنكى بىر ۋاراق رېتسېپقا 10 ~ 20 خىل خام دورا يېزىشقا

مۆلچەرلەنسە بولىدۇ.

**4. رېتسېپ يېزىش ۋە رېتسېپ تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**

(1) تېۋىپ رېتسېپ يازغاندا ۋە دورىگەرلەر رېتسېپ تەييارلىغاندا ئۇلاردا يۈكسەك دەرىجىدىكى ھوشيارلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بولۇشى، بىجانىدىل خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى تۇرغۇزۇلۇشى لازىم.

(2) رېتسېپ سىياھ قەلەم بىلەن يېزىلىشى، خەتلىرى ئوچۇق بولۇپ، قالايمىقان ئۆزگەرتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر مۇھىم دورىلار ياكى ئۇلارنىڭ مىقدارى ئۆزگەرتىلسە دوختۇر تامغا بېسىپ قويۇشى شەرت. دورىگەر خادىملار رېتسېپنى قولىغا ئېلىپ باشتىن ـ ئاخىر ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىپ، رېتسېپتىكى مەزمۇنلار بىلەن تولۇق تونۇشۇشى لازىم. ئەگەر رېتسېپتىكى خەتلەر ئوچۇق بولمىغان ياكى خاتالىق كۆرۈلگەن بولسا تېۋىپلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ تۈزەتكەندىن كېيىن دورا بېرىش لازىم.

(3) دورىغا باھا قويۇشتا دورا باھاسىنى چوقۇم توغرا ھېسابلاپ باھاسىنى رېتسېپ ئۈستىگە يېزىش كېرەك.

(4) دورا يۆگەلگەن قەغەز ياكى دورا خالتىسى، دورا شىشىسى ئۈستىگە دورىنىڭ ئىسمى، يېيىش مىقدارى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى تولۇق يېزىش لازىم. ئەگەر دورا ئىسمى ۋە يېيىش مىقدارى يېزىلماي، كېسەل دورىنى خاتا يەپ قويۇپ خەتەرلىك ئەھۋال كۆرۈلسە چوقۇم قانۇنىي جاۋابكارلىق سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

(5) كېسەللەرنىڭ بىخەتەر دورا ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دورىلارنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن رېتسېپ بىلەن قايتا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش كېرەك.

(6) بىر كىشىنىڭ رېتسېپىغا دورا بېرىپ بولۇپ، ئاندىن يەنە بىرسىگە دورا تەييارلاش لازىم. بولمىسا ئالماشتۇرۇپ قويۇپ خاتالىق سادىر بولۇشى مۇمكىن.

(7) زەھەرلىك، ئۆتكۈر تەسىرلىك، مەست قىلغۇچى دورىلارنىڭ چوقۇم باش تېۋىپلار يېزىشى ياكى ئادەتتىكى تېۋىپ يازغان بولسا باش تېۋىپ تەكشۈرۈپ ئىمزا قويۇشى ۋە قىزىل رېتسېپ بىلەن چەكلىك ئىشلىتىلىشى لازىم.

## ئالتىنچى بۆلۈم ئۆلچەش ئەسۋابلىرى

ئۆلچەش ناھايىتى زىل ۋە ئىنچىكە خىزمەت بولۇپ، دورىگەرلىكنىڭ ئاساسىي مەشغۇلاتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. مەيلى دورا تەييارلاشتىن ئىلگىرىكى ئۆسخىدىكى خام دورىلارنى ئۆلچەپ ئېلىش ئىشى بولسۇن ياكى دورىلارنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى تېگىشلىك مىقدارلارغا بۆلۈپ قاچىلاش بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئۆلچەش سايمانلىرىنى ئىشلىتىشنى پۇختا ئۆگىنىش ۋە ئەستايىدىل ئىشلىتىش لازىم.

ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىلدىن ئىبارەت:

**1. توروزا**

1) تەرىپى:

تورورزا دورىلارنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب بولۇپ، تورورزىنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ، دورىخانىلاردا ئوخشاش بولمىغان تۈرلەردىكى تورورزىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە كۆپ ھاللاردا دورىخانىلاردا ئوتتۇرىسىدا ئىسترېلكىسى، ئىككى تەرىپىدە تەخسىسى بولغان قوش پەللىلىك ياكى بىرلا تەخسىسى بولغان تاق پەللىلىك تورورزىلار كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. (1 ـ رەسىم).


1 ـ رەسىم (1) تاق پەللىلىك تورورزا


1 ـ رەسىم (2) قوش پەللىلىك تورورزا

تورورزىلارنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى ئوخشاش ئەمەس. ئەڭ كىچىكى 100 گىرام ئېغىرلىقىدىكى نەرسىلەرنى، ئەڭ چوڭى بىرنەچچە يۈز كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى نەرسىلەرنى كۆتۈرەلەيدۇ.

ھەر خىل تورورزىلارنىڭ ئالاھىدە سېزىمچانلىقى بولىدۇ. سېزىمچانلىق دەرىجىسى قانچە كىچىك بولسا تورورزا شۇنچىلىك سەزگۈر بولىدۇ. ھەربىر تورورزىنىڭ ئىسترېلكىسى ئاستىدا شۇ تورورزىنىڭ سەزگۈرلۈك پەرقى يېزىلغان بولىدۇ.

2) تورورزا ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

(1) دورىنى ئۆلچەشتە تورورزىنىڭ سەزگۈرلۈكىگە دىققەت قىلىش لازىم. 100 گىرام دورىنى ئۆلچەش ئۈچۈن سەزگۈرلۈكى 0.01 گىراملىق تورورزا ئىشلىتىش كېرەك. 100 گىرام ئۆلچىيەلەيدىغان تورورزا بىلەن 200 گىرام ئېغىرلىقتىكى نەرسىلەرنى ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇلارغا دىققەت قىلىنمايى قالسا ئۆلچەم سانىدا پەرق كۆپ بولۇپ دورىنىڭ مىقدارى توغرا چىقمايدۇ.

(2) تورورزىنى سىلىق، تەكشى ۋە مۇقىم جايدا توختىتىپ ئىشلىتىش، ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى تەڭپۇڭىنى توغرىلاش كېرەك.

(3) ئىشلەشكە ئوڭاي بولۇش ئۈچۈن ئادەتتە تاشنى تورورزىنىڭ ئوڭ پەللىسىدىكى قەغەز ئۈستىگە، دورىنى سول تەرىپىدىكى پەللىسىگە قويۇش لازىم.

(4) تورورزىنى ئىشلىتىۋاتقان ۋاقىتتا تورورزا ئۆلچىمىنىڭ توغرىلىقى بىلەن سەزگۈرلۈكىنىڭ توغرا بولغان ۋە توغرا بولمىغانلىقىنى پات ـ پات تەكشۈرۈپ تۇرۇش

www.uyghurkitap.com

لازىم. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپتە قۇرۇق تەخسە (پەللە) بولۇپ، توروزىنىڭ ئىسترېلكىسى دەل ئوتتۇرىسىدا بولمىسا توروزا تەڭپۇڭ ھالەتتە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق بولغاندا تۇزىتىپ تەڭپۇڭ ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئاندىن ئىشلىتىش كېرەك.

(5) دورىلارنى ئۆلچىگەندە، ئالدى بىلەن ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكتە كېسىلگەن قەغەزنى ھەر ئىككى تەرەپتىكى تەخسە ئۈستىگە قويۇپ ئاندىن دورا ئۆلچەش لازىم. دورىنى بىۋاستە تەخسىگە (پەللىگە) سېلىپ ئۆلچەشكە بولمايدۇ. چۈنكى دورا تەخسە يۈزىگە چاپلىشىپ قېلىپ ئۆلچەنگەن مىقدارغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ ھەمدە توروزا تەخسىسىنىڭ تازىلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

(6) توروزىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن پاكىز تازىلاپ، تاشلىرىنى قۇتىغا سېلىپ، توروزىنى جىمجىت ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئىككى تەرەپتىكى تەخسىسىنى بىر تەرەپتە قويۇپ، قۇرۇق جايدا ساقلاش لازىم. نەم جايدا ئۇزاق مۇددەت توختىتىلسا ئۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر يېتىدۇ ۋە مېتاللىرى داتلىشىپ قېلىپ ئىشلىتىشكە قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ.

**2. كەمچەن (مېنزۇركا)**

كەمچەن سۇيۇق دورىلارنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سايمان بولۇپ، ئۇ ئەينەك ياكى سىرلىق مېتالدىن ياسىلىدۇ (2 ـ رەسىم). كەمچەننىڭ سىرتقى يۈزى ياكى ئىچكى يۈزىگە مىللىلىتىر (ml) سانى يېزىلغان بولىدۇ. كەمچەن تۈرلىرى ئوخشاش بولماي چوڭ ـ كىچىك ۋە ھەر خىل شەكىللىك بولىدۇ.



2 ـ رەسىم (3)



2 ـ رەسىم (2)



2 ـ رەسىم (1)

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى 10، 20، 50، 100، 150، 200، 250، 500، 1000، 2000 مىللىلىتىرلىق كەمچەنلەردىن ئىبارەت.

سۇيۇقلۇق دورىلارنى ئۆلچىگەندە ئۆلچىمەكچى بولغان سۇيۇقلۇقنىڭ مىقدارىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئۆلچەمدىكى كەمچەننى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا ئۆلچەمدە پەرق چوڭ بولۇپ كېتىدۇ.



سۇيۇق دورىلارنى ئۆلچىگەندە كەمچەننى تەكشى جايغا تۇرغۇزۇپ ئۆلچەش، كەمچەندىكى دورا بىلەن كۆز بىر سىزىقتا بولۇش لازىم.

### 3. ۋارونكا

بۇ دورىلارنى سۇزۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سايمان بولۇپ ھەر خىل شەكىلدە بولىدۇ. ئەينەك، سىرلانغان مېتال ۋە چىنە قاتارلىق ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ (3 ـ رەسىم)

## يەتتىنچى بۆلۈم تېبابەت ئۆلچەملىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۆلچەم بىرلىكلىرى سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| تەسۇج | | 0.14 گىرام |
| داناق | | 0.495 گىرام |
| كىلوگىرام | 32 سەر | 1000 گىرام |
| سەر | 10 مىسقال | 31.250 گىرام |
| مىسقال | 10 فىك | 3.3125 گىرام |
| فۇڭ | 10 لى | 0.3125 گىرام |
| لى | | 0.03125 گىرام |
| ئىبرىق | 2 مەن | 948.672 گىرام |
| مەن | 40 تۆلە 8 ماشە | 474.336 گىرام |
| ئاسار | بىر تۆلە 8 ماشە 2 رەتتى | 19.983 گىرام |
| رەتىل | 34 تۆلە 4.5 ماشە | 400.950 گىرام |
| ئۇقىيە | 2 تۆلە 9 ماشە 6 رەتتى | 19.983 گىرام |
| دام | 1 تۆل 8 ماشە | 19.440 گىرام |
| تۆلە | 12 ماشە | 11.664 گىرام |
| دەرھەم | 3.5 ماشە | 3.402 گىرام |
| ماشە | | 0.972 گىرام |
| قىرات | 2 رەتتى | 0.243 گىرام |
| داڭ | 3.75 رەتتى | 0.460 گىرام |
| دىنار | 4.5 ماشە | 4.374 گىرام |
| تاڭ | 4 ماشە | 3.888 گىرام |
| رەتتى | | 0.121 گىرام |
| چاتاڭ | 5 تۆلە | 58.320 گىرام |
| مىسقال | 4.5 ماشە (كونا ئۆلچەم بويىچە) | 4.374 گىرام |
| قوشۇق | تالقان 2 مىسقال | 6.520 گىرام |
| | شەربەت 3 مىسقال | 9.375 گىرام |

(يۇقىرىقى ئۆلچەملەر ئوردۇ تىلى لۇغىتىدىن ئېلىنغان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككىنچى باب دورىلارنى مۇرەككەپ قىلىش ۋە مۇرەككەپ قىلىشقا لايىقلاشتۇرۇش

## بىرىنچى بۆلۈم دورىلارنى مۇرەككەپ قىلىش

**1. دورىلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈشتىكى مەقسەت**

تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەككە دورىلار مۇرەككەپ قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

(1) دورىلارنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىش، زەھەرلىك ۋە ئەكس تەسىرلىرىنى ئازايتىشنى مەقسەت قىلىپ مۇرەككەپ ياسالما ياسىلىدۇ. ئەسلىي ئىشلەتمەكچى بولغان ئاساسىي دورا بەكمۇ ئۆتكۈر تەبىئەتلىك بولسا ياكى داۋالاش تەسىرىدىن باشقا مەلۇم دەرىجىدە ئەكس تەسىر كۆرسىتىش ياكى زەھەرلەش ئېھتىماللىقى بولغاندا، ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدىغان ياكى ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىسى بولغان مەلۇم دورىلار قوشۇلۇپ مۇرەككەپ دورا ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ھېلىلە، بەلىلە ۋە ئامىلەدىن ئىبارەت قۇرۇق مېۋە دورىلارنى يەككە ھالدا ئىشلىتىلگەندە ئۇلارنىڭ مىزاجى بەك قۇرۇق بولغاچقا ئاشقازان، ئۈچەينى قۇرۇتۇپ قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل ئەكس تەسىرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۇزەتكۈچى دورىلار ۋە قوشۇمچىلار قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

(2) دورىلارنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە تەسىرىنى تېزلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ مۇرەككەپ ياسالما ياسىلىدۇ. كېسەللىكنىڭ تۈرى كۆپ ياكى كېسەل ئەھۋالى ئېغىر بولۇپ، يەككە دورىلار ئۇ كېسەلگە تاقابىل تۇرالمايدىغان بولسا شۇ كېسەلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك يەككە دورىلار قوشۇلۇپ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

(3) ئەسلىي ئىشلەتمەكچى بولغان ئاساسىي دورا مەلۇم سەۋەبلەر ئارقىلىق كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بېرىشتىن ئاۋۋال كۈچى ئاجىزلاش، پارچىلىنىپ كېتىش، ھەتتا ئۇنۇمىنى يوقىتىش ئېھتىماللىقى كۆرۈلگەندە، ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ، يەرلىك ئورۇنغا يېتىپ بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدىغان دورىلارنى قوشۇپ مۇرەككەپ دورا تەييارلىنىدۇ.

(4) ئەسلىي ئىشلەتمەكچى بولغان ئاساسىي دورا سېسىق پۇراقلىق ياكى تەمى قاڭسىق بولۇپ، ئىشلەتكەندە كېسەل كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئايىنىتىش ياكى قۇستۇرۇش ئېھتىماللىقى بولغاندا، شۇ دورىنىڭ پۇرىقىنى ۋە تەمىنى ئوڭشاپ، تەبىئىتىگە لايىقلاشتۇرىدىغان دورىلار قوشۇلۇپ مۇرەككەپلەشتۈرۈلىدۇ.

(5) ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ مەنبەسى ھەر تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئۇلار

ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە مەدەنلەردىن ئېلىنغان بولغاچقا، ئۇلارنى ئىستېمال قىلىشقا ئەپلىك بولغان شەكىللەرگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، مۇرەككەپ ياسالما تەييارلىنىدۇ.

(6) كېسەل داۋالاشنىڭ ئېھتىياجى. دورىنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى، دورا ياساشنىڭ تەلىپى، ساقلاش ۋە يۆتكەپ ئىشلىتىشنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن دورىلار مۇرەككەپ قىلىپ ياسىلىدۇ.

ئومۇمەن يەككە دورىلارنى بىر - بىرىگە قوشۇپ مۇرەككەپ دورا ياساش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يەككە دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تەبىئىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىلمىي نەزەرىيەگە ئاساسەن مۇرەككەپ ياسالما قىلىپ ياساش لازىم. لېكىن ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ دورىلارنى گۇمانىي ئاساستا قارىغۇلارچە قوشۇپ ئىختىيارىي ھالدا مۇرەككەپ دورا ياساشقا بولمايدۇ. چۈنكى بەزى چۆپ دورىلار يەنە باشقا چۆپ دورىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندە زەھەرلىك خۇسۇسىيەت پەيدا قىلىش، ھەتتا كېسەللەرنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

كېسەل داۋالاش جەريانىدىمۇ ئاسانلىقچە مۇرەككەپ دورىلارغا مۇراجىئەت قىلماي، ئالدى بىلەن يەككە دورىلارنى ئىشلىتىش، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئېنىق بولمىغاندا تەركىبى ئىنتايىن ئاز بولغان مۇرەككەپ دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش، ئەڭ ئاخىرىدا كۆپ تەركىبلىك مۇرەككەپ دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

## 2. مۇرەككەپ دورىلار تەركىبىدىكى يەككە دورىلارنىڭ مىقدارى ۋە ئۇنىڭ بىر قېتىملىق ئىچىش مىقدارىنىڭ بەلگىلىنىشى

بۇنىڭدىكى ئاساسلىق پرىنسىپ شۇكى، ئالدى بىلەن شۇ خىل مۇرەككەپ دورىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن يەككە دورىلارنىڭ بىر قېتىملىق ئىچىش مىقدارلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ھېسابلاپ ئومۇمىي سان چىقىرىلىدۇ. ھەمدە تەركىبىدىكى يەككە دورىلارنىڭ سانى سانىلىدۇ. ئومۇمىي ساننى يەككە دورىلارنىڭ سانىغا بۆلگەندە چىققان بۆلۈنمە سان شۇ مۇرەككەپ دورىنىڭ بىر قېتىملىق يېيىش مىقدارى بولىدۇ. مەسىلەن: باش قېيىشنى داۋالاش مەقسىتىدە ئۇستقۇددۇس، ئايارەج پەيقىرا، شەھمەنزەل، غارىقۇن ھىندى تۇزى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ دورا تەييارلىماقچى بولۇپ، ئەگەر بىر قېتىمدىلا يېگۈزۈش مەقسەت قىلىنسا، ھەر بىر يەككە دورىنىڭ بىر قېتىملىق ئىچىش مىقدارلىرىنىڭ يىغىندىسىنى شۇ مۇرەككەپ دورا تەركىبىگە قاتناشقان بەش خىل يەككە دورىنىڭ سانىغا (بەشكە) بۆلگەندە ھاسىل بولغان بىرلىك سان بىر قېتىملىق ئىچىش مىقدارى بولىدۇ. ئەگەر بەش قېتىم يېگۈزۈش توغرا كەلگەندە بىر قېتىملىق مىقدارى بولغان بىرلىك ساننى تېپىۋېلىپ شۇ ساننى 5 كە كۆپەيتكەندە كۆپەيتمىدىن چىققان سان بەش قېتىملىق يېيىش مىقدارى بولىدۇ.

مۇرەككەپ دورا تەركىبىدىكى يەككە دورىلارنىڭ مىقدارىنى كېسەللىكنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن كۆپەيتىشكە ياكى ئازايتىشقا بولىدۇ لېكىن قەدىمكى كىتابلاردا (قارا

www.uyghurkitap.com

بادىنلاردا) بەلگىلەنگەن مىقدارلار ناھايىتى ئۇزاق سىناقلار ئارقىلىق بېكىتىلگەن بولغاچقا ئۇلارنى يەڭگىللىك بىلەن ئۆزگەرتىش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى يۇقىرىدىكى بابلاردا سۆزلىگىنىمىزدەك «قارا بادىن» كىتابلىرى مەلۇم قانۇنىيى كۈچكە ياكى تېخنىكىۋى قوللانمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

مۇرەككەپ دورا ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەسەل، شېكەر، قەنت ۋە سۇلار يۇقىرىقى مىقدار سان ئىچىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ. مۇرەككەپ دورا تەركىبىدىكى ئاساسىي دورىنى قالدۇرۇۋېتىشكە ياكى ئالماشتۇرۇۋېتىشكە ياكى مىقدارىنى كېمەيتىشكە بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئىزچىل ۋە قاتتىق تەلەپ بولمىغاندا دورا نۇسخىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

### 3. ئۇيغۇر تېبابىتى مۇرەككەپ دورىلىرى ناملىرىنىڭ بەلگىلىنىش پرىنسىپلىرى

مۇرەككەپ دورىلارغا ئىسىم بەلگىلەشنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار:

(1) بەزى مۇرەككەپ دورىلارغا ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرگەن ئاساسىي يەككە دورىلار نامىغا ئاساسلىنىپ ئىسىم بەلگىلەنگەن. مەسىلەن: داۋا ئۇلمىسكى (ئىپارمەجۇنى) دېگەن مۇرەككەپ دورا ياسالمىسىغا ئومۇمەن 16 خىل يەككە دورا سېلىپ ياسالغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى ئەڭ غوللۇق دورا ئىپاردىن ئىبارەت. ئىپار تېبابەتتە «مىسك» دەپ ئاتالغاچقا بۇ نۇسخىغا ئىپارنىڭ نامى بېرىلگەن. مەجۇنى ئازاراقىنىڭ تەركىبىدە 11 خىل تەركىب بولۇپ، بۇ نۇسخىدىكى ئاساسلىق تەسىر قىلغۇچى باش دورا ئازاراقى (كۈچۈلا) دىن ئىبارەت. كۈچۈلا تېبابەتتە «ئازاراقى» دەپ ئاتالغاچقا ئۇنى «مەجۇنى ئازاراقى» دەپ ئاتالغان.

(2) بەزى دورىلارغا ئۆزىنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆزىدە تۇتقان قۇۋۋەت ماددىسىغا ئاساسەن ئىسىم قويۇلغان. مەسىلەن: مەجۇنى ماددەتۇلھايات دېگەن دورا بەدەننى ھەر جەھەتتىن قۇۋۋەتلىگۈچى دورا بولغانلىقتىن ھاياتلىقنىڭ ماددىسى (ماددە تۇلھايات) دەپ نام بېرىلگەن.

(3) بەزى مۇرەككەپ دورىلارغا ئۆزىنىڭ تېز پۇرسەت ئىچىدە ئەمەلىي كۆرسىتىدىغان ئۈنۈمى ۋە تەسىرىگە ئاساسەن ئىسىم قويۇلغان. مەسىلەن: «ھەببى مۇخرىج» دېگەن كۆمىلاچ سۈرگە بولغاچقا شۇ نام بېرىلگەن. مۇخرىج ئەرەبچە سۈرگە دېگەنلىكتۇر.

مەجۇنى بەرشىشا دېگەن دورا يۇنانچە تېز تەسىر قىلغۇچى مەجۇن دېگەنلىكتۇر. چۈنكى بەرشىشانىڭ تەركىبىدە ئەپيۇن قاتارلىق تېز تەسىر قىلغۇچى دورىلار بولغاچقا ئاغرىق بېسىش ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدۇ.

(4) بەزى مۇرەككەپ دورىلار، شۇ نۇسخىنى ئىجاد قىلغۇچى ھۆكۈمالارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: مەجۇنى بۇقرات نۇسخىسى داڭلىق گىرېك (يۇنان) تېۋىپى ئۇلۇغ ھۆكۈما ھىپپوكرات (بۇقرات) دېگەن كىشىنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، بۇنىڭغا شۇ ھۆكۈمانىڭ نامى بېرىلگەن.

(5) بەزى مۇرەككەپ دورىلار داۋالايدىغان كېسەللىكى ياكى ئىشلىتىلىدىغان ئەزاسىغا

قاراپ نام بېرىلگەن. مەسىلەن: سۇفۇپى ۋەجىئى دەندان دېگەن دورا چىش كېسەللىكىنىڭ تالقىنى بولۇپ، شۇ نام بىلەن ئاتالغان (ۋەجىئى — ئەرەبچە ئاغرىق، دەندان ـ پارسچە چىش دېگەنلىكتۇر).

(6) بەزى مۇرەككەپ دورىلارغا ئۆزىنىڭ ئاچچىقلىق ياكى تاتلىقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن نام بېرىلگەن. مەسىلەن: ھەببى ئايارەج پەيقىرا دېگەن مۇرەككەپ دورا ھەددىدىن زىيادە ئاچچىق بولغانلىقتىن بۇ نام بېرىلگەن.

## 4. مۇرەككەپ دورىلارنىڭ مىزاجىنى بەلگىلەش پىرىنسىپلىرى

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە يەككە دورىلار ۋە ئۇلاردىن ياسالغان مۇرەككەپ دورىلا بىرقانچە خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ئۇ، دورىنىڭ تەبىئىتى دېيىلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلارنىڭ تەبىئىتىنى بەلگىلەشتە تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن يەكك دورىلارنىڭ تەبىئىتى ئاساس قىلىنىدۇ. شۇڭا يەككە دورىلارنىڭ تەبىئىتى بىلەن تونۇشۇ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بەزى دورىلار ئىسسىق تەبىئەتلىك، بەزىلىرى سوغۇق تەبىئەتلىك، بەزىلىرى ھۆل تەبىئەتلىك، بەزىلىرى قۇرۇق تەبىئەتلىك دەپ بۆلۈنىدۇ. يەنە بەزىلىرى مۇرەككە تەبىئەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن: ھۆل ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق، قۇرۇق ئىسسى دېگەنلەردەك. ھەربىر خىل دورىنىڭ تەبىئىتى يەنە بىرقانچە دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنى دەرىجىلىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن يەكك دورىنىڭ بىر قېتىملىق ئىچىش مىقدارىنىڭ تەڭ باراۋەرلىكى ياكى تەڭسىزلىكىگ قارىلىدۇ. ئەگەر بىر قېتىملىق ئىچىش مىقدارى تەڭ ھەمدە خاراكتېرى ئوخشاش بولس ئۇلارنىڭ كەيپىياتلىرىنى جەمئىي قىلىپ دورىلارنىڭ سانىغا تەقسىم قىلىنىدۇ. تەقسى بولغان بىرلىك سان شۇ دورىنىڭ مىزاجى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ھەببۇلغار جىنتىيانا، مۇرمەككى، زىراۋەندە قاتارلىق دورىلاردىن تەركىب تاپقان تەرياقى ئەربەئ تەييارلىماقچى بولساق، بۇلارنىڭ ئىچىش مىقدارى باراۋەر، كەيپىياتلىرىمۇ باراۋەر، لېكى كەيپىياتىدىكى دەرىجە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ھەببۇلغار، مۇرمەككىلەر ئىككىنچى دەرىجە قۇرۇق ئىسسىق؛ جىنتىيانا، زىراۋەندىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق ئىككىنچ دەرىجىدە قۇرۇق، ئەمدى بۇلاردىكى كەيپىياتلار ھېسابلانسا ئىسسىق دەرىجىسى 10 قۇرۇقلۇق دەرىجىسى 8؛ ئىسسىقلىق دەرىجىسى بولغان 10 نى دورىلار سانى بولغان 4 ك بۆلگەندە 2.5 دىن تەقسىم بولىدۇ. قۇرۇقلۇق دەرىجىسى بولغان 8 نى بۆلگەندە 2 چىقىدۇ دېمەك، ياسالغان مۇرەككەپ دورىنىڭ دەرىجىسى 2.5 ـ دەرىجىدە ئىسسىق، 2 ـ دەرىجى قۇرۇق بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئىچىش مىقدارى باراۋەر، كەيپىياتلىرى قارىمۇ قارش بولسا، ئۇلارنىڭ كەيپىيات دەرىجىلىرىنى ھېسابلاپ، ئۆزىنىڭ قارىمۇقارشى تەرىپىدى قايسى كەم بولسا، شۇنى كۆپ ساندىن ئېلىۋېتىپ، قالغان قالدۇق دورىلار سانىغ تەقسىملىنىدۇ. تەقسىملەنگەن ئەنە شۇ بىرلىك سان شۇ مۇرەككەپ ياسالمىنىڭ دەرىجىس ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ھەببۇلغار ۋە گىل مەختۇمدىن تەركىب تاپقان تەرياقتىن ياساش

توغرا كەلسە، ئۆلارنىڭ مىقدارى باراۋەر، لېكىن كەيپىياتلىرى قارىمۇقارشى (ھەببۇلغار 2 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، گىل مەختۇم 1 ـ دەرىجىدە سوغۇق، 2 ـ دەرىجىدە قۇرۇق) بولغانلىقتىن كەيپىياتلىرى ھېسابلانسا، ئىسسىقلىق دەرىجىسى 2 ـ، سوغۇقلۇق دەرىجىسى 1 ـ بولىدۇ. كۆپ بولغان 2 دىن ئاز سان بىرنى ئېلىپ تاشلىغاندا بىر قالىدۇ. قالدۇق بىرنى دورىلار سانى بولغان 2 گە بۆلگەندە 0.5 دىن تېگىدۇ. يەنى بۇ ياسالمىنىڭ ئىسسىقلىقى 0.5 دەرىجىدە بولىدۇ. بۇ ياسالمىدىكى قۇرۇقلۇق دەرىجە 4 بولۇپ، دورىلار سانى بولغان 2 گە بۆلگەندە 2 دىن تەقسىم بولغىنى ئۈچۈن، ياسالمىنىڭ قۇرۇقلۇقى 2 ـ دەرىجىدە بولىدۇ. دېمەك، مۇرەككەپ دورىلارنىڭ دەرىجىسىنى ھېسابلاش يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇلاردىن تاشقىرى تېبابىتىمىزدە دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ داۋالاش ئەمەلىيىتىدە رولى چوڭ، دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى خېلى كۆپ تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت. (دوختۇرلار، تېببىي خادىملارنىڭ پايدىلىنىشىغا ۋە تەتقىق قىلىشىغا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن لاتىنچە سېلىشتۇرمىلىرىمۇ قوشۇپ كۆرسىتىلدى).

مۇقەۋۋىي (Tonica) ـ پۈتۈن بەدەننى ياكى ئايرىم بىر ئەزانى قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى؛

مۇز ئىپ (Depressant) ـ زەئىپلەشتۈرگۈچى. تورمۇزلىغۇچى. بوشاشتۇرغۇچى؛

قابىز (Astringentis) ـ تۇتقۇچى، قورۇغۇچى (ئىچكى ۋە تاشقى ئەزالاردىن سۈيۇقلۇقنى توختاتقۇچى)؛

مۇسھىل (Cathartic:purgaeonis) ـ سۈركى ئىچكى؛ ئەزالاردىن سۇيۇقلۇقنى سۈرۈپ چىقارغۇچى؛

مۇئەتتىس (Errhitic) ـ چۈشكۈرتكۈچى؛

مۇخەددىر (Anaestetic) بېھس ياكى بىھوش قىلغۇچى، سېزىمسىزلاندۇرغۇچى؛

مۇسەككىن (Analgesic:sedativus) ـ ئاغرىق پەسەيتكۈچى، ئارام بەرگۈچى؛

مۇلەييىن (Aperient) ـ ئىچىنى يۇمشاتقۇچى؛

مۇنەففىز (Epispastec) ـ تېرىنى قىزارتقۇچى، تېرىگە قاپارتقۇ پەيدا قىلغۇچى؛

مۇئەتتىر (Aromatic) ـ خۇشبۇي قىلغۇچى؛

مۇقەۋۋىي باھ (Aphrodisiac) ـ جىنسىي ئالاقە كۈچىنى قۇۋۋەتلىگۈچى؛

مۇخرىجى بەلغەم (Expectorant) ـ بەلغەم بوشاتقۇچى؛

مۇقەييى (Emetic) ـ قەي قىلدۇرغۇچى، قۇستۇرغۇچى؛

مۇددىر بەۋل (Diuretic) ـ سۈيدۈك ھەيدىگۈچى؛

مۇددىر ھەيز (Emmenogogue) ـ ھەيز ماڭدۇرغۇچى؛

تارىدۇددىيدان (Anthelmentic) ـ مەددە چۈشۈرگۈچى؛

مۇئەررىق (Diaphoretic) ـ تەرلەتكۈچى؛

مۇلەتتىف (Demulent) يۇمشاتقۇچى؛

مۇجەففىف (Desiccant) ـ قۇرۇتقۇچى؛

مۇھەللىل (Resolvant) ــ ئېرىتكۈچى، ئىششىق ياندۇرغۇچى؛
مۇنەۋۋىم (Hipnotica) ــ ئۇخلاتقۇچى؛
مۇتەھھىر (Disenfectorant) ــ تازىلىغۇچى، يۇقۇمسىزلاندۇرغۇچى؛
داپىئى تەئەففەن (Antiseptic) ــ چىرىشكە، يۇقۇملىنىشقا قارشى تۇرغۇچى. بۇ يەردە پەقەت ئەڭ مۇھىملىرىلا كۆرسىتىلدى.

دورىلارنىڭ تەبىئىتى ۋە خۇسۇسىيىتىنىڭ مۇنداق بەلگىلىنىشى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئاساسىي نەزەرىيەسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدىن ئىبارەت. قەدىمكى زامانلاردا دورىلارنى هازىرقىدەك خىمىيەۋى ئۇسۇل بىلەن ئانالىز قىلىش ئىمكانىيەتلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دورىلارنىڭ خىمىيەۋى تەركىبى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىغان ئەمما تىرىشچان ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك داۋالاش ئەمەلىيەتلىرى جەريانىدا تەبىئەتتىكى ھەر خىل دورىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى (ئۆسۈملۈك، ھايۋانات، كانلاردىن ئېلىنغانلىقى)، تەبىئىتى، شىپالىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تېپىپ چىققان. ئۇلارنى ئىنسانلار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە ۋە تەبىئەت قانۇنلىرىغا ئاساسەن يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تۈرلەرگە ئايرىپ قىممەتلىك مەلۇمات ۋە تەجرىبىلەرنى قالدۇرغان. تېۋىپلىرىمىز هازىرغا قەدەر ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق تەجرىبە مىراسلىرىدىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۆتمۈشتىكى ھۆكۈمالار ھەرقانداق بىر يەككە ياكى مۇرەككەپ تەبىئىي جىسىملارنىڭ ھەر خىل تەبىئىتى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە شىپالىق تەسىرىنى بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ رەڭگى، سىرتقى كۆرۈنۈشى، تەمى ۋە پۇرىقى، شەكلى ۋە ھەجمى قاتارلىقلارغا قارىغان. مەسىلەن: رەڭگىنىڭ قىزىل ياكى ئاق؛ قارا ياكى كۆك؛ سېرىق ياكى تاغىل ۋە ياكى بوز بولۇشىغا قاراپ، رەڭلەرنى ئۈچ خىل تۈرگە ئايرىغان.

تەمىنىڭ ئاچچىقلىقى ياكى تاتلىقلىقى ياكى چۈچۈمەللىكى ياكى قاڭسىقلىقى ياكى قورۇغۇچى ياكى بوشاشتۇرغۇچى ئىككەنلىكى ياكى ئېچىشتۇرغۇچى ياكى تەمسىز ئىكەنلىكى قاتارلىق تەرەپلەرگە قارىغان.

پۇرىقىنىڭ خۇش پۇراقلىقى، بەتبۇيلىقى ياكى پۇراقسىزلىقى ۋە باشقا ھەر خىل پۇراقلاردا بولۇش قاتارلىق جەھەتلەرگە قارىغان.

جىسمىنىڭ قاتتىقلىقى. يۇمشاقلىقى، ئېغىرلىقى، يەڭگىللىكى، شۇنىڭدەك كېلىش مەنبەسى (ئۆسۈملۈك، ھايۋان ياكى مەدەنلەردىن ئېلىنغانلىقى) قاتارلىق تەرەپلەرگە قارىغان.

دېمەك، يۇقىرىقى نۇقتىلارنى تېپىپ چىقىپ ئۇنى ھەر خىل تەجرىبىلەردىن ئۆتكۈزۈپ، ھايۋانلار ۋە ئادەملەر ئۈستىدە تەجرىبە قىلىپ ئۇنىڭ كەيپىياتى (ئىسسىق، سوغۇقلۇق ئېنېرگىيەسى)، خۇسۇسىيىتى (ئىچىنى سۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش) قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ، مەزكۇر جىسىم ھەققىدە دەسلەپكى ھۆكۈمنى چىقارغان ۋە بىر خىل ئات قويغان.

ئۇلار گەرچە جىسىملارنىڭ خىمىيەۋى تەركىبىنى ھازىرقى زاماندىكىدەك بىلەلمىگەن بولسىمۇ ئەمما يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللار بىلەن جىسىملارنىڭ كەيپىياتى (ئېنېرگىيەسى) ۋە ئادەم بەدىنىدىكى تەسىرى ھەققىدىكى ئەڭ ئىنچىكە سىرلارنىمۇ تېپىپ چىقىپ ۋە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىسپاتلىغان. ھەمدە ئۇلارنىڭ تەسىر دەرىجىسىنىمۇ بەلگىلەپ چىققان. مەسىلەن: مەلۇم بىر ماددا ئادەم بەدىنىگە كىرگەندىن كېيىن ئادەم ئورگانىزمى ۋە ھەر خىل تەبىئىي خىزمەتلىرى (فىزىيولوگىيەسى) بىلەن ماسلىشىپ، تىرىك ئورگانىزمغا ئوزۇقلۇق ۋە قۇۋۋەت رولىنى ئوينىسا ئۇنى «مۇتلەق غىزا» دەپ تەرىپلىگەن؛ ئەگەر بىر ماددا ئادەم بەدىنىدە غىزالىق رول ئويناش بىلەن بىللە مەلۇم كېسەللەرگە داۋالىق تەسىر كۆرسەتسە، ئۇنى «غىزائى داۋائى» (غىزا ھەم داۋا) دېگەن: ئەگەر ئاۋۋال داۋالىق تەسىر كۆرسىتىپ، كېيىن غىزالىق تەسىر كۆرسەتسە ئۇنى «داۋائى غىزائى» دېگەن؛ ئەگەر بىر ماددا ئادەم بەدىنىدە مۇتلەق داۋالىق رول ئوينىسا ھەمدە ئۆزىنىڭ داۋالىق رولىنى ئىجرا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بەدەندىن چىقىپ كەتسە ئۇنى «مۇتلەق داۋائى» دېگەن. ئەگەر بىر ماددا ئادەم بەدىنىدىكى كېسەللىكنى ھېچقانداق قوشۇمچە تەسىر بەرمەستىنلا ناھايىتى تېز ساقايتسا ئۇنى «تەرياق دارى» دېگەن. ئەگەر مۇتلەق زەھەرلىك تەسىر كۆرسەتسە ئۇنى «مۇسەممىيات» (زەھەرلىك دورا) دېگەن.

دورىلار ئادەم بەدىنىدىكى نورمال ھارارەتكە بەك چوڭ تەسىر قىلماي ئوخشاش تەسىر قىلسا ياكى ئازراق تەسىر قىلسا ئۇنى «بىرىنچى دەرىجىدىكى ئىسسىق دورا» دېگەن، ئەگەر ئادەم بەدىنىدىكى نورمال ھارارەتنى نورمال دەرىجىدىن بىرقەدەر يۇقىرى كۆتۈرسە ئۇنى «ئىسسىق دورا» دېگەن. ئەگەر نورمال ھارارەتنى بەك يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتسە ئۇنى «3 ـ دەرىجىدىكى ئىسسىق» دېگەن. ئەگەر تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ ھالاكەت دەرىجىسىگە ئېلىپ بارسا ئۇنى «4 ـ دەرىجىدىكى ئىسسىق دورا» دەپ ئاتىغان. ئادەتتە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىدىكى ئىسسىق دورىلار تېبابەتتە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. 3 ـ دەرىجىلىك دورىلار ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ. 4 ـ دەرىجىلىك دورىلار زەھەر دەپ ھېسابلىنىدۇ. سوغۇق، ھۆل، قۇرۇقلۇق كەيپىياتلارنىڭمۇ يۇقىرىقىدەك تەپسىلىي دەرىجىلىرى بولىدۇ.

ئومۇمەن، ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن بەدەننى قىزىتىپ قان ھەرىكىتىنى تېزلەتكۈچى دورىلار «ئىسسىق تەبىئەتلىك»، ئەكسىچە سۇيۇقلۇق مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، قىزىتمىنى قايتۇرغان دورىلار «سوغۇق تەبىئەتلىك»، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئوتتۇرالىقىدا تەسىر قىلغۇچى دورىلار «مۆتىدىل تەبىئەتلىك» دەپ پەرقلەندۈرۈلگەن.

مانا مۇشۇنداق يەككە خام دورىلاردىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ دورىلارنىڭ ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق دېگەنلەرگە ئوخشاش تەبىئەتلىرىنى بەلگىلەشتە ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرگەن يەككە دورىلارنىڭ تەبىئىتى ئاساس قىلىنىدۇ. شۇنداقلا شۇ نۇسخىغا قوشۇلغان خام دورىلارنىڭ مىقدارىمۇ مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىمۇ يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەر بولىدۇ. بەزى دورىلار «غىزائى داۋائى» بولىدۇ. مەسىلەن: گۈلقەنت، مۇراببا ۋە باشقا مېۋىلەردىن تەييارلانغان دورىلار ۋە ھەر خىل ھاياتىن (ۋىتامىن) لىق ئۆسۈملۈكلەردىن تەييارلانغان دورىلار.

بەزى دورىلار «داۋائى غىزائى» بولىدۇ. مەسىلەن: ئامىلە نۇشدارى، ھالۋائى بەيزە لوبوبى كەبىر ۋە باشقىلار.

بەزى دورىلار مۇتلەق داۋائى بولىدۇ. مەسىلەن: لوغازىيا، بايادىتۇس، ماددەتۇلھايات ۋ باشقىلار.

يۇقىرىقىدەك دورىلار تەبىئىتى ۋە تەبىئەت دەرىجىلىرىنى بەلگىلەش ئۇزاق مۇددەتلى ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن ئۆتكەن ۋە داۋالاشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. نەچچە ئور ئەسىرلىك مول ئەمەلىي تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى، شۇڭا ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز ۋە ئەمە قىلىشىمىز، ئۆز سىنىقىمىزدىن ئۆتكۈزۈشىمىز لازىم. داۋالاش ئەمەلىيىتىدە ئادەتت ئىسسىقتىن بولغان كېسەللەرگە سوغۇقلۇق دورا، سوغۇقتىن بولغان كېسەللەرگ ئىسسىقلىق دورا بېرىپ داۋالىنىدۇ.

## 5. مۇرەككەپ دورىلارغا بەدەل (ئورۇنباسار دورا) ئىشلىتىش قائىدىلىرى ۋ پرىنسىپلىرى

بەزى مۇرەككەپ دورا ياسالمىلىرىنى تەييارلاش ۋاقتىدا نۇسخىدا كۆرسىتىلگە ئايرىم يەككە خام دورىلار تېپىلماي قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قانداق قىلىش كېرەك؟ قەدىمك ۋە كېيىنكى ھۆكۈمالار ۋە دورا مۇتەخەسسىسلىرى ھەرقانداق دورا ئەشيالىرىنى كەيپىياتى، خۇسۇسىيىتى ۋە تەبىئىتىگە ئاساسەن بىر خىل قانۇنىيەت بېكىتكەن. بۇ خى قانۇنىيەت يالغۇز بىر خىل دورىدىلا مەۋجۇت بولماستىن، شۇ دورا ئائىلىسىگە مەنسۇ باشقا دورىلاردىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. مەسىلەن: مېغىز تۈرىدىكى ھۆل ئىسسىق دورىلار بىر بىرىگە خۇسۇسىيەت جەھەتتىن يېقىن بولغاچقا بىر - بىرىنىڭ رولىنى ئۆتەلەيدۇ چىلغوزا تېپىلمىغان جايدا ئۇنىڭ ئورنىدا ياڭاق مېغىزى ئىشلەتسە ئوخشاش تەس بېرىدۇ. بادام تېپىلمىسا ئۆرۈك مېغىزلىرى تامامەن بادام ئورنىنى باسالايدۇ ئاقىرقەرھانىڭ ئورنىغا ئىگىر ئىشلىتىلسە ئوخشاش تەسىر بېرىدۇ.

دېمەك، ھەرقانداق بىر خىل دورىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان، شۇنىڭ رولىنى ئوخشاش ئۆتەلەيدىغان باشقا دورىلار بولىدۇ. بۇ تېبابەتتە «بەدەل - ئورۇنباسار» دورا دېيىلىدۇ بەدەل ئىشلىتىشنىڭ ھېچقانداق چوڭ نۇقسانى بولمايدۇ. بۇنى قەدىمكى ھۆكۈمالا «مەخزەنۇل ئەدۋىيە»، «قارابادىن كەبىر»، «قارابادىن ئەزەم» قاتارلىق ئاتاقلىق كىتابلار ئوچۇق بايان قىلغان. ھەمدە ھەربىر دورىنىڭ بەدىلىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

بەزىلەر بەدەل دورا ئىشلىتىشكە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. بۇ مۇتەئەسسىپلىكتى باشقا نەرسە ئەمەس، بەدەل قوشۇلغان مۇرەككەپ دورىلارنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكە تەسىرىمۇ يەنىلا ئوخشاش بولۇپ چىققان. شۇڭا مۇرەككەپ دورا ياسالمىلىرىنى تەييارلاش ۋاقتىدا بىرەر خىل دورىنىڭ ئۆز ئەينى تېپىلماي قالسا، كىتابىمىزنىڭ ئاخىر كۆرسىتىلگەن «بەدەل» جەدۋىلىدىن پايدىلىنىش كېرەك. لېكىن بەدەل دورىلارنىڭ ۋەزن (مىقدارى) ھەرقاچان ئەسلىدىكى دورىلارنىڭ ۋەزنى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئارتۇق بولىدۇ. بەزىلىرى كامراق سېلىنىدۇ. بەزىلىرى باراۋەر مىقداردا سېلىنىدۇ بۇنىمۇ بەدەل جەدۋىلىدىن ئىزدەش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى بۆلۈم دورىلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈشكە لايىقلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرى

**تەرىپى:**

دورىلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈشكە لايىقلاشتۇرۇش —يەككە دورىلارنى پىششىقلاشتىن ئىبارەت بىر خىل تېخنىكا ھېسابلىنىدۇ. ھەب، تالقان، مەجۇن، مەلھەم، ئەرەق، شەربەت قاتارلىق ھەر خىل ياسالمىلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىنى تولۇق كۆرستىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ خىل ياسالمىلارنىڭ تەركىبىگە قوشىدىغان خام ماتېرىيالنى ئىشلىتىشكە لايىق ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن مۇرەككەپلەشتۈرۈلىدۇ.

مۇرەككەپلەشتۈرۈشكە لايىقلاشتۇرۇشنىڭ مەقسىتى ئاساسلىقى دورا ئەشيالىرىنىڭ زەھەرلىك ۋە كېرەكسىز قىسىملىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ ياكى ئىسلاھ قىلىپ دورىنى پاك - پاكىز قىلىش، دورىنىڭ فىزىكىۋى (بەزىدە ھەتتا خىمىيەۋى) خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىپ ياسالمىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىشلىتىش تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، بىخەتەر بولۇشى، داۋالاش ئۈنۈمى، دورىنىڭ تازىلىقى قاتارلىق تەرەپلەرگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ۋە ئاسان مۇرەككەپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنداقلا دورىنىڭ شىپالىق ئۈنۈمى ۋە تەسىرلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

لايىقلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرى

تېبابىتىمىز دورىگەرلىكىدە خام دورا ئەشيالىرىنى ئىشلىتىشكە لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

1. سوقۇش (رەز – Contusio)
2. ئېزىش (تەسھىق؛ سالايە قىلىش – Trituratio)
3. تاسقاپ (تەنخەل – Describratio)
4. قورۇش (تەقلىيە – Frying)
5. ئەرەق تارتىش (تەقتىر – Distillatio)
6. پارغا ئايلاندۇرۇپ چەككىلەش (تەسئىد – Sublimatio)
7. دەملەش (نوقۇئ – Infusio)
8. قايىنتىش (مەتبۇخ – Decotio)
9. ئېرىتىش (ئىنھىلال – Solutio)
10. چىلاش (تەئفىن – Maceratio)
11. قۇرۇتۇش (تەجفىف – Siccatio)
12. سىقىش ۋەشر (ئۇسارە) ئېلىش (ئۇسىر – Expressio)
13. يۇيۇش (تەسۋىل – Elutriatio)
14. پوستىدىن ئاجرىتىش (تەقەششىر – Descorticatio)
15. خېمىرگە ئوراپ پىشۇرۇش

16. زەھەرسىزلەندۈرۈش ـ ( Deloxicatio

17. كۆشتە قىلىش (تەكلىس ـ ( Calcinatio

18. گىل ھېكمەت قىلىش.

19. دورىلارنى يۇيۇپ ساپ قىلىش ئۇسۇلى (غەسلە)

**1. سوقۇش**

1) تەرىپى:

بۇ چوڭ ـ كىچىك ۋە قاتتىق ـ قۇرۇق دورىلارنى تازىلاپ، قۇرۇتۇپ ھەر خىل سوقۇش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار ۋە ماشىنىلارنىڭ كۈچى بىلەن سوقۇپ مۇۋاپىق يۇمشاقلىقتا تالقان قىلىش دېمەكتۇر.

سوقۇش — ئادەتتە ئىشلىتىش مىقدارى چوڭ ـ كىچىك بولغان ھەر خىل ئۇسۇملۇك ھايۋانات ۋە مەدەن دورىلارنى سوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

2) سوقۇش ئۇسۇللىرى:

دورا ماتېرىياللىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى، شەكلى، قاتتىقلىق دەرىجىسىگە قاراپ سوقۇش ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

(1) بىرلەشتۈرۈپ سوقۇش:

بۇ، نۇسخىدىكى سوقۇشقا تېگىشلىك دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ھاۋانچا، ياغۇنچاق ياكى دورا سوقۇش ماشىنىسى بىلەن سوقۇپ تالقان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ھاۋانچىدا سوقىقان چاغدا دورىلارنى ھاۋانچىغا سېلىپ ئۇنىڭ ئېشى بىلەن دورىنى سوقسا دورا تەدرىجىي ھالدا يۇمشاق ئېزىلىدۇ. بۇنىڭدا دورا پۈتۈنلەي سوقۇلۇپ يۇمشاق تالقان ھالىتىگە يەتكەندە سوقۇش توختايدۇ.

تەپمە ھاۋانچا بىلەن دورا سوقۇشتا ئالدى بىلەن دورىلارنى ھاۋانچىغا سېلىپ، ئاندىن ھاۋانچا ئېشىنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرەپتىكى ياغاچ سېپىغا پۇت بىلەن دەسسەپ تاشنى ئالدى ـ كەينىگە ھەرىكەتلەندۈرگەندە ھاۋانچىدىكى دورا تەدرىجىي يۇمشاپ تالقان بولىدۇ.

(2) ئايرىپ سوقۇش:

بەزى بىرلەشتۈرۈپ سوقىقىلى بولمايدىغان دورىلارنى ۋە نازۇك ماتېرىياللىق دورىلارنى نۇسخىدىكى باشقا دورىلىرىدىن ئايرىۋېلىپ، ئايرىم ھالدا سوقۇلىدۇ. مەسىلەن بەزى مايلىق ۋە يېلىم جىنسلىق دورىلاردىن كۆندۈر، مەستىكى قاتارلىقلارنى، يەنە ئاسان ئېزىلمەيدىغان دورىلاردىن كۆچۈلا قاتارلىقلارنى باشقا دورىلاردىن ئايرىم ئېلىپ مەخسۇس ئۇسۇل بىلەن ئايرىم سوقۇپ، تاسقاپ، ئاندىن باشقا دورا تالقانلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قايتىدىن بىر قېتىم سوقۇپ يۇمشاق تالقان تەييارلىنىدۇ.

**2. ئېزىش (سالايە قىلىش)**

1) تەرىپى:

نۇسخىدىكى بەزى ئاز مىقداردا ئىشلىتىلىدىغان، قىممەت باھالىق ۋە نازۇك ماتېرىياللىق دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ تالقان ھالىتىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

پۇراقلىق خۇسۇسىيەتلىك دورىلاردىن ئىپار، ئەنبەر، زەپەر، كافۇر، مەستىكى قاتارلىقلار، قىممەت باھالىق دورىلاردىن مەرۋايىت، ئالتۇن ۋاراق، كۈمۈش ۋاراق قاتارلىقلارنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە بەك يۇمشاق تالقان بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئايرىم سوقۇپ، باشقا دورىلىرى ئېزىلىپ بولغاندا ئاخىرىدا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

2) سوقۇش ۋە ئېزىشتىكى مەقسەت:

(1) يېڭىدىن يىغىۋېلىنغان دورىلارنىڭ قۇرۇشىنى تېزلىتىدۇ. يېڭىدىن يىغىۋېلىنغان ئۆسۈملۈك دورىلارنىڭ، مەسىلەن: يىلتىز، غوللارنىڭ دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىسمىدا كۆپ مىقداردا سۇ بولىدۇ. بۇلارنى كېسىپ ئازراق پارچىلاپ ئېزىۋەتكەندە ئاسان قۇرۇيدۇ. ھەمدە ساقلاشقا قولايلىق بولۇپ كۆكىرىپ قېلىشتىن، ئۇنۇملۇك تەركىبلىرى تۆۋەنلەپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

(2) دورا ماتېرىيالى ئىچىدىكى ئۇنۇملۇك تەركىبىنىڭ چىلاش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلۈشىنى تېزلىتىدۇ. ئۆسۈملۈك دورىلار تەركىبىدە ئۇنۇملۇك ماددىلار ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ توقۇلمىلىرىغا تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنى ئېرىتىپ ئېلىشتا ئېرىتكۈچى ماددىلار ئۆسۈملۈك ھۈجەيرىلىرى بىلەن تولۇق ئۇچرىشىپ، ئېرىتكۈچىلەر تارقىلىپ ئۆسۈملۈك قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرگەندىلا، ئاندىن ئۇنۇملۇك تەركىبلەرنى ئېرىتىپ چىقىرىدۇ.

(3) قاتتىق دورىلارنىڭ ئېرىش دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ.

(4) دورىنىڭ سىرتقى يۈزىنىڭ ھەجمىنى ئاشۇرۇپ، دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

(5) ھەر خىل ياسالمىلارنى تەييارلاشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ. مەسىلەن: قۇرس (تابلېت)، كۆمىلاچ، مەجۇن، مەلھەم قاتارلىق دورىلارنىڭ ئەسلىي ماتېرىيالىنىڭ ھەممىسى تالقاندىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا سوقۇش ۋە ئېزىش مەلۇم ياسالمىلارنى تەييارلاشتىن ئىلگىرى ئىشلەشكە تېگىشلىك مەشغۇلاتلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

3) ئېزىش ئۇسۇللىرى:

دورىلار خۇسۇسىيىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن ئېزىش ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

(1) قۇرۇتۇپ ئېزىش:

ئۆسۈملۈك دورىلىرى كۆپ خىل توقۇلمىلار ۋە تەركىبلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، خۇسۇسىيىتى ناھايىتى مۇرەككەپ، شۇڭا ئېزىشتىن ئىلگىرى دورا ماتېرىيالىنى ئالدىنئالا بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئېزىش ئۇسۇلىنى كونكرېت ئەھۋالغا ۋە تەلەپكە لايىق تاللاش لازىم. دورا ماتېرىيالى ھەددىدىن زىيادە توم ياكى ئۇزۇن بولسا، ئېزىشتىن ئىلگىرى توغراپ، مۇۋاپىق چوڭ ـ كىچىكلىكتە كەلتۈرۈش لازىم. سۈيى كۆپ بولسا (ھەددىدىن زىيادە ھۆل بولسا) ياكى يۇيۇش بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنداق دورىلارنى يېيىپ، قۇرۇتۇپ ئەزگەندە ئوڭاي ئېزىلىدۇ. تەركىبىدە ياغ مىقدارى كۆپ بولغان دورىلار

بولسا مەلۇم ئۇسۇللار بىلەن يېغىنى چىقىرىۋېلىپ، ئاندىن ئېزىش لازىم. يەنە بەزى دورىلارغا چىلاش، قۇرۇتۇش، پارلاندۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى مۇۋاپىق قوللىنىش لازىم بولىدۇ. يەنە دورىلار خۇسۇسىيىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىغا قاراپ يەككە هالدا ئېزىش ياكى بىرلەشتۈرۈپ ئېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

(2) ئايرىپ ئېزىش:

بۇ، نۇسخىدىكى مەلۇم دورىلارنى ئايرىم - ئايرىم ئېزىشنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن نۇسخىدا پۇراقلىق خۇسۇسىيەتلىك دورىلاردىن ئىپار، ئەنبەر، زەپەر، كافۇر، مەستىكى رۇمى قاتارلىقلار؛ قىممەت باهالىق دورىلاردىن مەرۋايىت، ئالتۇن ۋاراق، كۈمۈش ۋاراق قاتارلىقلارنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن باشقا دورىلاردىن ئايرىپ ئېلىپ، ئايرىم ئېزىپ، باشقا دورىلىرى ئېزىلىپ بولغاندا ئاخىرىدا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

(3) بىرلەشتۈرۈپ ئېزىش:

بۇ، نۇسخىدىكى ھەممە دورىلارنى ياكى بىر قىسىم دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئېزىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دورىلارنى پىششىقلاشتا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇلدۇر. بۇ ئۇسۇل ئادەتتىكى دورىلارنى، ئالاهىدە بولمىغان يېلىم دورىلارنى، يېپىشقاق دورىلارنى ئېزىش ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئومۇمەن، نۇسخىنىڭ تەركىبىدە ئۆزىدە ياغ ماددىسى نىسبەتەن جىقراق دورىلار ياكى يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك دورىلار بولسا، ئۇلارنى ئېزىشتە، ئالدى بىلەن، نۇسخىدىكى يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلىرى بار دورىلاردىن باشقا دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئېزىپ بولۇپ، ئاندىن بۇ ئېزىلگەن يۇمشاق تالقاندىن ئازراق ئېلىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرىقىدەك دورىلارنى قوشۇپ بىرلىكتە ئېزىش ئۇسۇلىدۇر. زۆرۈر تېپىلغاندا يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك دورىلارنى 60℃ تىن تۆۋەن ئىسسىقلىقتا تولۇق قۇرۇتۇپ، ئاندىن ئېزىلگەن تالقان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قايتا ئەزگەن مۇۋاپىق.

(4) نەمدەپ ئېزىش:

بۇ، بەزى دورىلارغا ئۈچۈپ (پارلىنىپ) كېتىدىغان ئورگانىك ئېرىتكۈچىلەردىن روهىي شاراب (ئىسپىرت) ياكى ئادەتتىكى سۇدىن ئاز مىقداردا قوشۇپ ئېزىش ئۇسۇلىدۇر. سۇ ۋە ئورگانىك ئېرىتكۈچىلەر ئۈسۈملۈكلەرنىڭ قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىپ، ئازراق يۇمشىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئېزىش ئاسانلىشىدۇ. نەمدەپ ئېزىش ئىككى خىل ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

① سۇيۇقلۇق قوشۇپ ئېزىش:

بەزى دورىلارنى ئېزىش ئانچە ئاسان بولمايدۇ. مەسىلەن: كافۇر، مېنتول (جەۋهەرى نەئناء) قاتارلىقلارنى ئېزىشتە ئاز مىقداردا ئىسپىرت قوشۇپ ئېزىلسە توزۇپ كەتمەي ئاسان ئېزىلىدۇ.

② سۇدا لەيلىتىپ تۈرۈپ ئېزىش:

بەزى دورىلارنى كۆپ مىقداردىكى سۇغا چىلاپ تۇرۇپ هاۋانچا بىلەن ئېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئېزىش دەرىجىسى يۇقىرى، دورىنىڭ چاچراپ هاۋانچىدىن

چىقىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل مەدەن دورىلاردىن شىڭگىرىپ (سىننا بار)، جانلىقلاردىن ئېلىنغان دورىلاردىن مەرۋايىت قاتارلىقلارنى ئېزىش ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدۇ.

(5) كۆپ قوللىنىلىدىغان نازۇك ماتېرىياللىق دورىلارنى ئېزىش

① ئىپارنى ئېزىش:

ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كېرەكسىز قىسمىنى (تېرە، قىل ۋە باشقىلارنى) تازىلىۋېلىپ هاۋانچىغا سېلىپ ئېزىلىدۇ. بۇ جەرياندا داۋاملىق تاسقاپ تۇرۇپ يۇمشاق تالقانلارنى تاللىۋېلىپ، يىرىكلىرىنى يەنە ئېزىش ئارقىلىق ئاخىرىدا يۇمشاق تالقان قىلىنىدۇ. هاۋانچا بىلەن دورا سوقۇقاندا هاۋانچىنىڭ ئاغزى يېپىپ تۇرۇلىدۇ.

② شىڭگىرىپنى ئېزىش:

بۇ، كان ماددىسى بولۇپ، ئاسان ئېزىلمەيدۇ. قەدىمدە شىڭگىرىپنى چوڭ هاۋانچىغا سېلىپ هاۋانچىنىڭ تېشى بىلەن يۇمشاق تالقان قىلىناتتى. يېقىندىن بۇيان هاۋانچىدا ئېزىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئېزىش ئۈنۈمدارلىقى خېلى يۇقىرى بولۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك تالقان قىلغىلى بولىدۇ. ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئانچە بولمايدۇ.

③ مەرۋايىتنى ئېزىش:

مەرۋايىتنى ئالدى بىلەن يۇمىلاق هاۋانچىغا سېلىپ، هاۋانچا تېشى بىلەن سوقۇلىدۇ. ئۇ، ناھايىتى قاتتىق بولۇپ ئاسان ئېزىلمەيدۇ. ھەمدە ئاسان چاچراپ هاۋانچا ئىچىدىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئازراق نەمكوپ (چالا سوقۇلغان) ھالەتكە كەلگىچە ئاستا ـ ئاستا يەڭگىل سوقۇپ، ئازراق ئېزىلىپ بولغاندىن كېيىن تەيمە هاۋانچا بىلەن ئېزىش مۇمكىن.

**قوشۇمچە:**

مەرۋايىتنى يۇمىلاق هاۋانچىغا سېلىپ، ئۈستىگە چىلاشقىدەك سۇ قۇيۇپ هاۋانچىنىڭ تېشى بىلەن يەڭگىل ھالدا ئاستا ـ ئاستا سوقۇپ، ئازراق پارچىلانغاندىن كېيىن، هاۋانچىنى ئىچىدىكى دورا بىلەن بىللە ئىسسىق جايدا (40℃~60℃ قىچە) 18 ~ 24 سائەتكىچە قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇغاندا مەرۋايىتنىڭ سىرتقى يۈزىدە يېرىلىش پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا مەرۋايىتنى سۈزۈۋېلىپ يەنە هاۋانچىغا سېلىپ سوقاندا ئاسان ئېزىلىدۇ.

④ ئۇد ھىندى ۋە سەندەلنى ئېزىش:

بۇ ئىككى خىل دورا دەرەخلەرنىڭ ياغاچلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنى ئېزىشتە، ئالدى بىلەن، پىچاق ياكى باشقا تۆمۈر سايمانلاردىن پايدىلىنىپ ئۇششاق پارچىلىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن هاۋانچىغا سېلىپ ئېزىلسە بولىدۇ. سەندەلنى ئېزىش ۋاقتىدا هاۋانچىنىڭ ئاغزى مەھكەم يېپىپ تۇرۇلىدۇ. بولمىسا پۇرىقى ئۇچۇپ تۈگەيدۇ.

4) دورىلارنى سوقۇش ۋە ئېزىشتە ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار

دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئېزىش ۋاقتىدا سەرپ قىلىنىدىغان كۈچ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا دورىلارنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، ھەر خىل ئېزىش جابدۇقلىرى ئىشلىتىلىدۇ. ئېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان

جابدۇقلارنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ، بۇلاردىن ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) توغراش جادىسى:

بۇ، تېبابەتتە ئۆسۈملۈك دورىلارنىڭ يىلتىزى، شېخى، غولى قاتارلىق قىسىملىرىنى كېسىپ، توغراپ پارچىلاپ بېرىشكە ئىشلىتىلىدىغان سايمان. مەسىلەن: پۇدىنە، كاسىنە ئۇد ھىندى، سەندەل قاتارلىق دورىلارنى مۇرەككەپ ياسالمىغا قوشۇشتىن ئىلگىرى كېسىپ ئۇششاق پارچىلاپ ئاندىن ئىشلىتىلىدۇ. ياكى ئېزىش جابدۇقلىرىغا سېلىپ ئېزىپ تەييارلىنىدۇ.

(2) يۇملاق ھاۋانچا:

بۇ، تېبابىتىمىزدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئېزىش جابدۇقى بولۇپ ئۇلارنىڭ تۈرلىرى ئوخشاش ئەمەس، ئۇلار ياغاچ، چويۇن، تۆمۈر، تۇچ، تاش، ئەينەك فارفۇر قاتارلىق ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ (4 ـ رەسىم)


4 ـ رەسىم (3) سىتۇپكا


4 ـ رەسىم (2) مىس ھاۋانچا


4 ـ رەسىم (1) تۆمۈر ھاۋانچا

بۇ خىل ھاۋانچىلار ئاز مىقداردىكى دورىلارنى ئېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداق بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەينەك ۋە فارفۇردىن ياسالغان ھاۋانچىلار ئاسان ئېزىلىدىغان كىرىستال دورىلارنى ئېزىشكە ئىشلىتىلىدۇ. چويۇن، تۆمۈردىن ياسالغان ھاۋانچىلار چۈرۈك قاتتىق، يىرىك دورىلارنى ئېزىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

(3) تەپمە (كېمە شەكىللىك) ھاۋانچا (ئوغلاق ھاۋانچا دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

بۇ خىل ھاۋانچا بىلەن ھەر خىل دورىلارنى، بولۇپمۇ ھەر خىل مەدەن دورىلار جاۋاھىراتلارنى ئېزىشكە بولىدۇ. بۇ ھاۋانچىنىڭ ئېزىش ۋە كېسىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل رولى بار بولۇپ، نازۇك ماتېرىياللىق دورىلارنى سالايە قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ (5 ـ رەسىم). ئۇنىڭدىن باشقا موتورلۇق (ئېلېكتىرلىك) تەپمە ھاۋانچىلار بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ مىقداردىكى دورىلارنى ئېزىپ چىقارغىلى بولىدۇ (6 ـ رەسىم).

www.uyghurkitap.com





5 ـ رەسىم ـ تەپمە ھاۋانچا. 6 ـ رەسىم. ئېلېكترلىك تەپمە ھاۋانچا.

(4) ياغۇنچاق ۋە تۈگمەن: بۇلارمۇ گىياھ دورىلارنى ئېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئومۇمەن، يۇقىرىقى جابدۇقلار قەدىمدىن تارتىپ تېبابەت دورىلىرىنى تەييارلاشتا ئىشلىتىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى جابدۇقلار بولۇپ، بۇلار ھازىرمۇ قوللىنىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، پەننىڭ تەرەققىياتىغا ۋە زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى تىپتىكى ھەر خىل زامانىۋى ئېزىش ماشىنىلىرى مۇۋاپىق ھالدا ئىشلىتىلمەكتە.

**قوشۇمچە:**

(5) چوڭ ـ كىچىك تىپتىكى ھەر خىل ئېزىش ماشىنىلىرى:

ئېزىش ماشىنىلىرى بولسا بىرقەدەر زامانىۋىلاشقان، سۈرئىتى تېز، ئۈنۈمى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بىر خىل ئېزىش جابدۇقى بولۇپ، ئۇنىڭ كۈچى بىلەن ھەر خىل غول، يىلتىز دورىلار، مايلىق دورىلار، ئوزۇق دورىلار ۋە باشقا قاتتىق ـ يىرىك دورىلارنى تېز سۈرئەتتە ئېزىپ تالقان قىلىپ چىقارغىلى بولىدۇ. ئېزىش ماشىنىلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلار شار شەكىللىك، ئۇنىۋېرسال ۋە بولقا شەكىللىك ئېزىش ماشىنىلىرىدىن ئىبارەت. يېقىندا يەنى DF300 تىپلىق دورا ئېزىش ماشىنىسى مەيدانغا كەلدى. بۇلاردىن ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ۋە تۈزۈلۈشى ئاددىي، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولغان ئۇنىۋېرسال ئېزىش ماشىنىسى بىلەن يېقىندىن ياسالغان DF300 تىپتىكى ئېزىش ماشىنىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز.

ئۇنىۋېرسال ئېزىش ماشىنىسى:

ئۇنىۋېرسال (ئاممىباب) ئېزىش ماشىنىسى ئاساسەن مۇقىم بېكىتىلگەن بىر يۇمىلاق چەمبەر ۋە چۆرگىلەپ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى دانە چەمبەر، ھالقىسىمان ستىكالاردىن تۈزۈلگەن (7 ـ رەسىم).

ھەربىر چەمبەرنىڭ ئايلانمىسى ئۈستىگە قاتار ـ قاتار پولات چىش تىزىلغان. ھەربىر قاتاردىكى پولات چىش يەنە بىر چەمبەر ئۈستىدىكى ئىككى رەت پولات چىشنىڭ ئارىلىقىغا كىرىپ تۇرىدۇ. لېكىن بىر ـ بىرسىگە تېگىشمەيدۇ. دورا ماتېريال سېلىش ئاغزى ئارقىلىق ماتېريال بۆلۈمچىسىگە چۈشۈپ مەركەزدىن قاچقان كۈچ تەرىپىدىن چەمبەر ئايلانمىسىغا ئېتىلىپ، پولات چىش ئارقىلىق ئېزىلىپ چىقىدۇ. ئېزىش

دەرىجىسى چەمبەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىققا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. شۇڭا بۇنى تەڭشە
ئىشلىتىش مۇمكىن. ئېزىلىپ بولغان دورا تالقىنى، ئايلانما چەمبىرەك يۇقىرى سۈرئە
بىلەن چۆرگىلىگەن چاغدىكى پەيدا بولغان ھاۋا ئېقىمىغا ئەگىشىپ ھالقىسىمان سىتك
ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ. دورىنىڭ يىرىك ۋە يۇمشاق بولۇش تەلىپىگە ئاساسەن ئوخشىمىغا
تۆشۈكلۈكتىكى سىتكىنى (ئەلگەكنى) ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

بۇ خىل ماشىنا بىلەن ھەر خىل قاتتىق ـ قۇرۇق دورىلارنى، شۇنداق
ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى، تېنى، پوستى قاتارلىقلارنى ئېزىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ
دورىلارنى ئېزىش ئۈنۈمدارلىقى ئۈستۈن، لېكىن چۆرگىلەش سۈرئىتى تېز بولغاچق
موتور تېزلا قىزىپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. شۇڭا تەركىبىدە كۆپ مىقدار
ئۇچۇچان ماي تۇتقان دورا ماتېرىياللىرى ۋە يېپىشقاق خۇسۇسىيەتلىك دو
ماتېرىياللىرىنى ئېزىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

DF300تىپتىكى دورا ئېزىش ماشىنىسى:

بۇ تىپتىكى ماشىنا يېقىنقى بىرقانچە يىللار مابەينىدە ياسالغان، بىر ئاز يېڭ
تىپتىكى ئېزىش ماشىنىسى بولۇپ، ئېزىش ۋە كېسىش رولى ئارقىلىق ئېزىش
مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ (8 ـ رەسىم). دورىلارنى ماشىنىغا تەكرار سېلىپ، تەكر
ئېزىش ئارقىلىق كۆپ مىقداردىكى دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ چىقىرىش مۇمكىن. چۈنك
بۇ خىل ماشىنا دەسلەپتە يىرىكرەك، كېيىن يۇمشاق ئېزىپ چىقىرىدۇ.



8 ـ رەسىم. DF300 تىپىدىكى دورا ئېزىش ماشىنىسى




7 ـ رەسىم. ئۇنىۋېرسال ئېزىش ماشىنىسى 1. ماتېرىيال سېلىش ئاغزى؛ 2. پولات چىش؛ 3. ھالقىسىمان سىتكا؛ 4. تالقان چىقىش ئاغزى؛ 5. ماتېرىيال سېلىش كورىسى؛ 6. ئوق؛ 7. تىترەتكۈچى تاختاي.

www.uyghurkitap.com

بۇ ماشىنىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاددىي بولۇپ، ئاساسلىقى ماتېرىيال كىرىش ئاغزى، ماگنىتلىق بىرىكمىسى، پىرقىرىغۇچ، شامالدۇرغۇچ، دورا چىقىش ئاغزى قاتارلىق بەش قىسىمدىن تۈزۈلگەن.

بۇ ماشىنىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى تېز بولۇپ، مىنۇتىغا 3800 قېتىم ئايلىنىدۇ. يەنە 40 دانە ياپىلاق بولقا شەكىللىك چىشى بولۇپ، بۇ تۆت قاتار قىلىپ تىزىلغان. سېتكىسى ئادەتتە 0.25، 0.30، 0.40 نومۇرلۇق بولۇپ، دورىنىڭ يىرىك، يۇمشاق بولۇشى تەلىپىگە قاراپ تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل ماشىنا بىلەن 100 كۆزلۈك ئەلگەكتىن ئۆتۈپ كېتىدىغان يۇمشاق تالقانلارنى ئېزىش مۇمكىن.

**5) ھەر خىل ماشىنىلارنى ئىشلىتىش ۋە ئاسراش:**

(1) ماشىنا بىلەن دورا ئېزىدىغان چاغدا دورا سېلىشتىن ئىلگىرى ماشىنىنى 2 ~ 3 مىنۇت قۇرۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ غەيرىي ئاۋاز بار - يوقلۇقىغا دىققەت قىلىپ، ماشىنىنىڭ چۆرگىلىشى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ئاندىن دورا سېلىش لازىم. بولمىسا سېلىنغان دورا دەرھال دورا ئېزىش بۆلۈمچىسىگە كىرىۋېلىپ تېزلا قىزىپ كېتىش ۋە موتور كۆيۈپ كېتىشتەك ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ماشىنىنىڭ قىزىپ كېتىشى دورىلارغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ دورىدا كۆيۈك پۇراق پەيدا قىلىدۇ. ماشىنىنى توختىتىدىغان چاغدا دورا سالماسلىق، بەلكى يەنە 2 ~ 3 مىنۇتقىچە قۇرۇق ئايلاندۇرۇپ، ماشىنا ئىچىدىكى دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق چىقىپ بولغاندىن كېيىن توختىتىش كېرەك.

(2) ئىشلىتىش جەريانىدا نورمالسىز ئەھۋاللار يۈز بەرسە، مەسىلەن: كۈچلۈك سىلكىش ياكى تىترەش، غەيرىي ئاۋاز چىقىش، كۆيۈك پۇراق سېزىلىش، ئوقى قىزىپ كېتىش، توسۇلۇپ قېلىش، موتور قىزىپ كېتىش قاتارلىق ھادىسىلەر كۆرۈلگەندە دەرھال ماشىنىنى توختىتىپ تەكشۈرۈش، سەۋەبىنى تېپىپ، ئۇلارنى ئوڭشىغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشلىتىش لازىم.

(3) ئېزىش ماشىنىسىنىڭ ئاستىدا شامالدۇرغۇچقا ئۇلانغان بىر تەڭشىگۈچ بولۇپ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئېتىپ قويۇلىدۇ. بۇ ئادەتتە سېتكىنىڭ كۆزلىرى دورا تالقانلىرى بىلەن توسۇلۇپ قالغاندا ئۇلارنى ھەيدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ، شامال مىقدارىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدۇ. ماشىنىنىڭ دورا كىرىش ئاغزى شامال كىرىش ئاغزى بولىدۇ.

(4) ماشىنىنى ئۇزۇنغىچە ئىشلەتمەي توختىتىپ قويۇشقا توغرا كەلگەندە، ماشىنا ئىچىدىكى دورا ماتېرىياللىرىنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىپ پاكىزلەپ، ئاندىن توختىتىپ قويۇش لازىم. بۇنداق قىلغاندا ماشىنىنىڭ زاپچاسلىرىنى داتلىشىپ قېلىش ۋە بۇزۇلۇپ قېلىشتىن ساقلىغىلى بولىدۇ.

(5) ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ ئايلانما ئوقى، چاقى، چىشى قاتارلىق زاپچاسلىرىنىڭ سىلىق ۋە پارقىراقلىقىنى داۋاملىق ساقلاپ، ماشىنىنىڭ داۋاملىق بىخەتەر چۆرگىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

(6) ماشىنا ۋە موتورنىڭ تازىلىقىغا داۋاملىق دىققەت قىلىپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا ياغلاپ

تورۇش، ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن سۈرتۈپ تازىلاپ تۇرۇش، چاڭ ـ توزان ۋە دورا تالقانلىرى موتور ئىچىگە كىرىپ قېلىپ بۇزۇلۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

(7) سېلىنغان دورا موتورنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەگەر بۇنىڭغا دىققەت قىلماي دورىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ سېلىۋېتىپ بېسىم كۈچىنى ئاشۇرۇۋەتكەندە ماشىنا تۇيۇقسىز توختاپ قېلىش ياكى موتور كۆيۈپ كېتىش ھادىسىسى كېلىپچىقىدۇ.

(8) توك مەنبەسى چوقۇم موتورنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى ھەمدە ھەر قېتىم ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم.

بارلىق توك مەنبەلىك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرگە يەر ئاستى مۇھاپىزەت سىمى بېكىتىپ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(9) ھەر خىل ئېرىش ماشىنىلىرىنى ھەر قېتىم ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، ئىچى ۋە سىرتىنى تازىلاپ جايىغا سېلىپ قويۇش لازىم. زۇرۇر تېپىلغاندا مەلۇم مەزگىل ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن رېمونت قىلىپ تۇرۇش كېرەك.

6) سوقۇش ۋە ئېرىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

(1) دورىلارنى سوقۇش ۋە ئېرىشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم تازىلاپ، رەتلەپ، دورا تەركىبىگە ئارىلىشىپ قالغان ھەر خىل مېتال، تاش پارچىلىرى، توپا ـ چاڭ، ھەر خىل ئارىلاشما قاتارلىق يات نەرسىلەرنى تاللاپ چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن ماشىنا ياكى ھاۋانچىغا سېلىپ ئېرىشكە باشلاش لازىم. بولمىسا دورىنىڭ سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. ھەمدە يۇقىرىقى مېتاللار ماشىنىنىڭ دورا ئېرىش بۆلۈمچىسىگە كىرىۋېلىپ ماشىنىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ ياكى موتور كۆيۈپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

(2) ھاۋانچا ياكى ماشىنىغا دورا سالغاندا سېلىنىدىغان دورا مىقدارى نورمال بولۇشى، بەك كۆپ ياكى بەك ئاز بولماسلىقى لازىم. كۆپ سېلىنىۋەتكەندە دورا ھاۋانچىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىپ ياكى چاچراپ كېتىپ ئىسراپ بولىدۇ. ئاز سالغاندا كۈچ ئىسراپ بولىدۇ.

ماشىنا بىلەن ئەزگەندە ئەگەر دورا كۆپ سېلىنسا موتور تارتالمايدۇ.

(3) دورا ئېرىش ۋە سوقۇش جەريانىدا يات ـ يات تاسقاپ تۇرۇپ يۇمشاق تالقاننى ۋاقتىدا ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، يىرىكلىرىنى يەنە سوقۇش لازىم. بۇنداق قىلغاندا ئېزىلىپ بولغان تالقاننىڭ توزۇپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى ۋە ئىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

(4) سوقۇش ۋە ئېرىش ۋاقتىدا سەرپ قىلىنىدىغان كۈچ باشتىن ـ ئاخىر تەكشى ۋە بىر خىل بولۇشى لازىم.

(5) سوققۇش ۋە ئېرىش سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن تازىلاپ، زۇرۇر تېپىلسا يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ رەتلىك قويۇش كېرەك. بىر خىل دورا سوققان ھاۋانچىنى تازىلىماستىن يەنە بىر خىل دورا سېلىشقا بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

(6) ماشىنىنى ئىشلەتكەندە قىزىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم مەزگىل توختىتىپ قويۇش لازىم. بولمىسا ماشىنا قىزىپ كېتىدۇ. ئاندىن بۇ قىزىقلىق ئۆسۈملۈك دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بۇزۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

(7) نۇسخىدىكى غارىقۇن باشقا دورىلار بىلەن بىللە سوقۇلمايدۇ. غارىقۇننى سىتام ئۆتكەمىنىڭ سىملىرىغا سۇرۇپ ئۇنىڭ كېرەكلىك قىسمى ئېلىۋېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلىنىڭ تەركىبىدە (ئوتتۇرىسىدا) مونەك بىر بۆلىكى بولۇپ، ئۆز پېتىچە سوقۇلۇپ كەتسە دورىلارنى زەھەرلەيدۇ.

(8) نۇسخىلار تەركىبىدىكى ئىپار، سەندەل، زەپەر قاتارلىق نازۇك ماتېرىياللىق پۇراقلىق دورىلارنى سوقىقاندا يۇمىلاق ھاۋانچىدا سوقۇش لازىم. ھەمدە ھاۋانچىنىڭ ئاغزىنى داكا بىلەن يېپىپ تۇرۇش ئارقىلىق پۇرىقىنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى بۇ خىل دورىلارنىڭ شىپالىق تەسىرى ئۇنىڭ پۇرىقىدا.

**3. تاسقاپ ـ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈش**

1) تەرىپى:

تاسقاپ ـ يىرىك تالقان بىلەن يۇمشاق تالقاننى ئايرىپ بېرىدىغان، شۇنداقلا دورىلارنى بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان مەشغۇلاتلاردىن بىرى.

دورىلار ھەر خىل جابدۇقلاردا ئېزىلىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېزىلىش دەرىجىسى تەكشى بولمايدۇ. بۇلارنى تەكشى بولۇش دەرىجىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تاسقاش كېرەك.

2) تاسقاشتىكى مەقسەت:

(1) دورا تالقانلىرىنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى يۇمشاق ۋە يىرىكلىك دەرىجىسىنى ئايرىپ بېرىش بىلەن، نۇسخىدىكى تەركىبلەرنىڭ تەكشى، بىر خىل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

(2) دورىلارنى بىر ـ بىرى بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش رولىنى ئۆتەيدۇ. شۇنداقلا تالقانلارنىڭ يۇمشاقلىق دەرىجىسىنىڭ تەكشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. لېكىن كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تاسقاش ۋاقتىدا يۇمشاقراق تالقان ئەلگەك كۆزلىرىدىن ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. يىرىكرەك تالقانلار كۆپ ھاللاردا ئەڭ ئاخىرىدا ئۆتىدۇ. ياكى ئۆتمەي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن تالقانلارنى يەنىلا مۇۋاپىق ئۇسۇل تاللاپ ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. ئاندىن كۆڭۈلدىكىدەك تەكشىلىك ھالىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

دورا ئىشلىتىش تەلىپى، ھەر خىل ياسالمىلارنىڭ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان ئەلگەكلەردىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى دورىلارنى (مەسىلەن: مەرۋايىت تالقانلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دورىلارنى) يەتتە قەۋەت داكىدىن ئۆتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

دورىلارنى تاسقاشتا ئادەتتە غەلۋىر، ئۆتكەرمە (تەڭكەش)، نېپىز ۋە قىلىن ئەلگەكلەر

ئىشلىتىلىدۇ. دورىلارنى ئېزىشتىن ئاۋۋال غەلۋىر ياكى ئۆتكەرمە بىلەن بىر قېتىم تاسقاپ دورىلار ساپلاشتۇرۇلىدۇ. ئېزىلىپ چىققان تالقانلارنى دورىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن نېپىز ۋە قېلىن ئەلگەكلەر بىلەن تاسقاپ ئاندىن باشقا ياسالمىلار تەييارلىنىدۇ.

قوشۇمچە:

دورا تاسقاش ئەلگەكلىرىنىڭ ھەر خىل ئۆلچەملىرى بولىدۇ. ئەلگەكلەرنىڭ تۆشۈكى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەلگەكلەرنىڭ نېپىز ۋە قېلىن بولۇپ پەرقلىنىشى نومۇر بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئەلگەكلەرگە نومۇر بەلگىلەشتە نۇرغۇن ئۇسۇللار بار. يەنى ئىشلىتىلىدىغان ئەلگەك كۆزلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشى بىلەن ياكى ھەربىر كىۋادرات سانتىمېتىر ئارىلىقتىكى ئەلگەك تۆشۈكلىرىنىڭ كۆز سانى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

يەنە ھەربىر سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياكى بىر سوڭ ئۇزۇنلۇقتىكى ئەلگەك تۆشۈكلىرىنىڭ كۆز سانى شۇ ئەلگەكنىڭ نومۇرى قىلىپ بەلگىلەنگەن. لېكىن يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى فارماكوپىيە (قارابادىن) دىكى دورا ئەلگەكلىرىنىڭ ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىدۇ.

يېقىندىن بېرى دۆلىتىمىزدە دورىگەرلىكتە سانائەت ئەلگەكلىرىنى ئىشلىتىش كۆپ بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سانائەت ئەلگەكلىرىنىڭ ئۆلچىمىنى چۈشىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلچىمى تۆۋەندىكىچە:

| ئەلگەك كۆز سانى | ئەلگەك تۆشۈكنىڭ ئىچكى دىيامېتىرى(mm) | يىپنىڭ توملىقى(mm) |
|---|---|---|
| 2 | 0.52 | 2.11~2.59 |
| 4 | 4.76 | 1.14~1.68 |
| 10 | 300 | 0.68~1.00 |
| 20 | 0.84 | 0.38~0.55 |
| 30 | 0.59 | 0.29~0.42 |
| 40 | 0.42 | 0.23~0.33 |
| 50 | 0.297 | 0.170~0.253 |
| 60 | 0.250 | 0.149~0.220 |
| 70 | 0.210 | 0.130~0.0187 |
| 80 | 0.177 | 0.114~0.154 |
| 010 | 0.149 | 0.096~0.125 |
| 120 | 0.125 | 0.079~0.103 |
| 200 | 0.074 | 0.045~0.061 |
| تالقانلارنى دەرىجىگە ئايرىشتىكى ئۆلچەم | | |
| دەرىجىسى | دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچەملىرى | |
| 1 ـ دەرىجىلىك تالقان | 1 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن، لېكىن 4 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئامال قىلىپ ئۆتكۈزگەندە ئۆتكەن قىسمى 40 پىرسەنتتىن ئاشمىغان تالقانلار. | |
| 2 ـ دەرىجىلىك تالقانلار | 2 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن، لېكىن 6 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكۈزگەندە ئۆتكەن قىسمى 40 پىرسەنتتىن ئاشمىغان تالقانلار. | |

| | |
|---|---|
| 3 ـ دەرىجىلىك تالقانلار | 3 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن، ئەمما 7 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن قىسمى 40 پىرسەنتتىن ئاشمىغان تالقانلار. |
| 4 ـ دەرىجىلىك تالقانلار | 4 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن، لېكىن 7 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن قىسمى 40 پىرسەنتتىن ئاشمىغان تالقانلار. |
| 5 ـ دەرىجىلىك تالقانلار | 5 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن، ئەمما 8 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن قىسمى 40 پىرسەنتتىن ئاشمىغان تالقانلار |
| 6 ـ دەرىجىلىك تالقانلار | 6 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن، لېكىن 8 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن قىسمى 40 پىرسەنتتىن ئاشمىغان تالقانلار. |
| 7 ـ دەرىجىلىك تالقانلار | 7 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن، لېكىن 9 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن قىسمى 40 پىرسەنتتىن ئاشمىغان تالقانلار |
| 8 ـ دەرىجىلىك تالقانلار | 8 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن، لېكىن 10 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن قىسمى 40 پىرسەنتتىن ئاشمىغان تالقانلار |
| 9 ـ دەرىجىلىك تالقانلار | 9 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن تولۇق ئۆتكەن تالقانلار |
| 10 ـ دەرىجىلىك تالقانلار | 10 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن تولۇق ئۆتكەن تالقانلار |

خەلق ئىچىدىكى ئادەت بويىچە تالقانلارنىڭ يۇمشاق ۋە يىرىكلىك دەرىجىسىنى ئايرىش مۇنداق بولىدۇ:

(1) ئەڭ يىرىك ئالقان ـ (ئىمكوپ ـ چالا سوقۇلغان سۇفۇپ): 1 ـ ۋە 2 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن پۈتۈنلەي ئۆتكۈزۈلگەن. ئەمما 3 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكۈزگەندە ئۆتكەن قىسمى 20 پىرسەنتتىن ئاشمىغان تالقانلارنى كۆرسىتىدۇ.

يىرىك تالقان: بۇ، 2 ـ ۋە 3 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكلەردىن پۈتۈنلەي ئۆتكۈزۈلگەن، ئەمما 4 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن قىسمى 40 پىرسەنتتىن ئاشمىغان تالقاننى كۆرسىتىدۇ.

(3) ئوتتۇرا هال يۇمشاقلىقتىكى تالقان: بۇ، 4 ـ، 5 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكلەردىن پۈتۈنلەي ئۆتكۈزۈلگەن. لېكىن 6 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكەن قىسمى 60 پىرسەنتتىن ئاشمىغان تالقاننى كۆرسىتىدۇ.

(4) يۇمشاق تالقان: بۇ، 7 ـ ۋە 8 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكلەردىن پۈتۈنلەي ئۆتكەن تالقانلارنى كۆرسىتىدۇ.

(5) ئەڭ يۇمشاق تالقان: بۇ، 9 ـ ۋە 10 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكلەردىن تولۇق ئۆتكۈزۈلگەن تالقانلارنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ھەرقايسى دورا شەكىللىرىنىڭ تالقانلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرگەندە تۆۋەندىكىچە بولىدۇ: تېبابەت دورىلىرىنى تەييارلاش جەريانىدا ئادەتتە 40 كۆزلۈك ئەلگەك تالقانلار ئىچىدىكى ئۇششاق ئېزىلمەي قالغان مونەكلەرنى تاسقاپ

چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

60 كۆزلۈك ئەلگەكتىن دورىلارنى بىر ــ بىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇش ۋە نەمخوش ھالىتىدىكى دورىلارنى تاسقاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

80 ~ 100 كۆزلۈككىچە بولغان ئەلگەك قۇرس، ھەب، تالقان، مەجۇن قاتارلىق ياسالمىلارنىڭ ۋە نازۇك ماتېرىياللارنىڭ تالقىنىنى تاسقاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

110 ~ 120 كۆزلۈككىچە بولغان ئەلگەك سىرتقا ئىشلىتىلىدىغان ياسالمىلارنىڭ تالقىنىنى تاسقاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. 120 دىن يۇقىرى كۆزلۈككىچە بولغان ئەلگەك كۆزگە ئىشلىتىلىدىغان ياسالمىلارنىڭ تالقىنىنى تاسقاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

دېمەك، ئەلگەكلەرنىڭ خىللىرى ناھايىتى كۆپ، شۇڭا تالقانلارنىڭ يىرىك، يۇمشاقلىقىغا، دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە مىقدارىغا قاراپ مۇۋاپىق ئەلگەكنى تاللاپ ئىشلىتىش لازىم.

ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئەلگەك نومۇرلىرىنىڭ ئۆلچىمى ئوخشاش بولمايدۇ. دۆلىتىمىزدە ھەرقايسى سانائەت تارماقلىرى ئىشلىتىدىغان ئەلگەك نومۇرلىرىنىڭمۇ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچىمى تېخىچە يوق. مەسىلەن: دورا زاۋۇتلىرى ئىشلىتىدىغان ئەلگەك نومۇرى كۆپىنچە ھەربىر سۇڭ ئىچىدىكى تەكشۈك سانىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. گەرچە ئىشلەتكەن ئەلگەك نومۇرى ئوخشاش. ھەم ئەلگەك نومۇرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئەلگەكنىڭ يىپ (سىم) لىرىنىڭ توملىقى ئوخشاش بولمىغاچقا ئەلگەك تۆشۈكلىرىنىڭ چوڭ ــ كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا دورا ئەلگەكلىرىگە نىسبەتەن يالغۇز ئەلگەكنىڭ تۆشۈك سانىنى بەلگىلەش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا ئەينى بىر ۋاقىتتا ئەلگەك يىپىنىڭ (تورىنىڭ) توملىقى ۋە ئەلگەك تۆشۈكلىرىنىڭ ئىچكى دىيامېتىرىنى بەلگىلىگەندىلا ئاندىن ئەلگەكنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچىمىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

يېقىندىن بېرى دورىگەرلىكتە كۆپ ھاللاردا ئەلگەكنىڭ كۆز سانى بىلەن ئەلگەك نومۇرىنى ۋە تالقانلارنىڭ يىرىك ــ يۇمشاقلىقىنى ئىپادىلەش ئادەت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

**3) تاسقاش ئەلگەكلىرىنىڭ خىللىرى:**

تاسقاش ئەلگەكلىرى ياساش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن توقۇلما ئەلگەك ۋە قۇيما ئەلگەكتىن ئىبارەت تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**قوشۇمچە:**



9 ــ رەسىم. ئەلگەك

توقۇلما ئەلگەك دات باسمايدىغان پولات سىم، مىس سىم، تۆمۈر سىم، يىپەك يىپ، نىلون يىپ ياكى باشقا ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ (9 ــ رەسىم). ئايرىملىرى ئات يايلى ۋە بامبۇك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دورىلار بىلەن ھېچقانداق رېئاكسىيەگە كىرىشمەيدۇ.

قۇيما ئەلگەك ــ مېتال تاختاي ئۈستىگە يۇمىلاق شەكىللىك ياكى بۇرجەكلىك تۆشۈكلەرنى قويۇش بىلەن ياسىلىدۇ. بۇ توقۇلما ئەلگەكتىن چىدامىلىق بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

تۆشۈك دىيامېتىرى ئۆزگەرمەيدۇ. لېكىن ئەلگەك تۆشۈكلىرىنى كىچىك قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىيما ئەلگەك كۆپ ھاللاردا يۇقىرى سۈرئەت بىلەن چۆرگىلەيدىغان ماشىنىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**4) تاسقاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

(1) ئەلگەككە سېلىنىغان دورا ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولماسلىقى كېرەك. ئاز سېلىپ يەڭگىل تاسقاش، ئۆتمەي قالغانلىرىنى كۆچەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەي قايتا ئېزىپ ئاندىن تاسقاش لازىم.

(2) دورىلار ئېزىلىپ ماشىنىدىن چىققاندىن كېيىن، سەل سوۋۇتۇپ ئاندىن تاسقاش كېرەك. بولمىسا چاپلىشىپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. تەركىبىدە ياغ ماددىسى كۆپ بولغان تالقانلارنى ئەلگەككە ئاز - ئازدىن سېلىپ ئالىقان بىلەن يەڭگىل ئۇۋۇلاپ ئۆتكۈزۈش لازىم. بولمىسا ئەلگەكنىڭ كۆزىنى ئېتىۋېلىپ قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ.

(3) دورىلار تەركىبىدە سۇ بولۇپ دورىلار نەمخۇش چىققان بولسا، ئۇلارنى ئاۋۋال تولۇق قۇرۇتۇپ ئاندىن تاسقاش لازىم.

(4) ئەلگەكنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن چوتكا بىلەن تازىلاپ ياكى يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ ئېسىپ قويۇش لازىم.

**4. قورۇش (تەقلىيە)**

1) تەرىپى:

بۇ، بەزى دورىلارنى قازانغا سېلىپ ئىسسىقلىق ياردىمى بىلەن قۇرۇق ھالەتتە قورۇپ سارغايتىپ مۇرەككەپ ياسالمىغا قوشۇشقا لايىقلاشتۇرۇپ تەييارلاشتىن ئىبارەت.

2) قورۇش ئۇسۇللىرى ۋە تۈرلىرى:

دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە قورۇش تەلىپىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ قورۇش ئۇسۇلى ۋە قورۇش تۈرلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار سارغايتىپ قورۇش ۋە كۆيدۈرۈپ قورۇشتىن ئىبارەت تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) سارغايتىپ قورۇش (مەززىلىك پۇراق پەيدا بولغىچە قورۇش): بۇنىڭدا قازاننى قىزىتىپ پاكىزلەنگەن دورىلارنى قىزىغان قازانغا سېلىپ مۆلايىم ئوت بىلەن قورۇپ، دورىنىڭ سىرتقى يۈزىدە سارغىيىش كۆرۈنگىچە ياكى مەززىلىك پۇراق پەيدا بولغىچە قورۇلىدۇ. مەسىلەن: زىرە، چىلغوزا مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى قاتارلىق ئۇرۇق ۋە مېغىز دورىلار مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن قورۇلىدۇ (بۇنى بەريان قىلىش دېيىلىدۇ).

(2) كۆيدۈرۈپ قورۇش: بۇنىڭدا دورىلارنى قىزىغان قازانغا سېلىپ يۇقىرىقىدەك قورۇلىدۇ. لېكىن بېرىلىدىغان ئوت كۈچى كۈچلۈكرەك، قورۇش ۋاقتى ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئەمما پۈتۈنلەي كۆيۈپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: كۆكتاش ۋە زەمچە قاتارلىق دورىلار مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن قورۇلىدۇ.

① كۆكتاشنى قورۇش ئۇسۇلى:

كۆكتاشنى تازىلاپ، ئاندىن قازاننى قىزىتىپ، كۆكتاشنى قىزىغان قازانغا سېلىپ

ئاستىدىن ئىسسىقلىق بېرىلىدۇ. كۆكتاش قىزىغاندا كۆكتاشنىڭ سىرتقى يۈزىدە نەملىك پەيدا بولىدۇ. بارغانسېرى قورۇلۇپ قۇرۇپ، چاراسلىغان ئاۋاز چىقىپ، پارچىلىنىپ، ئېزىلىپ كۇلرەك ھالەتتىكى ئۇپىدەك تالقان ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا قازاننى ئوتتىن ئېلىپ، كۆكتاشنى قازاندىن ئېلىپ بىر قاتار تاسقىۋېتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

② زەمچىنى قورۇش ئۇسۇلى:

زەمچىنى تازىلاپ قىزىغان قازانغا سېلىپ مۇلايىم (ئوتتۇرا ھال) ئوت بىلەن كۆيدۈرگەندە زەمچە قىزىپ ئېرىپ پارچىلىنىپ، ئۇۋاق كىرىستال شەكلىدىكى ئاق رەڭلىك ماتېرىيال ھاسىل بولىدۇ. بۇ چاغدا ئوتنى توختىتىپ، ئۇنى قازاندىن ئېلىپ ھاۋانچىدا ئېزىپ ئىشلىتىلىدۇ.

3) دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

(1) قورۇش ۋاقتىدىكى ئوت كۈچى قورۇش ئۇسۇلىنىڭ تەلىپى بويىچە بولۇشى ھەمدە تەكشى بىر خىل بولۇشى لازىم. يەنى سارغايتىپ قورۇش ئۇسۇلىدا مۇلايىم ئوت كۈچى بولۇشى لازىم. بولمىسا دورا كۆيۈپ كېتىپ پۇرىقىنى بۇزۇپ قويىدۇ، كۆيدۈرۈشتە ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك ئوت كۈچى بولۇشى لازىم. بولمىسا دورىلارغا ئۇنىڭ كۈچى يېتىشمەي ئوڭاي قورۇلمايدۇ.

(2) دورىلارنى قورۇشتىن ئاۋۋال توپا - چاڭ ۋە ئەخلەتلىرىنى تازىلىۋېتىپ زورۇر تېپىلسا يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ ئاندىن قورۇش كېرەك.

(3) دورا قازاننىڭ ئاستىغا چاپلىشىپ قېلىش ۋە ئاسانلا كۆيۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قورۇش جەريانىدا توختىماي ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇش لازىم.

(4) قورۇش خىزمىتى تۈگىگەندىن كېيىن ئىشلەتكەن جابدۇقلارنى يۇيۇپ، تازىلاپ ئاندىن يىغىشتۇرۇپ قويۇش كېرەك.

4) قورۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار:

(1) قازان: مىس، ئاليۇمىن ۋە چويۇن قازانلار ئىشلىتىلىدۇ. چوڭ تاختاي تۈمۈر، تاۋا، تاش كوزا قاتارلىقلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇرۇق دورىلار، مېغىز دورىلار ئۈچۈن مىس قازان؛ باشقا دورىلار ئۈچۈن چويۇن، ئاليۇمىن قازانلار ئىشلىتىلىدۇ.

(2) چۆمۈچ ۋە باشقا سايمانلار: بۇلار ئارىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**5. ئەرەق تارتىش (تەقتىر)**

1) تەرىپى:

بۇ، چۆپ دورىلارنى سۇغا چىلاپ قويۇپ ئاندىن مەخسۇس پار قازاندا قاينىتىپ، پارغا ئايلاندۇرۇپ سوغۇق تەسىر قىلدۇرۇپ، پارنى سوۋۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەسىر قىلغۇچى قىسمى ئارىلاشقان سۇيىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

پارغا ئايلىنىدىغان دورىلار بىلەن پارغا ئايلانمايدىغان دورىلارنى پەرق ئېتىپ ئەرەق تارتىش كېرەك. مەدەن ۋە ياغلاردىن ئەرەق تارتىشقا بولمايدۇ.

2) ئەرەق تارتىشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار:

پارلاندۇرۇش قازىنى (شىشىسى)، سوۋۇتقۇچى نەيچە (سوغۇق ــ تەسىر قىلدۇرغۇچى نەيچە) ۋە دورىنى تېمىتىپ چۈشۈرىدىغان قاچا (شىشە) لەردىن ئىبارەت. ئەرەق چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان قازان (ئىمبىق) لار بۇرۇن مىستىن ياسىلىپ قەلەيلىنىپ ئىشلىتىلگەن. هازىر داتلاشمايدىغان مېتاللاردىن، ئەينەك ۋە باشقا فارفۇر بۇيۇملاردىن ياسىلىدۇ.

تەجرىبىخانىلاردا ۋە ناھايىتى ئاز مىقداردا دورا ئىشلىگەندە ئەينەكتىن ياسالغان پار قازىنى (كولبا) ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا كولبىغا سېلىپ بىۋاسىتە ئوت بىلەن ياكى سۇغا چىلاپ تۇرۇپ قاينىتىپ ئىسسىقلىق بەرگەندە كولبىدىكى دورا قايناپ پار يۇقىرىغا ئۆرلەپ سوۋۇتقۇچى نەيچە ئارقىلىق سوۋۇپ قاچىغا تېمىپ چۈشىدۇ. دورا زاۋۇتلىرى ۋە دوختۇرخانا دورىخانىلىرىدا كۆپ مىقداردا ئەرەق تەييارلاش ۋاقتىدا چوڭ تىپتىكى پار قازانلىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. هازىر بۇنداق پار قازانلىرىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، ھەممىدە بىرقەدەر ئىلغار، زامانىۋى قازانلاردۇر. يەنە بىرسى يەرلىك پار قازىنى (ئىمبىق) بولۇپ بۇلارنىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

يەرلىك پار قازىنى (ئىمبىق) بولۇپ بۇلارنىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

3) ئەرەق تارتىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

(1) پارلاندۇرۇش ۋاقتىدا سۇنى بىر قېتىمدىلا يېتەرلىك قۇيۇش كېرەك. ئەگەر سۇ ئاز بولۇپ قالسا دورىغا ئىس ئۆتۈپ كېتىدۇ.

(2) ئوت كۈچى تەكشى ۋە يېتەرلىك بولۇپ، داۋاملىق قايناپ تۇرۇشنى تەمىن ئېتىش ھەمدە سوغۇق تەسىر قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ سوغۇقلۇق دەرىجىسىنى بىر خىل ساقلاش كېرەك.

(3) قايناپ چىققان پار ھالىتىدىكى دورىنى سوۋۇتۇپ چۈشۈرىدىغان قاچىنىڭ ئاغزى كىچىك، شىشە ۋە شىشە ئاغزى مىكروبسىزلاندۇرۇلغان بولۇشى، ھەمدە دورىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن دەرھال شىشىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىش لازىم.

4) ئەرەق تارتىشنىڭ تۈرلىرى:

دورىلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، دورىلارنى چىلاشقا ئىشلىتىلگەن ئېرىتكۈچىلەرنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىش ۋە ئارتۇق سۇيۇقلۇقلارنى قورۇتۇش ئۈچۈن داۋاملىق پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئىشلىتىلىدۇ. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پارلاندۇرۇش تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) بىۋاسىتە ئىسسىقلىق بىلەن پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى: دورا ماتېرىياللىرىنى ئېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى پارلاندۇرۇش ئەسۋابى (ئىمبىق) گە سېلىپ، ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ بىۋاسىتە ئوت بىلەن قاينىتىلىدۇ. قايناپ چىققان پار سوۋۇتقۇچى نەيچىلەر ئارقىلىق سوۋۇپ تېمىپ چۈشىدۇ. بۇ ئۇسۇل ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئەرەقىيات ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ئىشلەش مۇمكىن. لېكىن بۇ ئۇسۇلدا دورا ماتېرىياللىرىغا ئوتنىڭ ئىسسىقلىقى بىۋاسىتە بېرىلىدۇ. شۇڭا دورا ماتېرىيالى ئىچىدىكى قىسمەن شىپالىق تەركىبلەر كۆيۈپ كېتىپ، دورىدا كۆيۈك پۇراق پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

(2) سۇ ھورلىرى ئارقىلىق پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى:

دورا ماتېرىياللىرىنى ئېزىپ تەييار بولغاندىن كېيىن، ئۇنى پارلاندۇرۇش ئەسۋابىغا سېلىپ، سۇ هورلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىسسىقلىق بېرىپ، قاينىغاندىن كېيىن دورا ماتېرىيالى ئىچىدىكى ئۇچۇچان تەركىبلەر سۇغا ئەگىشىپ پارغا ئايلىنىپ چىقىدۇ ۋە سوۋۇتقۇچى نەيچىلەرنىڭ سوۋۇتۇشى بىلەن سوۋۇپ تېمىپ چۈشىدۇ (10 ـ رەسىم). بۇ ئۇسۇل ياخشى ئۇسۇل بولۇپ، دورىلار تەركىبىدىكى مەلۇم ماددىلار بۇزۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ھەمدە ھەممە دورىلارغا ئىشلىتىۋېرىشكە بولىدۇ.



10 ـ رەسىم سۇ هورى ئارقىلىق پارلاندۇرۇش جابدۇقى. 1. سۇ هورىنى هاسىل قىلغۇچى قاچا؛ 2. پارلاندۇرغۇچى كولبا. 3. سوۋۇتقۇچى نەيچە؛ 4. سۇيۇقلۇق چۈشۈرگۈچى قاچا.

**6. گازغا ئايلاندۇرۇپ چەككىلەش (تەسئىد)**

1) تەرىپى:

بۇ، بەزى مەدەن ۋە قاتتىق دورىلارنى مەخسۇس قازاندا هور (پار) ئارقىلىق ئىسسىقلىق بېرىپ، دورىلارنى گازغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن سوۋۇتۇپ ئۇششاق تالقان هالىتىگە كەلتۈرۈپ جەۋھىرى يىغىۋېلىنىدىغان ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ، تەسئىد (سۇبلىماتسىيە) ئۇسۇلى دېيىلىدۇ.

بۇ ئۇسۇل دورىلارنى چەككىلەپ جەۋھىرىنى ئېلىپ، ئارىلاشما ماددىلاردىن تازىلاش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق دورىلارنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ياسالمىلارنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇش قاتارلىق ئەهمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: گۆگگۇرت، سىماب، شىڭگىرىپ، سەنگىيا، شور قەلىمى، نۆشۇدۇر قاتارلىق دورىلارنىڭ جەۋھىرى تەسئىد ئۇسۇلى ئارقىلىق يىغىۋېلىنىدۇ.

تەسئىد قىلىش ئۇسۇلى:

دورىلارنى مىقدار بويىچە ئېلىپ ئۇنى مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى ساپال قاچا ياكى ساپال كوزىغا سېلىپ، ئۇستىگە يەنە بىر ساپال قاچا يېپىپ، ئىككى قاچىنىڭ جۈپلەشكەن جايىنى بۇغداي ئۇنى خېمىرى بىلەن چاپلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ئاستىدىن بىرقانچە شام بىلەن ئىسسىقلىق بېرىلىدۇ. ئۇستىگە يېپىلغان قاچىنىڭ ئۇستى هۆل لاتا بىلەن يېپىپ قويۇلىدۇ. ئىسسىقلىق تەسىرى بىلەن قاچىدىكى دورا قىزىپ ئۇنىڭدىن چىققان گاز ئۇستىدىكى قاچىغا يېپىشىدۇ. بۇ يىغىلغان دورا جەۋھىرى بولىدۇ.

قىزىتىش ۋاقتى سېلىنغان دورا مىقدارىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتە 60 گىرام دورا بىر ـ ئىككى سائەتكىچە قىزدۇرۇلسا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى ئۇسۇل ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئەسلىي ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ھازىر زامانىۋىلاشقان ئۇسۇلدا تەييارلىنىۋاتىدۇ.

2) ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار:

مەخسۇس ياسالغان پارلاندۇرۇش قازىنى ياكى ساپال قاچا، سوۋۇتقۇچى نەيچە ۋە گازلى يىغىۋالىدىغان قاچا قاتارلىقلار.

3) دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

(1) ئاستىدىن ئىسسىقلىق بېرىلىدىغان ئوت كۈچى مۇۋاپىق بولۇشى لازىم.

(2) يەرلىك ئۇسۇل بىلەن چىقىرىلغاندا ئۈستىگە يېپىلغان قاچىنىڭ ئۈستىدىكى لاتا داۋاملىق نەم ھالەتتە تۇرۇشى لازىم. زۆرۈر كەلگەندە دورىنى قىزدۇرىدىغان قاچىنى گىل ھېكمەت بىلەن چاپلاش، ئوچاقتا قۇرۇق كالا تېزىكى قالاش مۇمكىن. بۇ چارىلەر قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان تېبابەتتە كەڭ قوللىنىلغان.

**7. دەملەش (نوقۇئ)**

1) تەرىپى:

بۇ، گىياھ دورىلارنى سوقۇپ ياكى پۈتۈن بويىچە ئېغىزلىق قاچىلارغا سېلىپ، ئۈستىگە قايناق سۇ ياكى سوغۇق سۇ قۇيۇپ مەلۇم مەزگىل دەملەپ دورىنىڭ قۇۋۋىتىنى، تەمىنى چىقىرىۋالىدىغان بىر خىل ئۇسۇلدۇر.

دورىنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن بىر قىسىم ئۇچۇچان خۇسۇسىيەتلىك ۋە ئىسسىقلىق تەسىر قىلغاندا شىرىسى (لوئابى) كۆيۈپ كېتىدىغان دورىلار سوغۇق سۇغا چىلاپ دەملىنىدۇ. مەسىلەن: خىتمى يىلتىزى، بەزى ئۇرۇقلار مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە دەملەپ تەسىر قىلغۇچى تەركىبى ئېلىنىدۇ.

يەنە بىر قىسىم كاشكاپ قىلىپ دەملەپ ئىچىشكە بېرىلىدىغان دورىلار قايناق سۇدا دەملىنىدۇ. مەسىلەن: لاچىندانە، زەپەر ۋە باشقا چاي دورىلىرىغا ئوخشاش.

يەنە بەزى ئاساسى بىرقەدەر چىڭ بولغان، سوغۇق سۇدا ئاسان ئېرىمەيدىغان، ياسالمىنىڭ تەلىپى بويىچە دەملەپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى قىزىق سۇغا چىلاپ دەملەپ، تەمى، قۇۋۋىتى ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: فۇپەل، تەرەنجىبىن قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

2) دەملەشتە ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار:

چەينەك، كورۇشكا ۋە باشقا ئېغىزلىق قاچىلاردىن ئىبارەت.

**8. قاينىتىش (مەتبۇخ، مۇغلا)**

1) تەرىپى:

بۇ، گىياھ دورىلارنى مەلۇم ۋاقىت سۇغا چىلاپ قويۇپ ئاندىن قاينىتىپ تەمى ۋە قۇۋۋىتىنى ئالىدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

قاينىتىش ئارقىلىق ئۈسۈملۈك دورىلار تەركىبىدىكى سۇدا ئېرىيدىغان تەركىبلەر تولۇق ئېرىپ، دورىنىڭ قۇۋۋىتىنى تولۇق چىقىرىشقا ۋە ھەر خىل ياسالمىلارنى تەييارلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن: شەربەت، سىركەنجۇبىل قاتارلىق ياسالمىلارمۇ قاينىتىش ۋە تېگىشلىك قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

قاينىتىلىدىغان دورا ماتېرىياللىرىنى ھەددىدىن زىيادە يۇمشاق ئېزىۋېتىشكە بولمايدۇ. دورا ماتېرىياللىرىنى قاينىتىدىغان ۋاقىتتا قوۋۇلىدىغان سۇ مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. ئەگەر سۇ مىقدارى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە سۇيىنى ئاسان خوراتقىلى بولمايدۇ. سۇ ئاز بولۇپ قالسا دورىنىڭ شىپالىق قىسمىنى تەلتۆكۈس چىقىرىۋالغىلى بولمايدۇ ھەمدە دورا ئاسانلا كۆيۈپ كېتىدۇ.

2) قاينىتىش ئۇسۇلى ۋە قاينىتىش ۋاقتى:

دورا ماتېرىيالىنىڭ ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ھەر خىل دەرىجىدىكى قىزىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، كۆپ ھاللاردا بىۋاسىتە ھارارەت بىلەن قاينىتىلىدۇ. دورىلارنى قاينىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئوت كۈچىنى كۈچلۈك ئوت، سۇس (يۇمشاق) ئوت دەپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. چۈنكى ئوت كۈچىنىڭ كۈچلۈك ۋە سۇس بولۇپ قېلىشى قايناتمىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر قايناپ بولغاندىن كېيىن ئوت كۈچى كۈچلۈك بولۇپ كەتسە ئۇنى چىلاشقا ئىشلەتكەن سۇنىڭ (پارغا، ھورغا) ئايلىنىپ كېتىشى تېز بولۇپ، دورىلارنى ئۈزۈنراق قايناتقىلى بولمايدۇ ۋە دورىلارنىڭ بىرمۇنچە شىپالىق تەركىبلىرى ئۈچۈپ چىقىپ كېتىدۇ. ھەمدە دورىنىڭ قۇۋۋىتىنى تولۇق ئېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. بەلكى دورىلار كۆيۈپ كېتىپ دورىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولمايدۇ. ئەگەر قايناشتىن ئىلگىرى ئوت كۈچى ئاجىز بولۇپ قالسا ئىسسىقلىق يېتىشمەي قاينىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئوت كۈچىنى مۇۋاپىق تەڭشەش لازىم. ھەمدە قايناپ بولغاندىن كېيىنكى ئوت كۈچى ئاجىزراق بولۇشى زۆرۈر.

قايناش ۋاقتى ۋە قاينىتىش قېتىم سانى دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى تولۇق ئېلىش ۋە ئالالماسلىققا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئىككى قېتىم قايناتسا ياخشىراق بولىدۇ (بۇنى «مەتبۇخى مۇكەررەر» دېيىلىدۇ). بۇنى يەنىلا ئۇسخىدىكى دورىلارنىڭ كونكرېت خۇسۇسىيىتىگە قاراپ بېكىتىش كېرەك. بەزى شاخ، يوپۇرماق، چېچەك قاتارلىق دورىلار بىر قېتىم قايناش بىلەنلا قۇۋۋىتى سۇغا چىقىپ بولىدۇ. بۇنداق دورىلارنى بىر قېتىملا قاينىتىش كېرەك. بەزى يىلتىز جىنسلىق دورىلارنى بىر قېتىم قاينىتىش بىلەنلا قۇۋۋىتىنى تولۇق ئالغىلى بولمايدۇ. ھەمدە بىر قېتىم قايناتقاندا بىر قىسىم قۇۋۋىتى قېپقېلىپ تۆكۈلۈپ كېتىپ ئىسراپچىلىق كېلىپچىقىدۇ. شۇڭا بۇنداق دورىلارنى ئىمكانقەدەر ئىككى قېتىم سۇ قۇيۇپ كەينى ـ كەينىدىن قاينىتىپ قۇۋۋىتىنى تولۇق ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بىرىنچى قېتىم 20 ~ 30 مىنۇت ئەتراپىدا قاينىتىپ، ئاندىن ئوتنى توختىتىپ، قايناتمىنى سۈزۈپ، ئۇنىڭ تىرىپلىرىگە يەنە ئاز مىقداردا قايناق سۇ قۇيۇپ يەنە 15 ~ 20 مىنۇت ئەتراپىدا قاينىتىپ، سۈزۈپ ئىككى قېتىملىق سۇيىنى بىرلەشتۈرۈپ، يەنە ئازراق قاينىتىپ سۇيىنى قۇرۇتۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ. مىقدارى كۆپ بولغان بىر قىسىم دورىلارنى قايناتقاندا ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئۇزارتىش مۇمكىن.

3) دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:

(1) بەزى ياپراقلار، گۈل ـ چېچەكلەر ۋە ئۇچاچان خۇسۇسىيەتلىك دورىلاردىن،

مەسىلەن: پىننە، يالپۇز، رەيھان، سانا، ئۇستىقۇددۇس، لاچىندانە، گۈلسىنەپشە، قىزىلگۈل، نىلۇپەر قاتارلىق دورىلارنى ئۇزۇن قايناتقاندا ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئۇچۇپ كېتىپ ئۇنۇمى تۈگەيدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى دورىلارغا باشقا دورىلار قايناپ تەييار بولغاندا، ئاخىرىدا سېلىپ 10 ~ 15 مىنۇت ئەتراپىدا قاينىتىپلا تەييارلاش لازىم.

(2) بەزى يېپىشقاق خۇسۇسىيەتلىك ياكى ئۇششاق ئۇرۇقلاردىن، مەسىلەن: تۇخۇمى زۇپ (پاقىيوپۇرمىقىنىڭ ئۇرۇقى) قاتارلىق دورىلارنى سۇغا سېلىپ باشقا دورىلار بىلەن بىللە قايناتقاندا ئۇماچقا ئوخشاش بولىۋالىدۇ. ئەپتىمۇن قاتارلىق دورىلار باشقا دورىلار بىلەن بىللە قاينىتىلغاندا ئەپتىمۇندىن زەھەرلىك بىر خىل ماددا چىقىدۇ. شۇڭا ئۇنى داكا ياكى ماتا خالتىغا سېلىپ خالتا بىلەن قازاندىكى باشقا دورىلار تەييار بولغاندا چىلاپ قويۇپ سۇزۇپ ئالسا بولىدۇ.

(3) بەزى قىممەت باھالىق دورىلار، مەسىلەن: ئادەمگىياھ، بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىق دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى تولۇق ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى نۇسخىدىكى باشقا دورىلاردىن ئايرىپ قاينىتىپ، ئۇنىڭ شىرىسىنى باشقا قايناتقان دورىلارنىڭ سۈيىگە قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاش لازىم. ھەمدە ئۇلارنىڭ تىرىپلىرىنى باشقا دورىلارنىڭ تىرىپلىرىگە قوشۇپ قايتا بىللە قايناتسا بولىدۇ. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇ خىل دورىلارنىڭ دورىلىق قىسمىنى باشقا دورىلارنىڭ سۈمۈرۈۋېلىپ يوقىتىدىغان ئەھۋالىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە بۇلارنىڭ قۇۋۋىتىنى تولۇق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

(4) بەزى قىممەت باھالىق، ئەمما ئاز ئىشلىتىلىدىغان دورىلار، مەسىلەن: ئىپار، مەرۋايىت، كەھرىۋا، زەپەر، ئەنبەر قاتارلىق دورىلارنى قايناتماي، يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، نۇسخىدىكى قاينىتىپ تەييارلانغان دورىلار سۈيىگە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاش مۇۋاپىق.

(5) بەزى يېلىم جىنسلىق دورىلارنى نۇسخىنىڭ باشقا دورىلىرىغا ئارىلاشتۇرماي، ئايرىم سوقۇپ، باشقا دورىلىرىنى قاينىتىپ، سۈزۈپ تەييار قىلىنغان سۇغا سېلىپلا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاش لازىم. ئەگەر باشقا دورىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قايناتقاندا ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ كاللەك ھاسىل قىلىۋېلىپ، ئاسانلا كۆيۈك پەيدا قىلىدۇ. يېلىم دورىلار، مەسىلەن: مەستىكى رۇمى، مۇقەل، ئەرەب يېلىمى قاتارلىق دورىلارمۇ سۇدا ئاسان ئېرىيدىغان بولغىنى ئۈچۈن تەييارلانغان دورا سۈيىگە سالسىلا ئېرىپ ئۆزلىشىپ كېتىدۇ.

(6) تەركىبىدە زەھەرلىك ماددا بولغىنى ئۈچۈن سوقۇپ سېلىشقا بولمايدىغان، لېكىن لوئابى (شىرىسى) ئېلىنىدىغان دورىلاردىن ئىسپىغۇل قاتارلىقلارنى ۋە قايناق سۇدا ئاسان ئېرىيدىغان دورىلاردىن تەرەنجىبىن قاتارلىق دورىلارنى ئاۋۋال قايناق سۇغا چىلاپ، دەملەپ، ئاندىن سۈزۈپ ئۇنىڭ شىرىسىنى قايناپ سۈزۈلۈپ تەييار بولغان قايناتمىغا ئەڭ ئاخىرىدا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

(7) مەتبۇخ دورىلارنى قۇمقازان، فارفۇر قاچىلار، قەلەيلەنگەن مىس قازان، سىرلىق كورا، داتلىماس مېتال قازان قاتارلىق سايمانلاردا قاينىتىش كېرەك. تۆمۈر قازاننى

قەتئىي ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى ئۆسۈملۈك دورىلار تەركىبىدىكى تانىنىن ماددىسى تۆمۈرگە يولۇققان ھامان دورىنى قارا رەڭگە كىرگۈزۈپ قويۇپ، دورىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

(8) دورىلارنى قاينىتىپ بولغاندىن كېيىن بەك سوۋۇتۇپ سۈزسە دورىنىڭ تەمىنى قايناپ بولغان دورا تىرىپلىرى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالىدۇ. شۇڭا ئىمكانقەدەر قىزىقراق ۋاقتىدا سۈزۈش لازىم.

(9) قايناپ بولغان دورىلار سۈيىنىڭ سۈزۈك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاۋۋال قازانغا تۇخۇمنىڭ ئېقىنى قۇيۇپ ئوبدان قوچۇپ، كۆپۈك بولغاندا دورا سۈيىنى تۆكۈپ ئازراق قاينىتىپ قويۇلسا دورا سۈيى سۈزۈك ھالەتكە كېلىدۇ.

**9. ئېرىتىش (ئىنھلال)**

1) تەرىپى:

بۇ، دورىلارنى مۇۋاپىق ئېرىتكۈچىلەر (سۇ، ياغ ۋە باشقا ئېرىتكۈچىلەر) دە ئېرىتىش ۋە ھارارەت بىلەن ئېرىتىشتىن ئىبارەت بىر خىل ئۇسۇلدىن ئىبارەتتۇر.

2) ئېرىتىش ئۇسۇللىرى:

دورىنىڭ قۇۋۋىتىنى تولۇق ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئېرىتكۈچىلەرگە چىلاپ ئېرىتىش ياكى ھارارەت كۈچى بىلەن ئېرىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مانا بۇ ئېرىتىش دېيىلىدۇ.

گىياھ دورىلارنى ھەر خىل ئېرىتمىلەرگە چىلاپ ئېرىتىش ۋە ھارارەت كۈچى بىلەن ئېرىتىش ئارقىلىق قۇۋۋىتى ئېلىنىپ تەييارلانغان ياسالمىلارنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئۇلارنى ئىشلىتىش ئوڭاي، داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ.

بەزى دورىلار سۇدا ئېرىيدۇ. بەزى دورىلار ياغدا ئېرىيدۇ. يەنە بەزى دورىلار باشقا ئېرىتكۈچىلەردە، مەسىلەن: سىركە، شارابلاردا ئېرىيدۇ. ئومۇمەن دورىلارنى تولۇق ئېرىتىپ قۇۋۋىتىنى تەلتۆكۈس ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل ئېرىتكۈچىلەرگە چىلانغان دورىلارغا ئىسسىقلىق تەسىر قىلدۇرۇپ تولۇق ئېرىتىش ئۇسۇللىرىمۇ بىللە قوللىنىلىدۇ.

(1) ئېرىتكۈچىلەر بىلەن ئېرىتىش:

گىياھ دورىلارنى ئېرىتىپ ئۇنىڭ جەۋھىرىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئېرىتكۈچىلەردىن پايدىلىنىمىز. شۇڭا بۇ ئېرىتكۈچىلەرنى مۇۋاپىق تاللاش ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى گىياھ دورىلار ئىچىدىكى ھەر خىل تەركىبلەرنىڭ ھەر خىل ئېرىتكۈچىلەردە ئېرىشچانلىقى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر ئېرىتكۈچىلەرنى مۇۋاپىق تاللىيالمىسا ئۇنىڭ جەۋھىرىنى تولۇق ئېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل ئېرىتكۈچىلەر ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش زۆرۈر. ئېرىتكۈچىلەردىن مۇۋاپىق تاللاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى مۇھاكىمە قىلىش لازىم:

① ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتكۈچىلەر دورىلارنىڭ شىپالىق تەسىرلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئېرىتىپ چىقىرىشى كېرەك. شۇنداقلا كېرەكسىز ماددىلارنى ئىمكانقەدەر ئېرىتمەسلىكى لازىم.

www.uyghurkitap.com

② ئېرىتكۈچىلەرنىڭ ئۆزىدە ئىنسانلار سالامەتلىكىگە يامان تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللار بولماسلىقى كېرەك.

③ ئېرىتكۈچىلەرنىڭ نەرخى ئەرزان بولۇشى لازىم.

④ ئېرىتكۈچىلەردە ئۆسۈملۈك دورىلار بىلەن رېئاكسىيەگە كىرىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولماسلىقى لازىم.

⑤ بىخەتەر بولۇپ، ئاسان ئوت ئالىدىغان ۋە باشقا زەھەرلىك تەسىرلىرى بولماسلىقى كېرەك.

(2) كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتكۈچىلەر:

① سۇ، سۇ دورىگەرلىكتە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتكۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقى بار:

(1) سۇ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئېرىتكۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقى بار:

⑴ سۇ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئېرىتكۈچى بولۇپ، ئۇنىڭ دورا ماتېرىيالى ئىچىدىكى قۇۋۋەت ماددىسىنى (جەۋھىرىنى) ئېرىتىش ئىقتىدارى خېلى ياخشى. ئۇ دورا ماتېرىياللىرى تەركىبىدىكى ئالكولوئىد (ئۆسۈملۈك ئىشقارلىرى)، ئورگانىك تۇزلار، قەنت، پېلىم، ئاقسىل گىلىكوزىدلار، ئامىنو كىسلاتا، پىكرىك كىسلاتا، ئانورگانىك تۇزلار، پىگمېنت (بوياق) قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شىپالىق ماددىلارنى ئېرىتەلەيدۇ. لېكىن ئۇچۇچان ماددىلار سۇدا ئازراق ئېرىيدۇ.

⑵ سۇنىڭ نەرخى ئەرزان.

⑶ سۇنىڭ ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق ۋە ئەكسى تەسىرى يوق.

⑷ سۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئىچكى ھۈجەيرە قىسىملىرىغا سىڭىپ كىرەلەيدۇ.

سۇنىڭ يېتەرسىزلىكى:

⑴ چىرىشكە قارشىلىق كۆرسىتىش (مانىئ ئوفۇنەت) تەسىرى يوق، شۇڭا سۇ ئېرىتكۈچى قىلىنىپ ياسالغان دورىلار ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. سۇ دېگەندە ئادەتتە سۇ، دىستىللات سۇ ـ پار سۈيى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑵ ئۆسۈملۈك تەركىبىدىكى ئۇچۇچان ياغ ۋە بەزى باشقا ماددىلارنى ئېرىتەلمەيدۇ.

⑶ سۇ بىلەن ئوكۇل ياسالمىسى تەييارلاشتا جەۋھىرىنى ئايرىۋېلىش ۋاقتى ئۇزۇن، بىرىلگەن ھارارەت يۇقىرى بولغاچقا، ئىسسىقلىققا چىدامسىز بەزى خىمىيەۋى تەركىبلەر ئاسانلا پارچىلىنىپ كېتىدۇ.

② ياغ (ئۆسۈملۈك يېغى).

بۇلار خاسلىڭ يېغى، زىغىر يېغى، كۈنجۈت يېغى، بادام يېغى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ياغلار كۆپ ھاللاردا سىرتقا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى تەييارلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

③ ئىسپىرت

ئالاھىدىلىكى:

⑴ ئىسپىرت ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئېرىتكۈچى بولۇپ، ئۇ يېرىم

قۇتۇپلۇق ئېرىتكۈچىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئوخشاش بولمىغان قويۇقلۇقتىكى ئىسپىرت ئۆسۈملۈك تەركىبىدىكى ئالكولوئىدلار ۋە ئۇنىڭ تۇزلىرى، گىلىكوزىدلار، ئىچكى مۇرەككەپ ئېتىر، كومارىن، ئانتىرا كىۋىنون گىلىكوزىدلىرى، ئۈچۈچان ياغ، ئورگانىك كىسلاتا، رېزىنا، خىلوروفىل (يوپۇرماق يېشىل ماددىسى)، تاننىن قاتارلىق تەركىبلەرنى ئېرىتەلەيدۇ.

(2) ئۆسۈملۈكلەر تەركىبىدىكى شىپالىق ماددىلارنى ئايرىپ ئېلىش ئۇنۇمى يۇقىرى، ئادەتتە ياغقا مايىل تەركىبلەرنى ئېرىتىش ئۈچۈن يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى ئىسپىرت، سۇغا مايىل تەركىبلەرنى ئېرىتىشتە تۆۋەن قويۇقلۇقتىكى ئىسپىرت ئىشلىتىلىدۇ.

(3) ئىسپىرتنىڭ چىرىشكە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار. ئادەتتە 70 پىرسەنتلىك ئىسپىرتنىڭ چىرىشكە قارشىلىق كۆرسىتىش تەسىرى ناھايىتى يۇقىرى.

(4) بىر قېتىم ئىشلىتىلگەن ئىسپىرتنى قايتا سۈزۈۋېلىپ يەنە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

(5) قويۇلدۇرۇش ۋاقتى قىسقا.

يېتەرسىزلىكى:

(1) ئۈچۈچان خۇسۇسىيەتلىك بولۇپ ئاسانلا ئۈچۈپ كېتىدۇ. ھەمدە ئاسان ئوت ئالىدۇ.

(2) مەلۇم دەرىجىدە غىدىقلاش تەسىرى بار.

(3) كۆپ مىقداردا ئىشلىتىلسە تەننەرخى قىممەت بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دورا تەييارلاشقا ئىشلىتىلگەن ئىسپىرتنى قايتا يىغىۋېلىپ ئوخشاش ئۆسۈملۈكلەرنى ئېرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

④ ئېفىر (ئېتىر)

ئېتىر ناھايىتى ياخشى ئورگانىك ئېرىتكۈچى بولۇپ، ئۇ، دېۋىرقاي يېلىمى، ئەركىن ئالكولوئىد، ياغ، ئۈچۈچان ياغ قاتارلىق دورىلارنى ئېرىتەلەيدۇ. لېكىن ئاقسىل، قەنت، ئۆسۈملۈك شىلىمشىق ماددىلىرىنى ئېرىتەلمەيدۇ. نەرخى بىر ئاز قىممەت، ھەمدە ئاسان ئوت ئالىدۇ، ئاسان ئۈچۈپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئىشلىتىدىغان چاغدا قاتتىق تەلەپ ۋە يېتەرلىك شارائىتلار ھازىرلىنىشى لازىم.

(3) ھارارەت كۈچى بىلەن ئېرىتىش: دورىلارنى ھەر خىل ئېرىتمىلەرگە چىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئىسسىقلىق بېرىلسە ئۆسۈملۈك دورىلار يۇمشاپ ھەر خىل تەركىبلەرنىڭ ئېرىشچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ، تېخىمۇ تولۇق ئېرىشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا مىكرو ئورگانىزملارنى ئۆلتۈرۈپ شىپالىق تەسىرلەرنى ئېلىشقا ئوڭاي بولىدۇ. لېكىن يۇقىرى ھارارەت يەنە يامان ئاقىۋەتلەرنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. ھارارەتكە چىدامسىز بولغان تەركىبلەر بۇزۇلىدۇ. ئاسان ئۈچۈپ كېتىدىغان خۇسۇسىيەتلىك تەركىبلەر يوقىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا ھارارەت بېرىشتە مەلۇم چەكلىمە بولۇشى لازىم. شۇڭلاشقا ھارارەت بېرىش ۋاقتى مۇۋاپىق ئىگىلىنىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

### 10. چىلاش (تەئفىن)

1) تەرىپى:

چىلاش ـ دورىلارنى سۇ، سۈت، سىركە ۋە باشقىلارغا مەلۇم ۋاقىت چىلاپ جەۋھىرىنى، شىپالىق تەركىبلىرىنى ئېلىش ئۇسۇلىدۇر.

2) چىلاشنىڭ ئەھمىيىتى:

چىلاش ئۇسۇملۇك دورىلارنى ۋە مېۋىلەرنى يۇمشىتىپ دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى تولۇق ئېلىش، شىپالىق تەسىرىنى كۈچەيتىش، بەزى دورىلارنىڭ زەھەرلىك تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3) چىلاش ئۇسۇللىرى:

دورىلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار ۋە ئوخشاش بولمىغان ئېرىتكۈچىلەر قوللىنىلىدۇ.

(1) شەربەت، ئەرەق ۋە قايناتما دورا ياسالمىلىرىنىڭ خام دورىلىرىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ تۇرغۇزۇپ، قىسمەن قۇۋۋىتى سۇغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ياسالمىنىڭ تەلىپى بويىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ. دورىلارغا ئاۋۋال سوغۇق سۇ قۇيۇپ تۇرغۇزۇپ، ئاندىن قاينىتىلسا قۇۋۋىتىنى تولۇق ئالغىلى بولىدۇ.

ئەگەر ئاۋۋال سوغۇق سۇغا چىلىماي قايناق سۇغا چىلىغاندا دورا ماتېرىيالىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى ئاقسىل ماددىسى ئاسانلا ئۇيۇۋېلىپ، ئېرىتكۈچى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۇ ھۈجەيرە ئىچكى قىسىملىرىغا سىڭىپ كىرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن دورىنىڭ قۇۋۋىتىنى تولۇق ئالغىلى بولمايدۇ.

(2) بەزى دورىلارنى قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە سىركە، سۈت، مۇسەللەس قاتارلىق ئېرىتكۈچىلەرنى قويۇپ مەلۇم مەزگىل چىلاپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن: زىرە سىركىگە، كۈچۈلا سۈتكە، قۇستە مۇسەللەسكە چىلىنىدۇ. كۈچۈلىنى سۈتتە قاينىتىپ، ئۇنىڭ زەھىرى يوقىتىلىدۇ. ئاندىن دورىلارنى يۇقىرىقى ئېرىتكۈچىلەردىن سۈزۈپ ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ. چىلاش ۋاقتى ئادەتتە بىر ـ ئۈچ كۈنگىچە بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇسۇملۇك دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تەسىرلىرىگە ئاساسەن ۋاقىت بەلگىلىنىدۇ.

3) چىلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

(1) دورىلارنى دەملەپ، چىلاپ ئىشلىتىدىغان چاغدا چالىراق سوقۇۋېتىپ (ئىمكوپ قېلىپ)، ئاندىن چىلاش مۇمكىن.

(2) چىلاش ۋاقتىدا ئاساسى قاتتىق ۋە ئاسان ئېرىمەيدىغان دورىلار بىلەن ئاسانراق ئېرىيدىغان دورىلارنى ئايرىپ ئايرىم چىلاش لازىم. چۈنكى قاتتىق دورىلار ئۇزۇنراق چىلىنىدۇ ۋە دەملىنىدۇ.

(3) چىلاش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشىنى پەسىل ۋە ھاۋا كىلىماتىغا قاراپ بەلگىلەش لازىم. ياز پەسلىدە ۋاقىت قىسقىراق بولۇش، قىش پەسلىدە ئۇزۇنراق بولۇشى كېرەك.

(4) دورىلارنى مەيلى سوغۇق سۇ ياكى ئىسسىق سۇغا چىلاش بولمىسۇن ۋاقتىنى مۇۋاپىق بېكىتىش كېرەك. ھەرگىز سۇدا ھەددىدىن زىيادە ئۇزاق تۇرغۇزماسلىق لازىم.

(5) دورىلارنىڭ تولۇق ئېرىشىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۈچۈن ۋاقتى - ۋاقتىدا ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇش لازىم.

(6) دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇت يېڭى ۋە ساپ كالا، قوي سۈتى بولۇشى لازىم.

**11. قۇرۇتۇش (تەجفىف)**

1) تەرىپى:

قۇرۇتۇش بەزى ھۆل دورا ماتېرىياللىرى ئىچىدىكى سۇنى ھاۋا ئارقىلىق چىقىرىۋېتىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. گۈل - چېچەكلەر، يوپۇرماقلار، ئۇرۇق دورىلار ئۆز گىياسىدا ئوبدان يېتىلگەندىن كېيىن، ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن ۋە پەچمۇدە بولۇپ شەكلى، رەڭگى، پۇرىقى ئۆزگىرىپ قېلىشتىن ئىلگىرى ھوشيارلىق بىلەن يىغىۋېلىپ سايىدا قۇرۇتۇلۇشى لازىم. ئەمما بەزى يوپۇرماق، گۈللەر باركى ئۇنىڭ قۇۋۋىتىگە ئاپتاپ زەرەر قىلمايدۇ. بۇ خىلدىكىلەر ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇشقا بولىدۇ.

بەزى ئۈچۈچان ماددىلىق ئۇسۇملۇكلەر قىسىملىرىنى شامال ئۆتۈشمەيدىغان سايە جايدا قۇرۇتۇش كېرەك. ئېسىپ قۇرۇتۇلىدىغان مېۋىلەرنى سايىدا ياكى ئاجىز ئاپتاپتا قۇرۇتسا بولىدۇ.

2) قۇرۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى:

دورىلار ياخشى قۇرۇتۇلسا، ساقلاش، ئىشلىتىش جەريانىدا بۇزۇلۇپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. ھەمدە ئېزىش، سوقۇشقا ئوڭاي بولىدۇ.

3) قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرى

قۇرۇتۇش ئادەتتە تەبىئىي ھالدا قۇرۇتۇش ئۇسۇلى بويىچە بولىدۇ.

ھازىر ئۈلترا قىزىل نۇر چىرىغى بىلەن ۋە قۇرۇتۇش ساندۇقىدا قۇرۇتۇش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىدۇ.

دورىلارنى قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرى:

ھەر خىل گىياھ، دەرەخلەرنىڭ دورىلىق قىسىملىرىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، پاكىز جايغا يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ ياكى زامانىۋى قۇرۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ قۇرۇتۇشمۇ مۇمكىن.

4) قۇرۇتۇشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

(1) قۇرۇتۇش جەريانىدا توپا - چاڭ قونۇش ۋە باشقا نەرسىلەر ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش، دورا يايىدىغان مۇھىتنىڭ تازا بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

(2) ئۈچۈچان خۇسۇسىيەتلىك دورىلاردىن پۇدىنە، پىننە قاتارلىق دورىلارنى ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان سايە جايدا قۇرۇتۇش لازىم.

(3) دورىلارنى قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەربىر دورىنى ئۆز جىنسى بىلەن باشقا - باشقا ساقلاش لازىم.

**12. سىقىش ۋە ئۇسارە ئېلىش (ئۇسىر)**

1) تەرىپى:

www.uyghurkitap.com

بۇ، ھۆل مېۋە ۋە چىلانغان دورىلارنى سىقىپ ئۇنىڭ سۈيىنى ياكى شىرىسىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

2) سىقىشنىڭ ئەھمىيىتى:

بۇ خىل ئۇسۇل دورىلارنى سىقىش ئارقىلىق ئۇنىڭ جەۋھىرىنى ئېلىپ، ھەر خىل سۈيۇق، قىسمەن قويۇق دورا ياسالمىلىرىنى تەييارلاپ، داۋالاش ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئەھمىيەتكە ئىگە.

3) سىقىش ئۇسۇللىرى:

(1) دورىلىق مېۋىلەرنى پاكىزلەپ بەزىلىرىنىڭ پوستى ۋە تىرىپلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنى سىقىش جابدۇقلىرى ياكى قول ئارقىلىق سىقىپ سۈيى ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: ئانار سۈيى، بېھى سۈيى، ئۈزۈم سۈيى، ئالما سۈيى قاتارلىقلار.

(2) دورىلارنى ھەر خىل ئېرىتكۈچىلەرگە چىلاپ مەلۇم مەزگىل تۇرغۇزۇپ ياكى قاينىتىپ ئۇنى سىقىپ سۈيى ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: سۈمبۇل، ئەۋرىشىم، قۇستە ۋە باشقا گىياھ دورىلار.

(3) يەنە بىر قىسىم دورىلىق ماتېرىياللارنى مۇۋاپىق ئېرىتكۈچىلەرگە چىلاپ مەلۇم مەزگىل تۇرغۇزۇپ ئاندىن ئۇنى سىقىش ئۇسۇلى بىلەن سىقىپ ئۇنىڭ شىرىسى ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: نىشاستە قاتارلىقلار.

4) سىقىپ تەييارلىنىدىغان دورىلاردىن ئۆلگىلەر:

نىشاستە (كىراخمال) تەييارلاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى:

مەلۇم مىقداردىكى بۇغداينى ئۆلچەپ ئېلىپ، ئۇنى پاكىز يۇيۇپ تازىلاپ سىرلانغان مېتالدىن ياكى داتلاشمايدىغان مېتالدىن ياسالغان تۇڭ، كۇپ (ئىدىش) ياكى چىنە ۋە ساپالدىن ياسالغان قاچىلارغا سېلىپ ئۈستىگە چىلاشقىدەك سوغۇق سۇ قۇيۇپ، سۈيىنى كۈندە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ بىر ھەپتە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنى سۇزۇۋېلىپ، ئۈستىگە يېڭى سۇ قۇيۇپ، قول بىلەن مىجىپ، سىقىپ چىقىرىلغان ئاپئاق سۈتسىمان سۇيۇقلۇقنى يەنە بىر قاچىغا تۆكۈپ قويۇلىدۇ. سىقىلغان تىرىپلىرىگە يەنە سۇ قۇيۇپ مىجىلىدۇ. سۈتسىمان سۈيى پۈتۈنلەي سىقىلىپ تۈگەپ شامىسى قالغىچە بىر قانچە قېتىم سۇ قۇيۇپ مىجىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈتىنى بىرىنچى-قېتىم سىقىپ چىقىرىلغان سۈتسىمان سۇيۇقلۇق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىرقانچە كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۈستىدىكى سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ ئاستىغا ئولتۇرغان قويۇق قىسمى ئېلىنىدۇ. ئاندىن بورا ئۈستىگە ماتا ياكى داكىغا ئوخشاش پاكىز رەخت سېلىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرىقى ئۇسۇلدا تەييارلانغان نەم ھالەتتىكى نىشاستە يېيىلىدۇ. ئاندىن بۇلارنى ھاۋالىق جايدا قويۇپ قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ (بۇ تېبابەتنىڭ ئەسلىي ئۇسۇلى بولۇپ، زامانىۋى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ چىقىرىلغان بۇغداي كىراخمالى ئىشلىتىشمۇ مۇمكىن.)

5) ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار:

ھەر خىل چوڭ - كىچىك سىقىش ماشىنىلىرى، پىرىس ۋە باشقا ئوخشاش جابدۇقلار، داكا، ماتا قاتارلىق ماتېرىياللاردىن ئىبارەت.

6) دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

(1) دورا تەييارلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مېۋە دورىلارنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئوبدان پىشقان بولۇشى لازىم.

(2) مېۋە دورىلار ۋە باشقا چىلانغان دورىلارنى چىلاشتىن ئىلگىرى پاكىز تازىلاپ زۆرۈر تېپىلسا يۇيۇپ ئاندىن سىقىش كېرەك. ھەمدە سايمانلار تازىلىقى، خادىملار تازىلىقى قاتارلىق تەرەپلەرگە ئوبدان ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

**13. يۇيۇش (تەسۋىل)**

1) تەرىپى:

گىياھ دورىلارنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى لاي، توپا ياكى باشقا ئارىلاشما ماددىلارنى پاكىز سۇ بىلەن يۇيۇپ چىقىرىۋېتىش جەريانى يۇيۇش بولىدۇ.

2) يۇيۇش ئۇسۇللىرى:

يۇيۇش، دورىلارنى پاكىزلاپ ھەر خىل دورا ياسالمىلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بىر خىل ئۇسۇلدۇر. شۇڭا دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ دورا ماتېرىياللارنى پاكىز سۇ بىلەن يۇيۇپ پاكىزلاش، ئاندىن قۇرۇتۇپ دورا تەييارلاش.

3) يۇيۇشتا ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار:

بۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار ناھايىتى ئاددىي بولۇپ سېۋەت، سىرلىق چېلەك، داس قاتارلىقلار بولسا بولىدۇ.

4) دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار:

(1) يۇيۇش جەريانىدا ۋاقىتنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، دورىلارنىڭ شىپالىق قىسمى يۇيۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم.

(2) گۈل، ياپراق ۋە رەڭلىك دورىلارنى يۇيۇش ۋاقتىدا يەڭگىل ھالدا تېزلىك بىلەن يۇيۇش، ئۇلار ئۇۋۇلۇپ، پارچىلىنىپ كېتىش ۋە رەڭگى ئۆڭۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

(3) يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن دەرھال پاكىز، سايە جايغا قويۇلغان سۇ ساقىپ چۈشىدىغان سېتكىلەرگە يېيىپ قۇرۇتۇپ ساقلاش لازىم.

**14. پوستىدىن ئاجرىتىش (تەقەششەر)**

1) تەرىپى:

مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق بەزى دورىلارنى پوستىدىن ئاجرىتىپ، كېرەكلىك قىسمىنى ئېلىۋېلىش ئۇسۇلى تەقەششەر دېيىلىدۇ.

2) پوستىدىن ئاجرىتىشنىڭ ئەھمىيىتى:

بۇ خىل ئۇسۇل دورىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاپ، ئۇنىڭ شىپالىق ئۇسۇلىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3) ئۇلگىلەر:

(1) بادام مېغىزىنى پوستىدىن ئاجرىتىش ئۇسۇلى:

بادامنى چېقىپ، شاكىلىدىن ئايرىپ، ئاندىن قايناق سۇغا يېرىم سائەتچە چىلاپ قويۇلىدۇ. بۇ چاغدا مېغىزغا ئازراق ئىسسىق ئۆتۈپ ۋە ئېشىلىپ بادام مېغىزىنىڭ سىرتقى پوستى يۇمشايدۇ. ئاندىن ئۇنى سۇدىن سۈزۈۋېلىپ قول ئەمگىكى بىلەن سىرتقى پوستى ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ.

(2) چىلغوزىنىڭ سىرتقى پوستىنى ئاجرىتىش ئۇسۇلى: ھەربىر تال چىلغوزىنى كىچىك بولقا بىلەن يەڭگىل ئۇرۇپ چېقىپ ئىچىدىكى مېغىزى تاللاپ ئايرىپ ئېلىنىدۇ.

(3) بىخسۇس سىرتقى پوستىنى ئېلىۋېتىش ئۇسۇلى: ھەربىر تال چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى قولدا تۇتۇپ پىچاق بىلەن قىرىپ ئېلىنىدۇ (ھازىر ئىچكى ئۆلكىلەردە چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى پوستىدىن ئاجرىتىپ، ھەتتا ئوخشاش يالپاقلاپ كېسىپ دورا شىركەتلىرى تەرىپىدىن تەمىنلەنمەكتە.)

4) دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

(1) بادام ۋە چىلغوزا مېغىزلىرىنى ئاجرىتىش ۋاقتىدا تازىلىققا ئوبدان ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

(2) بادام مېغىزىنى ئىلمان سۇغا چىلاش ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. بولمىسا بادامنىڭ شىپالىق تەركىبى (ئامىگدالىن) سۇغا چىقىپ كېتىدۇ. ئادەتتە يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە بولسا كۇپايە قىلىدۇ.

(3) چىلغوزىنى چېقىپ پوستىدىن ئايرىش ۋاقتىدا كۈچ ئىشلەتمەي يەڭگىل ھالدا چېقىش لازىم. بولمىسا ئېزىلىپ كېتىدۇ.

5) ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار:

ئېغىزلىق قاچا، پىچاق، لاتوك ۋە بولقا قاتارلىق جابدۇقلار ئىشلىتىلىدۇ.

## 15. خېمىرگە ئوراپ پىشۇرۇش ئۇسۇلى

1) تەرىپى:

بۇ مەلۇم دورىلارنى خېمىرگە يۆگەپ، ئاندىن ئۇنى قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇسۇلدۇر. مەسىلەن: دەندە (ھەببى سالاتىن)، ئەنزىرۇت، خام مەھمۇدە قاتارلىقلار مۇشۇنداق پىشۇرۇلۇشى لازىم.

2) خېمىرگە ئوراپ پىشۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى:

دورىلارنى خېمىرگە ئوراپ پىشۇرۇش مۇھىمى بىزىبىر نازۇك دورىلارنىڭ ئەكس تەسىرلىرى ۋە زىيانلىق تەسىرىنى ئازايتىپ، شىپالىق ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، دورىنى ساپلاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھمىيەتكە ئىگە.

3) خېمىرگە ئوراپ پىشۇرۇش ئۇسۇللىرى:

دەند (ھەببى سالاتىن) نى پىشۇرۇش ئۇسۇلى: دەندنى چېقىپ، شاكىلىدىن ئايرىۋېلىپ ئىچىدىكى تىلىنى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ئاندىن قىزىلگۈل، رۇمبەدىيان قاتارلىق دورىلارنى قوشۇپ، خېمىرگە يۆگەپ، قوقاسقا كۆمۈپ، ئالدى ـ كەينى نانغا ئوخشاش تەكشى پىشقاندا خېمىردىن ئاجرىتىپ ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

(2) ئەنزىرۇتنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى: ئەنزىرۇتنى سوقۇپ ئېشەك سۈتى ياكى قىز

تۇتقان ئايالنىڭ سۈتى بىلەن خېمىر قىلىپ، يۇلغۇن ياغىچى بىلەن تونۇرنى قىزىتىپ، يۇلغۇن ياغىچىغا خېمىر ھالىتتىكى ئەنزىرۇتنى ئېلىپ تونۇرغا ئېسىپ قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇپ پىشقان ئەنزىرۇتنى يەنە بىر قېتىم سوقۇپ، تۇخۇم سېرىقىغا ئېلىشتۇرۇپ يۇقىرىدىكى ئۇسۇلدا تونۇرغا ئېسىپ قايتا پىشۇرسا تېخىمۇ ياخشىراق ھەم مۆتىدىل بولىدۇ. خۇسۇسەن كۆز كېسەللىكلىرى ئۇچۇن پىشۇرماي ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

4) دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

(1) دورىنى يۇگەيدىغان خېمىر بۇغداي ئۇنى بىلەن خۇددى ناننىڭ خېمىرىغا ئوخشاش يۇغۇرۇلىدۇ.

(2) قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇش ۋاقتىدا ناھايىتى دىققەت قىلىپ، كۆيدۈرۈۋەتمەسلىك لازىم.

## 16. زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى

1) تەرىپى:

بۇ، ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق بەزى دورىلارنىڭ زەھەرلىك قىسىملىرىنى تۆگىتىپ، دورىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

2) زەھەرسىزلەندۈرۈشتىكى مەقسەت:

دورىلارنىڭ مەلۇم زەھەرلىك ۋە ناچار تەسىرىنى تۈزىتىپ، ئۇلارنىڭ داۋالاشتىكى شىپالىق ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

3) زەھەرسىزلەندۈرۈشنىڭ سەۋەبى:

دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە تەبىئەتلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى دورىلار مەلۇم ئەزانىڭ كېسەللىكىنى داۋالاش مەقسىتىدە ئىشلەتكەندە، يەنە باشقا بىر ئەزاغا زىيان قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق داۋالاش مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇنداق دورىلارنى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

4) زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى:

ھەر خىل دورىلارنى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ھەربىر دورىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. تۆۋەندە بىرقانچە خىل دورىلارنى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلىدۇ:

(1) كۆچۈلىنى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى:

مەلۇم مىقداردىكى كۆچۈلىنى ئېلىپ، چىلاشقىدەك سۇ قۇيۇپ ئۈچ كۈندىن بىر ھەپتىگىچە (يازدا ئۈچ كۈن، قىشتا بىر ھەپتە)سۇدا تۇرغۇزۇپ، ئاندىن سۇزۇۋېلىپ، نەملىكى يوقالغىچە كۆچۈلىنىڭ ئۈستىدىكى تۈكلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، يان تەرىپىدىن يېرىپ ئىچىدىكى زەھەرلىك تىلى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. (چۈنكى كۆچۈلىنىڭ ئىچىدىكى «تىلى» دە بىرۇتىن ناملىق ناھايىتى كۈچلۈك زەھەر بار)، ئۇنى پاكىز يۇيۇپ، ماتا ياكى خەسىدىن تىكىلگەن خالتىغا قاچىلاپ قازاننىڭ ئاستىغا تەگمىگىدەك ھالدا قازانغا ئېسىپ، ئاندىن خالتىدىكى كۆچۈلا چىلاشقىدەك سۈت قويۇپ ئىككى سائەت قاينىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كۆچۈلىنى سۈزۈۋېلىپ سۇدا چايقىلىدۇ. ئاندىن بىر ـ بىرلەپ سوقۇپ، قۇرۇتۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان ھالىغا كەلتۈرۈلىدۇ.

كۆچۈلىنى زەھەرسىزلەندۈرۈشتە ۋە تالقانلاشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش شەرت.

① بىر قېتىمدا ناھايىتى كۆپ مىقداردا كۆچۈلىنى سۇغا چىلىۋالماسلىق لازىم. سۇدا بەك ئۇزاق تۇرۇپ كەتسە كوچۇلا تەركىبىدىكى ستىرىخنىن ئېرىپ چىقىپ كېتىپ دورىنىڭ ئۈنۈمىگە زىيان يېتىدۇ.

② كۆچۈلىنى چىلىغان سۇ، ئۇنىڭ تىرىپلىرى ۋە كۆچۈلىنى قايناتقان سۇتلەرنى ئادەم ياكى ھايۋانلار ئىچىدىغان ئېرىقلارغا تۆكمەسلىك شەرت. ئۇلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

③ سۇتتە قايىنتىلغان كۆچۈلىنى تېزلىكتە سوقۇپ يالپاق ھالەتكە كەلتۈرۈۋېلىش لازىم. سۇ ھەم سۇتنىڭ نەملىكى كەتكەندىن كېيىن ئۇنى سوقۇپ تالقانلاش ناھايىتى قىيىن.

(2) ئەنزىرۇتنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى.

(خېمىرگە ئوراپ پىشۇرۇش ئۇسۇلىغا قارالسۇن).

(3) زىرىنى مۇدەببەر قىلىش ئۇسۇلى:

مەلۇم مىقداردىكى زىرىنى توپا ئەخلەتلىرىدىن ئايرىپ پاكىزلەپ، بىر قاچىغا سېلىپ ئۈستىگە چىلاشقىدەك سىركە قۇيۇپ چىلاپ قويۇلىدۇ. سىركە قۇيۇلغان زىرە بىر كېچە ـ كۈندۈز تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ئۇنى سۈزۈپ، چايقاپ قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ چارە ئارقىلىق زىرە تەركىبىدىكى زىيانلىق تەركىب سىركىدە ئېرىپ سۇدا چايقىلىپ زەھەرسىزلىنىدۇ.

(4) سەبرىنى زەرەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى:

ئالما، بېھى، ئامۇت ياكى چامغۇر قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقلىرىنى ئويۇپ ئېلىۋېتىپ، ئىچىگە مەلۇم مىقداردىكى سەبرىنى سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ، ئۈستىدىن ھۆل ياغلىق بىلەن ئوراپ، بۇغداي ئۇنى بىلەن قىلىنغان خېمىرگە يۆگەپ قىزىق قوقاستا قويۇپ ئالدى ـ كەينى نانغا ئوخشاش پىشقاندا خېمىردىن ئاجرىتىۋېلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

(5) تۇربۇتنى مۇجەۋۋەپ قىلىش (تۇربۇتنى زەھەرسىزلەندۈرۈش) ئۇسۇلى:

تۇربۇتنىڭ ئۈستىدىكى قارا راڭلىك بىر قەۋەت پوستى بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇنى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنى چېقىپ ئىچىدىكى ياغچىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئوتتۇرىسىدىكى گۆشى ئېلىنىدۇ.

(6) ئاق پارپا (بىش) نى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى:

سەككىز گىرام پارپىنى بىر ياغلىققا ئوراپ چىگىپ 2000 مىللىلىتىر سۇتكە ئىككى سائەت چىلاپ، ئاندىن سۇت تۆكۈۋېتىلىدۇ، ئىككىنچى قېتىم، ئۈچىنچى قېتىم قايتا ـ قايتا مىقداردىكى خام سۇتتە ئىككى سائەتتىن تۇرغۇزۇپ، سۈزۈۋېلىپ، قۇرۇتۇپ پارچىلاپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆتكۈر زەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى دىققەت قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ تاغدىن كولاپ ئېلىنغان بېشنى يۇقىرىقىدەك زەھەرسىزلەندۈرمەي

ھەرگىز ئىشلەتكىلى بولمايدۇ (ئەسكەرتىش: دورا شىركەتلىرى تەمىنلەيدىغان بېشىنى ئادەتتە جۇڭخېي تېبابىتى ئۇسۇلى بويىچە 7 ~ 8 قېتىم سۇغا چىلاپ زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن بولىدۇ)

(7) ھەببى سالاتىن (دەند ـ جامال كۇتە) نى سۇتتە زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى:

ھەببى سالاتىندىن ئېھتىياجغا لايىق ئېلىپ، بىر خالتىغا سېلىپ، سۇتتە ئىككى سائەت قاينىتىلىدۇ. ئاندىن خالتىدىن چىقىرىپ ھەببى سالاتىننى چېقىپ ئىككى پارچە قىلىنىدۇ. ئوتتۇرىسىدىكى تىرناق شەكلىدىكى «تىلى» (بىخى) ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

(8) سۇرمىنى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى:

سۇرمىنى پارچىلاپ، پارچىسىنى ئوتتا قىزىتىپ، قىزىغان سۇرمە پارچىلىرىنى ھېلىلە سۈيىدە يەتتە قېتىم سۇغۇرۇلىدۇ ياكى ئەرقى گۇلاب، بەدىيان شىرىسى بىلەن سۇغارسىمۇ بولىدۇ.

(9) مەھمۇدىنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى (سوقمونىيا مەشۋىي):

ئالما، بېھى، ئامۇت قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ بىر تەرىپىنى ئويۇپ، ئىچىدىكى ئۇرۇقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە پوستىدىن ئايرىلغان كۇنجۇتنى سېپىپ، ئاندىن مېۋىنىڭ ئىچىگە سوقمونىيانى تولدۇرۇپ ئاغزىنى پۇختا بېكىتىپ، ئۈستىدىن رەخت بىلەن ئوراپ، بۇغداي ئۇنى خېمىرىگە يۆگەپ، تونۇردىكى قوقاسقا كۆمۈلىدۇ. ئالدى ـ كەينى نانغا ئوخشاش پىشقاندا خېمىردىن ئاجرىتىۋېلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

5) دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار:

(1) چىلاپ تۇرغۇزۇش ئارقىلىق زەھەرسىزلەندۈرۈلىدىغان دورىلارنى چىلىغاندىن كېيىن داۋاملىق ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇش لازىم.

(2) سۇتكە چىلاپ قاينىتىش ۋاقتىنى تەلەپ بويىچە ئىگىلەش كېرەك. ئەسكەرتىش: يۇقىرىقى دورىلارنىڭ بىر قىسمىلىرىنى زەھەرسىزلەندۈرۈپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلسىمۇ، كۆپىنچىلىرى ئەسلىدە زەھەرسىزلەندۈرۈلۈپ تەمىنلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۇسۇللارنى قوللىنىش ھاجەت ئەمەس، ئەمما دورىلارنى سېتىۋېلىش چېغىدا ئۇلارنىڭ زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ـ زەھەرسىزلەندۈرۈلمىگەنلىكى ھەققىدە سۈرۈشتە قىلىش لازىم.

### 17. كۇشتە قىلىش ئۇسۇلى

1) تەرىپى:

«كۇشتە» پارسچە ئۆلتۈرۈلگەن ياكى كۆيدۈرۈلگەن دېگەن سۆز بولۇپ، ھەر خىل مەدەنلەرنىڭ ئەسلىدىكى فىزىكىۋى، ھەتتا خىمىيەۋى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئاغرىقلارنى داۋالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

3) كۇشتە قىلىشتىن مەقسەت:

ھەر خىل مەدەنلەر، مەسىلەن: ئالتۇن، كۇمۇش، مىس، قەلەي، شىڭگىرىپ، ياقۇت قاتارلىقلارنى ۋە ھايۋاناتتىن ئېلىنىدىغان سەدەپ، بىخ مارجان ۋە باشقىلارنى كۇشتىگەرلىك ئۇسۇلى بويىچە، يۇقىرى ھارارەت ۋە ھەر خىل تېز تەسىرلىك ئېرىتمىلەر (ئۆسۈملۈك جىنسلىق ئېرىتمىلەر) نى تەسىر قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئەسلىدىكى بەدەنگە

زىيانلىق بولغان قىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئاغرىقلارنى داۋالايدىغان ھالغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

3) سەۋەبى:

كۆشتە قىلىش جەريانىدا قائىدىلەرگە تولۇق رىئايە قىلىنمىسا ياكى ئەمەلىيەت توغرا بولمىسا ياكى كۆشتە قىلىنماي شۇ پېتىچە ئىشلىتىلسە ئۇ خىل دورىلار ئادەمنى زەھەرلەپ قويىدۇ. ھەتتا يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆشتىگەرلىكتە تەجرىبىسى يوق كىشىلەرنىڭ قىلغان كۆشتىسىنى ئىستېمال قىلماسلىق ياكى كۆشتە قىلدىم دەپ ئويلاپ بۇ خىلدىكى دورىلارنى قالايمىقان ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

4) كۆشتە قىلىش ئۇسۇللىرى:

ھەر تۈرلۈك مەدەنلەرنى كۆشتە قىلىشتا ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. يەنە ئوخشاش بولغان مەدەنلەرنى كۆشتە قىلىشتىمۇ بىرنەچچە خىل ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

5) كۆشتە قىلىشتا قوشۇلىدىغان ماتېرىياللار:

كۆشتە قىلىشتا ھەر خىل دورىلارغا قوشۇلىدىغان ماتېرىياللار ئوخشاش بولمايدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئۆسۈملۈك جىنسلىق ئېرىتمىلەر، ئۆسۈملۈكلەر سۈيى، ئۆسۈملۈك يېغى، سىماب، قەلەي، گۈڭگۈرت پوقى، شىڭگىرىپ، مەرقىشىشا زەھەبى (ئالتۇن چىلىمدان)، مەر قىششائى فىززى (كۈمۈش چىلىمدان)، زەرنىخ، كۈمۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر قېتىم، بەزىلىرى قايتا ـ قايتا قوشۇلىدۇ.

بۇلارنىڭ قوشۇلۇش مىقدارى ھەر خىل مەدەن دورىلاردا ئوخشاش بولمايدۇ. كۆپ ھاللاردا دەسلەپكى قوشۇلۇش مىقدارى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

6) قوللىنىلىدىغان سايمانلار:

(1) سالايە قىلىنىدىغان ھەر خىل ھاۋانچىلار:

(2) بوتا (زەرگەرلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش ئېرىتىدىغان ئوتقا چىدامىلىق قاچا)؛

(3) ساپال قاچا (گىل ھېكمەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ)؛

(4) مىس پىيالە، ساپال كوزا قاتارلىقلار؛

7) كۆشتە قىلىشقا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

(1) ئالدى بىلەن كۆشتە قىلىنىدىغان مەدەننى تازىلاش كېرەك. بۇ تېبابەتتە «ساپ قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مەدەنلەرنى تازىلاشنىڭ ئالاھىدە ئۇسۇللىرى بار. مەسىلەن:

① ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىسنى ئوتقا راسا قىزىتىپ، ئۇنى كۈنجۈت يېغىدا يەتتە قېتىم، كالا (تۇغمىغان ياش غوناجىن) سۈيدۈكىدە يەتتە قېتىم، ئامىلە، بەلىلە، ھېلىلىلەرنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ قاينىتىلغان سۇدا يەتتە قېتىم، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاينىتىلغان سۇدا يەتتە قېتىم سۇغۇرۇلىدۇ.

مىسنى ئېرىتىپ سۇ مايدا ئۈچ قېتىم، قېتىقتا ئۈچ قېتىم سۇغۇرۇپ تازىلاش ئۇسۇلى بار.

② قوغۇشۇننى ساپ قىلىش يۇقىرىقىدەك ئىشلىنىدۇ.

③ سىمابنى قېلىن رەختكە سېلىپ بىرقانچە قېتىم سىقىپ رەختتىن ئۆتكۈزۈلسە ساپ بولىدۇ.

④ تۆمۈر، پولاتنى تۇز ۋە سۇ بىلەن سالايە قىلىنسا ساپ بولىدۇ.

(2) گىل ھېكمەت قىلىش ـ كۈشتە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ كۆپچىلىكى گىل ھېكمەتكە ئوراپ ئوتقا سېلىنىدۇ.

(3) كۈشتىلەرنىڭ سۈپىتى باھالىنىدۇ.

(4) كۈشتىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى بەك كەڭ بولۇپ، ئومۇمەن باشقا ئۇسۇللار بىلەن داۋالىغىلى بولمىغان كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە تېبابىتىمىزدە كۈشتە قىلىنغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا ئىشلىتىش جەريانىدا پەرھىز ۋە كۈتۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مۇنداق قىلىش داۋالاش ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زەھەرلىك تەسىرلەرگە قارشى تۇرۇشقا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

8) سۈپەت تەكشۈرۈش ئۆلچىمى:

كۈشتىلەر باھالاشتا ئاساسەن ئۇلار رەڭگىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە ۋە بەزىلىرىنىڭ سۇغا چۆكۈش ـ چۆكمەسلىكىگە قارىلىدۇ.

ئالتۇن كۈشتىسى پاختەك تۈكى رەڭگىدە: كۈمۈش، سىماب، قەلەي كۈشتىسى ئاق رەڭدە، تۆمۈر، پولات كۈشتىسى ئىس رەڭگىدە، مىس كۈشتىسى نىل رەڭدە بولسا تەلەپكە لايىق كۈشتە بولغان ھېسابلىنىدۇ.

9) كۈشتە قىلىنغان دورىلاردىن ئۈلگىلەر:

(1) ئالتۇن كۈشتىسى

① ئېككەكلەنگەن ساپ ئالتۇن بىر ھەسسە، تازىلانغان سىماب ئىككى ھەسسە، ئالدى بىلەن بۇلارنى قوشۇپ سالايە قىلىپ، ئالتۇن بىلەن سىماب بىرلىشىپ كەتكەن ھالغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا يەنە لىمون سۈيىنى تامغۇزۇپ تۇرۇپ، پۈتۈنلەي بىر جىسىمدەك بولغانغا قەدەر سالايە قىلىنىدۇ ۋە بۇنىڭدىن بىر دانە كۈمىلاچ تەييارلىنىدۇ. كۈمىلاچتىن ئىككى باراۋەر ئۆلچەمدە تازىلانغان گۈڭگۈرتنى لىمون سۈيىدە سالايە قىلىپ بوتقا ھالەتكە كەلگەندە، يېرىمىنى ساپال قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە كۈمىلاچنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قالغان تازىلانغان گۈڭگۈرتنى سېلىپ ئاغزىغا يەنە بىر ساپال قاچىنى دۈم كۆمتۈرۈلىدۇ. قاچىنىڭ ھەممە ئەتراپىنى گىل ھېكمەت بىلەن ئوبدان ئوراپ تېگىدىن 30 دانە كالا تېزىكى بىلەن ئوت يېقىلىدۇ (كالا تېزىكى ئىشلىتىشتىكى سەۋەب ئۇنىڭ كۆيۈش ۋاقتى ئۇزۇن، ئوتنىڭ تەپتى بىر خىل، تۇرۇش ۋاقتى ئۇزاق) ئوت تۈگەپ ساپال قاچا سوۋۇغاندا قاچىنى ئېچىپ كۈمىلاچنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، قايتا يۇقىرىقىدەك ئۇسۇل بىلەن قاچىلاپ، لايغا ئوراپ ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل ئۈچ قېتىم تەكرارلانسا ئالتۇن كۈشتىسى ھاسىل بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

② ئۇسۇل: ئېكەكلەنگەن ساپ ئالتۇننى باراۋەر مىقداردىكى قەلەي بىلەن بىللە تۆمۈر قاچىغا سېلىپ، كۆمۈر ئوتىدا قىزىتىلىدۇ. ئۇستىگە تۇز سۈيى قۇيۇپ، قايناپ سۇ تۈگەپ، ئالتۇن ۋە قەلەي بىر جىسىم بولۇپ قالغاندا كۆشتە بولىدۇ. سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدۇ. باشقۇرغۇچى ئەزالارنى كۈچلەندۈرىدۇ. بەدەن قۇۋۋەتلىرىنى ئاشۇرىدۇ. بولۇپمۇ يۈرەك ۋە مېڭىگە قۇۋۋەت بېرىش ئۈنۈمى ياخشى.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: يېرىم ئارپا چوڭلۇقىدا ئالتۇن كۆشتىسىنى قايماق بىلەن يېپىشكە بېرىلىدۇ.

(2) تۇخۇم شاكىلى كۆشتىسى

① ئۇسۇل: 100 ياكى 200 دانە توخۇ تۇخۇمىنىڭ شاكىلىنى قائىدە بويىچە ساپ قىلىپ، بىر دانە ساپال كوزىغا سېلىپ ئۈستىدىن گىل ھېكمەت قىلىپ، تاۋاقچىنىڭ خۇمدىنىغا سېلىنىپ قويۇلىدۇ. سوۋۇغاندا ئېلىپ يەنە يۇقىرىقىدەك گىل ھېكمەت قىلىپ خۇمدانغا سېلىنىدۇ. شۇ تەرىقىدە 5 ~ 6 قېتىم تەكرارلانسا ياخشى كۆشتە بولىدۇ.

② ئۇسۇل: توخۇ تۇخۇمىنىڭ شاكىلىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئاۋۋال قائىدە بويىچە ساپ قىلىپ، مادار (ماندا) سۈتىدە سالايە قىلىپ، توقىچاق ياساپ، قۇرۇتۇپ، توقىچاقنى بىر دانە ساپال كوزىغا سېلىپ، ئۈستىدىن گىل ھېكمەت قىلىپ 15 كىلوگىرام كالا تېزىكى بىلەن ئوت يېقىلىدۇ. شۇ تەرىقىدە توققۇز قېتىم تەكرارلانسا ئوبدان كۆشتە بولىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: مەنىي تېز كېتىش ياكى مەنىي تۇتالماسلىق، سۈيدۈك تۇتالماسلىق كېسەللىكلىرى، زىيابىتىس كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: 0.1 گىرامنى قايماق ياكى سۈت ياكى ھالۋا بىلەن يېپىشكە بېرىلىدۇ.

(3) سەدەپ كۆشتىسى

① ئۇسۇل: 50 ~ 60 گىرام كەلگىدەك بىر پارچە تازا، ساپ سەدەپنى ساپال كوزىغا سېلىپ، ئۈستىگە سەدەپ چىلىشىپ تۇرغىدەك سۈت قۇيۇپ ئىككى كۈن چىلاپ قويۇلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى گىل ھېكمەت قىلىپ 16 كىلوگىرام كالا تېزىكى بىلەن ئوت يېقىلسا كۆشتە بولىدۇ. (سەدەپنى ساپال ئۈستىدە قويۇپ كۆيدۈرۈلسىمۇ كۆشتە بولىدۇ).

② ئۇسۇل: سەدەپ 48 گىرام، قەلەيدىن 12 گىرام ئېلىپ، ئاندىن قەلەينى تىرناقتەك ئۇششاق پارچىلاپ، ھەر ئىككىلىسىنى بىر دانە ساپال كوزىغا سېلىپ، ئۈستىگە پەيقىرانىڭ لوئابىنى قۇيۇپ تولدۇرۇپ، ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ، گىل ھېكمەت قىلىپ ئوت يېقىلسا كۆشتە بولىدۇ.

③ ئۇسۇل: 60 گىرام ساپ سەدەپنى تۆت كۈن سۈتكە چىلاپ قويۇپ، ئاندىن قارا قۇرىلىرىنى تازىلاپ يۇمشاق ئېزىپ، سۈتتە سالايە قىلىپ، ئۇنى ساپال كوزىغا سېلىپ، ئاغزىنى ئوبدان بېكىتىپ گىل ھېكمەت قىلىپ كۆشتە قىلىنىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: بوۋاسىر كېسەللىكى، سۆزنەك كېسەللىكى، ئاشقازان زەئىپلىكى،

كوناساتەپ قاتارلىق كېسەللىكلەرگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: 0.2 گىرامغا قەدەرنى سوت ياكى قايماق بىلەن ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

(4) ياقۇت كۆشتىسى

ئۇسۇلى: ساپ، سۆزۈك، ياخشى، قىزىل رەڭلىك ياقۇتتىن 12 گىرامنى 120 گىرام پەيقىرا لوئابى بىلەن بىر ساپال كوزىغا سېلىپ، ئاغزىنى بېكىتىپ، 20 كىلوگىرام كالا تېزىكى بىلەن ئوت يېقىلىدۇ. ئادەتتە بىرىنچى ئوتتا كۆشتە بولىدۇ. ئەگەر خام قېلىپ بىر ئاز قاتتىق بولسا يۇقىرىقىغا ئوخشاش يەنە بىر قېتىم ئوت يېقىپ كۆشتە قىلسا بولىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. يۈرەككە تەسىر قىلغۇچى مۇھىم مۇرەككەپ دورىلارنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى بولىدۇ. ئۆزىنى يالغۇز ئىشلىتىشكە قارىغاندا، باشقا دورىلار بىلەن قوشۇپ (مۇپەررىھى ياقۇتى) تەييارلاپ بېرىلگىنى ياخشى.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: 0.1 گىرامغىچە ياقۇت كۆشتىسىنى مۇناسىپ قوشۇمچىلار بىلەن يېيىشكە بېرىلىدۇ.

(5) مارجان كۆشتىسى

① ئۇسۇل: 24 گىرام قىزىل، ساپ، ياخشى مارجاننى بىر دانە ساپال كوزىغا سېلىپ، ئۈستىگە 100 گىرام مىقدارى پەيقىرا لوئابىنى تولدۇرۇپ ئاغزىنى ياپقۇچ ۋە لاي بىلەن بېكىتىپ، 15 كىلوگىرام كالا تېزىكى بىلەن ئوت يېقىلسا كۆشتە بولىدۇ.

② ئۇسۇل: قىزىل مارجاندىن 60 گىرام ئېلىپ، 250 گىرام نەشىنى سۇ بىلەن خېمىر قىلىنىدۇ. خېمىرنىڭ يېرىمىنى بىر ساپال كوزىغا سېلىپ، ئۈستىگە مارجاننى قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزكۇر نەشە خېمىرنىڭ قالغان يېرىمىنى سېلىپ كوزىنىڭ ئاغزىنى ئوبدان بېكىتىپ، 15 كىلوگىرام تېزەك ئىچىدە قويۇپ ئوت يېقىلسا تەلەپكە لايىق ئاق رەڭلىك كۆشتە بولىدۇ.

③ ئۇسۇل: قىزىل مارجاندىن 12 گىرامنى 60 مىللىلىتىر ئۆچكە سۈتى بىلەن بىر كىچىك قازانغا سېلىپ،ئۈستىدىن گىل ھېكمەت قىلىپ، 15 كىلوگىرام تېزەك بىلەن ئوت يېقىلىدۇ. ئەگەر بىرىنچى قېتىملىق ئوت بىلەن ئوبدان ئاق رەڭلىك كۆشتە بولسا ئېزىپ ساقلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر قارىراق بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنى گۈلاب ئەرقىدە بىر كۈن سالايە قىلىپ، توقىچاقلاپ ساپال بوتىدا قويۇپ يەنە بىر قېتىم ئوت يېقىپ كۆشتە قىلىنىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: سۆزنەك كېسەللىكىنى يىلتىزىدىن يوقىتىدۇ. ئاشقازان، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئومۇمىي ئەزانى قۇۋۋەتلەيدۇ. نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ. باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئېغىزدىن ۋە بالىياتقۇدىن كېلىدىغان قاننى توختىتىدۇ. ئىچ ئۆتكۈ ۋە تولغاقنى داۋالايدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: 0.2 گىرامنى بېھى مۇرابباسى ياكى سۈت ياكى

قايماق ۋە باشقا مۇناسىپ قوشۇمچىلار بىلەن بىللە يېيىشكە بېرىلىدۇ.

(6) شىڭگىرىپ (قىزىل سىر) كۆشتىسى

① ئۇسۇل: شىڭگىرىپ 12 گىرام، قەلەمپۇر (قەرنەپىل) 12 گىرام، زەمچە 72 گىرام، كەندىر يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى 250 مىلىلىتىر.

ئاۋۋال 36 گىرام زەمچە، ئالتە گىرام قەلەمپۇرنى بىر ساپال كوزىغا سېلىپ، ئۈستىگە شىڭگىرىپ ۋە ئالتە گىرام قەلەمپۇر تالقىنى، قالغان 36 گىرام زەمچە سېلىنىدۇ. ئۈستىگە مەزكۇر كەندىر سۈيى قۇيۇلۇپ، ئۈستىدىن گىل ھېكمەت قىلىپ بەش كىلوگىرام كالا تېزىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويۇپ ئوت يېقىلسا ئاق كۆشتە بولىدۇ.

② ئۇسۇل: 12 گىرام شىڭگىرىپنى بىر تۆمۈر قاچىغا سېلىپ، ئاندىن 12 گىرام كېۋەز چىگىتىنى ئېزىپ سېلىپ، ئۈستىدىن يەنە 48 مىلىلىتىر كۈنجۈت يېغى قۇيۇپ، ئاستىدىن ئوت يېقىلىدۇ. چىگىت بىلەن ياغ كۆيۈپ بولغاندا شىڭگىرىپ ئېلىنىدۇ. بۇ قارا رەڭلىك كۆشتە بولىدۇ.

③ ئۇسۇل: شىڭگىرىپتىن 50 گىرامنى تۆمۈر تاۋىغا سېلىپ، ئاستىدىن ئوتنى مۇلايىم قالاپ، ئۈستىدىن ئاز - ئازدىن لىمون سۈيى تېمىتىپ تۇرۇلىدۇ. شۇ تەرىقىدە 250 مىلىلىتىر لىمون سۈيىنى ئۆزىگە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن 250 مىلىلىتىر پىياز سۈيى تېمىتىلىدۇ. ئاندىن مەزكۇر شىڭگىرىپنى 250 گىرام پىيازنىڭ خېمىرىغا ئوراپ تاۋىدا قويۇلىدۇ. پىياز كۆيگىنى تۇرغاندا شىڭگىرىپنى ئاجرىتىۋېلىپ، يەنە تاۋىدا قويۇپ، ئۈستىگە 250 گىرام كۆچۈلا، 250 گىرام قىچا، 250 گىرام مالىكەنگىنى تالقانلىرى، بىر كىلوگىرام پىياز، بىر كىلوگىرام سېرىق ياغ، بىر كىلوگىرام ھەسەل سېلىپ ئوت يېقىلسا شىڭرىپ ئۆز رەڭگىدە (قىزىل) كۆشتە بولىدۇ.

④ ئۇسۇل: 24 گىرام شىڭگىرىپنى بىشنى ئېزىپ خېمىر ھالىغا كەلتۈرۈلگەن 500 گىرامچە تۇرۇپ خېمىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئۈستىدىن گىل ھېكمەت قىلىپ، ئازراق قۇرۇتۇپ 10 كىلوگىرام كالا تېزىكى بىلەن ئوت يېقىلسا ئوبدان كۆشتە بولىدۇ.

⑤ ئۇسۇل: 24 گىرام شىڭگىرىپنى قوناقتەك ئۇششاق - ئۇششاق پارچىلاپ، ئاندىن 250 گىرام بالادۇرنى ئېزىپ، ئۇنىڭدىن يېرىمىنى تۆمۈر پىيالىغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭگىرىپنى قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالادۇرنىڭ قالغان يېرىمىنى سېلىپ شىڭگىرىپنى بالادۇر بىلەن ئوبدان يېپىپ، ئاندىن ئوتتا قويۇلىدۇ. بالادۇر كۆيۈپ چوغ بولغاندا شىڭگىرىپنى ئايرىۋېلىپ ئېزىپ شىشىدە ساقلىنىدۇ.

⑥ ئۇسۇل: 12 گىرام شىڭگىرىپنى 36 گىرام قىزىلمۇچ بىلەن سالايە قىلىپ ساپال پىيالىغا سېلىپ، ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە 21 كۈن ئاپتاپتا قويۇلىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەزكۇر دورا چۆككىدەك زەنجىۋىل ئەرقى قويۇپ تۇرۇلىدۇ.

⑦ ئۇسۇل: 30 گىرام شىڭگىرىپنى ساپال قاچىغا سېلىپ، ئۈستىدىن بەش لىتىر لىمون ئەرقى قۇيۇپ، ئاستىدىن قوي مايىقى بىلەن ئوت يېقىلىدۇ. ئەگەر ئەرەق كېمەيسە يەنە ئەرەق قويۇپ تۇرۇلىدۇ. ئەرق داۋاملىق شىڭگىرىپتىن تۆت سانتىمېتىر ئۈستۈن تۇرۇشى لازىم. شۇ تەرىقىدە ئوت ئۈستىدە ئىككى ئاي تۇرىدۇ. ئاندىن ئوتتىن ئېلىپ

ئىشلىتىلىدۇ.

⑧ ئۇسۇل: 12 گىرام شىڭگىرىپنى توخۇ تۇخۇمى ئىچىگە سېلىپ، ئۈستىدىن گىل ھېكمەت قىلىپ شارابقا سېلىپ يۇمشاق ئوت بىلەن پىشۇرۇلىدۇ. شۇ تەرىقىدە يەتتە دانە تۇخۇم بىلەن يەتتە قېتىم ئىشلەنسە كۇشتە تەييار بولىدۇ.

⑨ ئۇسۇل: 12 گىرام شىڭگىرىپنى بىر دانە چامغۇر ئىچىگە قويۇپ، ئۈستىدىن گىل ھېكمەت قىلىپ، چالا قۇرۇتۇپ قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلسا بەك ياخشى كۇشتە بولىدۇ.

⑩ ئۇسۇل: ئېكەكلەنگەن 24 گىرام مىس، 12 گىرام شىڭگىرىپنى بىر بۇتىغا ئاۋۋال بىر قىسىم مىس تالقىنىنى، ئۈستىگە شىڭگىرىپنى، تۆپىسىدىن قالغان مىس تالقىنىنى سېلىپ، ئۈستىدىن گىل ھېكمەت قىلىپ، قۇرۇتۇپ، تۆت گىرام كالا تېزىكى بىلەن ئوت يېقىپ تاۋلانسا ئاق كۇشتە ھاسىل بولىدۇ.

⑪ ئۇسۇل: شىڭگىرىپتىن 24 گىرام، بىش (بۇۋانە) دىن 96 گىرام ئېلىپ، ئاۋۋال بېشنى قىزىلچا سۈيى بىلەن يۇمشاق خېمىر قىلىپ توقۇچاقلاپ، ئاندىن شىڭگىرىپنى توقۇچاقنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، ئۈستىدىن ئۈچ قەۋەت قېلىن لاتىغا ئوراپ، يىڭنە بىلەن تىكىلىدۇ. ئۇنى قەلەيلەنگەن مىسلاققا سېلىپ، ئۈستىگە 1250 مىللىلىتىر قىچا يېغى قۇيۇلىدۇ. ئاغزىنى ھور چىقمايدىغان قىلىپ بېكىتىپ ئوچاقتا قويۇپ ئىككى سائەتكىچە يۇمشاق ئوت بىلەن قىزىتىلىدۇ. قازان ئۈستىگە 30 ~ 40 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى بىر نەرسە قويۇپ قويۇلىدۇ. (قازاندىن چاراسلىغان ئاۋاز چىقىدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق قورقىدەك يېرى يوق). يەنە ئالتە سائەتكىچە كۈچلۈك ئوت قالىنىدۇ. ئاندىن ئوتنى توختىتىپ قىزىق ئوچاقتا سەككىز سائەت تۇرغۇزۇلىدۇ. سوۋۇغاندا شىڭگىرىپ ياخشى كۇشتە بولىدۇ. ۋەزنى كېمىيىپ كەتمەيدۇ. رەڭگى قىزىل بولىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: شىڭگىرىپ كۇشتىسى ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا، پەيلەر ۋە ئەزالارنىڭ بوشاشقانلىقى، ئاشقازان زەئىپلىكى، زىققە كېسەللىكى، تېرە ـ تاناسىل كېسەللىكى، سىفلىس كېسەللىكى، جىگەر كېسەللىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ھەمدە قاننى تازىلاش، بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش، ئىچ ئۆتكۈننى توختىتىش، قورساق ئاچۇرۇش، قەۋزىيەتنى يۇمشىتىش، يۆتەلنى پەسەيتىش قاتارلىق جەھەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: 0.05 گىرامدىن 0.1 گىرامغىچە قايماق بىلەن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. كۆمىلاچ دورىلارنىڭ سىرتقى يۈزىنى ئوراش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

(7) سەممىلفار (سەنكىيا ـ ئارسىنىك) كۇشتىسى

① ئۇسۇل: 12 گىرام سەنكىيا، 36 گىرام شور ئېلىپ، ھەر ئىككىلىسىنى پەيقىرا ئۆسۈملۈكىنىڭ سۈيىدە بىر سائەت سالايە قىلىنىدۇ. ئاندىن ساپال پىيالىغا سېلىپ ئاغزىنى بېكىتىپ بەش كىلوگىرام كالا تېزىكى بىلەن ئوت يېقىلسا مومدەك كۇشتە بولىدۇ.

② ئۇسۇل: 24 گىرام سەنكىيانى قىچا بىلەن تۇزدا تەييارلانغان سىركىدە بىر كۈن سالايە قىلىنىدۇ. 2 ـ كۈنى بېشنىنىڭ ئاچچىق سۈيىدە (12 گىرام بېشنى 62 مىللىلىتىر

www.uyghurkitap.com

قايناق سۇغا چىلاپ ئىچىتىلىدۇ) بىر كۈن سالايە قىلىنىدۇ. ئاندىن كىچىك، كىچىك توقۇچاق تەييارلاپ، قۇرۇتۇپ بىر ساپال پىيالىغا سېلىپ، يەنە بىر پىيالىنى ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈپ، ئوچاقتا قويۇپ ئوت يېقىلىدۇ. ئۈستىدىكى پىيالە ئۈستىگە ھۆل لاتا يېپىپ سوۋۇتۇپ تۇرۇلسا سەنكىيا جەۋھىرى پارغا ئايلىنىپ ئۈستۈنكى پىيالىغا تۆت گىرامچە سەنكىيا كۆشتىسى ئورنايدۇ. ئۇنى ئاۋايلاپ قىرىۋېلىپ شىشىدە ساقلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

③ ئۇسۇل: 12 گىرام ئاق سەنكىيا، 24 گىرام دانىكار ئېلىپ، ھەر ئىككىلىسىنى يۇمشاق ئېزىپ، بىر دانە سۇ تەگمىگەن ساپال قاچىغا سېلىنىدۇ. مەزكۇر قاچىنى ئوچاقتا قويۇپ تىگىدىن ئوت يېقىلىدۇ. دورىنىڭ نەملىكى تۈگەپ چاراسلاپ ئاۋاز چىقىشى ۋە تۈتۈن چىقىشى توختىغاندا كۆشتە تەييار بولغان بولىدۇ.

④ ئۇسۇل: 24 گىرامچە بىر پارچە سەنكىيانى تۆمۈر تاۋىغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە 48 گىرام شېكەر سېلىنىدۇ. ئۈستىگە زەمچە، يەنە شېكەر سېپىپ، يۇمشاق ئوت يېقىلىدۇ. بىر ئاز قىزىغاندىن كېيىن سەنكىيانى ئوڭ ـ دۈم قىلىپ ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەمچە سېلىپ تۇرۇلىدۇ. سەنكىيا قاتقان چاغدا ئوتنى توختىتىپ، سوۋۇتۇپ ئېلىنىدۇ.

⑤ ئۇسۇل: ئاۋۋال قەلەمپۇرنى كۆيدۈرۈپ بىر كىلوگىرامچە كۈلىنى ئېلىپ بەش لىتىر سۇغا بىر كۈن چىلاپ قويۇپ ساپ ۋە سۈزۈك سۈيىنى باشقا بىر قاچىغا سۈزۈلدۈرۈپ قويۇلىدۇ. 21 گىرام سەنكىيانى بىر دانە تۆمۈر تاۋىغا سېلىپ ئاستىدىن ئوت يېقىپ، ئۈستىدىن مەزكۇر سۇنى ئاز ـ ئاز تېمىتىپ بېرىلىدۇ. شۇ تەرىقىدە تامام سۇنى سەنكىيا ئۆزىگە تارتىپ بولغاندا كۆشتە بولىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: جوزام (ماخاۋ) كېسەللىكلىرى، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقلىرى، ۋابا، تائۇن كېسەللىكلىرى، بارلىق ئەزالار زەئىپلىك كېسەللىكلىرى، سىفلىس كېسەللىكلىرى، تېرە ـ تاناسىل كېسەللىكلىرى، كۆندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپلەر، يەللىك كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ھەمدە زەخىم جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش، قۇلۇنجىنى يوقىتىش، ئاغرىق قالدۇرۇش، ئىشتىھانى ئېچىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش جەھەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇل ۋە مىقدارى: 0.1 گىرامچە سەنكىيا كۆشتىسىنى قايماق بىلەن ئېچىشكە بېرىلىدۇ. ياكى ھۆل مېۋە سۇلىرى بىلەن ئىچسىمۇ بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ دورىلارنى ئىچكەن مەزگىلدە تۇزدىن پەرھىز قىلىدۇ. تامىقى ئۇچۇن سۈت ۋە گۈرۈچ بېرىلىدۇ.

قوشۇمچە: يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئۇسۇللار زامانىۋى خىمىيە پېنى تەرەققىي قىلىپ دورىلار دورا سانائىتىدە ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىنىشتىن ئىلگىرى دورىلار سېرىش جەريانىدا ئىسلىغان چاغلاردا قەدىمكى ھۆكۈمالار ھەر خىل مەدەن دورىلارنى داۋالاشتا قوللىنىشقا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىش، تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق تېپىپ چىققان ئۇسۇللار بولۇپ، بۇنىڭدىن قەدىمكى ھۆكۈمالارنىڭ ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب روھلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە مەزكۇر كۆشتىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دورا زاۋۇتلىرىدا كۆپلەپ تەييارلاپ تەمىنلەنمەكتە. شۇلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە بولىدۇ م. مۇھەررىر).

(8) ھەجرۇلیەھۇد كۇشتىسى

ئۇسۇلى: 60 گىرام ھەجرۇلیەھۇدنى 30 گىرام شور قەلىمى بىلەن بىللە ئېزىپ، تۇرۇپ سۇيى بىلەن خېمىر قىلىنىدۇ. ئاندىن بىر ساپال كوزىغا سېلىپ، ئاغزىنى بېكىتىپ 15 كىلوگىرامچە كالا تېزىكى بىلەن ئوت يېقىلىدۇ. سوۋۇغاندا ئېلىپ سوقۇپ 30 گىرام شور قوشۇپ، قايتىدىن تۇرۇپ سۇيى بىلەن خېمىر قىلىپ يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلدا ئوت يېقىلىدۇ. شۇ تەرىقىدە بەش قېتىم ئوت يېقىلسا كۇشتە بولىدۇ. شور سۇيدۇكنى راۋان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شورنىڭ تەسىرىمۇ ھەجرۇلیەھۇدقا ماسلىشىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: بۆرەك تېشى كېسەللىكى، ئۆتتە تاش تۇرۇش كېسەللىكى ۋە سۇيدۇك يوللىرىغا تاش چۈشۈش كېسەللىكلىرىدە تاشنى ئېرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: 0.2 گىرامغىچە ئۆچكە سۈتى بىلەن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. (قوشۇمچە) ھەجرۇلیەھۇد (يەھۇد تېشى قەدىمكى بىر دەرەخ يېلىمىنىڭ تاشقا ئايلانغىنى بولۇپ، سۇرىيە، پەلەستىن قاتارلىق جايلاردىن تېپىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەجرۇلیەھۇد [ يەھۇدىي تېشى ] دەپ نام ئالغان. م. مۇھەررىر).

(9) سىماب كۇشتىسى

① ئۇسۇل: بىر كىلوگىرامچە ئېغىرلىقتىكى بىر دانە ئاق تۇرۇپنى ئېلىپ كۆك تەرىپىنى كېسىۋېتىپ، ئىچىنى ئۇزۇنچاق قىلىپ ئويۇلىدۇ. بۇ ئويۇلغان جايغا 24 گىرام سىمابنى سېلىپ، تۇرۇپنىڭ كېسىلگەن قىسمى بىلەن ئاغزىنى بېكىتىلىدۇ. تۇرۇپنىڭ ھەممىسىنى ماتا ۋە سېغىز لاي بىلەن گىل ھېكمەت قىلىپ چاپلاپ قۇرۇتۇپ، تومۇزنىڭ قىزىق قۇمىغا بىر كېچە ـ كۈندۈز كۆمۈپ ئەتىسى ئېچىلسا سىماب كۇشتە بولىدۇ.

② ئۇسۇل: 62 مىللىلىتىر ھۆل سېرىقچېچەك سۇيىنى ئالتە مىللىلىتىر گۈڭگۈرت تىزابى بىلەن بىللە چىنە پىيالىغا سېلىپ، ئۇنىڭغا 12 گىرام سىماب قويۇپ يۇمشاق ئوتتا قويۇلىدۇ. سېرىقچېچەك سۇيىنى سىماب تارتىپ بولغاندا ئۇندەك يۇمشاق كۇشتە بولىدۇ.

③ ئۇسۇل: يېرىم كىلوگىرام كېلىدىغان يوغان بىر دانە قىزىلچىنىڭ ئىچىنى ئويۇپ، ئوتتۇرىسىغا 12 گىرام سىماب سېلىپ، ئويۇپ ئېلىنغان پارچىسى بىلەن ئوبدان بېكىتىپ، ئۇستىدىن گىل ھېكمەت قىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن 20 كىلوگىرام كالا تېزىكى بىلەن ئوت يېقىلسا ئاق رەڭلىك كۇشتە بولىدۇ.

④ ئۇسۇل: 36 گىرام سىمابنى كاللەكبەسەي سۇيىدە ئىككى كۈن سالايە قىلىپ، سىماب ئۇششاق زەررىلەرگە ئايلانغاندا، ئۇنى تېخى پىشمىغان توك ئانارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىپ، ئۇستىدىن گىل ھېكمەت چاپلاپ، قۇرۇتۇپ، ئۈچ كىلوگىرام كالا تېزىكى بىلەن ئوت يېقىلسا سىماب ئاق رەڭلىك كۇشتە بولىدۇ.

⑤ ئۇسۇل: تازىلانغان سىماب، تازىلانغان گۈڭگۈرت باراۋەر مىقداردا، نۆشۇدۇر سىمابنىڭ ئوندىن بىرى بىلەن تەڭ مىقداردا، زەمچە سىمابنىڭ يىگىرمىدىن بىر قىسمى بىلەن تەڭ مىقداردا.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ ئىككى كۈن سالايە قىلىپ، 3 ـ كۈنى سىماب

بىلەن تەڭ مىقداردا مورا قۇرۇمى قوشۇپ يەنە بىر كۈن سالايە قىلىنىدۇ. ئاندىن بۆلارنى ئۈستى ماتا ۋە گىل ھېكمەت بىلەن ئورالغان شىشىگە سېلىپ، ئۇنى قازانغا قويۇلىدۇ. قازاننىڭ شىشە تۆۋى تۆرتدىن بىرى تۆشۈك بولۇشى لازىم. قازان شىشىنىڭ ئەل ئاغزىغا كەلگىدەك دەرىجىدە قۇم بىلەن تولدۇرۇلىدۇ. شىشىنىڭ ئاغزى ئوچۇق بولۇپ قۇمدىن يۇقىرى چىقىپ تۇرۇشى كېرەك. ئاندىن كېيىن قازان ئاستىغا ئوت قالىنىدۇ. بىرىنچى كۈنى ئاستا قالاپ، 2 ـ ، 3 ـ كۈنلىرى ئوت تەدرىجىي كۈچەيتىلىدۇ. جەمئىي ئۈچ كۈن ئوت قالانسا شىشىدىكى سىماب كۈشتە بولىدۇ. شىشىنى سۇندۇرۇپ كۈشتىنى ئېلىپ، پاكىز شىشىگە قاچىلاپ، قۇرۇق ۋە قاراڭغۇ جايدا ساقلىنىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: تۇرلۇك ساقايماس تېرە جاراھەتلىرىگە، سىفلىس (ئابلە پەرەڭگى)، ناسۇر قاتارلىق جاراھەتلەرگە، تاناسىل ئەزا جاراھەتلىرىگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: بۇ خىل دورىنى ئىچىشكە بېرىلىدۇ. يالغۇز ئۆزىنى 0.001 گىرام مىقداردا ئېلىپ قايماق بىلەن كۈنىگە بىر قېتىم ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەلھەم قىلىپ ياسالغانلىرى سىرتتىن مايلاشقا بېرىلىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار: سىماب كۈشتىسىنى يېيىشكە بېرىپ يەل يارا (سىفلىس) نى داۋالىغاندا ئادەتتە 21 كۈن بىر داۋالاش ۋاقتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئاچچىق ـ چۈچۈك نەرسىلەرنى يېيىش، جىنسىي ئالاقە قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. دورىنى يېگەندە چىشقا تەگكۈزۈپ قويماسلىق لازىم. زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە دەرھال دورىنى توختىتىپ چارە كۆرۈش كېرەك.

سىمابنى كۈشتە قىلىش ئۇسۇللىرى كۆپ بولۇپ، قوللىنىلغان ئۇسۇلغا قاراپ سىماب ھەر خىل رەڭدە كۈشتە بولىدۇ. مەسىلەن: قارا رەڭدە چىقىدۇ. بۇ 1 ـ دەرىجىدىكى كۈشتە ھېسابلىنىدۇ. 2 ـ دەرىجىدىكىسى قىزىل، 3 ـ دەرىجىدىكىسى ئاق ۋە سېرىق بولىدۇ.

(قوشۇمچە: سىماب كۈشتىلىرى تېبابىتىمىزدە كەپەرەس [ رەسكەپۇر ـ ھىدرارگۇرۇم مونوخلورات ياكى كالومېل] ؛ سۇلايمانىيە ياكى ئالماس [ ھىدرارگىرۇم بىخلورات ياكى سۇلېما] ؛ سېرىق سىماب كۈشتىسى [ ھىدرارگىرۇم پىرىسىپىتاتوم فىلاۋۇم] ؛ قىزىل سىماب كۈشتىسى [ ھىدرارگىرۇم بىخلوراتۇم رۇبرۇم ] دېگەندەك بىر قانچە تۇرلۇك بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىر زامانىۋى دورا زاۋۇتلىرىدا ئىشلىنىپ دورا شىركەتلىرىدە سېتىلماقتا. م. مۇھەررىر).

### 18. گىل ھېكمەت قىلىش ئۇسۇلى

1) تەرىپى: مەدەن دورىلارنى كۈشتە قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى شىشە ياكى ساپال قاچىلارغا سېلىپ، ئۈستىدىن مەلۇم ماتېرىياللار بىلەن تەييارلانغان لايغا ئوراپ ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ، ئەنە شۇ گىل ھېكمەت قىلىش ئۇسۇلى دېيىلىدۇ.

2) گىل ھېكمەت قىلىشتىكى مەقسەت: مەدەن دورىلارنى ياخشى كۈشتە قىلىپ ئىشلىتىشكە لايىقلاشتۇرۇش ياكى بەزى دورىلارنىڭ يېغىنى تەلتۆكۈس ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

3) گىل ھېكمەت قىلىش ئۇسۇللىرى:

(1) يۇقىرىدا كۆشتە ماۋزۇسىدا سۆزلەنگەندەك كۆشتە قىلىنىدىغان مەدەن دورىلارنى ساپال كوزا، ساپال ئاپقۇرا، شىشە قاچا، ساپال تاۋاق قاتارلىق قاچىلارغا باشقا قوشۇمچە دورىلىرى بىلەن بىللە سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن گىل ھېكمەت قىلىپ (ھېكمەت لېيى چاپلاپ) ئاندىن كالا تېزىكى قالاپ قىزىتىپ كۆشتە قىلىنىدۇ. كۆشتە قىلىش جەريانىدا گىل ھېكمەت قىلىش قېتىم سانى ۋە ۋاقتى دورىلارنىڭ تولۇق كۆشتە بولغان ۋە بولمىغانلىقىغا باغلىق. ئادەتتە ئاز دېگەندە 1 ~ 4 قېتىم، كۆپ بولغاندا 7 ~ 9 قېتىم، ئەڭ كۆپ بولغاندا 100 قېتىم گىل ھېكمەت قىلىنىدۇ. كۆيدۈرۈش ۋاقتى ئاز دېگەندە سەككىز سائەت، كۆپ بولغاندا 16 سائەت ئەتراپىدا بولىدۇ.

(2) مەلۇم دورىلاردىن ياغ چىقىرىش، مەسىلەن: سىيادان يېغى، كۈنجۈت يېغى، شىگگىرىپ يېغى قاتارلىقلارنى تەييارلاش ئۈچۈن، ئۇ دورىلارنى ئىسسىقتا چىداشلىق شىشىگە سېلىپ ئۈستىگە گىل ھېكمەت قىلىپ شىشىنىڭ ئاغزىنى سىم بىلەن پۇختا ئوراپ بېكىتىپ، ئۆزىگە خاس ئوچاق تەييارلاپ، شىشىنىڭ ئاغىزىنى دۈم قىلىپ قويۇپ، ئەتراپىغا كالا تېزىكىنى تىزىپ ئوت يېقىپ قىزىتقاندا شىشە ئىچىدىكى دورا قىزىپ يېغى تېمىپ چۈشىدۇ.

4) گىل ھېكمەت ـ ھېكمەت لېيى تەييارلاش قائىدىلىرى: قىزىلگۈل (قىزىل سېغىز) دىن يېتەرلىك مىقداردا ئېلىپ، بىر مەزگىل سۇغا چىلاپ يۇمشاتقاندىن كېيىن تۇخۇم ئېقى، ئۆچكە چۈپۈرى، ئادەم چېچى ۋە كونا مازلارنى پاراۋەر مىقداردا قوشۇپ گىلگە ئارىلاشتۇرۇپ ياغاچ توقماق بىلەن ئۇزاق سوقۇلىدۇ. بۇنىڭدىن تەييار بولغان لاي گىل ھېكمەت بولىدۇ.

يېقىلغۇ ئۈچۈن سايىدا ۋە چۆللەردە قۇرۇپ قالغان كالا تېزىكى، قوي مايىقى ئىشلىتىلىدۇ.

يېقىلغۇ مىقدارى تەييارلىنىدىغان دورا مىقدارىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

5) دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

(1) گىل ھېكمەت قىلىنىدىغان لاينىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئوبدان پىشقان بولۇشى ھەمدە سىلىق يېپىشىپ تۇرىدىغان بولۇشى لازىم.

(2) گىل ھېكمەت قىلىش جەريانىدا شىشە ياكى كوزىنىڭ سىرتقى يۈزى تەكشى ئورالغان بولۇشى، سىرتىدىكى لېيى ئاسان يېرىلىپ، چۈشۈپ كەتمەيدىغان بولۇشى لازىم. بولمىسا قېلىن چاپلىنىپ قالغان يېرىگە ئاسان ئىسسىق ئۆتمەيدۇ؛ نېپىز چاپلانغان يېرى ئاسان قىزىپ، كوزا ئىچىدىكى دورا تەكشى كۆشتە قىلىنمايدۇ.

(3) كالا تېزىكى ياكى قوي مايىقى بىلەن ئوت يېقىشتىن ئىلگىرى شىشە ياكى كوزىنىڭ ئەتراپىغا تېزەكنى ھەممە يېرىگە تەكشى ئىسسىق ئۆتكۈدەك قىلىپ تىزىپ بولۇپ، ئاندىن ئوت يېقىش لازىم. بولمىسا كوزىنىڭ ھەممە يېرى تەكشى قىزىمايدۇ.

(4) گىل ھېكمەت قىلىپ ئوت يېنىپ قۇرۇش ۋاقتى ھەر خىل دورىلارنى كۆشتە قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. قانچە سائەت ئوت كۆيۈش كۆرسىتىلگەن بولسا

شۇ ۋاقىت ئىچىدە تولۇق ئوت كۆيۈشى لازىم.

**19. دورىلارنى يۇيۇپ ساپ قىلىش ئۇسۇلى (غەسلە)**

1) تەرىپى:

بەزى مەدەن دورىلار ۋە بىلىم دورىلارنى مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق سۇ ۋە مائى مۇقەتتەر (دىستىللات سۇ) بىلەن يۇيۇپ ساپ ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى «يۇيۇش» بولىدۇ.

2) يۇيۇشتىكى مەقسەت:

دورىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەر تەرەپلىمىلىك بولغانلىقتىن، مەيلى مەدەن دورىلار ياكى بىلىم جىنسلىق دورىلار بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ تەركىبىدە ۋە تومۇرلىرىدا توپا، لاي ۋە باشقا ئارىلاشما ماددىلار بولىدۇ. دورا تەييارلاشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى تازىلاپ دورىلارنى ساپ ھالىتىگە كەلتۈرمەي بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دورىلار تەركىبىدىكى يۇقىرىقىدەك كېرەكسىز قىسىملىرىنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىپ، دورىنى پاك ـ پاكىز ھالەتكە كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ.

3) يۇيۇش ئۇسۇللىرى:

يۇيۇشتا ھەر خىل دورىلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. بەزى دورىلارنى ئېزىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە پاكىز سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ بىرىلسە دورىلار ئاستىغا چۆكىدۇ. چىقىرىۋېتىشكە تېگىشلىك كېرەكسىز قىسىملىرى لەيلەپ ئۈستىگە چىقىدۇ. ئاندىن ئۇنى تۆكۈۋېتىپ شۇ تەرىقىدە بىرقانچە قېتىم يۇيۇلىدۇ. يەنە بەزى دورىلارنى ئېزىپ، سۇ قۇيۇپ قاينىتىپ، ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. ئوتنى ئۆچۈرۈپ ئاز ۋاقىت توختىتىپ قويۇلسا دورا ئاستىغا ئولتۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق تازىلىنىدۇ. يەنە بەزى دورىلارنى ئوتتا ئېرىتىپ ئېرىگەندىن كېيىن داكا بىلەن سۈزۈپ يات ماددىلىرى چىقىرىۋېتىلىدۇ.

يۇيۇشتا ساپ ۋە پاكىز بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم سۇ قۇيۇپ يۇيۇش كېرەك. ئادەتتە 3 ~ 5 قېتىمغىچە يۇيۇلسا دورىلار كۆڭۈلدىكىدەك يۇيۇلغان بولىدۇ.

سۈپەت جەھەتتە كۆز بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرگەندە سۈزۈك، ساپ، پاكىز، تومۇرلىرىدىكى توپىلار يوقالغان ھالەتتە پارقىراق بولسا ساپ بولغان بولىدۇ.

4) دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

(1) مەيلى قاينىتىپ يۇيۇش بولسۇن ياكى قايناتماي يۇيۇش بولسۇن دورىلارغا سۇ قۇيۇپ دۇاملىق توختىماي ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇش لازىم. بولۇپمۇ قاينىتىپ تازىلاشتا دورىنىڭ تولۇق تازىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك.

(2) قاينىتىپ يۇيۇش ۋاقتىدىكى ئوت كۈچى مۇۋاپىق، تەكشى بولۇشى كېرەك.

5) يۇيۇلىدىغان دورىلاردىن ئۈلگىلەر.

يۇيۇشقا تېگىشلىك دورىلار كۆپىنچە لاجۇۋەرد، لاك، كۆكتاش، زەنگار، شادىنەج،

مەرقەششا قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلگە ئۇچۇن تۆۋەندىكىلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ.

(1) لاجۇۋەردنى يۇيۇش ئۇسۇلى:

ئاۋۋال لاجۇۋەردنى يۇمشاق ئېزىپ ئازراق سۇ قۇيۇپ ئېلىشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. ئۈستىگە زەيتۇن يېغى قۇيۇپ ئاندىن قاينىتىلىدۇ. قازاننى ئېلىپ بىردەم توختىتىلسا لاجۇۋەرد تېگىگە ئولتۇرىدۇ. ياغ بىلەن سۇنى ساقىتىپ تۆكۈۋېتىپ، تېگىگە ئولتۇرغان لاجۇۋەردنى ئوبدان ئېزىپ يەنە بىر ئاز سۇ بىلەن سالايە قىلىپ، ئۈستىگە يەنە زەيتۇن يېغى قۇيۇپ قاينىتىلىدۇ. تېگىگە ئولتۇرغىنىنى ئېلىپ قۇرۇتۇپ، يۇقىرىقىدەك يەنە بىر قېتىم ئىشلەنسە لاجۇۋەرد مەغسۇل (يۇيۇلغان لاجۇۋەرد) ھاسىل بولىدۇ.

(2) لاكنى يۇيۇش ئۇسۇلى:

ئاۋۋال لاكنى ئېزىپ ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ ئېلىشتۇرۇپ ئازراق توختىتىپ قويۇلسا لاك تېگىگە ئولتۇرىدۇ. ئاندىن سۇيىنى ساقىتىپ تۆكۈۋېتىپ يەنە شۇ تەرىقىدە سۇ قۇيۇپ ئۈچ قېتىم ئىشلەنسە پاكىز يۇيۇلغان لاك ھاسىل بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاھاك ۋە زۇمرەت قاتارلىق دورىلارمۇ شۇنداق ئۇسۇل بىلەن يۇيۇلۇپ پاكىزلىنىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم پىششىقلانغان دورىلارنى قاچىلاش ۋە ساقلاش

دورىلارنى ياخشى ۋە پاكىز قاچىلارغا قاچىلاش ھەمدە مۇۋاپىق جايدا ساقلاش، دوررىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى ۋە شىپالىق تەسىرىنى ياخشى ساقلاشنىڭ كاپالىتى. ياخشى ساقلانسا دورىلارنىڭ قۇۋۋىتى ساقلىنىپ، ھەتتا بىر - بىرىگە تەسىر قىلىپ كۈچىيىپ داۋالاش ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ھەمدە كېسەللەرگە بىخەتەر ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئەكسىچە قاچىلاش ۋە ساقلاش مۇۋاپىق بولمىسا دورىلار نەملىك، ھارارەت ھاشارات ۋە زەمبۇرۇغلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئاسانلا بۇلغىنىپ كۆكىرىپ، بۇزۇلۇپ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ.

**1. قاچىلاش:**

تېبابىتىمىزدە ئىشلىتىلىدىغان پىششىق دورا خىللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياسالما شەكلى مۇرەككەپراق، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئۇلار سۇيۇق ھالەتتە، قاتتىق ھالەتتە ۋە يېرىم قاتتىق ھالەتتە بولىدۇ. شۇڭا دورىلارنىڭ تەسىرلىرىنى ساقلاش بەزى پۇراقلىق دورىلارنىڭ پۇرىقى يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا يۆتكەپ ئىشلىتىش، ساقلاشقا ئوڭاي بولۇش ۋە سىرتقى كۆرۈنۈشى كۆركەم بولۇش تەلىپى ئاستىدا دورا شەكىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھەر خىل شەكىلدىكى دورا ياسالمىلىرىنى كۆركەم، سۈپەتلىك قاچىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، داۋالاشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش كېرەك.

پىششىقلانغان دورىلارنى ئەسلىدە ساپال قاچىلارغا قاچىلاپ ساقلاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بۇ كۈن دەۋرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئەينەك شىشە، بولۇپمۇ رەڭلىك ئەينەك

شىشە، فارفور بۇيۇملاردىن ئىشلەنگەن قۇتا، دورا ۋە يېمەكلىكلەرنى قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سولىياۋ (پولىۋىنىل) قۇتىلار. قەغەز خالتا قاتارلىق ماتېرىياللارغا قاچىلاش مۇمكىن. ياسالما خىللىرىنىڭ تۈرلىرىگە ئاساسەن ھەربىر ياسالما بابلىرىدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ.

**2. ساقلاش:**

ھەر خىل شەكىلدىكى پىششىق دورىلار پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىلىپلا ياكى پىششىقلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كېسەللەر بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ياخشى ساقلانمىسا ھاشارات ۋە مىكرو ئورگانىزملار بىلەن بۇلغىنىپ قېلىپ داۋالاش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ مەلۇم ئەزالىرىنى ياكى ھاياتىنى خەۋپكە دۇچار قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پىششىق دورىلارنى تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىپ ياخشى ساقلاش لازىم:

(1) ھەر قېتىم تەييارلىنىپ چىققان دورىلارغا تەييارلىنىش تۈركۈم نومۇرى، تەييارلانغان ۋاقىت قاتارلىقلارنى يېزىپ، ئاندىن ئامبارغا ئۆتكۈزۈش، ئىشلەتكەندە بالدۇر تەييارلانغانلىرىنى بالدۇر تۈگىتىپ، دورىلار بۇزۇلۇپ قېلىش ۋە ئۈنۈملۈك مۇددىتى ئۆتۈپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**قوشۇمچە:**

ئۈنۈملۈك مۇددىتى (سۈرۈكى): ھەرقانداق بىر خىل دورىنىڭ تۇرۇش مۇددىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنە شۇ بەلگىلەنگەن مۇددەت شۇ دورىنىڭ سۈرۈكى دېيىلىدۇ. ھەرقانداق بىر دورا ياسىلىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يىل، ئاي، كۈن ۋە نەچچىنچى قېتىملىق ئىشلەتكەن دورا ئىكەنلىكى يېزىلىشى كېرەك. شۇنداقلا ساقلاش مۇددىتى يېزىلىدۇ. مۇشۇ يېزىلغان مۇددەت شۇ ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىگىچە كۈچكە ئىگە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: مەجۇن دورىلارنىڭ ساقلاش مۇددىتى ئومۇمەن تەخمىنەن ئۈچ يىل بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىر نۇسخا مەجۇنى ئىتىرىفىل كەبىر، مەسىلەن: 1985 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تەييارلانغان بولسا، 1988 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە ئىشلەتسە بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتسە قۇۋۋىتى تۈگەيدۇ.

(2) پىششىق دورىلار ساقلىنىدىغان ئامبار چوقۇم پاكىز، قۇرۇق، سالقىن بولۇشى ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان بولۇشى لازىم.

(3) ئامبارنىڭ ھارارىتى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. بەك ئىسسىق بولۇپ تېمپېراتۇرا ئۆستۈن بولۇپ كەتسە، مۇرەككەپ ياسالمىلار تەركىبىدىكى بەزى يېلىمسىمان دورىلار ۋە سەبرە قاتارلىق دورىلار ئېرىپ كېتىپ ئەسلىي قىياپىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ھارارەت بەك تۆۋەن بولۇپ كەتسە شەربەتلەر تەركىبىدىكى شېكەر كىرىستال ھاسىل قىلىپ چۆكۈۋالىدۇ.

(4) ئامباردا دورا تىزىدىغان جازا بولۇشى، دورا يەردىن ئېگىزرەك جازىغا تىزىلىشى لازىم.

# تۆتىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرىنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ياسالما تۈرلىرى 30 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن ھازىر ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت (ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ياسالمىلارنىڭ لاتىنچە نامىلىرىمۇ كۆرسىتىپ قويۇلدى).

**1. مەجۇن (يۇغۇرۇلما) دورا ياسالمىلىرى** (Con fectiones)

1) خېمىر دورىلار
2) ئىترىفىللار
3) ئايارەجلەر (ئاچچىق ياسالمىلار)
4) تەرياقلار (زەھەر قايتۇرغۇچى ياسالما)
5) جاۋارىشلار
6) مەجۇنلەر
7) مۇپەررىھلەر (خۇشاللاندۇرغۇچى ياسالمىلار)
8) لوبوبلار (مېغىزلىق خېمىر دورا ياسالمىلىرى)
9) لوئوقلار (يالانچۇقلار)

**2. قاتتىق ۋە قۇرۇق دورا ياسالمىلىرى**

1) توقۇچاق (قۇرس - تابلېت Tabulettae)
2) كۇمىلاچ (ھەب -- Pilula)
3) تالقان (سۇفۇپ Pulvis)
4) چىش تالقانلىرى (سۇنۇنلار -- Pulvis dentifricans)
5) سۈرمە (كوھلى)
6) سەپمە - ئۇپا (زەرۇرى -- Toilet pulvis)

**3. سۇيۇق دورا ياسالمىلىرى**

1) شەربەت (قىيام -- Syrupus)
2) سىركەنجىۋىل (سىركىلىك قىيام -- Oxymella)
3) ئەرق (دىستىللات دورىلىق سۇ -- Aquae)
4) مۇراببا Preserve
5) قايناتما (مەتبۇخ Decocta) 6) چىلانما - كاشكاپ (نەقەئ -- Infusa)
6) چىلانما - كاشكاپ ( نۇقۇئ — Infusa
7) لوئاب (شىرە --- Mucilago)
8) پۇراتما ۋە چۈشكۈرتمە Ptarmica
9) پاشۇيە Bath Mixturae

4. گۇلقەنتلەر (گۇلبەشېكەر Confectio)

**5. سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى**

1) ياغ (رەۋغەن ------ Oleum)
2) مەلھەم (مەرھەم --- Unguenta)
3) تاڭما (زىمات -- Pasta)
4) ھۇقنە (كىلىزما Enema)
5) تامچە (قوتۇر --- Gutta)
6) تىزاب (كىسلاتالىق سۇيۇقلۇق --- Acid)

**6. شىياف دورا ياسالمىلىرى**

1) شامچە (شىياف ---- Suppository)
2) پىلىكۈچ شامچە (پەتىلە Bacilla)
3) باللىياتقۇ شامچىسى (پەرزىجە -- evaginalisi Tampon; Glubol)

**7. ئوكۇل دورا ياسالمىلىرى**

يۇقىرىقى ياسالمىلار كىتابىمىزدا تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتۈلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى دورا ياسالما خىللىرىمۇ تېبابىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى دورا شەكىللىرى بولۇپ، بۇلار كىتابىمىزدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

1. مائۇل لەھمىلەر (گۆش سۇيى --- Meat extract)
2. مائۇلھەسەل (ھەسەللىك سۇ --- Aqua Mellis)
3. مائۇل پاۋەكى (مېۋە سۇلىرى -- Succus fructus)
4. ئابزەن: كېسەلنى ۋاننا قىلىش (يۇيۇش) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دورا سۇيى Mixtura medicated bath
5. تەدھىن: سىرتتىن ياغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ ياغ دورىلار (Linimenta)
6. ئىنكىباب: مەلۇم دورىلارنى قاينىتىپ ئۇنىڭ بۇسىنى كېسەلنىڭ مەلۇم ئەزايىغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان دورىلار (Vapour bath . Inhalatio)
7. بۇخۇر: مەلۇم دورىلارنى ئوتقا تاشلاپ ئۇنىڭدىن چىققان تۈتۈنىنى قولاق ۋە باشقا بوشلۇقلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلانغان دورىلار (Fumigatio)
8. بورۇد: كۆزگە تېمىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان سۇيۇق دورىلار (Colltrium)
9. ھۇمۇل: دورىلارنى رەختە سۇرتۇپ ئاياللار جىنسىي ئەزاسىغا قويۇلىدىغان دورىلار. (Tampon)
10. سۇئۇت: بۇرۇنغا تېمىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان سۇيۇق دورا (Gutta nasi)
11. بانادۇق: چوڭراق كۇملاچ (Bolus)
12. سەركوپ: كېسەل بولغان ئەزاغا ئاستا ـ ئاستا قۇيۇش ئۈچۈن تەييارلانغان سۇيۇق دورا. (Douche)
13. تىلا: ھۆل ۋە سوغۇق ھالەتتە بەدەنگە سۈركىلىدىغان دورىلار (Paint)



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uygurkitap.com

14. غار ـ غار: ئېغىز چايقاش ئۈچۈن تەييارلانغان سۇيۇق دورىلار (Gargarisma)

15. كېماد: هۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەرنى قىزىتىپ ئەزاغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلانغان دورىلار (Fomentation)

16. لەخلەخە: سۇيۇق خۇشبۇي دورىلارنى شىشىگە ئېلىپ ئۇنىڭ پۇرىقىنى بۇرۇنغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلانغان دورىلار (Inhalatio)

17. مەز ـ مەزە: بۇرۇن ئىچىنى چايقاش ئۈچۈن تەييارلانغان سۇيۇق دورىلار (Lotio nasi)

18. ۋەجۇر: گالغا پۈركۈش ئۈچۈن تەييارلانغان سۇيۇق دورىلار (Inhalant)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرىسى

# ئىككىنچى مەخسۇس قىسىم

## بىرىنچى باب مەجۇن (يۇغۇرۇلما) دورىلار

**1. تەرىپى:**

مەجۇن سۆزى ئەرەبچىدە يۇغۇرۇلغان ياكى خېمىردەك قىلىنغان دېگەن مەنىدىكى سۆزدۇر.

بۇنىڭ كۆچەم مەنىسى تېبابەتتە بىرنەچچە خىل يەككە دورىلارنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، مەخسۇس چارىلەر بىلەن تالقانلاپ، بىر ـ بىرىگە قوشۇپ، ھەسەل، شېكەر، ناۋات قىياملىرى بىلەن يۇغۇرغان خېمىر كۆرۈنۈشلۈك دورا ياسالمىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەجۇناتلار ئادەتتە ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**2. مەجۇن دورىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى:**

مەجۇن دورىلار تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە:

1) كۇمىلاچ (ھەب) ۋە قۇرس (تابلىت) دورىلارغا قارىغاندا تەسىرى نىسبەتەن تېز. مەجۇن دورىلار تەركىبىدىكى ھەسەل دورىلارنىڭ ئاشقازاندا تېز ھەزىم بولۇپ، تەسىر قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ھەسەل ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن دورىنىڭ شىپالىق ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ.

2) مەجۇن دورىلارنىڭ تەمى ياخشى بولۇپ، بەزى دورىلارنىڭ سېسىق پۇرىقىنى ۋە ئاچچىق تەملىرىنى يوشۇرالايدۇ.

3) مەجۇن دورىلارنىڭ ئىشلىتىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئەڭ كەڭ ئىشلىتىلىدىغان، ئەڭ چوڭ ياسالمىلارنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. سوزۇلما (مۇزمىن) كېسەللەرگە نىسبەتەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئىگە.

4) مەجۇن دورىلارنى كۆپلەپ تەييارلاشتا ئالاھىدە زامانىۋى ئۈسكۈنە زۆرۈر بولمىسىمۇ، لېكىن يەرلىك ئۇسۇللار بىلەنمۇ تەييارلاپ ئىشلىتىش مۇمكىن.

5) مەجۇن دورىلارنىڭ تۇراقلىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ ئۈچ يىل ساقلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**3. مەجۇن دورىلارنىڭ يېتەرسىزلىكى:**

1) مەجۇن دورىلارنىڭ ھەجمى چوڭ بولۇپ، ئىچىش مىقدارى كۆپ بولغاچقا كىچىك باللارنىڭ يېيىشىگە ئەپسىز.

2) قاچىلاش ئاۋارىچىلىكى بار. چۈنكى كىچىك شىشىلەرگە تورۇزا بىلەن ئۆلچەپ قاچىلاش لازىم بولىدۇ.

3) كۆتۈرۈپ يۈرۈش، يۆتكەپ ئىشلىتىشكە نىسبەتەن قولايسىز.

**4. مەجۇن دورىلارنىڭ سۈپىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ:**

1) مەجۇن دورا تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان تالقان دورىلار ياسالمىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن چوقۇم ئېزىپ تەييارلىنىشى لازىم.

(1) ئاشقازان كېسەللىكلىرى ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان جاۋارىشلارنىڭ ئاشقازاندا تۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىپ شىپالىق ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى يەككە دورىلار يېرىكرەك سوقۇلىدۇ.

(2) ئەسەب (نېرۋا)، يۈرەك، رېماتىزم كېسەللىكلىرى ۋە باشقا كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تالقانلىرى يۇمشاق بولۇپ قېلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

(3) جاۋاھىراتلار ۋە قىممەت ماتېرىياللىق دورىلار، شۇنداقلا سىرتقى جاراھەتلەرگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تالقانلىرى ھەددىدىن زىيادە يۇمشاق سالايە قىلىنىدۇ.

2) تەييارلانغان مەجۇن دورىلارنىڭ يۇمشاق - قاتتىقلىقى ھالۋا شەكلىدە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3) مەجۇن دورا تەييارلايدىغان يەككە دورىلار ئىلاج بار يېڭى، تازا بولۇشى، دورىلارنىڭ مىقدارى قائىدە بويىچە ئېزىلگەن تالقان مىقدارى بىلەن ھېسابلاپ ئېلىنىشى لازىم. سوقۇشتىن ئىلگىرىكى مىقدار بويىچە ھېسابلاپ سېلىنسا دورىلارنىڭ مىقدارى توغرا ئېلىنمىغان بولىدۇ.

4) مەجۇن دورىلارنىڭ تالقىنى قىيام بىلەن تەكشى ئارىلاشقان بولۇشى، ھەممە رەڭگى بىر خىل بولۇشى، ھەرگىز مونەك نەرسىلەر بولماسلىقى كېرەك.

5) دورا ماتېرىياللىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، تەييارلىنىپ چىققان دورىلار ئۈستىدە جاراسىم (باكتېرىيە) تەكشۈرۈشتەك بەزى تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

**5. مەجۇن دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى:**

مەجۇن دورىلارنى تەييارلاش ئادەتتە تالقان تەييارلاش، ھەسەلنى ئېرىتىپ چەككىلەش (ياكى قىيام تەييارلاش)، ئارىلاشتۇرۇش، قاچىلاشتىن ئىبارەت جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) تالقان تەييارلاش:

نۇسخىدا كۆرسىتىلگەن دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ ئېزىش قائىدىلىرىگە ئاساسەن ئېزىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ يۇمشاق تالقان قىلىنىدۇ.

2) ھەسەلنى ئېرىتىپ چەككىلەش:

ھەسەلنى چەككىلەش مەسىلىسى غۇلۇلە تەييارلاش قىسمىدا (3 - باب) تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ. غۇلۇلىنىڭ خېمىرى، مەجۇن دورىلارنىڭ خېمىرى بىلەن ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن ئىترىفىل ياسالمىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قوشۇلىدىغان ھەسەلنى چەككىلەش ۋە پاكلاشتۇرۇش ئۇسۇلى غۇلۇلىنىڭ ھەسەلنى چەككىلەش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ.

ئومۇمەن، دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ھەسەلنى قايناتىپ، كۆپۈكىنى

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى موم ۋە باشقا ئارىلاشمىلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، چاراسمىلارنى
ئۆلتۈرۈپ، سۈنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ ھەسەلنى پاك ـ پاكىز قىلىشتىن ئىبارەت.

3) ئارىلاشتۇرۇش:

ئارىلاشتۇرۇشتا ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ:

(1) ئادەم كۈچى بىلەن ئارىلاشتۇرۇش: قايىنىتىپ چەككىلەپ تەييارلانغان ھەسەلنى
پاكىز تازىلانغان سىرلىق، ئاغزى يوغان قاچىلارغا تۆكۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەييارلانغان
يۇمشاق تالقانلارنى ئاز ـ ئازدىن سېلىپ كىشى كۈچى بىلەن، ياغاچ تاياقچە ئارقىلىق
توختىماي ئارىلاشتۇرۇپ، يۇمشاق ـ قاتتىقلىقى مۇۋاپىق بولغان خېمىر ھالىتىگە
كەلتۈرۈلىدۇ.

(2) زامانىۋى ماشىنا بىلەن ئارىلاشتۇرۇش: بۇنىڭدا ئارىلاشتۇرۇش قازىنىغا ھەسەلنى
سېلىپ، ماشىنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەييارلانغان تالقانلارنى ئاز ـ
ئازدىن سېلىپ ماشىنا بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ماشىنا بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان خېمىر
دورىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ
ئۇسۇل كۆپ مىقداردىكى دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. تېبابىتىمىزدە
ھەسەل سۇۋۇغاندىن كېيىن دورىغا ئارىلاشتۇرۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت
دورىلارنىڭ جەۋھەر قىسمىنى كۆيدۈرۈپ قويماسلىقتۇر.

ئەمما دورىلار تەركىبىدە مېغىزلار، كۆكىرىپ قالىدىغان ئەشيالار بولغاندا ھەسەلنى
قىزىقراق ئارىلاشتۇرۇلسا مېغىزلاردىكى ھاشارات تۇخۇملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، دورا
بۇزۇلۇشتىن ساقلىنىشقا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. نۇسخا تەركىبىدىكى يېلىم جىنسلىق
دورىلارنى ھەسەلنى سۇۋۇتۇپ ئاندىن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. شۇ ئارقىلىق دورىنىڭ مونەك
بولۇۋېلىپ تەكشى ئارىلىششىقا قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ مەجۇنلەرنىڭ سۈپىتىگە تەسىر
يەتكۈزۈشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئەگەر نۇسخىدا ئۇچۇچان پۇراقلىق دورىلار ۋە نازۇك ماتېرىياللىق دورىلار بولسا
بۇلارنى قىيامنى تېخىمۇ سوۋۇتۇپ ئاندىن ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۈنۈمىنى يوقىتىپ
قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

ئېترىفىللارغا قوشۇلىدىغان ھەسەل چەككىلەنمىگەن خام ھەسەل بولغىنى تېخىمۇ
ياخشى، قايىنىتىلغان ھەسەلنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، ئۈچەيگە پايدىسىز.

مەجۇن دورا تەييارلاشتا تالقان بىلەن ھەسەلنىڭ نىسبىتى يەنىلا دورىنىڭ
خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتە بىر كىلوگىرام تالقانغا ئۈچ كىلوگىرام
ھەسەل ئىشلىتىلىدۇ.

مەجۇن دورىلارغا كۆپ ھالدا ھەسەل ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە شېكەرمۇ ئىشلىتىلىدۇ.
شېكەر بىلەن ھەسەلدە يۇغۇرۇشنىڭ پەرقى: ھەسەل دورىنىڭ قۇۋۋىتىنى ئۇزاق مۇددەت
تۇتۇپ تۇرالايدۇ. ھەمدە چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مىكروبسىزلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتى
بار.

شېكەردە ئۇنداق خۇسۇسىيەت يوق (ئەمما ئەمەلىي شارائىت ۋە دورا تەلىپىگە بىنائەن

شېكەر، ھەتتا شىرنىلەرنىمۇ ئىشلىتىپ مەجۇن تەييارلاش مۇمكىن.)

4) قاچىلاش:

مەجۇن دورىلار تەييارلىنىپ چىققاندىن كېيىن قاچىلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. قاچىلاش مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئەگەر مەجۇن دورىلارنى قاچىلاش تەلەپكە لايىق بولمىسا دورىنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۇخشىماسلىقى، قاچىلاش جەريانىدىكى ئوفۇنەتلىنىشلەر تۇپەيلىدىن كۆكىرىپ قېلىش، قېتىپ قېلىش، ئۈنۈمىنى يوقىتىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. قاچىلاش مۇۋاپىق بولسا ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

5) قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار:

سىرلانغان تۆمۈر قاچىلار ۋە سىرلىق ساپال ئىدىشلار، ئەينەك شىشە، فارفۇر قۇتا بولۇشى لازىم. مەخسۇس دورا قاچىلاشقا ئىشلەنگەن زەھەرسىز سولياۋ (پولىۋىنىل) قۇتا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن باشقا سولياۋ بۇيۇملار، تۆمۈر ۋە مىس قاچىلارغا قاچىلاشقا قەتئىي بولمايدۇ.

تەييارلىنىپ چىققان مەجۇن دورىلارنى يۇيۇپ ياكى قاينىتىپ قۇرۇتۇلغان رەڭلىك ئەينەك شىشىلەرگە قاچىلاپ، شىشە ئۈستىگە دورا ئىسمى، تەركىبى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى قاتارلىق مەزمۇنلار يېزىلغان چۈشەندۈرۈش قەغىزى (ئېتىكېتكا) چاپلاپ ساقلاش لازىم.

**6. مەجۇن دورىلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى:**

مەجۇن دورىلارنىڭ تەركىبى، تەسىرى ۋە ياساش ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلار خېمىر، ئىترىفىل، ئايارەج، تەرياق، جاۋارىش، مەجۇن، مۇپەررىھ، لوبوب، لوئوق قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. تۆۋەندە بۇلار ھەققىدە ئايرىم توختىلىمىز.

## بىرىنچى بۆلۈم خېمىر دورىلار

**1. تەرىپى:**

بۇ، مەجۇناتلارنىڭ بىر خىلى بولۇپ نۇسخىدا كۆرسىتىلگەن دورىلارنىڭ بىر قىسمىنى قايناتقان دورا سۈيى بىلەن، بىر قىسىم دورا تالقانلىرىنى شېكەر ياكى ناۋات قىيامى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان، مەجۇنگە نىسبەتەن يۇمشاقراق ياسىلىدىغان بىر خىل ياسالمىدىن ئىبارەت.

**2. تەييارلاش ئۇسۇلى:**

نۇسخىدا قائىدە بويىچە قاينىتىش كۆرسىتىلگەن دورىلارنىڭ قاتتىقلىرىنى چالا سوقۇپ، بىر كېچە قايناق سۇغا چىلاپ، ئاندىن كېيىن 1/3 سۈيى قالغانغا قەدەر بوش ئوتتا قاينىتىلىدۇ. سۈزۈپ ئۇنىڭ سۈيىدە ناۋات ياكى شېكەر قىيام قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەلنى تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن تالقان دورىلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

**3. تۇرۇش مۇددىتى:**

خېمىر دورىلارنىڭ ئۈنۈمى ئۈچ يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

### 4. خېمىر دورىلاردىن ئۈلگىلەر:

**خېمىرى ئەۋرىشىم سادده (ئاددىي پىلە غوزا خېمىرى)**

تەركىبى:

ئەۋرىشىم (قىرقىلغىنى) 300 گىرام، ئاق سەندەل بەش گىرام، ئۆدھەمندى ئۈچ گىرام، ئەرقى گاۋزىبان 120 مىللىلىتىر، سۇمبۇل تىپ تۆت گىرام، تاتلىق ئالما سۈيى 120 مىللىلىتىر، پوستى ئۇتروچ تۆت گىرام، بېھى سۈيى 120 مىللىلىتىر، مەستىكى تۆت گىرام، تاتلىق ئانار سۈيى 120 مىللىلىتىر، قەلەمپۇر (قەرنەپىل) تۆت گىرام، پاكىز سۇ 1500 مىللىلىتىر، لاچىندانە تۆت گىرام، ھەسەل 180 گىرام، سازەج تۆت گىرام، ئاق قەنت 500 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى قىرقىلغان ئەۋرىشىمنى ئۈچ كۈن ئەرەق ياكى سۇغا چىلاپ قويغاندىن كېيىن يېرىمى قالغۇدەك قايىنىتىپ ماتادىن ئۆتكۈزۈپ سۈزۈپ، تىرىپلىرىنى تازا سىقىپ، سۈيىگە قەنت ۋە ئالما، ئانار سۇلىرىنى تۆكۈپ قىيام قىلىنىدۇ. بۇ قىيامغا نۇسخىدىكى سوقۇپ تەييارلانغان دورا تالقانلىرىنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى:

مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

ئىشلىتىلىشى: مېڭە، يۈرەك، جىگەر كېسەللىكلىرى، يۈرەك ئاجىزلىقى، خەفەقان، تۇتقاقلىق كېسەل ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ۋاقتى: كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا تۆت گىرامنى ئەرقى گاۋزىبان بىلەن تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**خېمىرى گاۋزىبان (گاۋزىبان خېمىرى)**

تەركىبى:

گاۋزىبان توققۇز گىرام، ئېكەكلەنگەن ئاق سەندەل توققۇز گىرام، ئاقلانغان يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى توققۇز گىرام، پەرەنجەمىشكى توققۇزگىرام، قىرقىلغان پىلە غوزىسى توققۇز گىرام، ئەنبەر 1.5 گىرام، ئاق بەھمەن توققۇز گىرام، ئىپار 0.75 گىرام، بالەنگو ئۇرۇقى توققۇز گىرام، ناۋات 360 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ ئەنبەر، مەرۋايىت، ئىپار، ناۋات قاتارلىق دورىلاردىن باشقىلىرىنى چالا سوقۇپ 1000 مىللىلىتىر سۇغا بىر كېچە - كۈندۈز چىلاپ، ئەتىسى 1/3 قىسمى قالغۇچە قايىنىتىپ، سۈزۈپ، ئۇنىڭ سۈيىگە ناۋاتنى سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ. ئاندىن قىيام ئىلمان ھالغا كەلگەندە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تەييارلانغان ئىپار، ئەنبەر، مەرۋايىت قاتارلىق دورىلارنى سېلىپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: مېڭە ۋە يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ. ئەسەب (نېرۋا) نى تىنچلاندۇرىدۇ.
تەبىئىتى: ھۆل سوغۇق.

ئىشلىتىلىشى: مېڭە، يۈرەك كېسەللىكلىرى، جۆملىدىن نېرۋا ئاجىزلىقى، خەفەقان كېسىلى، تۇتقاقلىق، ئايلىنىپ كېتىش كېسەللىكى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ۋاقتى: كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىم 1.5 گىرامدىن، تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**خېمىرى مەرۋارىد (مەرۋايىت خېمىرى)**

تەركىبى:

تېشىلمىگەن مەرۋايىت 10 گىرام، گاۋزىبان ئالتە گىرام، ئەرقى گۈلاب 10 گىرام، بادرەنجىبۇيا ئۇرۇقى ئالتە گىرام، ئەرقى گاۋزىبان 10 مىللىلىتىر، قىرقىلغان پىلە غوزىسى 10 گىرام، ئاق بەھمەن ئالتە گىرام، ئىپار بىر گىرام، قىزىل بەھمەن ئالتە گىرام، ئەنبەر بىر گىرام، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ئالتە گىرام، ئالما شەربىتى 100 مىللىلىتىر، كاسنە گۈلى ئالتە گىرام، ئاملە مۇرابباسى 100 گىرام، پەرەنجىمىشكى ئالتە گىرام، ناۋات 200 گىرام.

تەييارلىنىشى: مەرۋايىتنى گۈلاب ۋە ئەرقى گاۋزىبان بىلەن سالايە قىلىپ ئۇپۇدەك يۇمشىتىپ، قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قويۇلىدۇ. ناۋاتنى گۈلاب بىلەن قىيام قىلىپ، ئۇستىدىن شەربەت، مۇراببالارنى ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭغا تالقانلارنى سېلىپ خېمىر قىلىنىدۇ.

تەسىرى: رەئىس ئەزالار خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ. بولۇپمۇ يۈرەك ۋە نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرىدۇ.
تەبىئىتى: سوغۇق.

ئىشلىتىلىشى: يۈرەك، مېڭە، جىگەر كېسەللىكلىرىدە رەئىس ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىچىش ۋاقتى: ھەر كۈنى كەچتە بىر گىرامدىن بىر قېتىم ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

**خېمىرى سەندەل (سەندەل خېمىرى)**

تەركىبى:

ئاق سەندەل (گۈلابتا سۈرۈپ قۇرۇتۇلغان تالقىنى) 10 گىرام، ئەرقى گۈلاب 10 مىللىلىتىر، ئەرقى بىدمۇشكى 10 مىللىلىتىر، گاۋزىبان گۈلى 10 گىرام، زەپەر 1.5 گىرام، قىرقىلغان پىلە 10 گىرام، قەنت 170 گىرام.

تەييارلىنىشى: ئەرەقلەر بىلەن قەنتنى قىيام قىلىپ، قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ قىيامغا سېلىپ، خېمىردەك قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: يۈرەكنى تىنچلاندۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلىشى: يۇرەك كېسەللىكلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدار ۋە ئىچىش ۋاقتى: كۈندە بىر قېتىم ئالتە گىرامدىن تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**خېمىرى بىنەپشە (بىنەپشە خېمىرى)**

تەركىبى:

بىنەپشە سەككىز گىرام، ئاق شېكەر 30 گىرام.

تەييارلىنىشى: شېكەرنى قىيام قىلىپ، ئۇنىڭغا سوقۇپ تەييارلانغان بىنەپشىنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىنىدۇ.

تەسىرى: نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىدۇ. سەپرانى قايتۇرىدۇ، قەۋزىيەتنى بوشىتىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

ئىشلىتىلىشى: يۇرەك قوزغىلىش كېسەللىرى، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، يىقىلما كېسەل، بۆرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىچىش ۋاقتى: كۈندە 10 گىرامدىن بىر ۋاقىت ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم ئىترىفىللار (ئىترىفىلات)

**1. تەرىپى:**

ھېلىلە، بەلىلە ۋە ئامىلەدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ياكى بەش خىل قۇرۇق مېۋە دورا ئاساسىي دورا سۈپىتىدە ۋە باشقا دورىلارمۇ كىرگۈزۈلگەن مۇرەككەپ دورا ياسالمىسى ئىترىفىل بولىدۇ. ئىترىفىللار سۇفۇپ ۋە مەجۇن شەكىللىرىدە تەييارلىنىشى مۇمكىن. ئىترىفىل تەركىبىدىكى قۇرۇق مېۋە دورىلار بەك قۇرۇق بولغاچقا نەملىكنى سۈمۈرۈپ قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، بۇ خىل دورىلار ئۇزۇن ئىچىلىگەندە ئاشقازان ـ ئۈچەينى قۇرۇتۇپ، قۇلۇنجى (ئۈچەي توسۇلۇش ياكى ئۈچەي سانجىقى) پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل ئەكس تەسىرىنى يوقىتىش مەقسىتىدە دورىلارنى ئالدى بىلەن سوقۇپ تالقانلاپ، بادام يېغى ياكى سېرىق ياغ بىلەن ياغلاپ، ئاندىن كېيىن ھەسەل قوشۇپ خېمىر قىلىنىدۇ. بۇ ئىترىفىلنىڭ ياسىلىشىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدۇر.

**2. ياساش ئۇسۇلى:**

ئىترىفىللار تەركىبىدىكى يەككە دورىلارغا قاراپ ئىترىفىل ساددە (ئاددىي) ۋە ئىترىفىل مۇرەككەپ دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئىترىفىل ساددە ھېلىلە، بەلىلە، ئامىلەلەردىن ياسىلىدۇ. بۇ، ئاشقازان ـ ئۈچەينى قۇرۇتۇش، نېرۋىنى كۈچەيتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىترىفىل مۇرەككەپنىڭ تەركىبىگە يۇقىرىقى ئۈچ خىل ياكى بەش خىل مېۋىدىن تاشقىرى، باشقا دورىلارمۇ قوشۇپ ياسىلىدۇ.

ئىترىفىل تەركىبىدىكى دورىلار يۇمشاق سوقۇلۇپ تالقانلىنىدۇ. خېمىر قىلىنغاندا

باشقا خىمىر دورىلاردىن قاتتىقراق ياسىلىدۇ.

**3. قاچىلاش ۋە ساقلاش:**

ئىترىفىللار ياسىلىپ چىنە ـ قاچا ياكى شىشە قاچىلاردا ساقلىنىدۇ. ساقلىنىش جەريانىدا ئۆزگىرا رېئاكسىيەلىشىپ بىرىكىپ، گازلارنى چىقىرىپ، خۇددى قاينىغان ئۇماچقا ئوخشاش بۇلدۇقلايدۇ. بىراق ئېچىمايدۇ. شۇ چاغدىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. شۇڭا پات ـ پات قاچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم.

**4. تۇرۇش مۇددىتى:**

ئىترىفىللار ساقلاش جەريانىدا بۇزۇلۇپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتمىسىلا بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە ئۇنۇمىنى ساقلايدۇ. بەلكى يىلدىن ـ يىلغا قۇۋۋىتى ئېشىپ بارىدۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇنۇمى تۆۋەنلەيدۇ ياكى يوقىلىدۇ. بەدەن ئىچىدە بەش سائەتتىن 12 سائەتكىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**5. ئىترىفىللاردىن ئۈلگىلەر:**

**ئىترىفىل ئۇستۇقۇددۇس (ئۇستۇقۇددۇس ئىترىفىلى)**

تەركىبى:

سېرىق ھېلىلە پوستى 22 گىرام، ئاق تۇربۇت 22 گىرام، ھېلىلە كابۇلى پوستى 22 گىرام، بىستىپايەج 22 گىرام، بەلىلە پوستى 22 گىرام، ئۇستۇقۇددۇس 22 گىرام، قارا ھېلىلە 22 گىرام، مەستىكى 22 گىرام، ئامىلە 22 گىرام، ۋاسالغۇ 22 گىرام، سانا 22 گىرام، ھەسەل 792 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، سوقۇپ تاسقاپ بادام يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ. ئاندىن ھەسەلگە سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق توختىتىدۇ. چاچنى قارايتىدۇ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: باش ئاغرىقى، نېرۋا ئاجىزلىقى، بەلغەم، سەۋدا مەنبەلىك كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىچىش ۋاقتى: كۈنىگە بىر قېتىم ناشتىدا ياكى ئۇخلاش ۋاقتىدا 3 ~ 5 گىرامغىچە ئىترىفىلنى گاۋزىبان ئەرقى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئىترىفىل شاھتەررە (شاھتەررە ئىترىفىلى)**

تەركىبى:

شاھتەررە 105 گىرام، ئامىلە 45 گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 90 گىرام، قىزىلگۈل 15 گىرام، ھېلىلە كابۇلى پوستى 60 گىرام، ۋاسالغۇ 75 گىرام، بەلىلە پوستى 45 گىرام، ھەسەل 1371 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ تاسقىلىدۇ. ھەسەلنى ئېرىتىپ كۆپۈكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا دورىلارنى ئاز ـ ئازدىن سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: قاننى تازىلايدۇ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. جاراسىنىغا قارشى تۇرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل تېرە قىچىشقاقلىرى، نېرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدار ۋە ئىچىش ۋاقتى: ھەر كۈنى ناشتىدا تۆت گىرامدىن بىر قېتىم ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئىترىفىل سەغىر (كىچىك نۇسخا ئىترىفىل)**

تەركىبى:

سېرىق ھېلىلە پوستى 12 گىرام، ئامىلە 12 گىرام ھېلىلە كابۇلى پوستى 12 گىرام، بەلىلە پوستى 12 گىرام، قارا ھېلىلە 12 گىرام، ھەسەل 183 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئېرىتىپ چەككىلەنگەن ھەسەلگە ئاز ـ ئازدىن سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: مېڭىنى مۇھاپىزەت قىلىش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، زېھىننى ئېچىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: نېرۋا ئاجىزلىقى، يۈرەك كېسەللىكلىرى ۋە يەللىك بوۋاسىر كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىچىش ۋاقتى: كۈنىگە بىر قېتىم، ناشتىدا 5 ~ 7 گىرامغىچە دورىنى ئەرقى گاۋزىبان بىلەن بىللە ئىستېمال قىلىدۇ.

**ئىترىفىل كەبىر (چوڭ نۇسخا ئىترىفىل مەجۇنى)**

تەركىبى:

قارا ھېلىلە 18 گىرام، بوزىدان سەككىز گىرام، ھېلىلە كابۇلى پوستى 18 گىرام، شاقاقۇل سەككىز گىرام، بەلىلە پوستى 18 گىرام، تۇدەرى سۇرۇخ سەككىز گىرام، بەلىلە پوستى 18 گىرام، تۇدەرى سۇرۇخ سەككىز گىرام، ئامىلە 18 گىرام، تۇدەرى سەفىد سەككىزگىرام، قارىمۇچ 18 گىرام، لىسانىل ئا ساپىر سەككىز گىرام، پىلپىل 18 گىرام، بەھمەن سۇرۇخ سەككىز گىرام، زەنجىۋىل سەككىز گىرام، بەھمەن سەفىد سەككىز گىرام، بەسباسە سەككىز گىرام، پوستىدىن ئايرىلغان كۈنجۈت سەككىز گىرام، كۆكنار ئۇرۇقى سەككىز گىرام، ھەسەل 600 گىرام، تەرەنجىبىن 80 گىرام، كۈنجۈت يېغى 49 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بادام يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ. ھەسەلنى ئېرىتىپ كۆپۈكىنى ئېلىۋېتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن دورىلارنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل ئاشقازان كېسەللىكلىرى، خوسۇسەن كونا ئاشقازان كېسەللىكى، نېرۋا ئاجىزلىقى، يەلدىن بولغان بوۋاسىر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، سەمرىتىش، پەيىنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىچىش ۋاقتى: كۈنىگە بىر قېتىم، ناشتىدا 4 ~ 6 گىرام مەجۇننى ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئىترىفىل بەرەس (بەرەس ئىترىفىلى)**

تەركىبى:

ھېلىلە كابۇلى پوستى 30 گىرام، مەستىكى تۇققۇز گىرام، سانا 30 گىرام، ئەپسەنتىن 15 گىرام، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى 60 گىرام، ئۇرۇقى ئېلىنغان ئۈزۈم 90 گىرام، ئېگىر ئالتە گىرام، ھەسەل 240 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، ئېزىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: قاننى تازىلايدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بەھەق، بەرەس (ئاقكېسەل) گە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىچىش ۋاقتى: كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 ~ 8 گىرامغىچە دورىنى قايناق سۇ بىلەن (كۈندۈزى ئىستېمال) قىلىنىدۇ.

**ئىترىفىل ئەپتىمۇن (سېرىق ئوت ئىترىفىلى)**

تەركىبى:

ھېلىلە كابۇلى پوستى 40 گىرام، ئەپتىمۇن 20 گىرام، ئامىلە پوستى 40 گىرام، سانا 20 گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 40 گىرام، سەترەنجى 12 گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 40 گىرام، بىستىپايەج 12 گىرام، تۇربۇت مەۋسوپ (ياغىچى ئېلىنغان تۇربۇت) 20 گىرام، ئۇستقۇددۇس 12 گىرام، قىزىلگۈل 12 گىرام، قارا تۇز سەككىز گىرام، رۇمبەدىيان سەككىز گىرام، ھەسەل 732 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: قان تازىلاش، نېرۋا قوزغىلىشنى پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەپرا ماددىلىرىنى سۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل ئەسەبىي كېسەللىكلەر، سوغۇقتىن بولغان

www.uyghurkitap.com

ساراڭلىق، تۇتقاقلىق مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ھەمدە ئاق قان دانچىلىرى كۆپىيىپ كېتىش ۋە يۈرەك قان تومۇرلىرى قېتىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىچىش ۋاقتى: كۈنىگە بىر قېتىم 4 ~ 6 گىرامدىن ئىچىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىترىفىل بەديان (ئارپىبەديان ئىترىفىلى)**

تەركىبى:

يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى 7.5 گىرام، ئامىلە 7.5 گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 7.5 گىرام، قىزىلگۈل 7.5 گىرام، ھېلىلە كابۇلى پوستى 7.5 گىرام، ئارپىبەديان 55 گىرام، بەلىلە پوستى 7.5 گىرام، ھەسەل 291 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنى روشەن قىلىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: نېرۋا ئاجىزلىقى، كۆزنىڭ كۆرمەسلىكى ۋە باشقا كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم، ئەتىگەندە 10 ~ 15 گىرامغىچە 100 مىللىلىتىر ئەرقى بەديان بىلەن ئىچىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم ئايارەجلەر (ئاچچىق ياساملار)

**1. تەرىپى:**

ئايارەجلەر مەجۇن دورىلارنىڭ بىر خىلى بولۇپ، پەقەتلا تەمى ئاچچىق بولغانلىقى ئۈچۈن «ئايارەج» دەپ ئاتالغان. ئايارەجلەر كۆپىنچە ھەب (كۇمىلاچ) شەكلىدە ۋە خېمىر شەكلىدە ياسىلىدۇ.

**2. ياساش ئۇسۇلى:**

ئايارەج دورىلارنىڭ ياسىلىشى، ساقلىنىشى ئىترىفىلغا ئوخشايدۇ. بىراق بۇنىڭ تالقانلىرى ياغ بىلەن ياغلانمايدۇ. ئايارەجلەر ئىترىفىلغا ئوخشاش ساددە ۋە مۇرەككەپ دېگەن تۈرلەرگە ئايرىلمايدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا «ئايارەج» دېگەن ئاتالمىنى «مۇسھىل» (سۈرگۈچى) ۋە «مۇسلىھ» (ئىسلاھ قىلغۇچى، تۈزەتكۈچى) دەپ چۈشەندۈرگەن. «مۇسھىل» دېگىنى قويۇق ۋە بۇزۇق خىلتلارنى بەدەننىڭ يىراق ۋە چوڭقۇر جايلىرىدىن تارتىپ چىقىرىپ، بەدەن سىرتىغا ھەيدىگۈچى دېگەن مەنىدە بولىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەت باشقا سۈرگىلەردە بولمايدۇ. «مۇسلىھ» بەدەندىكى ماددىلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرغۇچى، ياخشىلىغۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، زىيانلىق ماددىلارنى زىيانسىزلاندۇرىدۇ.

ئايارەجلەرگە نام بېرىشتە تەركىبى ۋە ئىشلىتىش نىشانىغا ئاساسەن نام بېرىلمەستىن، بەلكى شۇ مۇرەككەپ دورىلارنى ئىجاد قىلغۇچى كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئايارەج جالىنۇس، ئايارەج بۇقرات دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

**3. تۈرۈش مۇددىتى:**

ئايارەجنىڭ ئۈنۈمىنى ساقلاش ۋاقتى ئىترىفىلغا ئوخشاش.

**4. ئايارەجلەردىن ئۈلگىلەر:**

**ئايارەج جالىنۇس (جالىنۇس ھېكىم ئىجاد قىلغان ئايارەج)**

تەركىبى:

شەھمەنزەل 48 گىرام، مۇرمەككى 12 گىرام، غارىقۇن 48 گىرام، سەكبىنەج 12 گىرام، ئەنسىل (تاغ پىيىزى) 48 گىرام، يۇمىلاق زىراۋەندە 12 گىرام، سوقمونىيا 48 گىرام، ئۇزۇنچاق زىراۋەندە 12 گىرام، خەربەق سىيا 48 گىرام، قارىمۇچ 12 گىرام، پەرپىيون 48 گىرام، پىلپىل 12 گىرام، هۇپارىقۇن 48 گىرام، دارچىن 12 گىرام، بىستىپايەج 21 گىرام، جاۋشىر 12 گىرام، كامازىرىيۇس 21 گىرام، قۇندۇزقەھرى 12 گىرام، ئەپتىمۇن 21 گىرام، پەتەر ئاسالىيۇن (تاغ چېكىسىيى) 21 گىرام، سەلىخە 21 گىرام، ھەسەل 504 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق توختىتىش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ھەر خىل جاراھەتلەرنى ساقايتىش، ھەيز ماڭدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سەرئى (تۇتقاقلىق كېسەل)، مالىخولىيا، تەشەننۇج (تارتىشىپ قېلىش)، پالەچ، سەكتە، رەئشە (تىترەش كېسىلى)، لەقۋا (يۈز نېرۋا پالەچى)، باش ئاغرىقى، شەقىقە (باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش)، باش قېيىش، قۇلاق ئېغىرلىقى (گاسلىق)، قۇلاق ئاغرىش، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئىرقۇننىسا (ئولتۇرغۇچى نېرۋا ئاغرىش)، چاچ چۈشۈپ كېتىش، جوزام، يامان سۈپەتلىك جاراھەت، دۈۋساق بوشىشىپ كېتىش، سۈيدۈك تۇتالماسلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىچىش ۋاقتى: كۈندە بىر قېتىم، 10 گىرامدىن ئاخشىمى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئايارەج پەيقىرا (ئاچچىق تەملىك ئايارەج)**

تەركىبى:

سۇمبۇل تۆت گىرام، مەستىكى تۆت گىرام، دارچىن تۆت گىرام، ئاسارۇن تۆت گىرام، ئۇد بىلسان تۆت گىرام، زەپەر تۆت گىرام، ھەببى بىلسان تۆت گىرام، سەبرە 32 گىرام، سەلىخە تۆت گىرام، ھەسەل 192 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ،

www.uyghurkitap.com

كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە تازىلايدۇ. قويۇق بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: باش ئاغرىقى، پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقى (رېماتىزم) ئاغرىقلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىچىش ۋاقتى: كۈنىگە بىر قېتىم، 4 ~ 6 گىرامغىچە دورىنى ئاخشىمى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى قايناق سۇ ياكى ھەسەل سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئايارەجلەر ئۆز تەركىبى بويىچە بۆرەككە زەرەر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئىستېمال قىلىدىغان چاغدا مۇۋاپىق مىقداردا چىلان ئىستېمال قىلىش لازىم. چۈنكى چىلان بۇنىڭ تۈزەتكۈچىسىدۇر. ھەممە ئايارەجلەرنى ئىترىفىللار بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنسا مېڭىنى تازىلايدۇ. گۈلقەنت قوشۇپ ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننى تازىلايدۇ. شۇڭا ئۇنى ئىستېمال قىلغاندا ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان قوشۇمچىلار بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلىش كېرەك.

**ئايارەج لوغازىيا (مۇرەككەپ شەھمەنزەل مەجۇنى)**

تەركىبى:

شەھمەنزەل 75 گىرام، خەربەق سىيا 12 گىرام، پۇچۇلانغان پىياز 12 گىرام، ئۇشەق 12 گىرام، غارىقۇن 12 گىرام، ئۇسقۇدرىيۇن 12 گىرام، سوقمونىيا (مەھمۇدە) 12 گىرام، ئەپتىمۇن 7.5 گىرام، مۇقەل 7.5 گىرام، سەلىخە ئالتە گىرام، سەبرە 7.5 گىرام، ئاقمۇچ ئالتە گىرام، كامازىرىيۇس 7.5 گىرام، جاۋشىر ئالتە گىرام، ھاشا (تاغ يالپۇزى) ئالتە گىرام، جۇندى بىدەستۇر ئالتە گىرام، رۇمبەدىيان ئالتە گىرام، سۇمبۇل ئالتە گىرام، سازەج ئالتە گىرام، پەتەر ئاسالىيۇن ئالتە گىرام، ياۋا تاغ جۇسىيى ئالتە گىرام، ئۇزۇن زىراۋەندە ئالتە گىرام، پەرپىيون ئالتە گىرام، ئەمەن ئۇسارىسى ئالتە گىرام، ھۇمامە ئالتە گىرام، جىنتىيانا ئۈچ گىرام، زەنجىۋىل ئالتە گىرام، ئۇستقۇددۇس ئۈچ گىرام، جۆئدە ئالتە گىرام، ھەسەل 840 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ، ئېرىتىپ كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ. دورا تەييارلىنىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، پەيىنى يۇمشىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مېڭە ئاغرىقلىرى، پەي كېسەللىكى، باش قېيىش ۋە باش ئاغرىقلىرى، بەرەس كېسەللىكى، قۇلاق ئاغرىقلىرى، پالەچ، لەقۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىچىش ۋاقتى: كۈنىگە بىر قېتىم 5 ~ 7 گىرام دورىنى ئاخشىمى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## تۆتىنچى بۆلۈم تەرياقلار (زەھەر قايتۇرغۇچى ياسالمىلار)

**1. تەرىپى:**

تەرياق سۆزى زەھەر قايتۇرغۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، تەركىبىگە «پادى زەھەر» قوشۇپ ياسىلىدىغان مۇرەككەپ خېمىر «تەرياق» دەپ ئاتىلىدۇ.

**2. تەرياقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى:**

«پادى زەھەر» زەھەر قايتۇرغۇچى ئاساسلىق تەركىب بولۇپ، ئۇ، مەدەنىي ۋە ھايۋانىي بولىدۇ. مەدەنىي پادى زەھەرلەر كانلاردىن تېپىلىدۇ. ئۇلار بەش خىل رەڭدە بولىدۇ. ھايۋانىي پادى زەھەرلەر ئۆي ھايۋانلىرى (كالا، قوي ۋە باشقىلار) ۋە قىسمەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئۆچەيلىرىدىن تېپىلىدىغان قاتتىق كىرىستال جىسىم بولۇپ، زەيتۇن ياكى ماش چوڭلۇقىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: دېڭىزىيا، يادا تاشلار پادى زەھەر ھايۋانىيلارغا مەنسۇپ.

تەرياقلار يۈرەك، مېڭە، جىگەر قاتارلىق رەئىس ئەزالارغا يۈزلەنگەن زەھەرنى قايتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نورمال خىزمەت ئىقتىدارىنى قوغدايدۇ.

تەرياقلار بەدەنگە تەسىر كۆرسەتكەن زەھەرلىنىڭ ماددىسىنىڭ مەنبەسى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ھەر خىل تەركىبتە ياسىلىدۇ. بەزىلىرىگە «مارى ئەفئى» (ئوق يىلان گۆشى)، بەزىلىرىگە ئەپيۇن قوشۇلىدۇ.

**3. تەييارلاش ئۇسۇلى:**

تەرياق تەركىبىدىكى قوشۇلىدىغان دورىلار سوقۇلغاندىن كېيىن، ھەسەل قوشۇپ يۇغۇرۇلۇپ خېمىر ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

**4. تۇرۇش مۇددىتى:**

تەرياقلار ياسىلىپ ئالتە ئاي ساقلانغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

تەرياقلار قائىدە بويىچە چىنە قاچىلاردا ساقلانسا 3 ~ 5 يىلغىچە ئۈنۈمىنى ساقلايدۇ.

**5. تەرياقلاردىن ئۈلگىلەر:**

**تەرياقى ئەربەئە**

تەركىبى:

جىنتىيانا تۆت گىرام، ھەببۇلغار تۆت گىرام، مۇر مەككى تۆت گىرام، ئۈزۈنچاق زىراۋاندە تۆت گىرام، ھەسەل 48 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ قائىدە بويىچە ئېزىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئېرىتىپ كۆپۈكىنى ئېلىپ تەييارلانغان ھەسەلگە سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قۇلۇنجى، تال، جىگەر كېسەللىكلىرىگە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ھەمدە تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. قورساقتىكى ئۆلۈپ قالغان بالىنى چۈشۈرىدۇ. توسالغۇلارنى ئېچىپ خىلتلارنىڭ نورمال ئىقتىدارىنى ساقلايدۇ. سوغۇقتىن بولغان كۆپ خىل كېسەللەرنى داۋالايدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم ئۈچ گىرامدىن قايناق سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

**تەرياقى ئەقرەب (چايان تەرياقى)**

تەركىبى:

مۇرمەككى ئالتە گىرام، ئاقىرقەرھا ئالتە گىرام، ھەببۇلغار ئالتە گىرام، زەنجىۋىل ئالتە گىرام، قۇستە تەلخ ئالتە گىرام، پىلپىل ئالتە گىرام، پۇدىنە ئالتە گىرام، ھىلىڭ ئالتە گىرام، جۇندى بىدەستۇر ئالتە گىرام، ھەسەل 180 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ تالقان قىلىپ، ھەسەلنى ئېرىتىپ تەييارلاپ، ئۇنىڭغا تالقانلارنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: چايان چېقىۋالغانلاردا چايان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: چايان چاققانلار يېسە ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم ئىككى گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**تەرياقى نەزلە (نەزلە تەرياقى)**

تەركىبى:

ئۇستىقۇدۇس سەككىز گىرام، خەشخاش ئۇرۇقى 88 گىرام، گۇلى گاۋزىبان 24 گىرام، رۇبىسۇس سەككىز گىرام، ئامۇت ئۇرۇقى 24 گىرام، نىشاستە سەككىز گىرام، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى 24 گىرام، سەمغى ئەرەبى سەككىز گىرام، تۇخۇمى كاھۇ 32 گىرام، يۇمغاقسۇت سەككىز گىرام، بەزرۇلبەنجى 56 گىرام، كەتىرا سەككىز گىرام، خەشخاش پوستى 56 گىرام، قەنت ياكى ئاق شېكەر 500 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، نىشاستە، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، رۇبىسۇسلاردىن باشقا ئورۇنلارنى قايناق سۇغا چىلاپ، بىر كېچە ـ كۈندۈز تۇرغۇزۇپ، ئەتىسى قاينىتىپ سىقىلىدۇ. سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قەنت بىلەن قىيام قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىقى دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: نەزلە ماددىلىرىنى تەڭشەيدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: نەزلە كېسەللىكى ۋە ھەر خىل يۆتەللەرگە، بولۇپمۇ ئىسسىقتىن بولغان يۆتەللەرگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىچىش ۋاقتى: ئەتىگەن ناشتىدا ئەرقى گاۋزىبان بىلەن توققۇز گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**تەرياقى سۇمۇم (زەھەرگە قارشى تەرياق)**

تەركىبى:

مۇرمەككى 10 گىرام، چىگىسەي ئۇرۇقى 10 گىرام، ئەپسەنتىن 10 گىرام، ھەسەل 30 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، كۆپۈكى ئېلىنىپ تەييارلانغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: سىماب، سەمىمۇلفار، مەدەستان، كەپەرەسلەرنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. يۇقىرىدىكى دورىلار بىلەن زەھەرلىنىپ قالغان كىشىلەرنىڭ زەھەرلىنىشىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم ئالتە گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئارقىدىن 120 مىللىلىتىر شاراب ئىچىلىدۇ.

**تەرياقى سامانىيە (كۆپ ئۈنۈملۈك تەرياق)**

تەركىبى:

مۇرمەككى 15 گىرام، ئاچچىق قۇستە 15 گىرام، ھەببۇلغار 15 گىرام، قارىمۇچ 12 گىرام، جىنتىيانا 15 گىرام، سەلىخە 15 گىرام، بىدىمۇشكى 15 گىرام، زەپەر 7.5 گىرام، دارچىن 7.5 گىرام، ھەسەل 351 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: يەللەرنى تارقىتىدۇ، زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سەرئى (تۇتقاقلىق كېسەل)، رەئىشە (ئەزالار تىترەش)، لەقۋا، پالەچ ۋە باشقا پەي تارتىشىپ قېلىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىچىش ۋاقتى: ھەر كۈنى ناشتىدا ئارپىبەدىيان ئەرقى بىلەن بىللە تۆت گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## بەشىنچى بۆلۈم جاۋارىشلار

**1. تەرىپى:**

«جاۋارىش» لار خېمىر دورىلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئاشقازاندىكى ناچار

خىلىتلارنى ھەيدەپ چىقىرىدىغان، ئاشقازان كېسەللىكلىرى ئۈچۈن مەخسۇس مۇرەككەپ ياسالما.

جاۋارىشنى يەنە «ھازىم» (ھەزىمنى كۈچەيتكۈچى ياسالما) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ، يۇمشاتقۇچى، قىزىتقۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، تاماق سىڭدۈرگۈچى ياكى ھەزىم قىلدۇرغۇچى دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

**2. جاۋارىشلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى:**

جاۋارىشلار تەييارلىنىش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) دورىلارنىڭ ئاشقازاندا توختاش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەركىبىگە قوشۇلغان يەككە دورىلار يېرىكرەك سوقۇلىدۇ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

(2) باشقا خېمىر دورىلارغا قارىغاندا تەمى تاتلىق بولىدۇ. خېمىر قىلىشتا ئاغرىقنىڭ مىزاجىغا ئاساسەن، جاۋارىشلارنىڭ بەزىلىرىگە شېكەرنى قىيام قىلغاندىن كېيىن سۈۋۈتۈپ دورا تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بەزىلىرىدە قىيام سۈۋۈتۈلگەندىن كېيىن قىيام ئۈستىگە ھەسەل سېلىپ ئاندىن ياسىلىدۇ. بەزىلىرى خاس ھەسەل بىلەن ياسىلىدۇ. شېكەر بىلەن ھەسەلنى ئارىلاشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، شېكەرنى قىيام قىلماي ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ياسالسىمۇ بولىدۇ.

**3. قاچىلاش، ساقلاش ئۇسۇلىرى ۋە تۇرۇش مۇددىتى:**

قاچىلاش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى قۇۋۋەتنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى مەجۇن دورىلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

**4. جاۋارىشلاردىن ئۈلگىلەر:**

**جاۋارىش ئەنبەر (ئەنبەر جاۋارىشى)**

تەركىبى:

لاچىندانە يەتتە گىرام، پوستى ئۇترۇج ئىككى گىرام، قاقىلە يەتتە گىرام، مەستىكى ئۈچ گىرام، بەسباسە يەتتە گىرام، ئەنبەر ئۈچ گىرام، دارچىن يەتتە گىرام، زەپەر ئۈچ گىرام، زەنجىۋىل تۆت گىرام، جويۇز سەككىز گىرام، پىلپىل تۆت گىرام، ئىپار ئىككى گىرام، تاباشىر ئىككى گىرام، مەرۋايىت ئۈچ گىرام، سازەج ئىككى گىرام، ھەسەل 200 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى قائىدە بويىچە سوقۇپ، نېپىز ئەلگەكتە تاسقاپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازاننى قىزىتىپ، ئاشقازاندىكى ۋە جۇملىدىن بەدەندىكى قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان كېسەللىكى ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ھەمدە مېڭە، يۈرەك كېسەللىكلىرى، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىشلارنى داۋالاش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، ئىككى گىرامدىن ئەرقى بەدىيان بىلەن بېرىلىدۇ.

**جاۋارىش دارچىن (دارچىن جاۋارىشى)**

تەركىبى:

دارچىن 20 گىرام، ئاسارۇن 15 گىرام، قەلەمپۇر 15 گىرام، زەنجىۋىل 10 گىرام، يالپۇز 25 گىرام، قارىمۇچ 15 گىرام، لاچىندانە ئالتە گىرام، پىلپىل 15 گىرام، گۇلدارچىن ئالتە گىرام، سۇمبۇل 15 گىرام، رۇمبەدىيان 10 گىرام، سەلىخە 10 گىرام، مەستىكى 10 گىرام، ئارپىبەدىيان 10 گىرام، ھەسەل 180 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى قائىدە بويىچە ئېلىپ، چالا سوقۇپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازان مىزاجىنى ئۆزگەرتىپ ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك ئاجىزلىقلىرىنى داۋالاش، ئاشقازاننى كۈچەيتىش، يەللەرنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ھەر كۈنى تاماقتىن كېيىن ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا ئالتە گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**جاۋارىش زەرئۈنى (بۆرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى جاۋارىش)**

تەركىبى:

سەۋزە ئۇرۇقى 15 گىرام، زەپەر ئالتە گىرام، چىگسەي ئۇرۇقى 15 گىرام، مەستىكى ئالتە گىرام، بېدە ئۇرۇقى 15 گىرام، ئۇد خام ئالتە گىرام، جۇۋنە 15 گىرام، بەسباسە توققۇز گىرام، ئارپىبەدىيان 15 گىرام، قەلەمپۇر توققۇز گىرام، قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى 15 گىرام، كاۋاۋچىن توققۇز گىرام، چىگسەي يىلتىزىنىڭ پوستى 15 گىرام، قارىمۇچ توققۇز گىرام، ئاقىرقەرھا ئالتە گىرام، ئاق قەنت 190 گىرام، سەلىخە ئالتە گىرام، ھەسەل 200 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى قائىدە بويىچە سوقۇپ، تاسقاپ، قەنتنى ئېرىگەن ھەسەلدە ئېرىتىپ، دورا تالقىنىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

داۋالايدىغان كېسەللىكى: بۆرەك، بەل ئاغرىقلىرى، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، 4 ~ 6 گىرامغىچە دورىنى ئەرقى بەدىيان بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

جاۋارىش زەنجىۋىل (زەنجىۋىل جاۋارىشى)

تەركىبى:

جويۇز 15 گىرام، قەلەمپۇر 10 گىرام، زەپەر ئۈچ گىرام، دارچىن 10 گىرام، سەمغى ئەرەبى 22 گىرام، نىشاستە 90 گىرام، لاچىندانە 22 گىرام، ئاق قەنت 270 گىرام، زەنجىۋىل 37 گىرام

تەييارلىنىشى: دورىلارنى قائىدە بويىچە سوقۇپ، تاسقاپ، ئاق قەنتنى قىيام قىلىپ، دورا تالقانلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەلغەمنى تازىلايدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. تاماق سىڭدۈرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم، ئالتە گىرامغىچە دورىنى ئەرقى بەدىيان بىلەن ئىچىلىدۇ.

جاۋارىش مەستىكى (مەستىكى جاۋارىش)

تەركىبى:

مەستىكى 10 گىرام، قەنت 200 گىرام، ئەرقى گۈلاب 100 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: مەستىكىنى سوقۇپ، تاسقاپ، قەنتنى گۈلابتا قىيام قىلىپ سوۋۇتۇپ، مەستىكىنى سېلىپ يۇغۇرۇلىدۇ.

تەبىئىتى: هۆل ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازاندىكى ئوشۇقچە سۇيۇقلۇقنى سۈرۈپ چىقىرىش تەسىرى بار.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان، جىگەر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىشنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئۈچ گىرامدىن قايناق سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

جاۋارىش كۇندۇر (كۇندۇر جاۋارىشى)

تەركىبى:

دارچىن ئالتە گىرام، جويۇز 15 گىرام، كۇندۇر توققۇز گىرام، بەسباسە 15 گىرام، خۇلىنجان توققۇز گىرام، سۇمبۇل 15 گىرام، سەلىخە 12 گىرام، قاقىلە كىبار 15 گىرام، لاچىندانە 12 گىرام، مەستىكى 18 گىرام، قەلەمپۇر 15 گىرام، ھەسەل 306 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى قائىدە بويىچە ئېزىپ، تاسقاپ، كۆپۈكى

ئېلىنغان ھەسەلگە دورا تالقانلىرىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: سۈيدۈك توختىتىدۇ. بەدەندىكى ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مەنىي ۋە سۈيدۈكنى تىزگىنلىيەلمەيدىغان كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئۈچ گىرامدىن دەملىگەن چاي بىلەن ئىچىلىدۇ.

**جاۋارىش سەپەرجىل (بېھى جاۋارىشى)**

تەركىبى:

بېھىنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى 900 مىللىلىتىر، قارىمۇچ 10 گىرام، ئاقمۇچ 10 گىرام، ھەسەل 900 گىرام، پىلپىل 10 گىرام، سىركە 100 مىللىلىتىر، مەستىكى ئالتە گىرام، زەنجىۋىل 15 گىرام، دارچىن 10 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنىڭ قاتتىقلىرىنى سوقۇپ، تاسقىلىدۇ. سىركە ۋە بېھىنىڭ سۈيىدە ھەسەلنى قىيام قىلىپ، دورا تالقانلىرىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازاننى كۈچەيتىپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان، جىگەر، يۈرەك ئېغىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 گىرامدىن بېرىلىدۇ.

**جاۋارىش خۇزى (ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى جاۋارىش)**

تەركىبى:

ئۈزۈم ئۇرۇقى 90 گىرام، كۈندۈر 15 گىرام، ھەببۇلئاس 180 گىرام، جۆۋىنە 15 گىرام، خەرنۇپ 30 گىرام، سەئدى كۇفى 15 گىرام، ئانار گۈلى 30 گىرام، سۇمبۇل 15 گىرام، گەزمازەج 30 گىرام، مەستىكى 15 گىرام، جويۇز 30 گىرام، شېكەر 730 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، ئاۋۋال ئۈزۈم ئۇرۇقىنى سىركىگە بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ، سۈزۈۋېلىپ سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن چالا قورۇپ بەكمۇ يۇمشاق سالايە قىلىنىدۇ، ھەببۇلئاسنى چالا قورۇپ سوقۇلىدۇ ۋە پۈتۈن دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، شېكەرنى ئەرقى گۈلاب بىلەن قىيام قىلىپ، قىيام سوۋۇغاندىن كېيىن، ھەممە دورىلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئىچ ئۆتكۈ كېسەللىرى، ئاشقازان كېسەللىكلىرىنى

داۋالاش، ئىشتىھا ئېچىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. خۇسۇسەن كىچىك بالىلارنىڭ ئاشقازان ـ ئۈچەي كېسەللىرى ئۈچۈن بەكمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 3 ~ 8 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا يېشىغا قاراپ مۇۋاپىق ئازايتىلىدۇ.

### جاۋارىش جالىنۇس (گالېن جاۋارىشى)

تەركىبى:

سۇمبۇل ئالتە گىرام، قۇستەبەھرى ئالتە گىرام، قاقىلە ئۇرۇقى ئالتە گىرام، بىلسان ياغىچى ئالتە گىرام، قىلىن دارچىن ئالتە گىرام، ئاسارۇن ئالتە گىرام، دارچىن ئالتە گىرام، ھەببۇلئاس ئالتە گىرام، خولىنجان ئالتە گىرام، قەسبۇزەرىرە ئالتە گىرام، قەلەمپۇر ئالتە گىرام، زەپەر ئالتە گىرام، سۆئدى ئالتە گىرام، جىنتىيانا 12 گىرام، زەنجىۋىل ئالتە گىرام، مەستىكى 30 گىرام، قارىمۇچ ئالتە گىرام، ئاق قەنت 138 گىرام، پىلپىل ئالتە گىرام، ھەسەل 276 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسىتىمە بويىچە ئېلىپ، زەپەردىن باشقىلىرىنى چالا سوقۇپ تاسقاپ، ھەسەلنىڭ كۆپۈكىنى ئېلىۋېتىپ، قەنتنى قىيام قىلىپ، ھەسەلگە قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭغا سوقۇلغان زەپەرنى سېلىپ، ئوبدان ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، قالغان تالقانلارنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق قالدۇرۇش، ئىچ توختىتىش، يەل ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان ـ ئۈچەي ئاغرىقلىرى، جىگەر ئاغرىقلىرى، مۇپاسىل، گال ئاغرىقى، سارالغلىق، سۈيدۈك كۆپ كېلىش، ھۆللۈكتىن بولغان باش ئاغرىقى، يۆتەل، بوۋاسىر، تەمرەتكە، قارا داغ، يانپاش ئاغرىقى، كۆپ ئۇخلاش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ھەمدە سۈيدۈك يوللىرىدىكى تاشنى ئېرىتىپ چۈشۈرۈش، چاچنىڭ قارىلىقىنى ساقلاش، بۆرەكنى قىزىتىش، جىنسىي ئاجىزلىقنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 6 ~ 9 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا يېشىغا قاراپ مىقدارى مۇۋاپىق ئازايتىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: يۇقىرىدىكى كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن بۇ دورىنى ئاز بولغاندا 20 كۈن داۋاملىق ئىستېمال قىلىش لازىم.

### جاۋارىش بالادۇر (بالادۇر جاۋارىشى)

تەركىبى:

سېرىق ھېلىلە پوستى 144 گىرام، مەستىكى 24 گىرام، قارا ھېلىلە 144 گىرام، پىلپىل سەككىز گىرام، كابۇل ھېلىلىسى پوستى 144 گىرام، دارچىن سەككىز گىرام، ئامىلە 144 گىرام، زەنجىۋىل سەككىز گىرام، سىيادانە 96 گىرام، ئۇشەق سەككىز



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

گىرام، كاۋاۋچىن 48 گىرام، سازەج تۆت گىرام، بالادۇر ھەسلى 24 گىرام، شېكەر 2400 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، بالادۇردىن باشقىسىنى چالا سوقۇپ تاسقىلىدۇ. قىسقۇچنى قىزىتىپ، قىزىغان قىسقۇچ بىلەن بالادۇرنى سىقىپ ھەسلى ئېلىنىدۇ. ئارقىدىن شېكەرنى قىيام قىلىپ، قىيام سوۋۇغاندىن كېيىن بالادۇر ھەسلىنى ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئارقىدىن قالغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق قالدۇرۇش، ئاشقازان ـ ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان ـ ئۈچەي كېسەللىكلىرى، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، تۇتقاقلىق كېسەل، لەقۋا، پالەچ، يىقىلما كېسەل (سەرئى)، ئۇنتۇغاقلىق، باش قېيىشلاردا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم، 3 ~ 4 گىرامغىچە بېرىلىدۇ.

**جاۋارىش كۆمۈنى (زىرە جاۋرىشى)**

تەركىبى:

زىرە مۇدەببەر 200 گىرام، قېلىن دارچىن سەككىز گىرام، قارىمۇچ 60 گىرام، نېپىز دارچىن سەككىز گىرام، زەنجىۋىل 80 گىرام، سۇمبۇل سەككىز گىرام، سۇزاپ ياپرىقى 80 گىرام، بىلسان ئۇرۇقى سەككىز گىرام، ئاق توغرىغۇ 20 گىرام، مەستىكى سەككىز گىرام، دارچىن سەككىز گىرام، ھەسەل 1464 گىرام.

تەييارلىنىشى: زىرىنى توپا ـ ئەخلەتلىرىدىن ئايرىپ قاچىغا سېلىپ، زىرىدىن تۆت ئىلىك يۇقىرى چىققىدەك سىركە قۇيۇلىدۇ ۋە بىر كېچە ـ كۈندۈز تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن زىرىنى سۈزۈۋېلىپ، سايە يەردە قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن ئازراق تەپ بېرىپ (ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈپ) قۇرۇتۇلىدۇ، چالا سوقۇلىدۇ. بۇ، زىرە مۇدەببەر (چارە كۆرۈلگەن زىرە) دېيىلىدۇ. زىرىدىن باشقا پۈتۈن دورىلارنى سوقۇپ، تاسقىلىدۇ. كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە توغرىغۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، قالغان دورىلارنى توغرىغۇ قوشۇلغان ھەسەلگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق قالدۇرۇش، ئىشتىھانى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل ئاشقازان، ئون ئىككى بارماق ئۈچەي ئاغرىقلىرى، يارىلىرى، ئۈچەي كېسەللىرىگە، ئاياللارنىڭ بادرېھىم (بالىياتقۇ يەل كېسىلى)، يېغىدىن بولغان سېرىقئەت يىرتىلىش (گىرىژا) كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 3 ~ 4 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا يېشىغا قاراپ مىقدارىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىپ يېگۈزۈلىدۇ.

## ئالتىنچى بۆلۈم مەجۇن دورىلار

**1. تەرىپى:**

ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ خېمىر قىلىنغان مۇرەككەپ دورىلار مەجۇن دېيىلىدۇ (كۆپلۈك سانى مەجۇنات دەپ ئاتىلىدۇ). مەجۇناتلار يۇغۇرۇلما دورىلارنىڭ خېمىر، ئىترىفىل، ئايارەج، جاۋارىش ۋە تەرياقلاردىن ئىبارەت ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان تۈرلىرىدىن باشقا، نۇرغۇن خىل يەككە دورىلار قوشۇپ ياسالغان، كەڭ تەسىرلىك خېمىرسىمان ياسالمىلاردىن ئىبارەتتۇر.

**2. مەجۇنلەرنىڭ تەسىرى:**

مەجۇنلەر (1) تومۇرلاردىكى توسالغۇ (سۇددە) لەرنى ئېچىش؛ (2) بەدەن ئىچىدىكى بۇزۇق خىلىتلارنى چىقىرىپ تاشلاش؛ (3) كىشىنىڭ رەڭگىروينى چىرايلىقلاشتۇرۇش، چىرايىنى نۇرلاندۇرۇش؛ (4) بەدەننى سەمىرىتىش؛ (5) ساغلاملىقنى قوغداش، ئاغرىق پەسەيتىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

**3. قۇۋۋىتىنىڭ تۇرۇش مۇددىتى:**

مەجۇن دورىلارنى تەلەپكە لايىق قاچىلاپ ياخشى ساقلانسا ئۈچ يىل تولۇق ئۈنۈمىنى ساقلايدۇ.

**4. مەجۇنلەردىن ئۈلگىلەر:**

**مەجۇنى خىيارشەنبەر (خىيارشەنبەر مەجۇنى)**

تەركىبى:

پۈنۈس 300 گىرام، ئارپىبەدىيان 15 گىرام، خىيارشەنبەر 300 گىرام، رۇمبەدىيان 15 گىرام، قەنت 300 گىرام، مەستىكى 15 گىرام، ھەسەل 300 گىرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قايناتمىسى 27 گىرام، بىنەپشە 120 گىرام، سوقمونىيا 45 گىرام، تۇربۇت 120 گىرام، بادام يېغى 120 مىللىلىتىر، ھىندى تۇزى 23 گىرام، گۈل يېغى 120 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، ھەسەلنى ئېرىتىپ، ئۈستىگە قەنتنى سېلىپ ئېرىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا ياغنى قۇيۇپ، دورا تالقانلىرىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: ئۈچەي ھۆللۈك يەتكۈزۈپ، سەپرانى سۈرۈپ چىقىرىش، قولۇنجىنى پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قۇرۇقلۇقتىن بولغان سەپراۋى قولۇنجىنى داۋالاش ئۈچۈن سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**مەجۇنى چۆپچىن (چۆپچىن مەجۇنى)**

تەركىبى:

قەلەمپۇر تۆت گىرام، جەدۋار يەتتە گىرام، جويۇز تۆت گىرام، دارچىن 1.5 گىرام، بەسباسە تۆت گىرام، قاقىلە 1.5 گىرام، قىزىلگۈل تۆت گىرام، قارىمۇچ 1.5 گىرام، زەپەر تۆت گىرام، مەستىكى 1.5 گىرام، زەرچىۋە (زەردچوبە) تۆت گىرام، سۆرۈنجان 1.5 گىرام، خولىنجان تۆت گىرام، بوزىدان 1.5 گىرام، سەئدى كۇفى تۆت گىرام، سانا 1.5 گىرام، زەنجىۋىل يەتتە گىرام، لىسانىل ئا ساپىر 1.5 گىرام، پىلپىل يەتتە گىرام، چۆپچىن 86 گىرام، ئاقىرقەرھا يەتتە گىرام، ھەسەل 160 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئېزىپ، تاسقاپ ھەسەلنى ئېرىتىپ، دورا تالقانلىرىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازان، جىگەر، مېڭە، بۆرەكلەرنى كۈچەيتىدۇ. رەڭگىرويىنى چىرايلىق، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان، جىگەر، مېڭە، بۆرەك ئاجىزلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا تۆت گىرامنى قايناق سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

**مەجۇنى ماسكبەۋل (سۈيدۈكنى چەكلىگۈچى مەجۇن)**

تەركىبى:

ئاقاقىيا توققۇز گىرام، قىزىل ماش ئالتە گىرام، ئانار گۈلى توققۇز گىرام، قەسبۇزەرىرە ئالتە گىرام، قىيمىقۇقى ئۇرۇقى ئالتە گىرام، ئاق سەندەل ئالتە گىرام، سەمغى ئەرەبى ئالتە گىرام،

قىزىل سەندەل ئالتە گىرام، تاباشىر ئالتە گىرام،

ھەببۇلئاس سەككىز گىرام، كۇندۇر ئۈچ گىرام

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى سوقۇپ، جۇلاپى قىئام بىلەن خېمىر قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: سۈيدۈك قېتىم سانىنى ئازايتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سۈيدۈك تۇتالماسلىقلاردا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم ئالتە گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**مەجۇنى سوم (سامساق مەجۇنى)**

تەركىبى:

ئاقلانغان سامساق 270 گىرام، كاۋاۋىچىن ئالتە گىرام، زەنجىۋىل ئالتە گىرام،

جويۇز ئالتە گىرام، پىلپىل ئالتە گىرام، ئاقىرقەرھا ئالتە گىرام، قارىمۇچ ئالتە گىرام، زەپەر ئۈچ گىرام، دارچىن ئالتە گىرام، گۈل يېغى 30 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: سامساقنى سوقۇپ، 400 مىللىلىتىر كالا سۈتىدە تاكى سۈت سامساققا سىڭىپ بولغۇچە قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 400 گىرام ھەسەل بىلەن قىيام قىلىنىدۇ. قازاننى ئوتتىن ئېلىپ گۈل يېغى ئېلىشتۇرۇلىدۇ. دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، يۇقىرىقىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: زەھەر قايتۇرۇش، سوغۇق يەللەرنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان ئاجىزلىقى، پالەچ، ئۇنتۇغاقلىق، تىترەشلىك پالەچ، دەم سىقىش، تىل كالۋالىشىش، بەلغەملىك يۆتەل، ئاۋاز بوغۇشلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە توققۇز گىرامدىن بىر قېتىم بېرىلىدۇ.

**مەجۇنى نۇجاھ (نېرۋىنى كۈچەيتكۈچى مەجۇن)**

تەركىبى:

كابۇل ھېلىلىسى پوستى 30 گىرام، تۇربۇت 15 گىرام، بەلىلە پوستى 30 گىرام، بىستىپايەج 15 گىرام، ئامىلە 30 گىرام، ئۇستىقۇددۇس 15 گىرام، قارا ھېلىلە 30 گىرام، ھەسەل 360 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سەۋدا ماددىسىنى تەڭشەيدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مالىخولىيا، سەۋدادىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەل، نېرۋا ئاجىزلىقى، ھەر خىل مېڭە كېسەللىكلىرى، ھىستېرىيە (ئىپتىنا قۇررەھمى) قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ـ 6 گىرامغىچە تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**مەجۇنى ماددەتۇلھايات (ھاياتلىق ماددىسىنى تولۇقلىغۇچى مەجۇن)**

تەركىبى:

زەنجىۋىل 30 گىرام، زىراۋەندە 30 گىرام، قارىمۇچ 30 گىرام، سۆئلەپ 30 گىرام، پىلپىل 30 گىرام، چىلغوزا مېغىزى 30 گىرام، بابۇنە يىلتىزى 30 گىرام، دارچىن 30 گىرام، نارجىل 30 گىرام، ئامىلە پوستى 30 گىرام، بابۇنە ئۇرۇقى 15 گىرام، بەلىلە پوستى 30 گىرام، ۋاسالغۇ 90 گىرام. سەترەج 30 گىرام ھەسەل 1395 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، تاسقىلىدۇ. ۋاسالغۇنى ئايرىم

سوقۇپ ھەسەلگە سېلىپ ئۇبدان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئارقىدىن قالغان دورىلارنى سېلىپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھۆللۈكنى يوقىتىدۇ، سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلايدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مېڭە ئاجىزلىقى، پالەچ، ئاشقازان ـ ئۈچەي كېسەللىكلىرى، تىل ئېغىرلىشىش، ئىشتىھاسىزلىق، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش، بەل ئاغرىقى، بۆرەك ئاغرىقى، جىگەر كېسەللىكلىرى، يەلدىن بولغان قولۇنجى كېسەللىكىنى داۋالاشقا ۋە سوغۇق مىزاج كىشىلەر مىزاجىنى تەڭشەشكە ئىشلىتىلىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا رەڭگىرويىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ، ئېغىزدىكى سېسىق پۇراقنى يوقىتىدۇ، چىشنى چىڭىتىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۈنىگە بىر قېتىم، 4 ~ 8 گىرام مەجۇننى تاماقتىن كېيىن بېرىلىدۇ.

**مەجۇنى نۇشدارى (ئامىلە مەجۇنى)**

1 ـ خىل تەركىبى:

قىزىلگۈل 18 گىرام، مەستىكى توققۇز گىرام، سەئدى كۇفى 15 گىرام، سۇمبۇل توققۇز گىرام، قەلەمپۇر توققۇز گىرام، ئاسارۇن توققۇز گىرام، زەرنەپ ئالتە گىرام، نېپىز دارچىن ئالتە گىرام، بەسباسە ئالتە گىرام، زەپەر ئالتە گىرام، قاقىلە ئالتە گىرام، ئامىلە 360 گىرام، لاچىندانە ئالتە گىرام، قەنت 720 گىرام، جويۇز ئالتە گىرام، ھەسەل 720 گىرام.

2 ـ خىل تەركىبى:

ئىپار تۆت گىرام، پەرەنجمىشكى سەككىز گىرام، تۆشۈكى يوق مەرۋايىت سەككىز گىرام، سازەج ھىندى سەككىز گىرام، بۇ تۆت خىل دورا يۇقىرىدىكى تەركىبكە قوشۇلسا ئىككى تەركىب «ئانۇش دارى» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلاردىن ئامىلەنى ئىككى سائەت ئۆچكە سۈتىگە چىلاپ سۈتتىن سۈزۈۋېلىپ، سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇپ، 6.480 مىللىلىتىر سۇ بىلەن سۈيى تۈگەپ ئامىلەسى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ. ئاندىن سىم ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، قەنت بىلەن ھەسەلنى قىيام قىلىپ، كۆپۈكىنى ئېلىپ، قىيام سوۋۇغاندىن كېيىن ئەلگەكتىن ئۆتكەن ئامىلەنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، پۈتۈن دورىلارنى سېلىپ ئۇبدان ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىپ چىنە قاچىدا ساقلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: يۈرەك، مېڭە، تال، جىگەر، بۆرەك ۋە باشقا ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، رەڭگىرويىنى گۈزەللەشتۈرۈش، ئېغىز سېسىقلىقىنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلى، يۈرەك كېسىلى، تۇتقاقلىق

نېرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا، ئىشتىهانى زىيادە قىلىش، جىنسىي ئاجىزلىقنى داۋالاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. داۋاملىق يېسە كىشىنى تېتىكلەشتۈرىدۇ. خۇشلۇق پەيدا قىلىدۇ. نەپەسنى كۇشادىلەشتۈرىدۇ، پات قېرىشقا قارشى تۇرىدۇ، زېهنىنى ئاچىدۇ. ئىستىسقانىڭ باشلانغۇچ ۋاقىتلىرىدا ئىشلىتىلسە تېز تەسىر قىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە ئىككى قېتىم، هەر قېتىمدا 5 ~ 9 گىرامغىچە تاماقتىن ئىلگىرى ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەهۋالغا قاراپ مىقدارى ئازايتىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: دورىنى ئىجاد قىلىپ تەجرىبە قىلغان هۆكۇمالار «ئامىلە ئورنىدا بېهىنى پىشۇرۇپ سېلىنسا نۇشدارى سەپەرجەلى» بولىدۇ. بۇنى ئاشقازان كېسەللىكى بولغان ئىسهاللار ئۈچۈن ئىشلىتىلسە ناهايىتى تېز تەسىر قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ.

مەجۇنى ۋەج (ئېگىر مەجۇنى)

تەركىبى:

ئېگىر 28 گىرام، سەئتەر 28 گىرام، ئايارەج پەيقىرا 28 گىرام، هىلىتىت (هىڭ) 28 گىرام زەنجىۋىل 28 گىرام، ئارپىبەدىيان 28 گىرام، هەسەل 504 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، هەسەلنى 336 مىللىلىتىر ئەرقى بەدىيان بىلەن قىيام سوۋۇغاندىن كېيىن دورىلارنى سېلىپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: بەدەندىكى سۇيۇقلۇقلارنى قۇرۇتۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كۆزنىڭ سۇلىشىشى، روشەن كۆرمەسلىك، كۆزگە هەر خىل نەرسىلەر ئۇچقاندەك كۆرۈنۈش، بىر نەرسىنىڭ ئەينى كۆرۈنمەي چېچىلاڭغۇ كۆرۈنۈشلىرى (نۇر يىغىلماسلىق) ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە ناشتىدا بىر قېتىم 3 ~ 4 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەهۋالغا قاراپ تەڭشەپ ئىشلىتىلىدۇ.

مەجۇنى مۇقەۋۋى مەئدە ( I ) (ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى مەجۇن)

تەركىبى:

توم زەنجىۋىل 40 گىرام، پىلپىل 40 گىرام، قەلەمپۇر 60 گىرام، قارىمۇچ 40 گىرام، جۇۋىنە 80 گىرام، زەمچە 40 گىرام، زەپەر سەككىز گىرام، دارچىن 40 گىرام، هەسەل 1.044 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تاسقىلىدۇ. زەپەرنى ئايرىم سالايە قىلىپ، كۆپۈكى ئېلىنغان هەسەلگە سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن قالغان دورىلارنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازان هۆللۈكىنى تازىلاش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان كېسەللىكلىرى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئاشقازان كېسىلىدىن بولغان ئىسھاللارغا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىمدا 3 ~ 4 گىرامنى (ھەتتا ئەھۋالغا قاراپ سەككىز گىرامغىچە) ئىستېمال قىلىنىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**مەجۇنى بۇقرات (ھۆكۈما بۇقرات مەجۇنى)**

تەركىبى:

رۇمبەدىيان 40 گىرام، مەستىكى ئۈچ گىرام، چىگىسەي ئۇرۇقى 40 گىرام، قەلەمپۇر ئۈچ گىرام، سەۋزە ئۇرۇقى 40 گىرام، ئاقىرقەرھا ئۈچ گىرام، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى 40 گىرام، ئۇد دەرىخىنىڭ ياغىچى ئۈچ گىرام، قىزىلگۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېرىقى ئالتە گىرام، قەنت 178 گىرام، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 356 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ قەنتنى قىيام قىلىپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە قوشۇپ، قالغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: جىنسىي ئاجىزلىقنى ياخشىلاش، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: جىنسىي مۇئامىلىدە ئاجىز كىشىلەرگە، ئاشقازان ۋە جىگىرى زەئىپلەشكەنلەرگە بېرىلىدۇ ۋە ئۆپكىدىكى ھۆللۈكلەرنى چىقىرىپ تاشلاش، مەيدە ئاغرىقنى پەسەيتىش، ئىشتىھا ئېچىش، قىلقۇرتنى چۈشۈرۈش، ئۈچەيدە تۇرۇپ قالغان يەللەرنى تارىتىش ئۈچۈنمۇ بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، 5 ~ 8 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارى مۇۋاپىق تەڭشىلىدۇ.

**مەجۇنى نانخا (جۇۋنە مەجۇنى)**

تەركىبى: (1 ـ خىل نۇسخىسى)

نانخا 20 گىرام، ئېگىر (ۋەج) توققۇز گىرام، سۆئتەر 20 گىرام، بەسباسە توققۇز گىرام،

ئارپېبەدىيان توققۇز گىرام، زۇپا 20 گىرام، زەنجىۋىل توققۇز گىرام، پىننە 20 گىرام، جۇيۇز توققۇز گىرام، سىيادانە 20 گىرام، چىگىسەي ئۇرۇقى توققۇز گىرام، زىرە 20 گىرام، ھاشا (تاغ ياپۇزى) 40 گىرام.

(2 ـ خىل نۇسخىسى)

ھەسەل 642 گىرام، نانخا 40 گىرام، چىگىسەي يىلتىزى 15 گىرام، زەدەك ئۇرۇقى 40 گىرام، مەستىكى 7.5 گىرام، زەنجىۋىل 40 گىرام، ئۇدخام ئالتە گىرام، زەپەر ئۈچ گىرام، ئاقىرقەرھا 4.5 گىرام، بىستىپايەج ئۈچ گىرام، ھەسەل 477 گىرام.

تەييارلىنىشى: بۇنىڭ قايسى نۇسخىسىنى تەييارلىماقچى بولسا، شۇ نۇسخىدىكى

دورىلارنى ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ تاسقاپ، ھەسەلگە ئۆبدان ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان ـ ئۈچەي كېسەللىكلىرى، ئىشتىھاسىزلىق، جىگەر ئاجىزلىقى قاتارلىقلارنى داۋالاش؛ ئېغىز پۇراشنى يوقىتىش، ئۈچۈن ھەمدە شالدام ئادەملەرگە، تومۇر بوغۇلۇشنى ئېچىشقا، يەل ھەيدەشكە، ئۈچەي قۇرتلىرىنى چۈشۈرۈشكە، بۆرەك، سۈيدۈك يولىدىكى تاشلارنى چۈشۈرۈشكە، جىنسىي ئاجىزلىقنى ياخشىلاش، مەنىي كۆپەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، 4 ~ 6 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارى ئازايتىلىدۇ.

### مەجۇنى مۇقەۋۋى مەيدە (Ⅱ) (ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى مەجۇن)

تەركىبى:

رۇمبەدىيان 80 گىرام، لاچىندانە 80 گىرام، ھېلىلە 80 گىرام، قاقىلە 80 گىرام، بەلىلە 80 گىرام، زەنجىۋىل 80 گىرام، ئامىلە 80 گىرام، يالپۇز 80 گىرام، مەستىكى 80 گىرام، قارىمۇچ 80 گىرام، زىرە 80 گىرام، ناۋات 960 گىرام، جۇۋىنە 80 گىرام، ھەسەل 1.920 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە دورىلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىچ ئۆتۈشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان ـ ئۈچەي كېسەللىكلىرى، زەردە قايناش، سىيىق كېكىرىش، ئاشقازان كېسىلى تۈپەيلىدىن باش قېيىشلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، 4 ~ 6 گىرامغىچە بېرىلىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارى ئازايتىلىدۇ.

### مەجۇنى زەرئۇنى (باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى مەجۇن)

تەركىبى:

قارىمۇچ 40 گىرام، ئاق تۇدەرى 120 گىرام، پىلپىل 40 گىرام، قىزىل بەھمەن 120 گىرام، زەنجىۋىل 40 گىرام، ئاق بەھمەن 120 گىرام، نېپىز دارچىن 40 گىرام، بوزىدان 120 گىرام، ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى 120 گىرام، دارچىن 40 گىرام، تاتلىق قۇستە 120 گىرام، قەلەمپۇر 40 گىرام، سەئدى ھىندى 120 گىرام، خولىنجان 40 گىرام، سۇمبۇل 120 گىرام، قىزىل تۇدەرى 120 گىرام، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 4080

گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، پەيىنى چىڭىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھا ئېچىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: جىنسىي ئاجىزلىقلارغا ھەمدە پەيىنى چىڭىتىش، ئىشتىھا ئېچىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئېغىزدىن شالى ئېقىش، لەقۋا، پالەچلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، 5 ~ 6 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارى كېمەيتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**مەجۇنى كالىيزىرە (تاغ زىرىسى مەجۇنى)**

تەركىبى:

كالىيزىرە 222 گىرام، ئاق تۇربۇت 44 گىرام، تۇم زەنجىۋىل 44 گىرام، ئاقىرقەرھا 44 گىرام، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 1.012 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: تېرىگە رەڭ بېرىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بەرەس (ئاق) كېسەللىرىگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 ~ 20 گىرامغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارى كېمەيتىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ دورا ئاقكېسەللىكنىڭ ئاساسىي دورىسى بولۇپ، دەسلەپتە 15 گىرامدىن باشلاپ كۈندىن - كۈنگە ئاشۇرۇپ بىر كۈندە 60 گىرامغىچە ۋە ئۈنىڭدىنمۇ كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ.

بۇ دورىنى بەرگەندە يەل - يېمىش، سۈيۈق تاماق، سوغۇق سۇ، سوغۇقلۇق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىپ، گۆشلۈك، ياغلىق، قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى ئىستېمال قىلىش لازىم. ھەم بۇ دورىنى تومۇز كۈنلەردە ئىستېمال قىلىپ، ئاپتاپ نۇرىغا مۇۋاپىق قاقلىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ داۋالانسا نەتىجىسى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**مەجۇنى مەسھا (جىنسىي بەزلەر خىزمىتىنى كۈچلەندۈرگۈچى مەجۇن)**

تەركىبى:

قىزىلگۈل 20 گىرام، زورەمبات 20 گىرام، ئاقىرقەرھا 20 گىرام، زەپەر 20 گىرام، سەئدى كۇفى 20 گىرام، جويۇز 20 گىرام، قاقىلە 20 گىرام، قەلەمپۇر 20

گىرام، لاچىندانە 20 گىرام، سۇمبۇل 20 گىرام، قەنت 220 گىرام، مەستىكى 20 گىرام، ھەسەل 220 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، قەنتنى گۈلاب بىلەن قىيام قىلىپ، ھەسەلنىڭ كۆپۈكىنى ئېلىپ قىيام بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تالقانلارنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: مەنىي تۇتۇش، ئاشقازاننى تازىلاش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، چاچنى قارايتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان ئاغرىقى، قۇۋۋەتسىزلىك، مەنىينىڭ تېز كېتىشلىرى، مېڭە، نېرۋا ئاغرىقلىرى، بەدەننىڭ ئاغرىشلىرى، ياش تۇرۇپ چاچ ئاقىرىپ كېتىشلەرنى داۋالاش ئۇچۇن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، تۆت گىرام بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارى مۇۋاپىق كېمەيتىلىدۇ.

**مەجۇنى ھورمىل كەبىر (چوڭ نۇسخا ئادراسمان ئۇرۇقى مەجۇنى)**

تەركىبى:

پوستىدىن ئايرىلغان چوڭ دادۇر مېغىزى 40 گىرام، ئادراسمان ئۇرۇقى 120 گىرام پوستى ئېلىنغان تاتلىق بادام مېغىزى 120 گىرام، قىزىلگۈل 40 گىرام، ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان ۋاسالغۇ 160 گىرام، كۆكنار شاكىلى 40 گىرام، كۆكنار ئۇرۇقى 20 گىرام، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 80 گىرام، ھەسەل 1240 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلاردىن يېمىشتىن باشقىسىنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقىلىدۇ. يېمىشنى ئايرىم يۇمشاق سوقۇلىدۇ. ھەسەلنىڭ كۆپۈكىنى ئېلىپ، سۇۋۇغان ھەسەلگە يېمىشنى سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. يېمىش ئېزىلىپ ئارىلاشقاندىن كېيىن قالغان دورىلارنى سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: بەلغەم بوشىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئۆپكە كېسەللىرى، زىققە نەپەس، ئىسسىق - سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل يۆتەللەرگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، 3 ~ 4 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارىنى كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**داۋا ئىلمىشكى شېرىن (تاتلىق ئىپار مەجۇنى)**

تەركىبى:

زورەمبات 40 گىرام، سازەج 20 گىرام، دۇرنەج ئەقرەبى 40 گىرام، سۇمبۇل 20 گىرام، مەرۋايىت 40 گىرام، قاقىلە 20 گىرام، قەلەمپۇر 20 گىرام، كەھرىۋا 40 گىرام،

قەلەمپۇر 20 گىرام، مارجان يىلتىزى 40 گىرام، ئۈشنە 16 گىرام، پىلپىل 16 گىرام، مارجان يىلتىزى 40 گىرام قىرقىلغان پىلە غوزىسى 20 گىرام، زەنجىۋىل 16 گىرام، ئاق بەھمەن 20 گىرام، مىسىك (ئىپار) سەككىز گىرام، قىزىل بەھمەن 20 گىرام، كۆپۈكى ئېلىنمىغان خام ھەسەل 1188 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلاردىن ئىپار بىلەن پىلە غوزىسىدىن باشقىلىرىنى يۇمشاق سوقۇپ تاسقىلىدۇ. پىلە غوزىسىنى باشقا دورىلارغا ئوخشاش ئەلگەكتىن ئۆتكىدەك يۇمشاق قىرقىپ، تاسقىلىدۇ. ئاندىن ئىپارنى سالايە قىلىپ، خام ھەسەل بىلەن ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. تاسقالغان باشقا دورىلارنى، ئەۋرىشىمنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: يۈرەك، مەيدىنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، خۇشرۇي قىلىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۈرەك، ئاشقازان كېسەللىكلىرى، پالەچ، يىقىلما كېسەل (سەرئى)، تۇتقاقلىق ئەسەبىي كېسەللىكلەر، تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ كېسىلى ۋە ساراڭلىقتا، ھامىلىدارلىق ۋاقتىدىكى يەل كېسەللىكلىرىگە قارشى ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، ئۈچ گىرامغىچە بېرىلىدۇ؛ بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارى كېمەيتىلىدۇ.

**مەجۇنى بەرششا (تېز تەسىر كۆرسەتكۈچى مەجۇن)**

تەركىبى:

قارىمۇچ 80 گىرام، سۇمبۇل تۆت گىرام، ئاقمۇچ 80 گىرام، ئاقىرقەرھا تۆت گىرام، ئاق بەرۇلبەنجى 80 گىرام، پەرپىيون تۆت گىرام، ئەپيۇن 40 گىرام، لىسانىل ئاساپىر تۆت گىرام، زەپەر 20 گىرام، ھەسە؛ 948 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ (ئەپيۇن ۋە زەپەر ئايرىم سوقۇلىدۇ) تاسقىلىدۇ. ھەسەلنى ئېرىتىپ، كۆپۈكى ئېلىنىدۇ. ھەسەل سوۋۇغاندىن كېيىن زەپەرنى ھەسەلگە ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئارقىدىن ئەپيۇننى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن قالغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق قالدۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، ئۇخلىتىش، يۈرەك، مەيدىنى قۇۋۋەتلەش، خۇشخۇي قىلىش، زېھنىنى ئېچىش، سەمرىتىش، مىزاجنى قۇرۇتۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ زۇكام، نەزلە، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، قۇلاق گۈركىرەش، لەقۋا، پالەچ، يىقىلما كېسەل (سەرئى)، تىترىمە كېسەل، تۇتقاقلىق ئەسەبىي كېسەللىكلەرگە،

تولا ئۇخلاش ياكى ئۇيقۇ كەلمەسلىك، ئۇنتۇغاقلىق، كالۋالىق، غەم - ئەندىشە قىلىش، چۆرگىلىمە كېسەل، قورقۇش، كۆڭلى كېتىپ قېلىش، چۈشكۈرۈشلەرنى داۋالاشقا ۋە ئەپيۈنكەشلەرنىڭ خۇمارىنى يوقىتىشقا؛ پەي زەئىپلىكىگە، چىش گۆشى سۇسلاشقانغا، گالۋاڭلىق، ئېغىز پۇراش، شالى ئېقىش، قان تۈكۈرۈش، قۇلۇنجى، قورساق ۋە ئاشقازان ئاغرىش، جىگەر ئاغرىش، جىگەر زەئىپلىشىش، جىگەر - ئۆت يوللىرى توسۇلۇش، ئىسسىق - سوغۇقتىن بولغان ئىستىسقا ئورۇقلاپ كېتىش، تولا تەرلەش، سېسىق تەر پۇراش، ئېزىلەڭگۈلۈك، ئاسان ھېرىپ قېلىش، يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك سېلىش ۋە جىنسىي ئاجىزلىقلارنى داۋالاشقا؛ كۆپ بەلغەم تاشلاش، بەلغەملىك يۆتەل، سۈيدۈك يولىدا تاش، قۇم تۇرۇپ قېلىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا؛ ئاشقازان خىزمىتى بۇزۇلۇشلارنى تۈزىتىپ ئىشتىھا ئېچىش، تاماقنى ھەزىم قىلىشقا؛ تاشقى، ئىچكى ئەزالاردىن كەتكەن قاننى توختىتىشقا؛ تولا ئەسنەش، تولا كېرىلىشنى تىزگىنلەشكە؛ مەنىينىڭ تېز كېتىشىنى توختىتىش، كونا تەپلەرنى داۋالاشقا؛ نەپەس سىقىلىش، يۆتەل، ئۆپكە سىلىنى داۋالاشقا ۋە زەھەرنى قايتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 0.3 ~ 0.5 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. 10 ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ دورىنىڭ خاسىيىتى كۆپ بولۇپ، كېسەللەرگە ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن ياش بالىلارغا ئىشلەتمەسلىك كېرەك. شۇنداقلا بىر كېسەلگە ئۇزاققىچە كۆپ ئىستېمال قىلدۇرۇپ كېسەلنى بۇ دورىغا ئادەتلەندۈرۈپ (ھەتتا خۇمارىغا چۈشۈرۈپ) قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ دورىنى يېگەندىن كېيىن يەل - يېمىش يېمەسلىك، سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك لازىم. مەجۇنى بەرشىشا تەييارلانغاندىن كېيىن ئالتە ئاي ئارپىغا كۆمۈپ ئاندىن كېسەلگە بېرىلىدۇ. بۇ جەرياندا تەركىبىدىكى دورىلار بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ شىپالىق ئۈنۈمى ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ئۈنۈمدارلىق مۇددىتى 10 يىل بولۇپ، 10 يىلدىن كېيىن قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

**مەجۇنى ئازاراقى (كۇچۇلا مەجۇنى)**

تەركىبى:

زەنجىۋىل 30 گىرام، پىلپىل 30 گىرام، قەلەمپۇر 30 گىرام، سىيادانە 30 گىرام، دارچىن 30 گىرام، ئارپىبەدىيان 30 گىرام، جويۇز 30 گىرام، خولىنجان 30 گىرام، لاچىندانە 30 گىرام، كۇچۇلا مۇدەببەر 300 گىرام، قارىمۇچ 30 گىرام، ھەسەل 1.800 گىرام.

تەييارلىنىشى: كۇچۇلىنى قائىدە بويىچە مۇدەببەر قىلىپ تالقانلىنىدۇ. قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، كۆپۈكى ئېلىنىپ سوۋۇتۇلغان ھەسەلگە تاسقاپ تەييارلانغان دورىلارنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق ھەم قۇرۇق.

تەسىرى: پەي، گۆشلەرنى چىڭىتىش، بەدەننى قۇرۇتۇش، ئومۇمىي بەدەننى

قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: پالەچ، لەقۋا، مۇپاسىل، بەل ئاغرىقلىرى، بوۋاسىر، قۇۋۋەتسىزلىك، ھۆل مىزاج كېسەل كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، ناشتىدا 1 ~ 2 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. كۆچۈلا مەجۇنى بىلەن داۋالاشتا ئېھتىيات قىلىش لازىم. ئۇن ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا بېرىلمەيدۇ. كۆچۈلا تەركىبىدە زەھەرلىك ماددا بار. شۇڭا ئۇدا بىرقانچە ئاي ئىچمەي، ئارىلاپ توختىتىپ ئىچىش لازىم.

**مەجۇنى كۈندۇر (سۈيدۈك تىزگىنلىگۈچى مەجۇن)**

تەركىبى:

كۈندۇر 120 گىرام، ھەسەل 2.820 گىرام، ئانار گۈلى 120 گىرام، جۇۋىنە 60 گىرام، بەللۇت 120 گىرام، بەلىلە 40 گىرام، ئامىلە 40 گىرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 120 گىرام، سېرىق ھېلىلە 40 گىرام، زىرە كىرمانىي 60 گىرام، قارا ھېلىلە 40 گىرام، تاغ زىرىسى 60 گىرام، سىيادانە 120 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە دورا تالقانلىرىنى ئۇبدان ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: بەدەندىكى ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، سۈيدۈكنى، مەنىينى تىزگىنلەش تەسىرىگە ئىگە. ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سىيگەك، مەنىي تۇتالماسلىق كېسەللىكلىرىگە، ھۆل مىزاج كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 4 ~ 6 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالىغا قاراپ مىقدارى كېمەيتىلىدۇ. بۇ دورىنى كاۋاپ بىلەن بىللە ئىستېمال قىلىنسا، تېخىمۇ ياخشى.

## يەتتىنچى بۆلۈم مۇپەررىھلەر (خۇشاللاندۇرغۇچى ياساملار)

**1. تەرىپى:**

مۇپەررىھلەر مەجۇناتلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، كۆڭۈلنى خۇشاللاندۇرغۇچى دورىلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغان ھالۋىسىمان قويۇقلۇقتىكى ياسالمىدۇر.

2. تەييارلاش ئۇسۇللىرى:

مۇپەررىھلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى خېمىرى دورىلارغا ئوخشايدۇ.

مۇپەررىھلەر مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى شادلاندۇرۇش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، خەفەقاننى ساقايتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

3. قاچىلاش، ساقلاش ۋە تۇرۇش مۇددىتى:

مۇپەررىھلەرنى قاچىلاش، ساقلاش ئۇسۇللىرى ۋە قۇۋۋىتىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتىمۇ باشقا مەجۇناتلار بىلەن ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

4 . مۇپەررىھلەردىن ئۈلگىلەر:

مۇپەررىھى سەندەل (سەندەل مۇپەررىھى)

تەركىبى:

تېشلىمىگەن مەرۋايىت ئالتە گىرام، پىستىنىڭ سىرتقى پوستى ئالتە گىرام، مارجان ئالتە گىرام، مەستىكى ئالتە گىرام، ئاق سەندەل 31 گىرام، زەپەر ئالتە گىرام، قىزىل سەندەل 16 گىرام، ئىپار 1.5 گىرام، تاباشىر ئالتە گىرام، تۇرۇنجى (ئاپېلسىن سۈيى) 150 مىللىلىتىر، سېمىزئوت ئۇرۇقى ئالتە گىرام، ئەرقى گۈلاب 100 مىللىلىتىر، قورۇلغان يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ئالتە گىرام، ئاق شېكەر 600 گىرام.

تەييارلىنىشى: قەنتنى گۈلاب ۋە تۇرۇنجى سۇلىرى بىلەن قىيام قىلىپ، دورىلارنى قائىدە بويىچە تالقانلاپ ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: كۆڭۈلنى شادلاندۇرۇش، يۈرەكنى سالقىنلىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: خەفەقان ۋە باشقا يۈرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~ 8 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

مۇپەررىھى ياقۇتى (ياقۇت مۇپەررىھى)

تەركىبى:

تېشلىمىگەن مەرۋايىت ئالتە گىرام، تاباشىر ئالتە گىرام، زەپەر ئالتە گىرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ئالتە گىرام، گاۋزىبان ئالتە گىرام، ئاق سەندەل 10 گىرام، مەستىكى ئالتە گىرام، ئۇد ياغىچى 10 گىرام، بىخ مارجان ئالتە گىرام، دۇرنەج ئەقرەبى 10گىرام، دارچىن ئالتە گىرام، قىزىلگۈل 10 گىرام، پىلە قىرقىلمىسى ئالتە گىرام، ئەنبەر ئۈچ گىرام، تۇرۇنجى پوستى ئالتە گىرام، قاقىلە ئۈچ گىرام، كەھرىۋا ئالتە گىرام، لاچىندانە ئۈچ گىرام، ئاق بەھمەن ئالتە گىرام، كۈمۈش ۋاراق ئۈچ گىرام، زورەمبات ئالتە گىرام، تىللا ۋاراق ئۈچ گىرام، ئۆشنە ئالتە گىرام، گىل مەختۇم ئۈچ گىرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ئالتە گىرام، يۇيۇلغان لاجۇۋەرد ئۈچ گىرام، زىرىق ئالتە گىرام، گىل ئەرمىنى ئۈچ گىرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى ئالتە گىرام، گۇلدارچىن ئۈچ گىرام، پەرەنجىمىشكى ئالتە گىرام، سۇمبۇل ئۈچ گىرام، نارمىشكى ئۈچ گىرام، ئىپار 1.5 گىرام، لەئلى ئۈچ گىرام، ھومماز شەربىتى مۇۋاپىق مىقداردا، ياقۇت ئۈچ گىرام، ھەسەل 300 گىرام، بادرەنجبۇيا ئۇرۇقى ئۈچ گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ ئېرىتىپ تەييارلانغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: مېڭە، يۈرەكنى كۈچەيتىش، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل نېرۋا كېسەللىكلىرى، يۈرەك كېسەللىكلىرى، خەفەقان قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 6 ~ 9 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**مۇپەررىھى ئەۋرىشىم (ئەۋرىشىم مۇپەررىھى)**

تەركىبى:
ئاق شېكەر ئالتە گىرام، پىلە قىرقىلمىسى 120 گىرام، مەرۋايىت (تۆشۈكسىز) ئالتە گىرام، ئالتۇن تاۋلىغان سۇ ئالتە مىللىلىتىر، كەھرىۋا ئالتە گىرام، گاۋزىبان ئالتە گىرام، يەشەپ ئالتە گىرام، كۈمۈش تاۋلىغان سۇ ئالتە مىللىلىتىر، ئاق سەندەل سەككىز گىرام، پەرەنجىمىشكى ئالتە گىرام، تاباشىر توققۇز گىرام، قىزىلگۈل ئالتە گىرام، ئەنبەر ئۈچ گىرام، سۇمبۇل ئالتە گىرام، ئىپار ئىككى گىرام.
تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى قائىدە بويىچە ئېزىپ، قەنتنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى قايتا ـ قايتا قىزىتىپ، تاۋلانغان سۇدا قىيام قىلىپ، تالقان دورىلارنى قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: مۆتىدىل.
تەسىرى: نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: خەفەقان كېسەللىكى، باشقا يۈرەك كېسەللىكلىرى، جۈملىدىن ئاشقازان ۋە جىگەر كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم، يەتتە گىرامدىن ئەرقى گۈلاب بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**مۇپەررىھى ھار (ئىسسىق تەبىئەتلىك مۇپەررىھ)**

تەركىبى:
ئۆشنە 12 گىرام، پەرەنجىمىشكى 12 گىرام، ئەزپارەتتىپ 12 گىرام، قەلەمپۇر ئالتە گىرام، نارمىشكى 12 گىرام، نېپىز دارچىن ئالتە گىرام، سۇمبۇل ئالتە گىرام، مەستىكى ئۈچ گىرام، دارچىن ئالتە گىرام، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 234 گىرام.
تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئېلىپ، مەستىكى بىلەن زەپەردىن باشقىسىنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، مەستىكىنى، زەپەرنى ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ. كۆپۈكى ئېلىنغان مۇسەپپا ھەسەلگە زەپەرنى ئۇبدان ئارىلاشتۇرۇپ، ئارقىدىن مەستىكىنى ۋە باشقا تالقانلار سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى: نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاشقازان، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سوغۇقتىن بولغان نېرۋا كېسەللىرى، ئاشقازان، يۈرەك، جىگەر كېسەللىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، 3 ~ 4 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارى كېمەيتىلىدۇ.

## سەككىزىنچى بۆلۈم لوبوبلار (مېغىزلىق خېمىر دورىلار)

**1. تەرىپى:**

لوبوب ئەرەبچە مېغىز مەنىسىدە بولۇپ، تەركىبىگە مېغىز دورىلار جىقراق قوشۇلۇپ ياسالغان مۇرەككەپ خېمىر دورا لوبوبلار يەنى مېغىزلىق دورىلار دېيىلىدۇ.

لوبوبلار بەدەننى سەمرىتىش؛ باھنى كۈچەيتىش؛ مېڭە ۋە بۆرەكنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدىغان تەسىرگە ئىگە.

**2. تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

لوبوبلارنى تەييارلاشتا، ئالدى بىلەن شۇ دورىنىڭ تەركىبىگە قوشۇلىدىغان مېغىزلار قازاندا قورۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا يەككە دورىلار بىلەن بىللە سوقۇلۇپ، ھەسەل قوشۇپ خېمىر قىلىنىدۇ، ئەمما باشقا خېمىرلاردىن يۇمشاقراق تەييارلىنىدۇ.

**3. قاچىلاش، ساقلاش ئۇسۇللىرى ۋە تۇرۇش مۇددىتى:**

لوبوبلارنى قاچىلاش، ساقلاش ئۇسۇللىرى ۋە قۇۋۋىتىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى باشقا خېمىر دورىلار بىلەن ئوخشايدۇ.

**4. لوبوبلاردىن ئۈلگىلەر:**

**لوبوبى كەبىر (چوڭ نۇسخا مېغىزلار مەجۇنى)**

تەركىبى:

پىستە مېغىزى 15 گىرام، قۇم بېلىقى 15 گىرام، پىندۇق مېغىزى 15 گىرام، خولىنجان 15 گىرام، بادام مېغىزى 15 گىرام، شاقاقۇل 15 گىرام، ھەببى زەلەم مېغىزى 15 گىرام، ئاق بەھمەن 15 گىرام، قىزىل بەھمەن 15 گىرام، بەسباسە ئالتە گىرام، ئاق تۇدەرى 15 گىرام، پىلپىل ئالتە گىرام، قىزىل تۇدەرى 15 گىرام، سۆئىلەپ سەككىز گىرام، زەنجىۋىل 15 گىرام، نارجىل سەككىز گىرام، كۇنجۇت 15 گىرام، قۇشقاچ مېڭىسى سەككىز گىرام، دارچىن 15 گىرام، خەشخاش ئۇرۇقى سەككىز گىرام، سۇمبۇل ئالتە گىرام، ئىككەكلەنگەن بۇقاچۇيىسى 12 گىرام، سۆئىدى ئالتە گىرام، سۆرۈنجان 12 گىرام، قەلەمپۇر ئالتە گىرام، بوزىدان 12 گىرام، كاۋاۋچىن ئالتە گىرام، پىننە 12 گىرام، ھەببى قەلقەل ئالتە گىرام، پىننە 12 گىرام، سەۋزە ئۇرۇقى ئالتە گىرام، بوتىلاق ئوغۇز سۈتى توققۇز گىرام، چامغۇر ئۇرۇقى ئالتە گىرام، زەپەر توققۇز گىرام، پىياز ئۇرۇقى ئالتە گىرام، مەستىكى توققۇز گىرام، تۇرۇپ ئۇرۇقى ئالتە گىرام، ئۇد خام سەككىز گىرام، بېدە ئۇرۇقى ئالتە گىرام، ئالتۇن ۋاراق 30 دانە، ھەلىيۇن ئالتە گىرام، كۈمۈش ۋاراق 50 دانە، ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى ئالتە گىرام، ئەنبەر بەش گىرام، دۇرنەج ئەقرەبى ئالتە گىرام، ئەنبەر بەش گىرام، زورەمبات ئالتە گىرام، ئىپار ئىككى گىرام، جويۇز ئالتە گىرام، ھەسەل 1420 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلار قائىدە بويىچە ئېزىلىدۇ. ھەسەلنى ئېرىتىپ كۆپۈكسىزلاندۇرۇپ، دورا تالقانلىرىنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: بۆرەكنى قىزىتىش ۋە قۇۋۋەتلەش، مەنىينى زىيادە قىلىش، يۈرەكنى، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمرىتىش، رەڭگىرويىنى چىرايلىق قىلىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بۆرەك، يۈرەك، مېڭە كېسەللىكلىرىگە، جىنسىي ئاجىزلىققا، دىلنى خۇشال قىلىشقا، ئورۇقلاپ كەتكەنلەرگە، پەينى چىڭىتىش، قۇۋۋەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم، 3 ~ 6 گىرامغىچە بېرىلىدۇ.

**لوبوبى سەغىر (كىچىك نۇسخا مېغىزلار مەجۇنى)**

تەركىبى:

بوزىدان ئالتە گىرام، لىسانىل ئاساپىر ئالتە گىرام، قىزىل بەھمەن ئالتە گىرام، خولىنجان ئالتە گىرام، ئاق بەھمەن ئالتە گىرام، دارچىن ئالتە گىرام، تەرخەمەك ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى توققۇز گىرام، ئاقلانغان كۈنجۈت 18 گىرام، خىيار ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى توققۇز گىرام، چىلغوزا مېغىزى 18 گىرام، پىندۇق مېغىزى 18 گىرام، قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى 18 گىرام، بادام مېغىزى 18 گىرام، كۆكنار ئۇرۇقى 18 گىرام، پىستە مېغىزى 18 گىرام، ھەسەل 540 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، مېغىزلارنى ئايرىم قورۇپ، باشقا دورىلارنى ئايرىم سوقۇپ، تاسقاپ، ھەسەلنى پار ئۈستىدە ئېرىتىپ، ئالدى بىلەن مېغىز دورىلارنى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا دورىلارنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ. تەبىئىتى، تەسىرى، ئىشلىتىلىشى لوبوبى كەبىر بىلەن ئوخشاش.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئالتە گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## توققۇزىنچى بۆلۈم لوئوقلار (يالانچۇقلار)

**1. تەرىپى**

مەجۇناتلاردىن سۇيۇقراق، شەربەتتىن قويۇقراق بولغان شىرىلىنىڭ خېمىر دورا بولۇپ، ئۇنى يالاپ ئىستېمال قىلىنغانلىقى ۋە شۈمۈپ يېگەنلىكى ئۈچۈن لوئوق (يالانچۇق) دەپ نام بېرىلگەن.

لوئوقلار مەخسۇسلا نەپەس يوللىرى ۋە كۆكرەك قىسمىنىڭ كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

**2. تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

لوئوقلارنى ياساشتا بىر قىسىم يەككە دورىلارنى قايناتىپ سۈزۈۋالغاندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com

ئۆنىڭ سۈيىگە سېكەر سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ. ئۈستىدىن يەنە ئازراق بىر قىسىم دورا تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ. لوئوقلارنى ياسىغان ھامان ئىشلىتىشكە بولىدۇ. باشقا خىمىر دورىلارغا ئوخشاش بىر مەزگىل تۇرغۇزۇپ ئاندىن ئىشلىتىش ھاجەتسىز.

**3. قاچىلاش، ساقلاش ئۇسۇللىرى ۋە قوۋۋىتىنىڭ تۇرۇش مۇددىتى:**

لوئوقلارنى قاچىلاش، ساقلاش ئۇسۇللىرى ۋە قوۋۋىتىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى باشقا مەجۇنات دورىلارغا ئوخشايدۇ. ئەمما پاتراق ئىشلىتىشنىڭ پايدىسى بار. چۈنكى جاراسىملار چۈشۈپ بۇزۇلۇش، قېتىپ قېلىش خەۋپى بار.

**4. لوئوق تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

(1) لوئوق ياسالمىسىنىڭ قىيامى يۇقىرى (چىڭ) بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

(2) بىھى ئۇرۇقى، ئىسپىغول لوئابلىرىنى ئېلىشتا بىر ھەسسە دورىنى بەش ھەسسە قايناق سۇغا چىلاپ، لوئابنى سۈزۈۋېلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىسپىغول سوقۇلمايدۇ. نۇسخىدا كۆرسىتىلگەن لوئاب مىقدارى كەم بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

**5. لوئوقلاردىن ئۆلگىلەر:**

**لوئوقى كەتان (زىغىر يالانچۇقى)**

تەركىبى:

قەردمانە 30 گىرام، زىغىر 90 گىرام، ھەسەل مەلۇم مىقداردا.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە تالقانلاپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ لوئوق قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: يۆتەل پەسەيتىدۇ. كۆكرەكتىكى بەلغەمنى تازىلايدۇ، قان تۈكۈرۈشنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: دەم سىقىش، كونا يۆتەل ۋە قان تۈكۈرۈشلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم، يەتتە گىرامنى ئەرقى گاۋزىبان بىلەن يالاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**لوئوقى بادام (بادام يالانچۇقى)**

تەركىبى:

سەمغى ئەرەبى 15 گىرام، ئاق شېكەر 60 گىرام، كەتىرا 15 گىرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى توقۇز گىرام، نىشاستە 15 گىرام، گۇلاب مەلۇم مىقداردا، رۇببىسۇس 15 گىرام، بادام يېغى مەلۇم مىقداردا.

تەييارلىنىشى: سەمغى ئەرەبى، كەتىرالاردىن باشقا دورىلارنى قائىدە بويىچە تالقانلاپ، گۇلاب ۋە بادام يېغى بىلەن نەمدەپ قەنتنى قىيام قىلىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئازراق سوۋۇغاندىن كېيىن سەمغى ئەرەبى، كەتىرالارنى سالايە قىلىپ قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: يۆتەل پەسەيتىدۇ. گالدىكى يىرىكلىكنى يوقىتىدۇ.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرى، زۆكام قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم ئۈچ گىرامنى ئەرقى گاۋزىبان بىلەن كۈندۈزى يالاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**لوئوقى خەشخاش (كۆكنار يالانچۇقى)**

تەركىبى:
خەشخاش 150 گىرام، تاتلىق بادام مېغىزى 15 گىرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى 15 گىرام، رۇببىسۇس 15 گىرام، قەنت 280 گىرام.
تەييارلىنىشى: خەشخاشنى 600 مىللىلىتىر سۇغا بىر سوتكا چىلاپ يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ، سىقىپ سۈزۈلىدۇ. قەنتنى ئۇنىڭدا قىيام قىلىپ، ئۈستىگە تالقانلانغان دورىلارنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: ئىسسىق.
تەسىرى: كۆكرەكنى بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەمنى سۇرۇپ چىقىرىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۆتەل، سىل كېسىلىدىكى قان تۈكۈرۈشلەرگە بېرىلىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: كۈنگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 گىرامدىن يالايدۇ.

**لوئوقى زۇپا (زۇپا يالانچۇقى)**

تەركىبى:
قۇرۇق زۇپا 60 گىرام، ھەسەل 360 گىرام، گۈلى سەۋسەن يىلتىزى 60 گىرام.
تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ 1000 مىللىلىتىر سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سىقىپ سۈزۈلىدۇ. سۇيىگە ھەسەلنى سېلىپ قاينىتىپ قىيامىنى پىشۇرۇپ، ئۇنىڭدا تالقانلانغان دورىلارنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى: يۆتەل پەسەيتىش، ئارام بېرىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كونا يۆتەلگە، زىققە نەپەس كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم، توققۇز گىرامغىچە يالاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**لوئوقى سەرپىستان (سەرپىستان يالانچۇقى)**

تەركىبى:
سەرپىستان 50 دانە، بېھى ئۇرۇقى ئۈچ گىرام، ئۇنناپ (چىلان) 20 دانە، ئاق شېكەر

16 گىرام، پوستى خەشخاش 15 گىرام، بادام مېغىزى شىرنىسى سەككىز گىرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى سەككىز گىرام، تاتلىق خەشخاش شىرنىسى سەككىز گىرام، رۇبىبسۇس ئۈچ گىرام، ختمى ئۇرۇقى ئىككى گىرام، كەتىرا ئۈچ گىرام، تۇز ۋە ئەگىرى تەرخەمەكلەر ئۇرۇقى ئىككى گىرام، سەمغى ئەرەبى ئۈچ گىرام.

تەييارلىنىشى: شىرە دورىلار ۋە رۇبىبسۇسلاردىن باشقا دورىلارنىڭ ھەممىسىنى قاينىتىپ، سىقىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا شېكەرنى قوشۇپ قىيام قىلىنىدۇ. ئاندىن شىرنىلەر ۋە رۇبىبسۇسنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: يۆتەل پەسەيتىدۇ، كۆكرەك ۋە بەلغەمنى بوشىتىدۇ، ئارقا تەرەتنى يۇمشىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۆتەل، نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، يەتتە گىرامنى 80 مىللىلىتىر ئەرقى گاۋزىبان بىلەن يالاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**لوئوقى تىن (ئەنجۈر يالانچۇقى)**

تەركىبى:

قۇرۇق ئەنجۈر، پۈدىنە (قۇرۇق)، سەمغى ئەرەبى قاتارلىقلاردىن باراۋەر مىقداردا.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ، قائىدە بويىچە لوئوق تەييارلىنىدۇ.

تەبئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاۋاز پۈتۈپ قېلىشنى ياخشىلاپ ئاۋازنى ئاچىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئۈنى پۈتۈپ قالغان كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم، سەككىز گىرامنى 100 مىللىلىتىر ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**يۇغۇرۇلما دورىلارنى تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**

يۇغۇرۇلما دورىلار تەركىبىدە بىر قىسىم جاراسىم (باكتېرىيە) گە قارشى تۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلار بار. ھەمدە ئۇلار قاينىتىپ چەككىلەنگەن ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان پاكىز، سۈپەتلىك ياسالمىلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالمايدىغان، شۇنىڭدەك ساقلىنىش مۇددىتى ئۇزۇن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەمما تەييارلاش ئۇسۇلىغا، تېخنىكا قائىدىلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، سېلىنىدىغان يەككە دورىلار ساپ ۋە پاكىز بولماسلىق، تەركىبىدە ئۆزلۈكىدىن قۇرت پەيدا قىلىغۇچى مېغىز دورىلار كۆپ بولۇش ھەمدە يۇغۇرۇلما دورىلارنى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار پاكىز، قۇرۇق بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دورىلار تەييارلىنىپ مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇزۇلۇپ، سۈپىتى ئۆزگىرىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ تۈركۈمدىكى بىرقانچە خىل ياسالمىلارنى تەييارلاشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە

ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

(1) مەجۇنات دورىلارنى تەييارلاشتىن ئىلگىرى تەركىبىگە كىرىدىغان يەككە دورىلارنى پاكىز تازىلاپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يات جىسىملار ۋە باشقا نەرسىلەرنى تاللىۋېتىش، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنى يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ ئاندىن ئېزىش لازىم.

(2) نۇسخىدىكى ئىپار، مەرۋايىت، زەپەر، ئەنبەر، ئەپيۇن قاتارلىق پۇراقلىق ۋە نازۇك دورىلارنى ئايرىم ئېزىش، ھەسەلنى سوۋۇتۇپ، ئۇلارنى باشقا دورىلاردىن ئىلگىرى قىيامغا سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. ئالتۇن ۋاراق، كۈمۈش ۋاراقلەرنى يۇمشاق سالايە قىلىپ، تالقانغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇۋېلىپ ئاندىن قىيامغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

(3) تەركىبىدە مېغىز دورىلارنى كۆپ تۇتقان لۇبۇبلارنى تەييارلاشتا، تەركىبىگە قوشۇلغان مېغىز دورىلارنى ئالدىن قازاندا قورۇپ ئاندىن ئېزىپ، باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىش لازىم.

(4) مەجۇن دورا قاتارىدىكى ئىترىفىللارغا قوشۇلغان ھېلىلە، تۇربۇت، بەلىلە، ئاملە قاتارلىق دورىلارنىڭ تالقانلىرىنى ئالدى بىلەن بادام يېغى ياكى سېرىق ياغ بىلەن ياغلاپ، ئاندىن مەجۇن قىلىنىدۇ (ھەرقانداق نۇسخا تەركىبىدە ھېلىلە بولسىلا ئۇنىڭ تالقىنى ياغلاش تەلەپ قىلىنىدۇ). نۇسخا تەركىبىدىكى يېلىم جىنسلىق دورىلارنى ئالدى بىلەن مۇسەللەس (ۋىنو) ياكى روھىي شاراب (ئىسپىرت) قا چىلاپ، ئېرىتكەندىن كېيىن، ئاندىن قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

(5) بەزى يۇغۇرۇلما دورىلارنى بولۇپمۇ جاۋارىشلارنى ھەسەلگە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاشقا توغرا كەلسە، ئاۋۋال ھەسەلنى ئېرىتىپ، شېكەرنى ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ، قالغان تالقانلارنى سېلىپ تەييارلىسىمۇ بولىدۇ.

(6) يۇغۇرۇلما دورىلار تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن چىنە ـ قاچا، سىرلىق ساپال قاچا، شېشىلەرگە قاچىلاش لازىم. سىرلانمىغان ياكى دېتى چىقىدىغان تۆمۈر قاچىلارغا قاچىلاشقا قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى مەجۇن دورىلار بۇنداق قاچىلارغا قاچىلانسا گىياھ دورىلار تەركىبىدىكى تاننىن ماددىسى تۆمۈر بىلەن رېئاكسىيەلىشىپ دورا قارىداپ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ياكى ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇنداقلا قاچىلارغا دورا پۈتۈنلەي سوۋۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قاچىلاش لازىم.

(7) ئومۇمەن يۇغۇرۇلما دورىلار تەييارلانغاندىن كېيىن، قاچىنىڭ 1/4 قىسمى بوش قالدۇرۇلۇشى كېرەك. چۈنكى بەزى مەجۇنات دورىلار ئۆزلۈكىدىن قايناپ ئۆرلەپ سىرتقا تېشىپ چىقىشى مۇمكىن.

(8) مەجۇن دورىلار تەييارلىنىپ چىققاندىن كېيىن تەركىبىدىكى يەككە دورىلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن تولۇق ئۆزلىشىپ، تەسىر قىلىشىپ ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، ياسالغان خېمىرسىمان دورىلارنى قاچىسى بىلەن ئەڭ ئاز دېگەندە بىر ھەپتە، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئالتە ئايغىچە سامان ياكى ئارپىغا كۆمۈپ قويۇلسا تەسىرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ئاندىن ئىشلىتىش كېرەك.

(9) مەجۇن دورا تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەسەل ياكى شېكەر قاتارلىق

ماتېرىياللار ئالىي سورتلۇق، سۈپىتى ياخشى بولۇشى لازىم. ھەسەلنىڭ رەڭگى ئاق ياكى سۇس سېرىق بولۇشى كېرەك.

(10) مەجۇن دورا تەييارلاشتىن ئىلگىرى ئىش ئۆيىنى ئوبدان تازىلاپ، دورا ئارىلاشتۇرۇپ ۋە قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنى يۇقىرى ھارارەتتە قاينىتىپ ياكى ھورلاندۇرۇپ ئاندىن ئىشلىتىش لازىم. ھەممە دورا ئارىلاشتۇرۇش جەريانىدا دورىغا خام سۇ ئارىلىشىپ قېلىپ بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**مەجۇن دورا تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار**

(1) قازان: بۇ ھەسەلنى چەككەلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئادەتتىكى قازان ياكى قوش قەۋەتلىك پار قازىنى بولۇشى لازىم.

(2) خېمىر قىلىش (ئارىلاشتۇرۇش) ماشىنىسى. بۇ تالقان بىلەن ھەسەلنى ئارىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ماشىنا بىر دانە يۇمىلاق قازان ۋە پالاقلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇشقا ئەپلىك.

ئۇنىڭدىن باشقا، سىرلىق ئېغىزلىق چوڭ كورىلار، تاياقچە، كۈرەك، پىچاق قاتارلىق ئۇششاق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

## رۇبلار (ئېكستراكتلار)

بەزى گىياھ يىلتىزلىرى، مېۋىلەرنى قاينىتىپ، دەسلەپكى سۇلىرىنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن، تىرىپلىرىغا قايتا سۇ قۇيۇپ يەنە قاينىتىپ، ئىككى ياكى ئۈچ قېتىمدا ھاسىل قىلىنغان قايناتمىلارنى بىرلەشتۇرۇپ يۇمشاق ئوتتا ئۇزاق قاينىتىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن دورا ئەرەبچە «رۇب»، ھازىرقى زامان تېبابىتىدە لاتىنچە «ئېكستراكت» دەپ ئاتىلىدۇ. رۇبلارنىڭ تەركىبىدە گىياھ ياكى مېۋىلەرنىڭ ھەممە تەركىبلىرى مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇلار ئاساسىي تەسىر قىلغۇچى جەۋھەرنىڭ ساپ ئۆزى ئەمەس.

رۇبلار قويۇقراق سۇيۇقلۇق ھالدا تەييارلانسا «سۇيۇق رۇب» (سۇيۇق ئېكستراكت)، ھالۋا قويۇقلۇقىدا بولسا «قويۇق رۇب» (قويۇق ئېكستراكت)، ئۇزاق ھارارەت تەسىر قىلدۇرۇش ياكى باشقا قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق قۇرۇتۇپ تەييارلانغانلىرى «قۇرۇق رۇب» (قۇرۇق ئېكستراكت) دەپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

رۇبلار مۇرەككەپ ياسالمىلارنى تەييارلاشتا نۇسخىلارغا كىرگۈزۈلۈپ ئىشلىتىشىمۇ ياكى شۇ مۇرەككەپ ياسالمىنىڭ تەمىنى ياخشىلىغۇچى، ئاساسىي دورىلارنىڭ ناچار تەسىرىنى تەڭشىگۈچى قوشۇمچە سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشىمۇ مۇمكىن.

تېبابىتىمىزدە ئىشلىتىلىدىغان رۇبلارنىڭ تۈرى خېلى كۆپ، بىز بۇ يەردە ھازىر كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغان رۇب ـ رۇببىسۇس (چۈچۈكبۇيا ئېكستراكتى) ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.



www.uyghurkitap.com

**رۇبىسۇس (چۈچۈكبۈيا يىلتىزى ئېكستراكتى)**

تەركىبى: بىخسۇس (چۈچۈكبۈيا يىلتىزى) 10 كىلوگىرام.

تەييارلىنىشى: چۈچۈكبۈيا يىلتىزىنى پاكىزلەپ، ئۈستىدىكى قوۋزاقلىرىنى ئاقلاپ تاشلىۋېتىپ، ئاقلانغان يىلتىزىنى چالا سوقۇپ 50 لىتىر سۇغا چىلاپ، سۇنىڭ يېرىمى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ. تاتلىقى تولۇق چىققاندىن كېيىن يىلتىزلارنى سۈزۈۋېلىپ تاشلىۋېتىپ، ھاسىل قىلىنغان سۇ تاكى سۈيى پارغا ئايلىنىپ قويۇلۇپ ھالۋىدەك بولغۇچە داۋاملىق بىر خىل قاينىتىلىدۇ. ھەر خىل قاچىلارنىڭ ئاستىنى كۈنجۈت يېغى بىلەن ياغلاپ، قاچىغا ئېلىپ سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سوغۇقتىن بولغان يۆتەل ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە، بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنى چىقىرىپ بەدەننى پاكىزلەش، خۇن كەلتۈرۈش، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋان قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، ئىككى گىرامغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ بېرىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ دورىنى تەييارلاشتا دورىنىڭ كۆيۈپ كېتىشى ھەمدە قۇرۇپ بولغىچە سېسىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم.

www.uyghurkitap.com

# قاتتىق ۋە قۇرۇق دورا ياسالمىلىرى

## ئىككىنچى باب توقچاق (قۇرس ـ تابلىت) دورا ياسالمىلىرى

**1. تەرىپى:**

قۇرس دورىلار بىر ياكى بىر قانچە خىل دورا تالقىنىغا بەزى مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى قوشۇپ خېمىر قىلىش، قۇرس قېلىپى ياكى ماشىنىسى بىلەن بېسىپ يۇمىلاق تۈگمە شەكلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدىغان دورا ياسالمىسى، توقچاقلار ئادەتتە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. قىسمەن ھاللاردا بەزى زەھەرلىك دورىلارنى ئېھتىيات بىلەن ساقلاش ئۈچۈنمۇ رەڭلىك قۇرس شەكلىدە ياساپ قويۇلىدۇ.

قۇرس ياسالمىسىنىڭ تۈرلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيمەكتە. جۈملىدىن تېبابىتىمىز دورىلىرىدىن قۇرس تەييارلاپ ئىشلىتىش دائىرىسىمۇ كېڭەيمەكتە.

**2. قۇرس دورىلار تۆۋەندىكى بىر قاتار ئالاھىدىلىككە ئىگە:**

1) قۇرس دورىلارنىڭ تەركىبىدىكى دورىلارنىڭ مىقدارى بىرقەدەر توغرا، ھەجمى كىچىك، ئىستېمال قىلىش، ئېلىپ يۈرۈش، يۆتكەپ ئىشلىتىش، ساقلاشقا ئەپلىك.

2) كۆپ مىقداردا پىششىقلاپ ئىشلىگىلى بولىدۇ. ماشىنا بىلەن قۇرس تەييارلىغاندا پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، تەننەرخى ئەرزان توختايدۇ.

3) قۇرس دورىلار، بولۇپمۇ شېكەر قاپلىق قۇرس دورىلار تەركىبىدىكى بەزى دورىلارنىڭ قېرىق، ئاچچىق تەمىنى ۋە كۆڭۈل ئېلىشتۇرىدىغان يېقىمسىز تەسىرلىرىنى يوشۇرالايدۇ. ھەمدە بەزى دورىلارنىڭ ئاشقازاننى غىدىقلىشىنى ئازايتىدۇ.

4) قۇرسلارنىڭ تۇراقلىقلىق دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ياخشى ساقلانسا ئالتە ئايدىن تۆت يىلغىچە ئۈنۈم بېرىش كۈچىنى ساقلايدۇ.

**3. قۇرسلارنىڭ يېتەرسىزلىكى:**

1) كىچىك بالىلارغا ۋە بىھوش كېسەللەرگە ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

2) تەييارلاش ۋە ساقلاشتا دىققەت قىلىنمىسا دورىنىڭ سۈپىتى ۋە قۇۋۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

**4. قۇرس تەييارلاشتىكى مەقسەت:**

(1) قۇرس دورىلارنىڭ تەركىبىگە بىر قىسىم تەرياقلار قوشۇلغىنى ئۈچۈن شۇ خىل دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

(2) قۇرسلارنى ئېغىزغا سېلىپ، تىل ئاستىغا قويۇپ شۈمۈشكە ئوڭاي بولۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.

(3) قاچىلاش، ساقلاش، يۆتكەپ ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇش ئۈچۈن قۇرس تەييارلىنىدۇ.

قۇرسلار تەركىبىدە تەرياقلار بولغانلىقى ئۈچۈن زەھەر قايتۇرۇش ۋە ئۆپكە سىلى ۋە ئۈچەي سىلى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلگەندە قان توختىتىش تەسىرلىرىگە ئىگە.

**5. قۇرس دورىلارنىڭ سۈپەتكە بولغان تەلەپ:**

1) تەركىبىگە قوشۇلغان ئاساسىي دورىلارنىڭ تۇتقان مىقدارى توغرا بولۇشى، قۇرس ئېغىرلىقىنىڭ پەرقى قارابادىن (فارماكوپىيە) دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم.

2) قۇرسلاردا مۇۋاپىق ھالدىكى قاتتىقلىق ۋە پارچىلىنىش نۇقتىسى بولۇشى كېرەك.

3) قۇرسلار مۇقىم بىر قاتتىقلىقتا بولۇپ، يۆگەش، قاچىلاش، توشۇش، يۆتكەش، ساقلاش جەريانىدا ئاسان ئۇۋۇلۇپ، بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان بولۇشى ھەمدە ساقلاش مەزگىلى ئىچىدە سۈپىتى تۇراقلىق بولۇشى لازىم.

4) قۇرسلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى پارقىراق، رەڭگى بىر خىل كۆركەم بولۇشى كېرەك. ھەرگىز مۇدۇر ـ چوقۇر بولماسلىقى لازىم.

## بىرىنچى بۆلۈم قۇرس تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچىلار

قۇرس تەييارلاش جەريانىدا نۇسخىدىكى ئاساسلىق دورىلاردىن باشقا، قۇرس تەييارلاشقا ياردەم بەرگۈچى قوشۇمچىلارنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق ياردەمچىلەر قۇرسنىڭ قوشۇمچىلىرى دېيىلىدۇ. بۇ قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق قۇرس تەييارلاشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى ۋە تەلەپكە لايىق قۇرسلارنى تەييارلىغىلى بولىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار يېپىشتۇرغۇچى، نەملىگۈچى، تولۇقلىغۇچى، پارچىلىنىشقا ياردەم بەرگۈچى ۋە سىلىقلاشتۇرغۇچىلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. قوشۇمچىلارنىڭ خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق بولۇپ، ئاساسىي دورىنىڭ شىپالىق ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى، ئىنسانلارنىڭ تېنىنى زەھەرلىمەسلىكى كېرەك. ھەمدە ئۇ خىل قوشۇمچىلارنىڭ ھەجمى كىچىك بولۇپ، ئىشلىتىش مىقدارى ناھايىتى ئاز، تەننەرخى ئەرزان، كېلىش مەنبەسى مول، يېپىشتۇرۇش رولى كۈچلۈك، دورا تەييارلاش مەشغۇلاتلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بولۇشى لازىم.

**1. يېپىشتۇرغۇچى ۋە نەملىگۈچىلەر:**

يېپىشتۇرغۇچى ۋە نەملىگۈچىلەر دورا تالقانلىرىنى يېپىشتۇرۇپ دانچە شەكلىگە كەلتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن قوشۇلىدۇ. ئۆزىدە يېپىشتۇرۇش رولى بولغان دورا تالقىنىغا پەقەت نەملەش ئۈچۈنلا مۇۋاپىق كېلىدىغان سۇيۇقلۇقلار، مەسىلەن: سۇ، گۇلاب ياكى

لوئابلار ياكى دورىلارنىڭ شىرىلىرى، ئىسپىرت قاتارلىقلار قوشۇلغاندا دورىلار نەملىشىپ يېپىشقاقلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل سۇيۇقلۇقلار نەملىگۈچىلەر دېيىلىدۇ.

ئۆزىدە يېپىشقاقلىق خۇسۇسىيەت بولمىغان دورا تالقىنىغا يېپىشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بولغان سۇيۇقلۇقلار قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: يارا يېلىم ئېرىتمىسى، قىياملار، بۇ خىل سۇيۇقلۇقلار يېپىشتۇرغۇچى دېيىلىدۇ.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچى ۋە نەملىگۈچىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) سۇ، ئادەتتە سۈزۈلگەن قايناق سۇ ياكى پار سۈيى (مائى مۇقەتتەر ـ دىستىللات سۇ) ئىشلىتىلىدۇ.

2) ئىسپىرت (روھىي شاراب): ئومۇمەن مەلۇم دورىلاردا يېپىشقاقلىق خۇسۇسىيەت بولۇپ، لېكىن سۇنى نەملىگۈچى قىلىپ قوشقاندا سۈپىتى ئۆزگىرىپ قالىدىغان ياكى سۇ بىلەن نەملەنگەندىن كېيىن يېپىشقاقلىقى كۈچىيىپ، دانچە ياساشقا قىيىنچىلىق كەلتۈرىدىغان ياكى دانچە قۇرۇتقاندىن كېيىن ھەددىدىن زىيادە قاتتىق بولۇپ قېلىپ تەييارلايدىغان قۇرس سۇپەتلىك بولماي قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ياكى مەلۇم دورىلارنىڭ يېپىشقاقلىق خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئىسپىرتتا ئاسان ئېرىيدىغان دورىلار بولسا، سۇ ئىشلەتمەي ئىسپىرت ئىشلىتىش مۇۋاپىق كېلىدۇ. لېكىن ئىسلام دىنى تەلىماتى بويىچە ئىسپىرت ئىشلىتىش ئانچە توغرا كۆرۈلمىسىمۇ، لېكىن پېشقەدەم ھۆكۈمالارنىڭ قارىشىچە، دورىلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئىسپىرتنىڭ مىقدارى ئاز، شۇنىڭدەك باشقا مەقسەتتە ئىشلەتمەي كېسەل داۋالاش ئۈچۈن ئىشلەتسە بولىدىكەن. شۇنىڭدەك دورىلارنى ئىسپىرت بىلەن نەمدەپ قۇرس تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن مەزكۇر دورىلار بىر مەزگىل قۇرۇتۇلىدۇ. بۇ جەرياندا ئىسپىرت ئۇچۇچان خۇسۇسىيەتلىك ماددا بولغاچقا ھاۋانىڭ تەسىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئۇچۇپ تۈگەپ قۇرسنىڭ تەركىبىدە تەسىرى قالمايدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان ئىسپىرتنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ھاۋا كىلىماتىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتە ھاۋا ئىسسىق چاغلاردا يۇقىرىراق قويۇقلۇقتىكى (گىرادۇستىكى)، ئەكسىچە ھاۋا سوغۇق ۋاقىتلاردا تۆۋەن قويۇقلۇقتىكى ئىسپىرت ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە 30 ~ 90 پىرسەنتتىكىچە قويۇقلۇقتىكى ئىسپىرت ئىشلىتىلىدۇ.

ئىسپىرت ئىشلەتكەندە ناھايىتى تېز لېك بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېلىش، ھەمدە دانچە تەييارلىۋېلىش لازىم. بولمىسا ئىسپىرت ئۇچۇپ كېتىدۇ.

3) كىراخمال بوتقىسى (نىشاستە بوتقىسى): بۇ، ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچى بولۇپ، كىراخمالنىڭ 70 گىرادۇسلۇق ھارارەتتە قويۇلدۇرۇپ تەييارلانغان شىلىمىدىن ئىبارەتتۇر. كىراخمال بوتقىسى يەڭگىل دەرىجىدە يېپىشتۇرۇش رولىغا ئىگە، شۇڭا ئىشلىتىش دائىرىسى كەڭ. بۇ ئادەتتە 8 ~ 15 پىرسەنتتىكىچە قويۇقلۇقتا تەييارلىنىدۇ. 10% قويۇقلۇقتا تەييارلانغىنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل يېپىشتۇرغۇچى نەملىك ۋە ئىسسىقلىقتا تۇراقلىق بولغان دورىلارغا قوشۇلىدۇ.

كىراخمال بوتقىسى تەييارلاش ئۇسۇلى:

(1) مەلۇم مىقداردىكى كىراخمالغا ئاز مىقداردا سوغۇق سۇ قۇيۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى مەلۇم مىقداردىكى قايناق سۇغا تۆكۈپ توختىماي ئارىلاشتۇرۇپ يېرىم سۈيۈق ھالەتتىكى شىلىم ھالىغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا تەييارلانغان كىراخمال بوتقىسى ئاز مىقداردىكى دورىلاردىن قۇرس تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

(2) مەلۇم مىقداردىكى كىراخمالنى سوغۇق سۇغا ئاستا ـ ئاستا تۆكۈپ، مونەك بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن توختىماي ئارىلاشتۇرۇپ يەڭگىل ئوتتا قاينىتىلىدۇ. قاينىغاندىن كېيىن سوۋۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ھارارەت بەرگەندە بىۋاسىتە ئوتتا قويۇپ قىزىتىشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىلغاندا كىراخمال كۆيۈپ كېتىدۇ. ئىككىنچى خىل ئۇسۇلدا تەييارلىغاندا ھارارەت بېرىش ۋاقتى ئۇزۇنراق. تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولغانلىقتىن كىراخمال تالقانلىرى شىلىملىشىپ قويۇق ھالەتكە كېلىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. لېكىن بەزىدە مونەك بولۇپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

4) قىيام: قىيامنىڭ يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ، دورا توقۇلمىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىغا سىڭىپ كىرىپ يېپىشتۇرۇش رولىنى ئۆتەيدۇ. بۇنى تالالىق دورىلارغا قوشۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. قىيامنىڭ قويۇقلۇقى ئادەتتە 50% ~ 70% بولىدۇ.

5) ئەرەب يېلىمى (سەمغى ئەرەبى): كۆپ قوللىنىلىدىغان قويۇقلۇقى 10 ~ 20 پىرسەنتكىچە بولۇپ يېپىشتۇرۇش كۈچى يۇقىرى.

6) يارا يېلىم (گېلاتىن): كۆپ قوللىنىلىدىغان قويۇقلۇقى 10% ~ 20% بولىدۇ.

**2. تولۇقلىغۇچىلار:**

ئومۇمەن ئاساسلىق دورىنىڭ مىقدارى 0.1 گىرامدىن ئاز بولۇپ، قۇرس تەييارلاش قىيىن بولغاندا، تولۇقلىغۇچىلارنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن تېبابىتىمىز دورىلىرىنىڭ ھەجمى چوڭ ھەمدە گىياھ دورىلارنىڭ تەركىبىدە تالالىق ماددىلار ۋە كىراخمال قاتارلىق دورىلىق تەركىبلەر كۆپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، تولۇقلىغۇچىلار قوشۇلمايدۇ.

**3. پارچىلىنىشقا ياردەم بەرگۈچىلەر:**

قۇرسلارنى يېگەندىن كېيىن ئاشقازان ـ ئۈچەيدە ئۆز ۋاقتىدا ئېرىپ ياكى ۋاقتىدا پارچىلىنىپ تېز سۈرئەتتە سۈمۈرۈلۈپ شىپالىق تەسىرىنى كۆرسىتىشى كېرەك. شۇڭا ئادەتتە قۇرس دورىلارغا پارچىلىنىشقا ياردەم بەرگۈچى دورىلارنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل دورىلار قۇرسنىڭ پارچىلىنىش سۈرئىتىنى ئاشۇرىدۇ. پارچىلىنىشقا ياردەم بەرگۈچىلەر سۇغا مايىل، خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق بولۇپ، سۇغا يولۇققان ھامان تېزلا ئېزىلىپ قۇرسنى ئاسان پارچىلايدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى لازىم.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پارچىلىنىشقا ياردەم بەرگۈچىلەر ھەر خىل قويۇقلۇقتىكى كىراخمال بولۇپ، ئىشلىتىش مىقدارى 5 ~ 20 پىرسەنتكىچە بولىدۇ.

تېبابىتىمىز دورىلىرىنىڭ تالقانلىرىدىن قۇرس تەييارلىنىدىغان بولغاچقا بۇ خىل

تالقانلار سۇدا نەملەنگەندىن كېيىن، ئاستا تەدرىجىي پارچىلىنىدۇ. شۇڭا ئادەتتە پارچىلىنىشقا ياردەم بەرگۈچىلەر قوشۇلمايدۇ.

**4. سىلىقلاشتۇرغۇچىلار:**

تەييار قىلىنغان قۇرۇق دانچىلارغا قۇرس ياساشتىن بۇرۇن بەرى سىلىقلاشتۇرغۇچىلارنى قوشۇش كېرەك.

سىلىقلاشتۇرغۇچىلارنى قوشۇشتىكى مەقسەت:

دانچە بىلەن قېلىپ تۆشۈكىنىڭ سۈركىلىشىنى ئازايتىش، دانچىلارنىڭ قېلىپ تۆشۈكىگە ئوڭۇشلۇق كىرىشىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ۋە قۇرس سىرتقى يۈزىنىڭ كۆركەم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سىلىقلاشتۇرغۇچىلار:

(1) ماگنېزىئوم ستېئارات: بۇ ئاق تالقان بولۇپ، ناھايىتى يەڭگىل ھەمدە يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك، سىلىقلاشتۇرۇش رولى ناھايىتى ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

دانچە بىلەن ئارىلاشتۇرغاندا تەكشى تارقىلالايدۇ. ئادەتتە ئىشلىتىش مىقدارى 0.1 ~ 0.3 پىرسەنتكىچە بولىدۇ.

(2) تەلق (تالك): بۇ، كۆك سىغىزغا ئوخشايدىغان مەدەن ماددا بولۇپ، ئىشلىتىش مىقدارى ئادەتتە 5% بولىدۇ.

(3) سۇيۇق پارافىن (موم يېغى): ئىشلىتىش مىقدارى 1% ~ 0.5% كىچە بولىدۇ.

(4) بورەق تىزابى (بور كىسلاتاسى): ئۇنىڭ ئىشلىتىش مىقدارى 6% ~ 3% گىچە بولىدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم قۇرس دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى

قۇرس تەييارلاش ـ تالقان تەييارلاش، دانچە ياساش، قۇرس بېسىش قاتارلىق جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**1. تالقان تەييارلاش ئۇسۇلى:**

1) نۇسخىدا كۆرسىتىلگەن دورىلارنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن ئېزىپ، 100 كۆزلۈك ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇپ يۇمشاق تالقان تەييارلىنىدۇ.

تالقان تەييارلاش باسقۇچى قۇرس تەييارلاشتىكى مۇھىم بىر باسقۇچ بولۇپ، ئۇ قۇرسنىڭ سۈپىتى ۋە دورىنىڭ شىپالىق ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قۇرس ياساش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، گىياھ دورىلارنىڭ ئۆزىدە ئىككى خىل چوڭ ماددا بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرسى تالالىق ماددىلار، بىرسى كىراخمال بىلەن دەرەخ يېلىمى (رېزىنا) قاتارلىق ئارىلاشما ماددىلاردىن ئىبارەت. بۇ خىل ئارىلاشما ماددىلار ئۆسۈملۈك

هۆجەيرىلىرىدە مەۋجۇت بولىدۇ. ئەگەر تالقانلاردىن بىۋاسىتە قۇرس تەييارلىغاندا ئۆسۈملۈك دورىلار تەركىبىدىكى بۇ خىل ئارىلاشما ماددىلار چىقىرىۋېتىلمەي قالىدۇ. بۇ چاغدا تالالىق ماددىلار ئەۋرىشىم خۇسۇسىيەتلىك ماددا بولغاچقا قۇرس باسقاندا بۇ ماددىلار قۇرسنى بوش ۋە ئاسان يېرىلىپ كېتىدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا نۇسخىدىكى دورىلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېزىلگەن تالقانلاردىن تەييارلانغان قۇرس ئاسانلىقچە چىڭ بولمايدۇ. شۇڭا قۇرس بېسىشتىن ئىلگىرى يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك بولغان قوشۇمچىلاردىن كىراخمال، شېكەر قاتارلىق ماتېرىياللارنى قوشۇش زۆرۈر بولىدۇ. بۇلار دورىلارنى بىر - بىرى بىلەن يېپىشتۇرۇپ، ئۇششاق دانچىلارنى بەرپا قىلىپ، تالالىق ماددىلارنىڭ تەسىرىنى ئازايتىپ، قۇرسنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىغا ياردەم بەرگەن ۋە قۇرسنىڭ مەلۇم دەرىجىدە قاتتىقلىقىنى پەيدا قىلغان بولىسىمۇ، ئەمما بۇنداق ياسالغان قۇرسلارنىڭ ھەجمى نىسبەتەن چوڭ، كېسەللەرنىڭ ئىچىدىغان سانى كۆپ بولىدۇ. شۇنداقلا دورىلار تەركىبىدە ئاشۇ خىل تالالار، يېلىم ۋە ماي ماددىلىرى كۆپ بولغاچقا تالقانلاشتىمۇ قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**قوشۇمچە:**

يېقىندىن بۇيان دورىلارنى قاينىتىپ رۇب (ئېكستراكت) ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇرس ياسىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۇنۇمى ياخشى بولماقتا (رۇبلارنىڭ تەركىبىدە شۇ دورا ماتېرىيالى ئىچىدىكى ئالكولوئىد، گىلۇكوزىد، كىراخمال، تاننىن ۋە باشقا ماددىلارنىڭ بىرىكمىلىرىنى ئاجرىلىپ چىققان بولىدۇ. شۇڭا رۇب قىلىش خىمىيەۋى ئۇسۇلدا جەۋھەر ئېلىشقا ئوخشاش ئەمەس).

2) رۇب ياساش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

(1) يېرىم رۇب قىلىش ئارقىلىق قۇرس تەييارلاش ئۇسۇلى.

بۇنىڭدا نۇسخىدىكى ئومۇمىي دورىنىڭ 20 ~ 30 پىرسەنتىنى يۇمشاق سوقۇپ تالقان قىلىدۇ. ئاندىن قالغان قىسمىنى سۇدا قاينىتىپ، سۈيىنى قويۇلدۇرۇپ رۇب (ئېكستراكت) ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، يۇقىرىدىكى تەييارلانغان تالقان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يۇمشاق خېمىرسىمان ماتېرىيال ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن دانچە ياساپ قۇرۇتۇپ، ئاندىن سىلىقلاشتۇرغۇچىلارنى توشۇپ قۇرس قىلىنىدۇ.

(2) دورىلارنى تولۇق رۇب قىلىش ئارقىلىق قۇرس تەييارلاش:

بۇنىڭدا نۇسخىدىكى بارلىق دورا ماتېرىياللىرىنى چىلاپ، قاينىتىپ، سۈيىنى پارلاندۇرۇپ قويۇق ئۇماچ شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئۇنى قۇرۇتۇپ، يىرىكرەك تالقان ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا تالك قوشۇپ قۇرس قىلىنىدۇ.

رۇب ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق قۇرس تەييارلاش بىرقەدەر ئىلغار ئۇسۇل بولۇپ، بۇنداقتا فىزىكىۋى ئۇسۇل (قاينىتىش) ئارقىلىق دورىلارنىڭ ھەممە جەۋھەرلىرى ئېلىنىپ قۇرس تەييارلانغان بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئۇيغۇر تېبابىتى ئەنئەنىۋى

www.uyghurkitap.com

دورىگەرلىكىدە ئازراق قوللىنىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن يېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى، داۋالاشنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دورىلارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش، دورىلارنى سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت نىشانىنى كۆزلەپ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ نەزەرىيەسى ۋە تەجرىبىلىرىنى ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ئۇنۇملۈك تەركىبى ۋە خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئېرىتكۈچىلەرنى ئىشلىتىپ، جەۋھىرىنى ئېلىشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، بۇنىڭ بىلەن گىياھ دورىلارنىڭ ناچار، كېرەكسىز قىسىملىرىنى چىقىرىۋېتىپ، جەۋھىرىنى ئېلىش، ئىستېمال قىلىش مىقدارىنى ئازايتىش، داۋالاش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش لازىم.

تەركىبىدە كىراخمال ماددىسى كۆپ ياكى خىمىيەۋى تەركىبى تۇراقسىز بولۇپ، ھارارەت تەسىرىدە بۇزۇلىدىغان گىياھ، مەدەن دورىلار ياكى تەركىبىدە ئۇچۇچان ماددا بار ياكى ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدىغان نازۇك خام دورىلارنى قايناتماي، چىلاپ جەۋھىرىنى ئېلىشقا مۇمكىن بولمىسا، ئۇلارنى قايناتماي، يۇمشاق ئېزىپ تەييار بولغان باشقا تالقانلارغا بىۋاستە قوشۇۋەتسە بولىدۇ.

3) جەۋھىرىنى ئېلىش ئۇسۇلى:

(1) قىزىق سۇغا چىلاش ئارقىلىق ئېلىش: دورا ماتېرىياللىرىنى 80 ~ 90 گىرادۇسلۇق قىزىق سۇغا چىلاپ ياكى دورا ماتېرىياللىرىنى ئوتتا قويۇپ قاينىغاندىن كېيىن دەرھال ئوتنى توختىتىش، 80 ~ 90 گىرادۇسلۇق ھارارەتكە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سۇدا ئېرىيدىغان ماددىلارنى ئايرىپ ئېلىنىدۇ. چىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ مىقدارى دورا ماتېرىيالى ھەجمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە، مىقدارىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتە دورا ماتېرىيالى بىلەن سۇنىڭ نىسبىتى 1:8 ياكى 1:12 نىسبىتىدە بولىدۇ. يەنى بىر كىلوگىرام دورىغا سەككىز لىتىر سۇ ياكى بىر كىلوگىرام دورىغا 12 لىتىر سۇ قويۇلىدۇ. چىلاش قېتىم سانى تەخمىنەن 1 ~ 2 قېتىمغىچە، چىلاش ۋاقتى 1 ~ 2 سائەتكىچە بولسا كۇپايە قىلىدۇ. ئاندىن چىلانغان سۇيىنى سۈزۈپ ئېلىپ قايىنتىپ قويۇلدۇرۇپ ئۇماچ شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈزۈلمەي داۋاملىق دورا تەييارلىماقچى بولسا قالدۇقىنى 3 ـ قېتىم چىلاپ، ئۇنىڭ سۇيىنى يېڭىدىن چىلايدىغان دورىنى چىلاشقا ئىشلەتسە بولىدۇ.

(2) قايىنتىش ئارقىلىق جەۋھىرىنى ئېلىش ئۇسۇلى:

دورا ماتېرىياللىرىغا سۇ قويۇپ قايىنتىش ئارقىلىق ئىچىدىكى سۇدا ئېرىيدىغان ماددىلارنى ئايرىپ ئېلىنىدۇ. قايىنتىش قېتىم سانى قايىنتىش ۋاقتى ۋە قوشۇلىدىغان سۇ مىقدارى ئادەتتە 1 ـ خىل ئۇسۇلغا ئوخشايدۇ. لېكىن مىقدارى كۆپرەك بولغان دورىلارنى قايىنتىش توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا سۇ كۆپرەك قويۇلىدۇ. قاتتىق دورا ماتېرىياللىرىنىڭ قايىنتىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش مۇمكىن. سۇزۇك ئېلىنغان دورا

سۈيۈقلۇقىنى تىنچ ھالەتتە قويۇپ، ئاندىن يەنە سۈزۈپ، قويۇلدۇرۇپ مەلۇم دەرىجىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

(3) سۇدا قاينىتىپ، ئىسپىرت بىلەن تىندۇرۇش ئارقىلىق جەۋھىرىنى ئېلىش ئۇسۇلى: قاينىتىش ئارقىلىق ئېلىنغان سۇنى قويۇلدۇرۇپ (بىر كىلوگىرام دورىنى قاينىتىپ بىر لىتىر قويۇلدۇرۇلغان سۇيۇقلۇق ئېلىش) ئۇستىگە 1 ~ 3 ھەسسىگىچە 95 پىرسەنتلىك ئىسپىرت قوشۇپ (بۇ چاغدا ئىسپىرتنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى 50 ~ 70 پىرسەنتكىچە چۈشكەن بولىدۇ)، ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، بىر سوتكا تىنچ ھالەتتە قويغاندا ياكى توڭلىتىش ساندۇقىغا سېلىپ قويۇلغاندا دورىلار تەركىبىدىكى ئاقسىل، كىراخمال، قەنت، دەرەخ يېلىمى، شۇنىڭدەك شىلىمشىق ماددا قاتارلىق ئارىلاشمىلار ئاستىغا چۆكىدۇ. ئاندىن ئاستىغا تىنغان دۇغنى سۈزۈپ چىقىرىۋېتىپ، ئۈستىدىكى سۈزۈك سۇيىنى بېسىمنى تۆۋەنلىتىپ پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن پارلاندۇرۇپ، تەركىبىدىكى ئىسپىرتنى قايتۇرۇش يىغىۋېلىپ، قويۇلدۇرۇپ ئىشلىتىشكە تەييارلىنىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا يۇقىرى ئۇسۇللار بويىچە ئىسپىرت بىلەن 2 ~ 3 قېتىم قايتا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

(4) سىرغىتىپ سۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىش: بۇ قاتتىق دورا ماتېرىياللىرىنى ئېرىتكۈچىلەرگە چىلاپ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى شىپالىق ماددىلارنى چىقىرىۋېتىش ئۇسۇلىدۇر. بۇنىڭدا دورا ماتېرىياللىرىنى مىدىرلاتماستىن، ئېرىتكۈچى سۇيۇقلۇقلارنى ئاستا - ئاستا قۇيۇپ سىرغىتىپ سۈزۈلىدۇ.

بۇ دورا تالقانلىرى ئۈستىگە ئېرىتكۈچىلەرنى قوشقاندا، ئۇلار دورا تالقانلىرى ئارىسىغا سىرغىپ كىرىپ، ئۆزلۈكىدىن ئاستىغا چۆكۈپ، دورىلارنىڭ تەركىبىدىكى ماددىلارنى ئېرىتىپ ئېقىتىپ ئېلىنىدىغان بىر خىل ئۇسۇلدىن ئىبارەتتۇر.

بۇنداق چىلاش ئۇسۇللىرى باشقا ئۇسۇللاردىن ياخشى بولۇپ، ئۇنۇمى يۇقىرى، جەۋھەر ماددىلار ياخشىراق قولغا كېلىدۇ. ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتكۈچىلەر ئوخشاش بولمىغان قويۇقلۇقتىكى ئىسپىرت، كىسلاتالىق سۇ ياكى ئىشقارلىق سۇلاردىن ئىبارەت.

ئىشلەش ئۇسۇلى: مەلۇم مىقداردىكى تالقانلارنى ئۆلچەپ ئېلىپ، ئۇنى بىر قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە ئېرىتكۈچىلەرنى قۇيۇپ (ئادەتتە بىر ھەسسە دورىغا بىر ھەسسە ئېرىتكۈچى قوشۇلىدۇ) نەملەپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ 2 ~ 8 سائەتكىچە تىنچ ھالەتتە قويۇلىدۇ. دورا تالقىنى تولۇق نەملىشىپ كۆيۈپ تەييار بولغاندا سىرغىتىپ سۈزگۈچى تۇڭغا بىرقانچە قېتىمغا بۆلۈپ قاچىلىنىدۇ. ھەر قېتىم قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىدىن ياغاچ توقماق بىلەن تەكشى بېسىپ چىڭداپ قويۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن تۇڭنىڭ ئاستىدىكى تۆشۈكنى ئېتىپ قويۇپ ئۈستىگە ئېرىتكۈچىلەرنى كۆپەيتىپ قوشۇپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ 24 ~ 48 سائەتكىچە چىلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن تۇڭنىڭ ئاستىنقى ئاغزى ئېچىۋېتىپ سىرغىتىپ تېمىتىپ ئېلىنىدۇ.




11 ـ رەسىم. سىرغىتىپ سۈزگۈچى تۈلۈك
1. سىرغىتىپ ئېرىتكۈچى سۈيۈقلۇق؛
2. فىلتىر قەغەز؛ 3. خام دورا تالقىنى؛
4 ياغسىزلاندۇرۇلغان ياخشى ۋە ئەينەك شارىكچە.

تېمىتىش سۈرئىتى ئادەتتە بىر كىلوگىرام دورا ماتېرىيالىدىن مىنۇتىغا 2 ~ 5 مىللىلىتىرغىچە سۈيۈقلۇق تېمىپ چىقىدىغان قىلىپ تىزگىنلەنسە بولىدۇ. سىرغىپ سۈزۈش جەريانىدا ئېرىتكۈچىلەرنى پات ـ ئات قويۇپ تۇرۇش ئارقىلىق دورا يۈزىنىڭ داۋاملىق ئېرىتكۈچىلەرگە چىلىنىپ تۇرۇش ھالىتىنى ساقلاش لازىم. سىرغىتىپ سۈزۈش تۈگىگەندىن كېيىن دورا قالدۇقى مىجىلىدۇ. بۇنداق سىقىپ ئېلىنغان سۈيۈقلۇق بىلەن، سىرغىتىپ ئېلىنغان سۈيۈقلۇقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئېرىتكۈچىلەرنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىپ دورىنى قويۇلدۇرۇپ رۇب ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

سىرغىتىپ سۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار: سىرغىتىپ سۈزۈش تۈگى، دورىلارنى چىڭداش ئۈچۈن ياغاچ توقماق؛ تېمىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان شىشىلەردىن ئىبارەت.

(5) تەتۈر ئاققۇزۇش ئارقىلىق جەۋھىرىنى ئېلىش:

ئىسپىرتقا ئوخشاش ئاسان ئۇچۇپ كېتىدىغان ئورگانىك ئېرىتكۈچىلەرنى ئىشلىتىپ، ئىسسىقلىق ياردىمى بىلەن دورا ماتېرىياللىرىنىڭ شىپالىق قىسمىنى ئايرىۋېلىش جەريانىدا مۇشۇ خىل تەتۈر ئاققۇزۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش، ئېرىتمىلەرنىڭ سەرپىياتىنى ئازايتىپ، جەۋھىرىنى ئايرىۋېلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق. بۇنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى يەنىلا ئىسسىقلىق ياردىمى بىلەن پارلاندۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

ئىشلەش ئۇسۇلى: ئېزىلىپ بولغان دورا تالقانلىرىنى تەتۈر ئاققۇزۇش قازىنىغا سېلىپ، ئۈستىگە ئېرىتكۈچىلەرنى قۇيۇپ، قازاننىڭ ئۈستىگە سوۋۇتقۇچى نەيچىلەرنى بېكىتىپ ئاندىن قاينىتىلىدۇ. قايناپ چىققان دورا ھورلىرى سوغۇقلۇق تەسىر قىلدۇرۇش نەتىجىسىدە سوۋۇپ قايتا قازانغا ئاقىدۇ. بۇ ئۇسۇل بويىچە قايتا ـ قايتا ئاققۇزغاندا دورىنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبى (جەۋھىرى)نى تولۇق ئالغىلى بولىدۇ. شىپالىق

قىسمى تولۇق ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، تەتۈر ئاققۇزۇشنى توختىتىپ، ئېرىتىپ ئېلىنغان سۇيۇقلۇقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئېرىتكۈچلەرنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىپ، سۇيۇقلۇقلارنى داۋاملىق قويۇلدۇرۇپ رۇب تەييارلىنىدۇ.

(6) گىياھ دورىلار تەركىبىدىكى ياغنى ئايرىۋېلىش ئۇسۇللىرى:

بۇ ئۆسۇملۈك دورا ماتېرىيالى ئىچىدىكى ئۇچۇچان ياغلارنى ئايرىۋېلىش ئۇسۇلىدۇر. بۇنىڭدا بىۋاسىتە پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى ۋە سۇ هورى ئارقىلىق پارلاندۇرۇش ئۇسۇللىرىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل كۆپ قوللىنىلىدۇ (1 ـ قىسىم 38 ـ بەتتىكى ئەرەق تارتىش [تەقتىر] ماۋزۇسىغا قارالسۇن). تەركىبىدە ئۇچۇچان خۇسۇسىيەتلىك پۇراقلىق ماددىلار تۇتقان دورا ماتېرىياللىرىنى پارلاندۇرغاندا ئۇچۇچان ياغلار سۇ هورلىرىغا ئەگىشىپ بىللە چىقىدۇ. بۇ ئېقىپ چىققان سۇيۇقلۇقلارنى بىر قاچىغا ئاققۇزۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ياغ قەۋىتىنى ئايرىۋېلىشقا بولىدۇ.

4) قويۇلدۇرۇش ئۇسۇلى: بۇ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئېلىنغان دورا سۇيۇقلۇقىنى قاينىتىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىش ئارقىلىق قويۇلدۇرۇش مەشغۇلاتى بولۇپ، ئۇنى پارلاندۇرۇش ئارقىلىق قويۇلدۇرۇش ئۇسۇلى دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇل ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ.

① نورمال بېسىم بىلەن قويۇلدۇرۇش ئۇسۇلى: نورمال بېسىم ئاستىدا بىۋاسىتە ئوت كۈچى بىلەن ياكى پار بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭدىكى سۇ ياكى باشقا ئېرىتكۈچىلەر پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇنداق قاينىتىش ۋاقتىدا بىۋاسىتە ئوت بىلەن ئىسسىقلىق بېرىشتە كۆيۈك پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

② بېسىمنى تۆۋەنلىتىپ قويۇلدۇرۇش ئۇسۇلى: بېسىمنى تۆۋەنلىتىش ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق سۇيۇقلۇقنىڭ قايناش نۇقتىسىنى مۇۋاپىق هالدا تۆۋەنلىتىپ، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا (60 گىرادۇستىن ئاشمايدۇ) پارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىلىدۇ.

ئىسپىرت قاتارلىق ئورگانىك ئېرىتمىلەر ئېرىتكۈچى قىلىنغان دورا سۇيۇقلۇقلىرىنى قويۇلدۇرۇپ ئىسپىرتنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىشتا مۇشۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

ئىشلەش ۋاقتىدا، ئالدى بىلەن ھەقىقىي بوشلۇق ناسوسى (ۋاكۇئۇم ناسوسى) نى ئېچىۋېتىپ، پارلاندۇرۇش قازىنى ئىچىدىكى هاۋانى چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن پارلاندۇرۇلىدىغان ياكى قويۇلدۇرۇلىدىغان سۇيۇقلۇقنى سۈمۈرۈپ ئېلىنىدۇ.

داۋاملىق هاۋا چىقىرىش بېسىم كۈچىنى 55 ~ 149 مىللىلىتىر سىماب تۈۋرۈكى (mmHg) گىچە تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق تۆۋەن تېمپېراتۇرا(40℃ -60℃) دا قويۇلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل ـ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، سۈرئىتى تېز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

5) قۇرۇتۇش: بۇ، ئىسسىقلىق ياردىمى ئارقىلىق دورا ماتېرىياللىرى ئىچىدىكى سۇنى پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىپ قۇرۇق هالەتكە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىدۇر. يېقىندىن بۇيان ئەڭ كۆپ

ئىشلىتىلىۋاتقان قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

① ئىسسىق ھاۋادا قۇرۇتۇش: قويۇلىدۇرۇپ تەييارلانغان رۇب ھالىتىدىكى دورا ماتېرىيالىنى قاقلاش ئۆيى ياكى قاقلاش ساندۇقى ئىچىگە يېيىش ئارقىلىق قۇرۇتۇلىدۇ. قاقلاش ئۆيى ياكى قاقلاش ساندۇقى ئىچىگە ئىسسىقلىق مەنبەسى (پار تۇرۇبىسى، مەش، توك ئوچىقى قاتارلىقلار) ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ.

② پۈركۈش ئارقىلىق قۇرۇتۇش: بۇ، جەۋھىرى ئېلىنغان سۇيۇقلۇقلارنى پۈركۈش جابدۇقى ئارقىلىق ئىسسىق ھاۋا ئېقىمىغا پۈركۈپ قۇرۇتىدىغان ئۇسۇل بولۇپ، دورا سۇيۇقلۇقلىرى پۈركۈگۈچ ئارقىلىق پۈركۈلۈپ ئۇششاق تامچىلار شەكىللەنگەندىن كېيىن، سىرتقى يۈزىنىڭ ھەجمى چوڭىيىدۇ. بۇلار ئىسسىق ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىپ شۇ ھامان قۇرۇپ كېتىدۇ. بۇنداق قۇرۇتۇش ئۇسۇلى ئىسسىققا چىدامسىز بولغان دورىلارنى قۇرۇتۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

بۇ ئۇسۇلنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى: قۇرۇتۇش سۈرئىتى تېز بولۇپ، ھارارەتكە چىدامسىز دورىلارنى بۇ خىل ئۇسۇلدا قۇرۇتۇش جەريانىدا سۈپىتى ئۆزگىرىش قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ. قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىنكى دورا تالقانلىرى ناھايىتى يۇمشاق بولۇپ قايتا ئېزىشكە ھاجەت يوق، ۋاقىت ئانچە سەرپ بولمايدۇ.

ئومۇمەن ييقىندىن بۇيان كۆپ ھاللاردا گىياھ دورىلاردىن قىلىنغان رۇبلار بىۋاستە قۇرۇتۇلماقتا ياكى تەييارلانغان رۇب بىلەن، نۇسخىدىكى ئېزىپ تەييارلانغان بىر قىسىم يۇمشاق تالقانلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاندىن قۇرۇتۇلماقتا.

دورىلارنى قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، نەم تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ ساقلاشقا دىققەت قىلىش لازىم.

(9) ئېزىش ۋە ئارىلاشتۇرۇش: قۇرۇتۇپ تەييارلانغان رۇب ھالەتتىكى دورىلارنى ئېزىش جابدۇقلىرى بىلەن ئېزىپ، ئۆلچەملىك ئەلگەكلەر بىلەن تاسقاپ، ئاندىن ئۇنىڭغا قوشۇمچىلارنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ دانچە قىلىنىدۇ.

**2. دانچە تەييارلاش:**

تېبابىتىمىز دورىلىرىدىن قۇرس ياساشتىن ئىلگىرى، كۆپ ھاللاردا ئاۋۋال دانچە تەييارلاپ، ئاندىن بۇ خىل دانچىلار بىلەن قۇرس ياساش ئۇسۇلى قوللىنىلماقتا.

1) دانچە ياساشتىكى مەقسەت.

① تالقان ئارىلىقلىرىدىكى بوشلۇقلاردا مەلۇم مىقداردا ھاۋا مەۋجۇت بولۇپ، قۇرسنى پىرىس بىلەن باسقاندا، تالقان ئىچىدىكى بىر قىسىم ھاۋا قۇرس ئىچىدە قېپقېلىپ بېسىلغان قۇرس بوش بولۇپ قالىدۇ؛② بەزى دورىلارنىڭ تالقانلىرى يەڭگىل، سۈركىلىش كۈچى چوڭ بولۇپ، بىر جايغا ئاسانلا يىغىلىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تالقانلارنىڭ قېلىپ تۆشۈكىگە كىرىشى ناچارلىشىدۇ. نەتىجىدە قۇرسنىڭ ئېغىرلىقىغا تەسىر يېتىپ، قۇرس مىقدارىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ؛③ نۇسخا تەركىبىدىكى بەزى قوشۇمچە دورىلارنىڭ ئېغىرلىقىدا پەرق چوڭراق بولۇپ، قۇرس ياساش جەريانىدا، قۇرس ياساش ماشىنىسىنىڭ سىلكىنىشى ئارقىسىدا ئېغىرراقلىرى ئاستىغا

ئۆلتۈرۈۋېلىش، يەڭگىللىرى ئۈستىدە قىلىش ئەھۋالى يۈز بېرىپ قۇرستا قات ئايرىپ قويۇش ھادىسىسى كېلىپچىقىپ دورا مىقدارى توغرا بولمايدۇ؛④ قۇرس ياساش جەريانىدا بەزى ئۇۋاق تالقانلار توزۇپ كېتىدۇ. ھەمدە يېپىشقاق تالقانلار پىرىسقا ئاسان چاپلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دورىلارنىڭ ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەتلىرىگە، ئۈسكۈنە، شارائىت ۋە ھاۋا كىلىماتى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى تاللاپ ئىشلىتىپ سۈپەتلىك دانچىلارنى ياساش ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

تەييارلانغان دانچىلارنىڭ ياخشى ۋە ناچار بولۇشى قۇرسنىڭ سۈپىتىگە، مەسىلەن: قۇرس ئېغىرلىقىنىڭ پەرقى، ئاساسىي دورىنىڭ مىقدارى، قاتتىقلىق دەرىجىسى، پارچىلىنىش ۋاقتىسى ۋە سىرتقى كۆرۈنۈشى قاتارلىقلارغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

2) دانچە ياساش ئۇسۇلى.

(1) يۇمشاق ماتېرىيال تەييارلاش: تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييار قىلىنغان تالقانلارغا نەملىگۈچى ۋە يېپىشتۇرغۇچىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ نەم ھالەتتىكى يۇمشاق ماتېرىيال تەييارلىنىدۇ. تەييارلانغان يۇمشاق ماتېرىيالنىڭ قۇرۇق ياكى ھۆللىكىنى ئۆلچەشتە يۇمشاق ماتېرىيالدىن ئالىقىنىمىزغا بىر سىقىم ئېلىپ بارماقلار بىلەن چىڭ سىقساق بىر كاللەك بولۇپ يۇملىشىشى، ئاندىن بۇ كاللەكنى قولىمىزنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۇرغاندا دەرھال ئۇۋۇلۇپ كېتىشى لازىم. مۇشۇنداق ھالەتكە كەلگەن ماتېرىيال دانچە ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان ياخشى، يۇمشاق ماتېرىيال بولىدۇ.

(2) دانچە ياساش:

① قول بىلەن دانچە ياساش: يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تەييار نەم ھالەتتىكى يۇمشاق ماتېرىيالنى 14 ~ 24 كۆزلۈك ئەلگەك (سېتكا، 12 ـ رەسىم) ئۈستىگە ئاز ـ ئازدىن سېلىپ، ئالىقان بىلەن يەڭگىل ئۇۋۇلاپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئۆتكەن دانچە ئۇزۇن پىلتە شەكلىدە ياكى مونەك ھالەتتە بولسا يۇمشاق ماتېرىيالنىڭ ھەددىدىن زىيادە ھۆل بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەگەر سېتكىدىن ئۆتكۈزۈلگەن دانچە ھەددىدىن زىيادە ئۇششاق بولسا ياكى تالقانلىرى كۆپ بولۇپ كەتسە يۇمشاق ماتېرىيالنىڭ ھەددىدىن زىيادە قۇرۇق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك.

② ماشىنا بىلەن دانچە ياساش: مىقدارى كۆپ دورىلارنى تەييارلىغاندا ئۇنىڭ دانچىسى ماشىنا بىلەن تەييارلىنىدۇ. دانچە ياساش ماشىنىسىدا ھەر خىل تورى (سېتكىسى) بولۇپ، بۇ سېتكە دانچىلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ئالماشتۇرۇلىدۇ. دانچە تەييارلاش ۋاقتىدا ئاۋۋال دىنامىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ماشىنىنىڭ چۆرگىلىشى نورمال بولغاندىن كېيىن، يۇمشاق ماتېرىيالنى سېلىپ دانچە تەييارلىنىدۇ. ئاستىغا ئاق سىرلىق پەتنۇس ياكى ياغاچ پەتنۇسلارنى قويۇپ سېتكىدىن ئۆتكۈزۈلگەن دانچىلار يىغىۋېلىنىدۇ.



12 ـ رەسىم: قول بىلەن دانچە قىلىش سېتكىسى

### 3) كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دانچە چىقىرىش ماشىنىسى

دانچە ياساشقا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلار ئىغاڭلىما تىپلىق ۋە ئايلانما تىپلىق ئىككى خىلدىن ئىبارەت. ھازىر ئىغاڭلىما تىپلىق دانچە ياساش ماشىنىسى كۆپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. (13 ـ رەسىم). بۇ ماشىنىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ئاددىي بولۇپ، ئۈستىدە دورا سالىدىغان ئاغزى، ئاستىدا ئالتە قىرلىق تولۇق. ئىككى تەرىپىدە ئەلگەك تورىنى مۇقىم تۇتۇپ تۇرغۇچى سايمانلىرى بار. تولۇق ئوڭ ۋە سولغا ئىغاڭلاپ تۇرغاچقا يۇمشاق ماتېرىيال ئۆزلۈكىدىن سېتكىغا چۈشۈپ دانچە بولۇپ ئۆتىدۇ. بۇ خىلدىكى ماشىنىنىڭ دانچە ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ياسايدىغان دانچىلارنىڭ ئۆلچىمى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىك دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ سائىتىگە 30 ~ 70 كىلوگىرام دانچە ياساپ چىقىرالايدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىشى ئاددىي، سېتكىسى ئالماشتۇرۇشقا ئەپلىك. ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.




13 ـ رەسىم. ئىغاڭلىما تىپلىق دانچە ياساش ماشىنىسى

1. ماتېرىيال سېتىش ئاغزى؛ 2. ئىغاڭلىما شەكىللىك تولۇق؛ 3. سېتكا؛ 4. سېتكا بېكىتىدىغان قىسمى؛ 5. دانچىلارنى چۈشۈرىدىغان لاتوك جازىسى؛ 6. تاسمىلىق چاق، 7. موتور.

### 4) دانچىلارنى قۇرۇتۇش.

دانچە تەييارلىنىپ چىققاندىن كېيىن، تالقانلار ۋە قوشۇمچىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىدا قۇرۇتۇلىدۇ. دەسلەپتە تېمپېراتۇرا 60 ~ 80 گىرادۇس ئەتراپىدا بولۇپ، تەدرىجىي ئۆرلىتىپ 100 گىرادۇسقا يەتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر دەسلەپتىلا يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قويۇلسا سىرتقى قەۋىتى بالدۇر قۇرۇپ، ئىچكى قىسمىدىكى سۇ ئاسان تارقالماي قالىدۇ ياكى چاپلىشىۋېلىش ياكى ئېرىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. دانچىلاردا سۇ كۆپ بولسا قۇرس قىلىش گەرچە ئاسان بولسىمۇ، لېكىن پىرىسقا چاپلىشىپ قالىدۇ. سۇ بەك ئاز بولسا قۇرس چىڭ بولمايدۇ بەلكى يېرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا دانچىلارنىڭ مۇۋاپىق قۇرۇتۇلۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئادەتتە دانچە تەركىبىدە 2.5% ئەتراپىدا سۇ بولۇشقا يول قويۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دانچىلارنى پەتنۇسقا ئىككى سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يېيىپ قۇرۇتۇش كېرەك. قۇرۇتۇش جەريانىدا ئاستى ـ ئۈستىنى ئۆرۈپ، ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇش، دورا يېيىلغان پەتنۇسلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئاستى ـ ئۈستى تەكچىلەرگە ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش بىلەن دانچىلارنى تەكشى قۇرۇتۇش لازىم. دانچىلارنى



www.uyghurkitap.com

قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ياخشى ساقلاپ نەملىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

دانچىلارنىڭ قۇرۇقلۇق دەرىجىسىنى بىلىش ئۈچۈن قۇرۇتۇلغان دانچىلاردىن بىر سىقىم ئېلىپ، قولىمىزنىڭ ئالىقىنى بىلەن چىڭ سىقىپ، ئاندىن ئالىقاننى ئاچقاندا، دانچە مونەك بولۇۋالمايدىغان بولۇشى ۋە ئۇۋاق تالقانلار ئالىقانغا چاپلىشىپ قالماسلىقى كېرەك ياكى بىر قىسىم دانچىلارنى ئېلىپ باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماق ئارىلىقىدا ئۇۋۇلىغاندا ئېزىلىشى لازىم.

دانچىلار ئاساسەن قاقلاش ئۆيلىرى ۋە قاقلاپ قۇرۇتۇش ئىشكاپلىرىدا قۇرۇتۇلىدۇ.

5) دانچىلارنى رەتلەش.

دانچىلار قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا ھەر خىل چوڭلۇقتىكى ئۆلچەمسىز دانچىلار ۋە ئۇۋاق تالقانلار يەنىلا مەۋجۇت بولىدۇ. ئەگەر تالقانلار كۆپ بولسا قۇرس بوش بولۇپ قالىدۇ ۋە يېرىلىپ كېتىدۇ، ئەگەر دانچە بەك چوڭ بولسا، قۇرستا گۇل پەيدا بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا دانچىلارنى 18 ~ 22 كۆزلۈك سېتكىلەر ئارقىلىق بىر قېتىم تاسقاپ ھەددىدىن ئارتۇق چوڭ دانچىلارنى ئايرىۋېتىپ، ئۇلارنى قايتىدىن پىششىقلاپ ئۆلچەملىك دانچە قىلىنىدۇ. ئۇۋاق تالقانلارنى 80 كۆزلۈك ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئايرىپ، ئۇنىمۇ قاتىيىدىن دانچە قىلىپ، بۇرۇنقى دانچىلارغا قوشۇپ تەڭشىلىدۇ.

6) ئۇچۇچان ياغنى بىر تەرەپ قىلىش.

پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىنغان ئۇچۇچان ياغنى دانچىلار ئارىسىدىن چىقىرىۋېتىلگەن بىر قىسىم تالقانلارغا سۈمۈرتۈپ، ئاندىن ئۇلارنى دانچىلارغا تەكشى ئارىلاشتۇرسا بولىدۇ ياكى ئۇچۇچان ياغنى ئىسپىرتتا ئېرىتىپ دانچىلارغا پۈركىسىمۇ بولىدۇ.

**3. قۇرس ياساش:**

تەڭشەپ تەييارلانغان دانچىلارغا مۇۋاپىق مىقداردا سىلىقلاشتۇرغۇچىلارنى قوشۇپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ قۇرس ياساش جابدۇقلىرى بىلەن قۇرس قىلىنىدۇ.

قوشۇمچە:

1) قۇرس ئېغىرلىقىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى: قۇرس ئېغىرلىقى دېگەندە بېسىلىپ چىققان بىر دانە قۇرسنىڭ ئەمەلىي ئېغىرلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دانچىلار يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مەشغۇلاتلار جەريانىدا كېمىيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرس بېسىشتىن ئىلگىرى ھەربىر قۇرسنىڭ ئەمەلىي ئېغىرلىقىنى ھېسابلاپ كۆرۈش لازىم. قۇرس ئېغىرلىقىنى ھېسابلاشتا ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك فورمۇلا قوللىنىلىدۇ.

قۇرس ئېغىرلىقى = (قۇرۇتۇلغان ئومۇمىي دانچە ئېغىرلىقى + قوشۇلغان قوشۇمچىلار ئېغىرلىقى) / تەييارلىنىدىغان قۇرس سانى

يەنى بىر دانە قۇرسنىڭ ئېغىرلىقى = قۇرۇتۇلغان ئومۇمىي دانچە ئېغىرلىقى بىلەن قۇرس قىلىشتىن ئىلگىرى قوشۇلغان قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلمىسىنى ئومۇمىي تەييارلىنىدىغان قۇرسنىڭ سانىغا بۆلگەنگە تەڭ.

2) قۇرس تەييارلاش ماشىنىسى ۋە مەشغۇلاتى.

قۇرس قولدا ۋە مەخسۇس قۇرس بېسىش ماشىنىسىدا ياسىلىدۇ.

قول بىلەن قۇرس ياساش ئۇسۇلى يەرلىك ئۇسۇل بولۇپ، ئۆتمۈشتە يەرلىك قۇرس بېسىش ماشىنىسى ئارقىلىق تەييارلىناتتى. لېكىن ھازىر دۆلىتىمىزدە ھەر خىل تىپتىكى زامانىۋى قۇرس بېسىش ماشىنىلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئۇلار كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن قولدا قۇرس تەييارلاش ئۇسۇلى ئانچە كۆپ قوللىنىلمايدۇ.

**ماشىنا بىلەن قۇرس بېسىش**

قۇرس بېسىش ماشىنىسىنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ. ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى يەككە پېرىسلىق ۋە كۆپ پېرىسلىق قۇرس ياساش ماشىنىسىدىن ئىبارەت. لېكىن بۇ خىل ماشىنىلارنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدۇ.

يەككە پېرىسلىق قۇرس بېسىش ماشىنىسى: بۇ خىل ماشىنا بىر دانە يۇمىلاق قېلىپ ۋە ئىككى دانە ئاستىنقى، ئۈستۈنكى پېرىسلاردىن تۈزۈلگەن. يۇمىلاق قېلىپ سىلىق ۋە تەكشى بىر تەكچىگە (تاختايغا) ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئىككى دانە سوقا ئاستىنقى، ئۈستۈنكى سوقا تۈۋرۈككە بېكىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر دانە ئايلانما چاق، قول بىلەن چۆرۈپ ئىشلىتىلىدىغان تۇتقۇچ، دورا سالىدىغان تۇلۇق ۋە ئوڭ ـ سولغا ئايلىنىدىغان ياكى ئالدى ـ كەينىگە ئىتتىرىپ دورىنى قېلىپ تۆشۈكىگە كىرگۈزۈپ بېرىدىغان ئۈتۈك شەكىللىك دورا قاچىسى ۋە تەڭشىگۈچلەر بار. مىقدار قېلىپى تۆشۈكىگە دانچىلار تولدۇرۇلۇپ، ئاستى ۋە ئۈستىدىكى ئىككى پېرىس بىلەن بېسىم بېرىلىپ، قۇرس بېسىپ چىقىرىلىدۇ. قۇرس بېسىش جەريانىدا ئاۋۋال ماشىنىنى تۇتقۇچ ئارقىلىق قولدا ئايلاندۇرۇپ، چۆرگىلىشى مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئازراق دورا سېلىپ قۇرس چىقىرىپ كۆرۈلىدۇ. قۇرسنىڭ مۇقىملاشقان ئېغىرلىقىنى تەڭشەپ بولۇپ، ئاندىن بېسىم كۈچى تەڭشىلىدۇ. بۇلار تەلەپكە لايىق بولغاندىن كېيىن، ئاندىن دىنامنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ قۇرس بېسىش داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

ئايلانما شەكىللىك قۇرس بېسىش ماشىنىسى: ئايلانما تىپلىق قۇرس ماشىنىسى ھازىر دورا زاۋۇتلىرىدا قۇرس تەييارلاشتا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىۋاتقان ماشىنا بولۇپ، ئادەتتە 16 ـ 19، 27، 33، 37، 51 پېرىسلىقلىرى بولىدۇ، بۇلاردىن ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى 16 ـ 33 پېرىسلىقىچە بولغانلىرىدۇر (14 ـ رەسىم). بۇلارنىڭ قۇرس چىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى.

16 پېرىسلىق قۇرس بېسىش ماشىنىسى مىنۇتىغا 300 ~ 600 دانىغىچە، 19 پېرىسلىقى مىنۇتىغا 410 ~ 750 دانىغىچە، 33 پېرىسلىقى مىنۇتىغا 900 ~ 1600 دانىغىچە، 51 پېرىسلىقى مىنۇتىغا 3800 دانىغىچە قۇرس چىقىرالايدۇ. بۇ خىل ماشىنىدا ئاستىنقى ـ ئۈستۈنكى پېرىسلىرى بىرلا ۋاقىتتا بېسىم بېرىدۇ. بەلكى بېسىم تەدرىجىي ئاشۇرۇلىدۇ. شۇڭا بېسىم كۈچى تەكشى بولغاچقا قۇرس يېرىلىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ئاز ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ تۈزۈلۈشى بىر ئاز مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ماشىنىنىڭ

ئالاھىدىلىكى كۆپ.

ئايلانما شەكىللىك قۇرس ماشىنىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

(1) قۇرس بېسىپ چىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى.

(2) سوقا شەكىللىك (يەككە پىرىسلىق) قۇرس ماشىنىسىدا قۇرس ياسىغاندا تۆۋەنكى پىرىس مىدىرلىمايدۇ. پەقەت ئۈستۈنكى پىرىس بېسىم بېرىدۇ. شۇڭا بېسىم تەكشى بولماي قۇرس يېرىلىپ كېتىدۇ. ئايلانما تىپلىق قۇرس ماشىنىسىنىڭ ئۈستۈنكى - ئاستىنقى پىرىسى تەڭلا بېسىم بېرىدۇ. ھەتتا بېسىم كۈچى تەدرىجىي ئاشۇرۇلىدۇ. شۇڭا بېسىم كۈچى تەكشى بولۇپ، قۇرس يېرىلىپ كېتىدىغان ھادىسە ئاز ئۇچرايدۇ.



14 - رەسىم. 16 پىرىسلىق ئايلانما تىپلىق قۇرس ماشىنىسى

(3) ئايلانما تىپلىق قۇرس بېسىش ماشىنىسىنىڭ بېسىم كۈچى بىر خىل، سىلكىنىشى ئاز، دورا سېلىش ئاغزى مۇقىم بېكىتىلگەن بولغاچقا، ئېغىر، يەڭگىل دانچىلار ئايرىلىۋالىدىغان ئەھۋاللار ئاز ئۇچرايدۇ. شۇڭا قۇرس ئېغىرلىقى توغرا بولىدۇ.

(4) قېلىپ تەكچىسى ئاستا - ئاستا يۆتكىلىپ دانچىلار تەكشى ھالدا قېلىپ تۆشۈكىگە ئوڭۇشلۇق كىرىدۇ.

(5) بېسىم ئاستا - ئاستا بېرىلگەچكە دانچىلار ئارىسىدىكى ھاۋا قېلىپ تۆشۈكىدىن چىقىپ كېتىپ قۇرس يېرىلىپ كېتىش ھادىسىسى ئازايتىلىدۇ.

3) قۇرس بېسىش ماشىنىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئاسراش.

(1) قۇرس ياساش ماشىنىلىرىنى كۈن نۇرى يېتەرلىك بولغان، ئىسسىق، قۇرغاق ۋە پاكىز جايغا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

ئادەتتە ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى (خېمىرى قىلىش ماشىنىسى) بىلەن دانچە ياساش ماشىنىسى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. قالاش ساندۇقىمۇ ئۇلار بىلەن بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلسا بولىدۇ. لېكىن قۇرس ماشىنىسىنى ئايرىم ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. شېكەر يالىتىش ماشىنىسى يەنە باشقا ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

(2) ھەر خىل ماشىنىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال قول بىلەن ئاستا - ئاستا ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ھەرقايسى ئىچكى قىسىملىرىنىڭ نورمال ئايلانغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ سېزىمچانلىقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، چۆرگىلىشى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ئاندىن دىنامىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا قوراشتۇرۇش مۇۋاپىق بولماسلىقى بىلەن كېلىپچىقىدىغان زىيانلاردىن ساقلانغىلى

بولىدۇ. دەسلەپ يېڭىدىن قۇراشتۇرغاندا ماشىنىنىڭ ئايلانما قىسىملىرىنى مايلاپ قويۇش ۋە نورمال ھەرىكەت قىلىشىغا دىققەت قىلىش لازىم.

(3) ماشىنىنىڭ تازىلىقىنى ياخشى قىلىپ، ئۇششاق تالقانلارنى داۋاملىق سۈرتۈپ چىقىرىۋېتىش لازىم. ئايلانما تىپلىق قۇرس ماشىنىسىغا چاڭ - توزانلارنى سۈمۈرۈش ئەسۋابى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، شۇڭا ئۇۋاق تالقانلارنىڭ دۆۋىلىنىپ قېلىشى ئاز كۆرۈلىدۇ.

(4) بارلىق ماشىنىلارنى مۇددەت بويىچە چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇپ تۇرۇش لازىم. پىرىسلار داۋاملىق تالقانلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا ئاسانلا تەسىرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ھەر كۈنى بىر قېتىم پىرىسنى تەكشۈرۈپ رەتلەپ تۇرۇش كېرەك. شۇنداقلا كۆپ ھاللاردا تۆۋەنكى پىرىسقا ئاسانلا دورىلار يىغىلىپ قالىدۇ. بۇلارغا دىققەت قىلىش لازىم.

(5) ھەر قېتىم قۇرس بېسىشتىن ئىلگىرى قىسىملارنى بىر قېتىم پاكىز سۈرتۈپ، پىرىسنى ئورۇنلىرىغا ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر خىل ئىچكى قىسىملارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى نورمال بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال بىرقانچە تال قۇرس بېسىپ كۆرۈلىدۇ، قۇرسنىڭ ئېغىرلىق ۋە قاتتىقلىق دەرىجىسى ئۆلچەمگە لايىق بولغاندىن كېيىن، قۇرس چىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. قۇرس بېسىۋاتقاندا ھەر 15 ~ 30 مىنۇت ئارىلىقىدا قۇرسنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋە قۇرسى ئېغىرلىقىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم.

**4. قۇرس ياساش جەريانىدا ئۇچرايدىغان مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى**

قۇرس ياساش جەريانىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىشى مۇمكىن، بۇ خىل ئەھۋاللار قۇرسنىڭ سان ۋە سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇنداق مەسىلىلەرگە نىسبەتەن كونكرېت مۇئامىلە قىلىپ، توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

1) قۇرس بوش بولۇپ قېلىش: بىر دانە قۇرسنى باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماق ئارىلىقىدا قويۇپ قاتتىق مىجىغاندا ئېزىلىپ كەتسە ياكى بىكار قۇتا ئىچىگە سېلىپ يەڭگىل چالغۇتقاندا ئېزىلىپ كەتسە بۇنداق قۇرس بوش بولۇپ قالغان قۇرس ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى گىياھ دورىلارنىڭ تەركىبىدە تالالىق ماددىلار كۆپ بولۇپ، ئاساسى بوش، ھەرىكەتچانلىقى ئاجىز بولغانلىقتىن، دانچىلار قېلىپقا يېتەرلىك چۈشەلمەي قۇرس بوش بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا بۇلارغا سىلىقلاشتۇرغۇچىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇش ئارقىلىق ئۇلارنى تۈزىتىشكە بولىدۇ. بەزى دانچىلارھەددىدىن زىيادە قۇرۇپ كەتكەنلىكى ياكى يېپىشتۇرغۇچىلار ئاز سېلىنغانلىقى ياكى بېسىم كۈچى يېتىشمىگەنلىكى قاتارلىق سەۋەبلەردىنمۇ قۇرس بوش بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا دانچىلارنى قۇرۇتۇش ۋاقتى ۋە تېمپېراتۇرىسىغا دىققەت قىلىش كېرەك. شۇنداقلا ئەسلىي سەۋەبلەرگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

2) قۇرس ھەددىدىن زىيادە قاتتىق، پارچىلىنىش سۈرئىتى ناچار بولۇپ قېلىش،

قۇرسلارنىڭ بەلگىلەنگەن پارچىلىنىش ۋاقتى بولىدۇ. شۇ بەلگىلىمە ئىچىدە پارچىلانمىسا داۋالاش ئۈنۈمىنى بېرەلمەيدۇ. بەزى رۇب قىلىنغان ماتېرىياللاردىن تەييارلانغان دانچىلار قاتتىق بولۇپ قالسا قۇرسمۇ قاتتىق بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭا پارچىلىنىش ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. يەنە تالقانلاردىن ياسالغان قۇرسلارغا سېلىنغان يېپىشتۇرغۇچىلار مىقدارى كۆپ بولۇپ كەتسە ياكى ماشىنىنىڭ بېسىم كۈچى ئارتۇق بولۇپ كەتسە، قۇرس قاتتىق بولۇپ قالىدۇ. يۇقىرىقى سەۋەبلەرنى نورمال تەكشۈرۈپ، ئاندىن بۇ خىل ئەھۋاللارنى بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

3) قۇرس چوڭقۇر بولۇپ قېلىش: قۇرس بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن سىرتقى يۈز چوقۇر ياكى چېكىتلىك بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، دانچىلارنىڭ يىرىك بولۇپ قېلىشى ياكى قوشۇلغان سىلىقلاشتۇرغۇچىلارنىڭ دورا بىلەن تولۇق ئارىلىشالمىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئىبارەت. شۇڭا دانچىلار ھەددىدىن زىيادە يىرىك بولماسلىقى، سىلىقلاشتۇرغۇچىلارنى نېپىز ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن قوشۇپ ھەمدە تەكشى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۈزىتىش كېرەك.

4) قۇرسنىڭ يېرىلىپ كېتىشى: قۇرس بېسىش جەريانىدا ماشىنىنىڭ سىلكىنىشى بىلەن قۇرسنىڭ بەل قىسمى ياكى يۇقىرىقى قىسمىدىن يېرىلىپ چاك ئايرىلىپ قېلىش ياكى كەمتۈك بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى دانچىلار ئارىسىدا ئۇۋاق تالقانلارنىڭ كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكى، يېپىشتۇرغۇچىلارنىڭ يېتەرلىك سېلىنمىغانلىقى، قۇرس ھەددىدىن زىيادە قېلىن بولۇپ كەتكەنلىكى ياكى قېلىپنى ئۇزۇن ئىشلەتكەنلىكتىن ئۇپراپ كەتكەنلىكى قاتارلىقلاردۇر. ئۇلارنى شۇ خىل ئەھۋاللارغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىپ تۈزىتىش لازىم.

5) پىرىسقا چاپلىشىپ قېلىشى: قۇرس باسقاندا پىرىس بىلەن قېلىپ تۆشۈكىگە تالقانلار چاپلىشىپ قېلىش يۈز بېرىدۇ. شۇڭا قۇرس قېلىپتىن چىققاندا سىلىق بولماسلىق، بەلكى بەزى جايلىرى كەمتۈك بولۇپ قېلىشلار كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال چاپلىشىپ قېلىش دېيىلىدۇ. بۇ قۇرسنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، بەلكى دورىنىڭ مىقدارىمۇ توغرا بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى پىرىس ئۇچىنىڭ سىلىق بولماسلىقى، دانچىلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە ھۆل بولۇشى، سىلىقلاشتۇرغۇچىلارنىڭ كەم سېلىنىپ قېلىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شۇڭا پىرىس ئۇچى سىلىق بولمىسا سۈرۈپ پارقىرىتىپ سىلىقلاشتۇرۇش ياكى يېڭىسىنى ئالماشتۇرۇش، دانچىلارنى مۇۋاپىق قۇرۇتۇش، سىلىقلاشتۇرغۇچىلارنى مۇۋاپىق تەڭشەش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى پىرىس ئۇچى كۆپرەك چاپلاشسا ماگنىيزئۇم ستېئارات مىقدارىنى، ئەگەر ئاستىنقى پىرىس ئۇچى چاپلاشسا تالك تالقىنى مىقدارىنى كۆپەيتىپ سېلىش مۇمكىن.

6) قۇرسنىڭ ئاسانلا نەم تارتىپ قېلىشى: رۇب قىلىنغان ماتېرىياللاردىن بېسىلىپ چىققان قۇرس تەلەپكە لايىق قاچىلانمىسا ئاسانلا نەملىشىپ قالىدۇ ياكى بىر - بىرى بىلەن چاپلىشىپ قالىدۇ. ھەتتا كۆكىرىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ گىياھ دورىلار تەركىبىدە ئاسان نەملىشىپ قالىدىغان قەنت، شىلىمشىق مادda، يېلىم،

ئاقسىل، تاننىن ۋە ھەر خىل ئانورگانىك تۇزلار بولغانلىقى نەتىجىسىدۇر، بىقىندىن بىرى بۇ خىل ئەھۋاللارنى تۈزىتىشتە نۇرغۇنلىغان تەجرىبىلەرمۇ مەيدانغا چىقمۇاتىدۇ. مەسىلەن: قورۇتۇلغان رۇب ماتېرىيالىغا ئازراق ياغاچ كۆمۈرى (Carbo ligni) يەنى ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈر (Carbo activatus)، كىراخمال قاتارلىق قوشۇمچىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇش لازىم ياكى جەۋھىرىنى ئېلىش ۋاقتىدا ئىسپىرت بىلەن تىندۇرۇپ بىر قىسىم ئارىلاشما ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلاپ پاكىزلەش كېرەك.

7) تەركىبىدە ئۇچۇچان ياغلارنى كۆپ تۇتقان دورىلاردىن قۇرس تەييارلاش: تەركىبىدە ياغنى كۆپ تۇتقان دورىلاردىن قۇرس ياساش ۋاقتىدا مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى تاللاپ، ئاۋۋال ياغنى سۈمۈرتۈپ ئالغاندىن كېيىن قۇرس ياساش لازىم. بولمىسا قۇرس ياساشقا قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭغا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچە ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈر بولۇپ، سۈمۈرۈش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك.

8) مۇھىت تازىلىقى مەسىلىسى: گىياھ دورىلاردىن قۇرس ياساش ۋاقتىدا تالقانلار باكتېرىيەلەر بىلەن بۇلغىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا مۇھىت تازىلىقى، شەخسىي تازىلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، قۇرس دورىلارنىڭ سۈپىتىگە ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**5. قۇرسنى قاپلاش (يۈزىگە ھەل بېرىش):**

بەزى قۇرسلار ئاسان نەم تارتىپ قېلىپ، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ياكى ئەسلىي دورىنىڭ تەمى قېرىق بولغانلىقتىن ئىستېمال قىلىش قىيىن بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق دورىلارنىڭ سىرتقى يۈزىگە ھەل بېرىپ قاپلاشقا توغرا كېلىدۇ، ھەل بېرىشكە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار ئوخشاش ئەمەس. شېكەر بىلەن قاپلاش ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

1) قاپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچە ماتېرىياللار:

① يېلىم ئېرىتمىسى: بۇنىڭغا 10 ~ 15 پىرسەنتلىكچە يارا يېلىم (گېلاتىن) ئىشلىتىلىدۇ.

② شېكەر قىيامى: بۇنىڭغا ئادەتتە 65 ~ 70 پىرسەنتلىكچە قويۇقلۇقتىكى شېكەر قىيامى ئىشلىتىلىدۇ ياكى 12 كىلوگىرام شېكەرگە 10 لىتىر سۇ قۇيۇپ ئىسسىقلىق بىلەن ئېرىتىپ، سۈزۈپ تەييارلانغان شېكەر قىيامى ئىشلىتىلىدۇ.

③ رەڭلىك قىيام: بۇ، قىيامغا ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان رەڭ ماتېرىياللىرىنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

رەڭلىك قىيام تەييارلاش ئۇسۇلى: بىر گىرام مىقداردىكى رەڭنى 10 مىللىلىتىر ئىسسىق سۇ ياكى تۆۋەن دەرىجىگىچە سۈيۇقلاشتۇرۇلغان ئىسپىرتتا ئېرىتىلىدۇ. بوياقنىڭ توق ياكى سۇس بېرىش تەلىپىگە ئاساسەن 100 مىللىلىتىر قىيامغا 1 ~ 5 گىرام ئەتراپىدا رەڭ ئىشلىتىلىدۇ. دۆلىتىمىزدە ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان رەڭ ماتېرىياللاردىن ئادەتتە لىمون رەڭلىك سېرىق رەڭ، قىزىل ئەڭلىك رەڭ، كارمىن، قىزىل بوغداش رەڭ ۋە ئاسان ئېرىيدىغان نىل كۆك رەڭلەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. دورىلارغا

ئىشلىتىلىدىغان بوياقلار خۇددى باشقا يېمەك ـ ئىچمەك مەھسۇلاتلىرىغا ئوخشاشلا دۆلەت تەرىپىدىن يېپىشكە رۇخسەت قىلىنغان بوياقلار ئىشلىتىلىشى لازىم. ئادەتتىكى بوياق ماددىلىرىنى ئىشلىتىش دورا باشقۇرۇش قانۇنىغا خىلاپ كېلىدۇ.

④ تالكوم: بۇ، 100 كۆزلۈك ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

⑤ پارقىراتقۇچى سېلىش: بۇنىڭغا موم تالقىنى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

2) قاپلاش ئۇسۇلى:




15 ـ رەسىم. قۇرس يۇزىگە
ھەل بېرىش ماشىنىسى
1. توك ئوچاق؛ 2. توك بىلەن قىزىتىش ساندۇقى؛ 3. شامال توشۇغۇچى نەچچە؛ 4. شامالدۇرغۇچ؛ 5. ئۇزچات.

شېكەر بىلەن قاپلاش ئادەتتە تۆۋەندىكى قەدەملەر بويىچە ئىشلىنىدۇ.

① قۇرسنى تولۇق قۇرۇتۇپ، بىر قېتىم ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى تالقان ۋە قۇرس پارچىلىرىنى ئايرىۋېتىپ، ئاندىن ماشىنىنى (15 ـ رەسىم) ماگدۇرۇپ، قۇرسلارنى ماشىنىغا سېلىپ، ئۇستىگە مۇۋاپىق مىقداردا قىيام قوشۇپ، قۇرس پۈتۈنلەي نەملەنگەندە ھەل بېرىش قازىنىنىڭ ئاستىدىن ئىسسىقلىق، ئاغزىدىن ئىسسىق شامال بېرىپ، قۇرس قۇرۇشقا يېقىنلاشقاندا، ئۇستىگە مۇۋاپىق مىقداردا تالكوم سېپىپ، ئۇلار پۈتۈنلەي قۇرسنىڭ سىرتقى يۈزىگە يېپىشىپ بولغاندا ئاندىن تولۇق قۇرۇتۇلىدۇ. يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن قايتا ـ قايتا ئىشلەش ئارقىلىق 5 ~ 10 قەۋەتكىچە قاپلىنىدۇ.

② ھەل بېرىلىپ بولغان قۇرسلارنى ماشىنىدىن ئېلىپ، ئېزىلگەن قۇرسلارنى تاللىۋېتىپ، پاكىز يۇيۇپ قۇرۇتۇلغان شېكەر يالىتىش ماشىنىسىغا قۇرسلارنى سېلىپ، ئۇستىگە قىيامنى قۇيۇپ توختىماي ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. قۇرس قىيامنى تەكشى سۈمۈرگەندىن كېيىن ماشىنىنىڭ ئاستىدىن ھارارەت بېرىپ (40 ~ 60 گىرادۇس ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ) ياكى ئىسسىق شامال بېرىپ ئىچىدىكى قۇرس قۇرۇشقا يېقىن كەلگەندە، ھارارەت ۋە شامال توختىتىلىدۇ. ئاندىن سوغۇق شامال بېرىش ئارقىلىق قۇرس پۈتۈنلەي قۇرۇپ بولغاندا يەنە ئۇستىگە قىيام قوشۇپ قايتا ـ قايتا ئىشلىنىدۇ. ئادەتتە 10 ~ 20 قەۋەتكىچە ھەممە سىرتقى كۆرۈنۈشى پارقىراق بولغىچە شېكەر يالىتىلىدۇ.

③ رەڭلىك قىيام بىلەن قاپلاش ئۇسۇلى: بىرىنچى قەدەمنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە شېكەر قىيامى ئورنىغا رەڭلىك قىيامنى بىرقانچە قېتىمغا بۆلۈپ قوشۇپ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ھەل بېرىلىدۇ. رەڭ بەرگەندە ئاۋۋال ئاچراق، بارا ـ بارا توقراق رەڭ بېرىلىدۇ. قىيامنى قوشۇش سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا، بويىقى تەكشى بولۇشى كېرەك. بۇ ئۇسۇلدا ئادەتتە 5 ~ 8 قەۋەت ئەتراپىدا قاپلانسا بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بېرىلگەن قىيام تەكشى تارقىلىپ بولغاندىن كېيىن، ماشىنىنى توختىتىپ، ئاغزىنى يېپىپ، بىرنىم سائەت تىنچ ھالەتتە دۇملەپ قويۇپ، ئاندىن ھەر 1 ~ 2 مىنۇت

www.uyghurkitap.com

ئارىلىقىدا ماشىنىنى بىر قېتىم ماڭدۇرۇپ قۇرس پۇتۇنلەي قۇرۇغاندىن كېيىن مەشغۇلات توختىتىلىدۇ.

④ پارقىرىتىش: رەڭلىك قىيام بىلەن قاپلانغان قۇرسنى پارقىرىتىش ماشىنىسىغا (16 ـ رەسىم) سېلىپ (قاپلاش ماشىنىسىنى پارقىرىتىش ئۈچۈن ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ). ئۈستىگە قىلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن موم تالقىنىنى سېلىپ، ماشىنىنى ئايلاندۇرۇپ پارقىرىتىلىدۇ. پارقىرىغان قۇرسنى 12 ~ 24 سائەتكىچە قۇرۇق جايدا قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ.



16 ـ رەسىم. پارقىرىتىش ماشىنىسى

پارقىرىتىش ماشىنىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاساسەن قاپلاش ماشىنىسى بىلەن ئوخشايدۇ. بۇ پەقەت پارقىرىتىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغان قازان.

ئەگەر شېكەر يالىتىش قازىنىنى پارقىرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىش زۆرۈر كەلگەندە ئاۋۋال ئۇنى سوۋۇتۇپ ئاندىن ئىشلىتىش لازىم. بولمىسا قۇرس ئاسانلىقچە پارقىرىمايدۇ، ھەمدە قۇرستا چاك ئايرىلىش يۈز بېرىدۇ.

**6. قۇرسنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش:**

تېبابەتمىز دورىلىرىدىن قۇرسلار يېقىندىن بۇيان تېخنىكا يېڭىلاش بىلەن كۆپلەپ تەييارلاپ ئىشلىتىلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرسلىرىمىزنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرىدىغان ئۆلچەم تېخى بەلگىلەنمىدى. لېكىن ئادەتتىكى تابلىتلار سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تەكشۈرۈلسە بولىدۇ.

1) ئېغىرلىقىنى تەكشۈرۈش.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى فارماكوپىيەسى 1963 ـ يىلىدىكى نەشرىدە بەلگىلەنگەن پەرق تۆۋەندىكىچە:

قۇرسلارنىڭ ئېغىرلىقىدىكى پەرقلەر چېكى

| قۇرسنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى | ئېغىرلىق پەرقى |
|---|---|
| 0.1 گىرام ياكى 0.1 گىرامدىن تۆۋەن بولغانلار | ±10.0% |
| 0.1 گىرامدىن يۇقىرى، 0.3 گىرامدىن تۆۋەن بولغانلار | ±7.5% |
| 0.3 گىرام ياكى 0.3 گىرامدىن يۇقىرى بولغانلار | ±5% |

تەكشۈرۈش ئۇسۇلى: 20 دانە قۇرسنى ئېلىپ، نازۇك تارازا بىلەن ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ، ئاندىن بۇ سانىنى 20 گە بۆلۈپ ھەربىر قۇرسنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى چىقىرىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەربىر قۇرسنى ئايرىم - ئايرىم ئۆلچەپ، ھەربىر قۇرس ئېغىرلىقى بىلەن ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى سېلىشتۇرۇلىدۇ. بۇ سان يۇقىرىقى جەدۋەلدىكى ئېغىرلىق پەرقىگە (يول قويۇش بەلگىلىمىسىگە) ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. ئېغىرلىق پەرق چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن قۇرس ئىككى دانىدىن كۆپ بولماسلىقى لازىم. شېكەر بىلەن قاپلانغان قۇرسلارنى قاپلاشتىن ئىلگىرى ئېغىرلىق پەرقىنى تەكشۈرۈپ، يۇقىرىقى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلگەندە ئاندىن قاپلاش لازىم.



17 - رەسىم. ئېلېكترلىك پار-
چىلاش ئەسۋابى

2) قاتتىقلىق دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش.

قۇرسنى بىر مېتىر ئېگىزلىكتىن ئىككى سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى ياغاچ تاختاي ئۈستىگە تەبىئىي ھالدا تاشلىغاندا 10 دانە قۇرس ئىچىدە ئېزىلىپ كەتكەن قۇرس ئۈچ دانىدىن كۆپ بولماسلىقى كېرەك. 10 دانە قۇرسنى ئېلىپ بىر قانچە قېتىمغا بۆلۈپ تەكشۈرۈلىدۇ. ھەر قېتىملىق تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىككى دانىدىن قۇرس ئېلىنسا بولىدۇ.

3) پارچىلىنىش نۇقتىسىنى تەكشۈرۈش.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى فارماكوپىيەسى 1963 - يىلىدىكى نەشرىدە بەلگىلەنگەن ئۇسۇلغا ئاساسەن ئېلېكترلىك پارچىلاش ئەسۋابى ئارقىلىق تەكشۈرۈلىدۇ. (17 - رەسىم).

بەش دانە قۇرسنى ئېلىپ ئېلېكترلىك پارچىلاش ئەسۋابىنىڭ ئەينەك قاچىسىغا سېلىپ، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى +37℃ قا تەڭشەپ بەلگىلىمىدىكى تېزلىك بويىچە يۇقىرىغا، تۆۋەنگە ھەرىكەتلەندۈرۈپ كۆرگەندە ھەربىر قۇرس تەكشى ھالدا 30 مىنۇت ئىچىدە پۈتۈنلەي ئېرىپ دانچە ھالىتىگە كېلىشى كېرەك. ھەممىدە سېتكىدىن ئۆتكۈزگەندە ئۆتۈشى لازىم. ئەگەر بىر قىسىم دانچە سېتكىدىن ئۆتمىسە باشقىدىن يەنە بەش دانە قۇرسنى يۇقىرىقىدەك ئۇسۇل بىلەن قايتىدىن ئىشلەپ كۆرۈش كېرەك. ئىشلەش نەتىجىسىدە يەنىلا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ھەممىسى تولۇق پارچىلىنىپ ھەممىدە سېتكىدىن ئۆتۈشى لازىم. شېكەر قاپلىق قۇرسنىڭ پارچىلىنىش مۇددىتى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئىشلەپ كۆرگەندە بىر سائەت ئىچىدە پۈتۈنلەي پارچىلىنىشى ھەممىدە دانچىلىرى سېتكىدىن ئۆتۈشى لازىم.

پارچىلىنىشنى تەكشۈرگۈچى سايمان بولمىغان ئورۇنلاردا تۆۋەندىكى ئۇسۇل بويىچە تەكشۈرۈلسە بولىدۇ: 1 ~ 2 دانىغىچە قۇرسنى 37+ گىرادۇسلۇق ئىلمان سۇغا پاتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

قويۇلغان ئەينەك پىروبىركىغا سېلىپ، پىروبىركا ئاغزىنى ئېتىپ، بەڭگىل ھالدا پىروبىركىنى توختىماي تەتۈر ئايلاندۇرغاندا قۇرس 30 مىنۇت ئىچىدە ئېرىپ پارچىلىنىشى لازىم.

4) سىرتقى كۆرۈنۈشنى تەكشۈرۈش.

قۇرسنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى سىلىق، پارقىراق بولۇشى، رەڭگى بىر خىل بولۇشى، چوقۇر بولماسلىقى كېرەك.

**7. قۇرسلارنى قاچىلاش ۋە ساقلاش**

قاچىلاشتىن ئاساسىي مەقسەت، قۇرسنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ساقلاش جەريانىدا نەم تارتىپ قېلىش، كۆكىرىپ قېلىش، سۈپىتى ئۆزگىرىش قاتارلىق ئەھۋاللار پەيدا بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان قاچىلاش ماتېرىياللىرى ئەينەك شىشە، پولىۋېنىل (سولياۋ) قۇتا، قەغەز خالتا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. نەملىكنى ئۆزىگە ئاسان سۈمۈرۈۋالىدىغان دورىلارنى ئەينەك شىشىگە قاچىلاپ ئاغزىنى پېچەتلەپ، شىشە ئۈستىگە دورا ئىسمى، ستاندارت سانى، توپ نومۇرى، ياسىغۇچى زاۋۇت (ياكى دورا بۆلۈمى) ئىسملىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى يېزىپ، ئاندىن قۇرغاق، ھاۋا ئۆتىشىپ تۇرىدىغان سالقىن جايدا ساقلاش كېرەك.

**8. قۇرس (تابلېت) لاردىن ئۈلگىلەر:**

**قۇرسى كەھرىۋا (قەھرىۋا تابلېتى)**

تەركىبى:

كەھرىۋا سەككىز گىرام، تۇخۇمى خىيارەين سەككىز گىرام، سەمغى ئەرەبى سەككىز گىرام، تۇخۇمى كەدۇ سەككىز گىرام، نىشاستە سەككىز گىرام، گۈلنار سەككىزگىرام، كەتىرا سەككىز گىرام، ئاقاقىيا سەككىز گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ئەرقى بارىتەڭ بىلەن خېمىر قىلىپ 0.5 گىراملىقتىن قۇرس ياسىلىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: قان توختىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئۆپكىدىن، ئاشقازان - ئۈچەيلەردىن قان كېلىشكە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 3 ~ 5 دانىغىچە ئەرقى گاۋزىبان بىلەن بېرىلىدۇ.

**قۇرسى گۈلسۇرۇخ (قىزىلگۈل تابلېتى)**

تەركىبى:

قىزىلگۈل 18 گىرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى ئالتە گىرام، پاقىيوپۇرمىقىنىڭ ئۇرۇقى

12 گىرام، كەترا ئۈچ گىرام، سەمغى ئەرەبى 12 گىرام، سۈمبۈل ئۈچ گىرام، نىشاستە ئالتە گىرام، زەپەر ئۈچ گىرام، زىرىق ئالتە گىرام، رەۋەن ئۈچ گىرام، تاباشىر ئالتە گىرام، كافۇر 0.05 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، سىمىزئوت ئۇرۇقى قايناتقان سۇ بىلەن نەملەپ 0.5 گىراملىقتىن قۇرس تەييارلاپ سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: قىزىتما پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل مۇرەككەپ قىزىتمىلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا بەش دانىدىن ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**قۇرسى تاباشىر (تاباشىر تابلىتى)**

تەركىبى:

تۇخۇمى خىرپە سەككىز گىرام، گۈلنار سەككىز گىرام، قىزىلگۈل سەككىز گىرام، تاباشىر سەككىز گىرام، گىل ئەرمىنى سەككىز گىرام، تۇخۇمى كاھۇ سەككىز گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، خېمىر قىلىپ 0.5 گىراملىقتىن قۇرس تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

تەسىرى: ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، قىزىتمىنى قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: زىيابىتىس كېسەللىكى، ھەر خىل قىزىتمىلار، خۇن كۆپ كەلگەن كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~ 5 دانىغىچە ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**قۇرسى تاباشىر قابىز (ئىچىنى قاتۇرغۇچى تابلىت)**

تەركىبى:

تاباشىر بەش گىرام، قىزىلگۈل بەش گىرام، تۇخۇمى كاسىنە بەش گىرام، گۈلنار ئىككى گىرام، تۇخۇمى كاھۇ بەش گىرام، ئاق سەندەل ئىككى گىرام، تۇخۇمى خىرپە بەش گىرام، تۇخۇمى ھۇمماز ئىككى گىرام، سۇماق بەش گىرام، ئەپيۇن ئىككى گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئەرقى گۈلاب بىلەن خېمىر قىلىپ 0.5 گىراملىقتىن قۇرس قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: قىزىتما بىلەن بىللە كەلگەن ئىچ سۈرۈشلەرنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل ئىسھال ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 3 ~5 دانىغىچە ئەرقى بەدىيان ۋە شەربەتى ھەببۇلئاسلار بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**قۇرسى تاباشىر مۇنەييىن (تاباشىرلىق ئىچ يۇمشىتىش تابلېتى)**

تەركىبى:

تاباشىر سەككىز گىرام، نىشاستە ئىككى گىرام، تەرەنجىبىن توققۇز گىرام، سەمغى ئەرەبى ئىككى گىرام، تۇخۇمى كەدو ئىككى گىرام، كەتىرا ئىككى گىرام، تۇخۇمى خىيارەين ئىككى گىرام، تۇخۇمى خەشخاش ئىككى گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ تاسقاپ، ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.5 گىراملىقتىن توقچاق قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كېزىك، قىزىتما، قەۋزىيەت قاتارلىق كېسەللىكلەرگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 3 ~ 5 داننى ئەرقى گاۋزىبان بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**قۇرسى زىيابىتىس (شېكەر سىيىش كېسىلى تابلېتى)**

تەركىبى:

رۇببىسۇس 30 گىرام، گۇل ئەرمىنى 15 گىرام، تاباشىر 30 گىرام، ئاقاقىيا ئالتە گىرام، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى 60 گىرام، ئەرەب يېلىمى ئالتە گىرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى 45 گىرام، ئاق سەندەل ئالتە گىرام، قىزىلگۈل 15 گىرام، ئانار گۈلى ئالتە گىرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 15 گىرام، كافۇر 1.5 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ئەرقى گۇلاب بىلەن خېمىر قىلىپ بىر گىراملىقتىن توقچاق قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: سۈيدۈكنىڭ كېلىش مىقدارىنى ئازايتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: دىيابېت كېسەللىكى (شېكەر سىيىش كېسەللىكى) نى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 4 ~ 8 دانىغىچە بېرىلىدۇ.

**قۇرسى كاكنەج (كاكنەچ تابلېتى)**

تەركىبى:

تەرخەمەك ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى 30 گىرام، چىگىشەي ئۇرۇقى ئالتە گىرام، ئەرمەن گۈلى 30 گىرام، پوستى ئېلىنغان بادام مېغىزى 30 گىرام، ئەرەب يېلىمى 30 گىرام، چۈچۈكبۇيا رۇبى 30 گىرام، كۈندۈر 30 گىرام، بۇغداي كىراخمالى 30 گىرام، خۇنسىياۋشان 30 گىرام، كاكنەچ ئۇرۇقى 30 گىرام، ئاق كۆكنار ئۇرۇقى 30 گىرام، ئەپيۇن ئۈچ گىرام.

تەيیارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، گۈلبىنەپشە شەربىتى بىلەن خېمىر قىلىپ بىر گىراملىقتىن توقچاق قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، سۈيدۈك يوللىرىدىكى جاراھەتنى داۋالاش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بۆرەك جاراھەتلىرى، سۈيدۈك خالتا جاراھەتلىرى، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش، سۈيدۈك بىلەن قان كېلىش (قان سىيىش)، سۆزنەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 1 ~ 2 دانىغىچە بېرىلىدۇ. ئۇن ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا بېرىلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تور ئادرېسى

## ئۈچىنچى بان كۆمىلاچ (ھەب) دورا ياسالمىلىرى

**1. تەرىپى:**

كۆمىلاچ دورا بىر خىل ياكى بىرقانچە خىل دورىلار تالقىنىغا ھەسەل سۈيى (مائۇلھەسەل)، ئەرەق دورىلار ياكى قايناق سۇ قاتارلىق نەملەپ يېپىشتۇرغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇپ خېمىر قىلىپ، بەلگىلىك چوڭلۇقتا كۆمىلاچ شەكلىدە ياسالغان دورا ياسالمىسى، كۆمىلاچلار ئادەتتە ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ھەرقانداق بىر دورا ياسالمىسىغا ئوخشاش كۆمىلاچلارنىڭ تەركىبىگە كىرىدىغان دورىلار ئاساسىي دورا، قوشۇمچە دورا دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاساسىي دورا — داۋالاشتا ئاساسلىق رول ئوينايدىغان دورىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كۆچۈلا كۆمۈلىسىدا كۆچۈلا (ئازاراقى) ئاساسىي دورا بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا دورىلار «قوشۇمچە دورىلار» دىن ئىبارەتتۇر. قوشۇمچە دورىلار ئاساسىي دورىنىڭ ئۈنۈمىنى كۈچەيتىش ياكى تەسىرىنى تەڭشەش، قىسمەن ناچار تەم، پۇراقلىرىنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى، كۆمىلاچ دورا ياساشتا قوشۇمچە دورىلارنىڭ كۆمىلاچ خېمىرىنى شەكىللەندۈرۈپ بېرىش خىزمىتىمۇ بار. بۇ ئىككى خىل ماتېرىياللاردىن تاشقىرى، كۆمىلاچ ياساشتا يەنە «نەملىگۈچى» ۋە «يېپىشتۇرغۇچى» ھەسەل، ھەر خىل ئەرەق دورىلار، قايناق سۇلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**2. كۆمىلاچ دورىلار تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە:**

1) كۆمىلاچ (ھەب) دورىلار قەدىمكى زامانلاردىن كەلگەن دورا ياسالمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئىگە.

2) كۆمىلاچلارنىڭ ئىچىش مىقدارى توغرا بولىدۇ.

3) كۆمىلاچ دورىلارنىڭ تەسىرى ئاشقازان - ئۈچەيدە ئۇزۇن ساقلىنىدۇ. ھەمدە ئاشقازان - ئۈچەيدە پارچىلىنىشى ئاستا بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا ئۈنۈمىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا سوزۇلما (خىرونىك) كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

4) كۆمىلاچلار تەركىبىدىكى بەزى دورىلارنىڭ ئاچچىق تەمىنى ۋە يېقىمسىز پۇراقلىرىنى يوشۇرالايدۇ.

5) كۆمىلاچلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى ۋە ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي بولۇپ، ئاساسىي قاتلاملاردا ئۆزلىرى تەييارلاپ ئىشلىتىش مۇمكىن ھەمدە قول بىلەنمۇ تەييارلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

6) كۆمىلاچلارنى ئېلىپ يۈرۈش ئوڭاي.

7) كۆمىلاچ دورىلارنىڭ تۇراقلىقلىق دەرىجىسى بىرقەدەر ئۈستۈن بولۇپ، كۆپىنچىلىرىنى ئالتە ئاي ئەتراپىدا (ھەتتا ئۇزاقراق) ساقلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**3. كۆمىلاچىلارنىڭ يېتەرسىزلىكى**

1) كۆمىلاچىلارنىڭ ئىچىلىدىغان مىقدارى (دوزىسى) چوڭ بولۇپ ئىچىش، بولۇپمۇ كىچىك بالىلارنىڭ ئىچىشى قىيىن.

2) كۆمىلاچىلارنىڭ تەسىر قىلىشى ئاستا.

**4. كۆمىلاچ دورىلارنىڭ سۈپىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ**

1) كۆمىلاچىلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى تەكشى، رەڭگى بىر خىل، شەكلى يۇمىلاق بولۇشى لازىم.

2) كۆمىلاچ دورىلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى پارقىراق ۋە سىلىق بولۇشى، ئۈستىگە ھەل بېرىلگەن (قاپلانغان) كۆمىلاچ دورىلارمۇ پارقىراق ھەمدە ئۈستىدىكى قېپى ئاسان تۆكۈلۈپ كەتمەيدىغان بولۇشى كېرەك.

3) ھەربىر كۆمىلاچىلارنىڭ ئېغىرلىقى توغرا بولۇشى لازىم.

4) كۆمىلاچىلارنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاقلىق دەرىجىسى نورمال بولۇپ، ئاشقازاندا پارچىلىنىش ۋاقتى بىر سائەتتىن ئاشماسلىقى لازىم.

5) كۆمىلاچىلارنىڭ تەركىبىدە سۇ بەك ئاز بولۇشى كېرەك.

6) شەرت ـ شارائىت يار بەرگەندە تەييارلىنىپ چىققان دورىلار ئۈستىدە بەزى تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىش لازىم.

**5. كۆمىلاچ تەييارلاشقا خېمىر قىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچى، نەملىگۈچىلەرنى تاللاش:**

كۆمىلاچ تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچى ۋە نەملىگۈچىلەر كۆمىلاچ تەييارلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىياللاردۇر. يېپىشتۇرغۇچى ۋە نەملىگۈچىلەرنى ياخشى تاللاش ـ تاللىيالماسلىق ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىش ـ ئىشلىتەلمەسلىك كۆمىلاچ دورىلارنىڭ سۈپىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كۆمىلاچ دورىلارنى كۆڭۈلدىكىدەك تەييارلاش ئۈچۈن نەملىگۈچىلەرنى ياخشى تاللاش لازىم. بۇنداق قوشۇمچىلار ئاساسىي دورىنىڭ شىپالىق ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى ۋە يامان تەسىر بەرمەسلىكى كېرەك. ھەمدە بۇ خىل قوشۇمچىلارنىڭ ھەجمى ئاز، يېپىشتۇرۇش ئۈنۈمى كۈچلۈك، دورا تەييارلاش مەشغۇلاتلىرىغا مۇۋاپىقلاشقان بولۇشى لازىم. شۇنداق تەييارلانغان كۆمىلاچىلار ئادەتتىكى ئىسسىقلىقتا ئۆز شەكلىنى ئۆزگەرتمەسلىكى ياكى قۇرۇپ بېرىلىپ كەتمەسلىكى، كۆكىرىپ پاختىلىشىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكى، ئىچكەندىن كېيىن ئوڭاي پارچىلىنىپ ئاسان سىڭىشى، ھەمدە ئاساسىي دورىنىڭ تەمىنى تەڭشەيدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى لازىم.

**6. كۆمىلاچىلارنىڭ تۈرلىرى:**

تېبابىتىمىزدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان كۆمىلاچ دورىلار ئەسلىي ماتېرىيالى ۋە ياساش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ چوڭ كۆمىلاچ (غۇلۇلە) ۋە كىچىك كۆمىلاچ

(ھەب) دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. يەنە تاشياڭاق (پىندۇق) چوڭلۇقىدىكى — غۇلۇلىدىن كىچىك ھەبدىن چوڭ «بىنادىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كۈمىلاچمۇ بار. ئەمما بۇ خىل كۈمىلاچ كۆپ تەييارلانمايدۇ.

## بىرىنچى بۆلۈم غۇلۇلە

**1. تەرىپى:**

بۇ، دورىلار تالقىنى (سۇفۇپى) غا ھەسەل ياكى شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىنىپ چوڭراق شار شەكلىدە تەييارلانغان كۈمىلاچ بولۇپ، تىبابەتتە «غۇلۇلە» دېيىلىدۇ.

**2. غۇلۇلە تەييارلاشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچىلار:**

ھەسەل:

ھەسەل تىبابىتىمىزدە كۈمىلاچ ۋە مەجۇناتلارنى تەييارلاش ئۈچۈن ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئەڭ ياخشى يېپىشتۇرغۇچى بولۇپ، ئۇ ئوزۇقلۇق ماددىلارغا باي بولۇپلا قالماي، بەلكى يۆتەلنى توختىتىش، ئىچىنى يۇمشىتىش، ئومۇمىي بەدەننى كۈچلەندۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، جىگەرنى مۇھاپىزەت قىلىش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، تىنچلاندۇرۇش، ھەزىمنى ياخشىلاش، قىزىتما قايتۇرۇش، تېرىگە جۇلا بېرىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تومۇرلارنى كېڭەيتىش، چاپلاشقاق بەلغەم ماددىسىنى ۋە ھۆللۈكلەرنى كېسىش ۋە تازىلاپ چىقىرىش، مېڭىنىڭ ئارتۇق ھۆللۈكىنى تارتىش، سوغۇق يەلنى يوقىتىش، جاراسىم (باكتېرىيە) لەرنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ھەمدە ناھايىتى ياخشى تەم كىرگۈزۈش رولى بار. ھەسەل بىلەن تەييارلانغان كۈمىلاچ ئاسان پارچىلىنىدۇ.

ھەسەلنىڭ تەركىبىدە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، مېۋە شېكىرى، ئۈزۈم شېكىرى، قومۇش شېكىرى قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئاقسىل، ھەر خىل ۋىتامىنلار، مىنېرال ماددىلار، ئورگانىك كىسلاتا، شۇنىڭدەك ئورگانىك ھۇجەيرە پەيدا قىلىدىغان يېلىمسىمان ماددا (فېرمېنت) قاتارلىق ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك بولغان ھەر خىل ماددىلار بار.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەسەل ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە ۋە كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى مەنبەسىدىن ئىبارەت.

ھەسەل يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغاچقا دورا ماتېرىيالى ئىچىدىكى شىپالىق ئۈنۈمنى (تەسىرىنى) بۇزۇلۇشتىن ساقلايدۇ.

ھەسەلنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 1.40–1.45 ئەتراپىدا بولىدۇ.

ھەسەلنىڭ سۈپەت جەھەتتىن ياخشىلىرىمۇ ۋە ناچارلىرىمۇ بار. ياز پەسلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە (كەچ باھاردا) چىقىرىلغىنى ئەڭ ياخشى بولۇپ، رەڭگى قىزغۇچ، سۈزۈك، جۇلالىق، خۇش پۇراق، قىيامى قويۇق، يۇمشاق، تەمى ئىنتايىن تاتلىق بولغىنىدۇر. بۇ خىلدىكىسى دورىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن قالسا ئاقۇچ ناۋات رەڭ بولغىنى بولۇپ، بۇ خىلى ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ياخشى. كۈز پەسلىدە



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىقىرىلغىنى ئانچە ياخشى بولمايدۇ. كۆكۈچ ياكى قارامتۇل بولغىنى ھەمدە بەك كونىراپ كەتكىنى ۋە سۈپىتى ئۆزگەرگەنلىرى ناچار ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ھەسەلنىڭ ساپ ھەسەل ياكى ساپ بولمىغان ھەسەل ئىكەنلىكى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا پىكىر - ئىختىلاپلىرى بار. ئەمما ھەسەلنىڭ تەركىبىدىكى ماددىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن مۇنداق مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ.

**ھەسەلنىڭ ئىچىدە شېكەر دانچىلىرىنىڭ ئۇيۇۋېلىشى**

بىزگە مەلۇمكى ھەسەلنىڭ تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ئۈزۈم شېكىرى (گىلۇكوزا) ۋە مېۋە شېكىرى (فىرۇكتوزا) بولىدۇ. تەركىبىدە ئۈزۈم شېكىرى كۆپ، مېۋە شېكىرى ئاز بولغان ھەسەلدە ئۈزۈم شېكىرى تېزلا دانچە (كىرىستال) شەكلىگە كېلىۋالىدۇ.

**ھەسەلنىڭ ئۈستىدە كۆپۈكچىلەرنىڭ پەيدا بولۇۋېلىشى**

بۇ، ھەسەلنى يىغىۋېلىش جەريانىدا بەزى نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قالغانلىقى ياكى گۈل - چېچەك چاڭلىرىنىڭ ھەسەل ئىچىدىكى جۇغلانمىسى، چۈنكى ھەرىلەر گۈل - چېچەكلەرنى شورىغان ۋاقتىدا چوڭلار گۈللەردىن ئايرىلىپ ھەسەلگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ چاڭلار ھەسەل ئۈستىدە بۈژ - بۈژ ياكى كۆپۈك ھاسىل قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق كۆپۈك ياكى بۈژ - بۈژنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەسەلنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

**ھەسەل رەڭگى ۋە تەمىنىڭ ھەر خىل بولۇشى**

ھەسەل رەڭگى، تەمى ۋە پۇرىقىنىڭ ھەر خىل بولۇشى ئۇ، شورىغان گۈل - چېچەكلەرنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىغا ھەمدە ھەسەلنى چىقارغان ۋاقتىنىڭ (پەسلىنىڭ) ئوخشاش بولمىغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. كىشىلەر «قېنىق (توق) رەڭلىك ھەسەل ساپ ھەسەل ئەمەس» دەپ ئويلايدۇ ۋە ئۇنى دېگەندەك ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. ھەسەل رەڭگىنىڭ تۇتۇقلىقى ئۇنىڭدىكى مەدەن (مىنېرال) ماددىلارنىڭ كۆپرەك بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

كۆپ ھاللاردا ھەسەل يېقىملىق ۋە خۇش پۇراقلىق بولىدۇ. لېكىن بەزى ھەسەللەر يېقىمسىز ئەمما ئۆتكۈر پۇراقلىق بولىدۇ. بۇ، بەزى گۈل - چېچەكلەردىكى خاس ئۆتكۈر پۇراقلارنىڭ شىرنىسى بىلەن بىرگە كۆچۈپ ھەسەلگە قوشۇلغانلىقىدىن بولىدۇ. بۇنداق ھەسەللەرنىڭ ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق جەھەتلەردە ئەھمىيىتى چوڭ. مەسىلەن: چىلان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش گۈل - چېچەكلەردىن ئېلىنغان ھەسەل ئۆتكۈر پۇراقلىق بولىدۇ.

ھەسەلنىڭ ياخشى ۋە ناچارلىرىنى پەرق ئېتىشكە تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ:

1) ھەسەلنى چوكىدەك بىر نەرسە بىلەن ئىلغاندا دەسلەپ ئۈزۈن يىپتەك سوزۇلۇپ، ئۈزۈلگەندىن كېيىن يىغىلىپ شارچە ھالىتىگە كەلسە بۇ خىل ھەسەل ياخشى ھەسەل ھېسابلىنىدۇ.

2) ھەسەلدىن ئازراق ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئاز يود قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇلسا رەڭگى كۆكىرىۋالسا بۇ خىل ھەسەلنىڭ تەركىبىگە كىراخمالدەك نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

3) ھەسەل بىلەن سۇنى بىر دە بەش (1:5)نىسبەت بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ بىر كۈن قويۇپ قويۇلسا، ھەسەل سۇنىڭ ئاستىغا چۆكمىسە بۇ ياخشى سۈپەتلىك ھەسەل، چۆكسە ناچار ھەسەل ھېسابلىنىدۇ.

4) تومراق بىر تال سىمنى قىزىتىپ ھەسەل ئىچىگە سېلىنسا، گاز چىقسا ساپ ھەسەل، تۈتۈن چىقسا ناچار ھەسەل ھېسابلىنىدۇ.

5) قارا ياكى ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇلغان ھەسەل دېگەندەك سۈزۈك بولماي دۇغىراق كېلىدۇ. قارا شېكەر ئارىلاشتۇرۇلغىنى توقراق رەڭدە، ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇلغىنى ئاچراق رەڭدە بولىدۇ. ھەمدە تېتىپ كۆرگەندە ساپ ھەسەلدە تاتلىق بولمايدۇ. شېكەر تەمىنى روشەن سېزىۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇچۇق سېزىپ ئالالمىغاندا بىر ھەسسە ھەسەلگە تۆت ھەسسە سوغۇق چاي قوشۇپ ئېلىشتۇرۇپ، ئۈستىگە 3 ~ 5 تامچە 5 ~ 10 پىرسەنتلىك نىترات كىسلاتا قوشۇپ قويۇلسا پاختىلىشىپ قالسا ھەسەلگە قارا ياكى ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇلغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.

لېكىن ساپ بولمىغان ھەسەلدە يەنى سۇ ۋە ئارىلاشما ماددىلار بولۇپ، دورا ئاسانلا كۆكىرىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى ھەسەلنى ۋاستىلىك قىزىتىپ چەككىلەش ئارقىلىق ئارىلاشما ماددىلارنى چىقىرىۋېتىپ، مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈپ، سۇ مىقدارىنى تۆۋەنلىتىپ ئىشلەتكەندە ھەسەلنىڭ يېپىشتۇرۇش كۈچى ئاشىدۇ.

### 3. غۇلۇلە تەييارلاش ئۇسۇلى:

غۇلۇلە قەدىمكى زاماندا كۆپ ئىشلىتىلگەن ياسالما تۈرلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆپ ياسالمايدىغان بولۇپ قالغان. لېكىن تېبابەتتە دورا ياسالمىلىرى شەكىللىرىنى ئىسلاھ قىلىپ دورىلىرىمىزنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى ۋە يۆتكەپ ئىشلىتىلىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، غۇلۇلە ياسالمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە دەۋرىمىزنىڭ تەلىپىگە لايىق چارىلەر بىلەن قاچىلاشنى قولغا كەلتۈرۈش زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن غۇلۇلە ۋە ئۇنى قاچىلاش ئۇسۇللىرى ھەققىدە تەپسىلىيراق توختىلىمىز.

غۇلۇلە تەييارلاش ئادەتتە يۇمشاق تالقان تەييارلاش، ھەسەلنى چەككىلەش، تالقان بىلەن ھەسەلنى ئارىلاشتۇرۇش، پىلتە قىلىپ غۇلۇلە ياساش، سىرتقى يۈزىنى يۆگەش (ھەل بېرىش) ۋە قاچىلاشتىن ئىبارەت باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

1) دورا ماتېرىياللىرىنى ئېزىپ تالقان تەييارلاش:

نۇسخىدا كۆرسىتىلگەن دورا ماتېرىياللىرىنى ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەپ ئېلىپ، قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇپ، ئاندىن ئېزىش - سوقۇش قائىدىلىرىگە ئاساسەن سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. غۇلۇلە تەييارلىنىدىغان تالقان ئادەتتە ناھايىتى يۇمشاق بولۇپ قېلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

2) ھەسەلنى چەككىلەپ تەييارلاش:

ھەسەلنى كورىغا ياكى چېلەككە سېلىپ، ئۇنى سۇ قۇيۇلغان مىس ياكى ئالىيۇمىن قازانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئوت قالاپ قازاندىكى سۇ قاينىتىلىدۇ. سۇنىڭ قاينىشىغا ئەگىشىپ ۋاستىلىك ئىسسىقلىق ياردىمىدە ھەسەلمۇ قايناydu. بىر قىسىم سۇ تەركىبى پارغا ئايلىنىدۇ، ھەسەلنىڭ تەركىبىدىكى موم ۋە باشقا ئارىلاشما ماددىلار كورا ياكى چېلەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىلىدۇ، بۇ كۆپۈكلەرنى ياغاچ قوشۇق ياكى ياغاچ چۆمۈچ بىلەن سۈزۈپ، كۆپۈك تامامەن تۈگىگەندە ھەسەل تازىلانغان بولىدۇ. ھەسەلنى بىۋاسىتە ئوتتا قىزىتىش ئۇنىڭ پايدىلىق تەركىبلىرىنىڭ ھارارەتتە بۇزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

قوشۇمچە:

دورىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ھەسەلنى ئۈچ خىل دەرىجىدە چەكلىيدۇ. بۇلار يۇمشاق ھەسەل، ئوتتۇرا ھال يۇمشاقلىقتىكى ھەسەل، قېنىق رەڭدىكى شىرنىشىم (يېپىشقاقلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان) ھەسەل دەپ بۆلۈنىدۇ.

(1) يۇمشاق ھەسەل: بۇ، ھەسەلنى قاينىتىپ توختىماي كۆپۈكىنى ئېلىپ تۇرغاندا، قايناپ پىشقاندىن كېيىنكى تېمپېراتۇرىسى 105℃-115+ قا يەتكەن ھەسەلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھەسەلنىڭ تەركىبىدە 20 پىرسەنتتىن يۇقىرى سۇ بولىدۇ. رەڭگىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ئازراق يېپىشقاق بولىدۇ.

(2) ئوتتۇرا ھال يۇمشاقلىقتىكى ھەسەل: بۇ، قايناپ تەييار بولغاندىن كېيىنكى تېمپېراتۇرىسى 115℃-118℃+ قا يەتكەن ھەسەلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھەسەلنىڭ تەركىبىدە 10 ~ 13 پىرسەنتكىچە سۇ بولىدۇ، رەڭگى سۇس سېرىق بولۇپ، ئۇششاق كۆپۈك ھاسىل قىلىدۇ. بارماقلار ئارىسىدا مىجىغاندا چاپلىشىدۇ. لېكىن ئىككى بارماقنى ئاجراتقاندا رەڭسىز يىپ ھاسىل قىلىدۇ.

(3) شىرنىشىم ھەسەل: بۇ، قايناپ تەييار بولغاندىن كېيىنكى تېمپېراتۇرىسى 119℃-122℃+ قا يەتكەن، توق قىزىل رەڭلىك كۆپۈك ھاسىل قىلغان ھەسەلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھەسەلنى قاينىتىش ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا چىقىرىۋېتىلگەن سۇ كۆپ بولۇپ، تەركىبىدە تۇتقان سۇ مىقدارى تۆت پىرسەنتتىن تۆۋەن بولىدۇ. ئىككى بارماق بىلەن تۇتقاندا تەبىئىي ھالدا چاپلىشىدۇ. لېكىن بارماقلارنى ئاجراتقاندا ئاق يىپ پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ھەسەلنىڭ يېپىشقاقلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئەگەر سوغۇق سۇغا تېمىتسا شارچە ھاسىل قىلىدۇ.

3) تالقان بىلەن ھەسەلنى ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىش:

يۇمشاق سوقۇپ تەييارلانغان ئۆلچەملىك تالقاننى چەككىلەپ تەييارلانغان ھەسەلگە ئاز - ئازدىن سېلىپ ياغاچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەكشى ئارىلاشقان، يۇمشاق - قاتتىقلىقى مۇۋاپىق خېمىر ھالىغا كەلتۈرۈلىدۇ.

ھەسەلنى قايسى دەرىجىدە چەككىلەش مەسىلىسى پەسىل ۋە دورىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتە قىش پەسلىدە يۇمشاق ھەسەل ئىشلىتىپ، ياز پەسلىدە شىرنىشىم ھەسەل ئىشلىتىلىدۇ. تەركىبىدە قەنت، ياغ ماددىسى كۆپ بولغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە ئەڭ ئىشەنچلىك كىتاب ئىزدەش پىلاتفورمىسى

دورا ماتېرىياللىرىغا يۇمشاق ھەسەل، تەركىبىدە مەدەن ۋە تالالىق ماددىلار كۆپرەك دورا ماتېرىياللىرىغا شىرنىشىم ھەسەل ئىشلىتىلىدۇ.

تالقان بىلەن ھەسەلنىڭ نىسبىتى ۋە دورىغا ئارىلاشتۇرۇش ۋاقتىدىكى ھەسەلنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

(1) قۇرۇق، پوپۇس خۇسۇسىيەتلىك ياكى تالالىق دورىلارغا نىسبەتەن ئادەتتە بىر ھەسسە تالقانغا ئىككى ھەسەل ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ھەسەلنىڭ دورا ئارىلاشتۇرۇش ۋاقتىدىكى تېمپېراتۇرىسى -70℃ ~ +120℃ ئەتراپىدا بولغىنى مۇۋاپىق.

(2) تەركىبىدە قەنت ياكى ياغ ماددىسىنى ئازراق تۇتقان بىر قىسىم دورا ماتېرىياللىرىغا ئادەتتە بىر ھەسسە تالقانغا بىر ھەسسە ھەسەل ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ھەسەلنىڭ قىزىقلىق دەرىجىسى -70℃ ~ +80℃ بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئوتتۇرا ھال يۇمشاقلىقتىكى ھەسەل ئىشلەتسە بولىدۇ.

(3) يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك بولغان دورىلار، مايلىق دورىلار ۋە مېۋە (گۆشلۈك) دورىلار. مېغىزلار، يېلىم دورىلارغا ئادەتتە بىر ھەسسە تالقانغا يېرىم ھەسسە ھەسەل ئىشلىتىلىدۇ. ھەممە بۇلارغا يۇمشاق ھەسەل ئىشلىتىلىدۇ. ھەسەلنىڭ تېمپېراتۇرىسى -40℃ ~ +50℃ ئەتراپىدا بولىدۇ.

(4) تەركىبىدە پۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورا ماتېرىياللىرى، مەسىلەن: ئىپار، زەپەر، ئەنبەر قاتارلىقلار بولسا، تېخىمۇ سوۋۇتۇلغان ھەسەل ئىشلىتىش كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا يۇقىرىقى دورىلارنىڭ پۇرىقى يوقىلىپ كېتىدۇ.

دورا تالقىنى بىلەن ھەسەلنى ئارىلاشتۇرۇش ئادەتتە ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلىنىدۇ. ھازىرقى زامان دورىگەرلىكىدە دوختۇرخانىنىڭ دورىخانىلىرىدا ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى ئىشلىتىۋاتىدۇ.

4) پىلتە قىلىش ۋە غۇلۇلە تەييارلاش:

(1) پىلتە قىلىش: غۇلۇلە قىلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان خېمىر ھالىتىدىكى يۇمشاق ماتېرىيالنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى بىر ھەپتە تۇرغۇزۇپ دورا ھەسەل بىلەن تەكشى ئارىلىشىپ مەلۇم دەرىجىدە يېپىشقاقلىق ھاسىل بولغاندىن كېيىن ئاندىن پىلتە قىلىنسا ياخشى بولىدۇ.

پىلتە قولدا ۋە مەخسۇس پىلتە قىلىش جابدۇقىدا ئىشلەشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ. پىلتىنىڭ توم ۋە ئىنچىكە، ئۇزۇن ۋە قىسقا بولۇشى نۇسخىدىكى دورىنىڭ ئىچىش مىقدارىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. پىلتىنى بىر خىل قىلىش، سىرتقى كۆرۈنۈشى پارقىراق بولۇش، ھەممە غۇلۇلە تەييارلايدىغان تاختايغا چاپلىشىۋالماسلىقى كېرەك.

غۇلۇلىنىڭ ئېغىرلىقىغا ۋە غۇلۇلە ياسايدىغان تاختاينىڭ كۆز سانىغا ئاساسەن ھەر بىر تال پىلتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېسابلاپ چىقىپ، بىر يۇملاق خېمىر ئۆلچەپ ئېلىنىدۇ. ئاندىن مىقدارى بويىچە ئۆلچەپ ئېلىنغان بىر يۇملاق خېمىرنى ياغاچ تاختاي ئۈستىدە قويۇپ قول ياكى ياغاچ تاختاي بىلەن توم ــ ئىنچىكىلىكى تەكشى، ئۇزۇن ــ

قىسقىلىقى مۇۋاپىق بولغان پىلتە قىلىنىدۇ.

پىلتە ياساش جەريانىدا خېمىر قولغا ۋە تاختايغا چاپلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاز مىقداردا سىلىقلاشتۇرغۇچى (دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغ) ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلىتىش مىقدارى كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. بولمىسا دورىنى يېگەندىن كېيىن كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

سىلىقلاشتۇرغۇچى دورىلىق ياغنى تەييارلاش ئۇسۇلى:

كۇنجۇت يېغى 500 مىللىلىتىر سېرىق موم 95 ~ 125 گىرامغىچە

كۇنجۇت يېغىنى قايناتىپ، ئۇستىگە پاكىزلەنگەن سېرىق مومنى سېلىپ (مومنى قىشتا ئازراق، يازدا كۆپرەك قوشۇش كېرەك)، ئېرىتىپ ئاندىن سوۋۇتۇپ قويۇلسا قاتىدۇ.

(2) غۇلۇلە تەييارلاش: بۇ تۆۋەندىكى ئۇسۇلدا تەييارلىنىدۇ:

① غۇلۇلە قىلىش تاختىسى بىلەن ياساش: بۇ تۆۋەنكى تاختاي ۋە ئۇستۈنكى باسما تاختايدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. غۇلۇلە ياساش ۋاقتىدا تاختاينى مۇۋاپىق مىقداردىكى دورا ياغ بىلەن ياغلاپ، پىلتىنى ئاستىنقى تاختاي ⌒ شەكىللىك توچكىنىڭ ئۈستىگە توغرا قويۇپ، باسما تاختاي بىلەن ئىككى قولدا يەڭگىل هالدا ئالدىدىن ئارقىغا ئىتتىرىپ باسقاندا پىلتە كېسىلىپ غۇلۇلە ياسىلىپ چۈشىدۇ، بۇ چاغدا باسما تاختاينى يەنە قايتا ئارقىغا سۈرۈپ ئېلىۋېتىلىدۇ.

② ماشىنا بىلەن تەييارلاش: مەخسۇس غۇلۇلە تەييارلاش ماشىنىسى بىلەن تەييارلاش، بۇنىڭ ئۈچۈن يېرىم زامانىۋىلاشقان ۋە تولۇق زامانىۋىلاشقان ماشىنىلاردىن پايدىلىنىش مۇمكىن. يېرىم زامانىۋىلاشقىنىدا قول بىلەن قىلىنغان پىلتىنى ماشىنىغا سېلىش ئارقىلىق غۇلۇلە تەييارلىنىپ چىقىدۇ. تولۇق زامانىۋىلاشقىنىدا ئۆلچەپ ئېلىنغان بىر يۇمىلاق خېمىرنى ماشىنىنىڭ ۋارونكىسىغا سېلىپ ماشىنىنى هەرىكەتلەندۈرگەندە، ئۇزۇن - قىسقىلىقى تەكشى بولغان غۇلۇلە كېسىلىپ يۇمىلاپ چۈشىدۇ.

5) سىرتقى يۈزىنى يۆگەش (قاپلاش).

غۇلۇلە تەييارلىنىپ چىققاندىن كېيىن، كۆپ هاللاردا شۇ پېتىچە كېسەل داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بەزى دورىلارنىڭ نەم تارتىپ، قۇرتلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا يەنە بەزى دورىلار پۇرىقىنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سىرتقى يۈزىنى ئوراشقا توغرا كېلىدۇ. سىرتقى يۈزى ئورالغاندا كۆركەملىك پەيدا بولىدۇ، شۇنداقلا ساقلاش ئوڭايلىشىدۇ. زۆرۈر تېپىلسا هەل بېرىلسە بولىدۇ.

سىرتقى يۈزىنى يۆگەشكە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار ۋە يۆگەش ئۇسۇللىرى:

① ئالتۇن ۋاراق بىلەن يۆگەش: ئالتۇن ۋاراق بىلەن يۆگەش ئادەتتە پۈتۈن يۆگەش ۋە يېرىم يۆگەش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئا - پۈتۈن يۆگەش: بۇنىڭدا ئالدى بىلەن 7.5 سانتىمېتىرلىق كىۋادرات شەكلىدە كېسىلگەن بىر پارچە ئالتۇن ۋاراقنى مۇۋاپىق كىچىكلىكتە كېسىپ، بىر پەتنۇسقا سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە غۇلۇلىنى سېلىپ بىر بۇلۇڭىدىن باشلاپ يەنە بىر بۇلۇڭىغا

قارىتىپ يۇمىلاتقاندا ئالتۇن ۋاراق پارچىلىرى غۇلۇلە ئۈستىگە يېپىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غۇلۇلە يۆگىلىدۇ.

ئادەتتە 10 گىراملىق غۇلۇلىنى يۆگەش ئۈچۈن ئۈچ كەسمە ئالتۇن ۋاراق، ئالتە گىرام ئېغىرلىقتىكى غۇلۇلىگە تۆت كەسمە ئالتۇن ۋاراق، ئۈچ گىراملىق غۇلۇلىگە بەش كەسمە ئالتۇن ۋاراق ئىشلىتىلىدۇ. ئومۇمەن ھەر ئىككى دانە غۇلۇلىنى يۆگەش ئۈچۈن 7.5 كىۋادرات سانتىمېتىرلىق تەڭ كېسىلگەن ئالتۇن ۋاراقتىن 10 پارچە كېتىدۇ.

غۇلۇلىنى يۆگەش ۋاقتىدا غۇلۇلە ھۆل ھالەتتە بولۇشى كېرەك. قۇرۇپ قالغاندا ئالتۇن ۋاراق پارچىلىرى غۇلۇلىگە يېپىشمايدۇ.

ب ـ يېرىم ھەل بېرىش: بۇ، ئالتۇن ۋاراق پارچىلىرىنى غۇلۇلىنىڭ سىرتقى يۈزىگە ئالا ـ بۇلا ھالدا يېپىشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

يۆگەش ئۇسۇلى پۈتۈن يۆگەش بىلەن ئوخشاش، لېكىن ئالتۇن ۋاراق ئازراق ئىشلىتىلىدۇ.

② شىڭگىرىپ بىلەن قاپلاش:

③ شىڭگىرىپ(Cinnabar) : بۇ سىماب بىلەن سۇلفۇر ئارىلاشقان مەدەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىمۇ تىنچلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئۇنى يۇمشاق سوقۇپ دورىنىڭ سىرتقى يۈزىنى قاپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلىتىش مىقدارى مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. چۈنكى ئاز بولۇپ قالسا سىرتقى يۈزىنى تولۇق قاپلىيالمايدۇ. كۆپ بولۇپ كەتسە دورىغا ئاسان يېپىشمايدۇ. ئادەتتە ھەر 500 گىرام غۇلۇلە ئۈچۈن 9 ~ 12 گىرامغىچە شىڭگىرىپ تالقىنى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇسۇلى: تەييارلانغان غۇلۇلىنى چوڭ داسقا سېلىپ ئۈستىگە شىڭگىرىپ تالقىنىنى ئاز ـ ئازدىن سېپىپ داسنى كۈچ بىلەن ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئاندىن شىڭگىرىپ تالقىنى غۇلۇلە ئۈستىگە يېپىشىدۇ. مۇشۇنداق ھەرىكەتنى تەكرار داۋاملاشتۇرغاندا غۇلۇلىنىڭ سىرتقى يۈزى قاپلىنىدۇ.

6) قاچىلاش:

غۇلۇلە تەييارلىنىپ چىققاندىن كېيىن، مەيلى سىرتقى يۈزى قاپلانغان ياكى قاپلانمىغان غۇلۇلە بولسۇن، قاچىلاش ئىشىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

(1) غۇلۇلە تەييار بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يىپەك قەغەز، ئەينەك قەغەزلەرگە يۆگەپ، ئۈستىدىن بىر قەۋەت نېپىز ئېرىتىلگەن مومغا ياكى ئېرىتىلگەن پارافىنغا يۇمىلىتىپ ساقلىنىدۇ.

(2) غۇلۇلىنى موم قەغەزگە ئوراپ 10 تال غۇلۇلىنى بىر دانە سولياۋ خالتىغا سېلىپ ئاغزى پېچەتلەپ قويۇلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل ئاددىي بولۇپ ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆز ۋاقتىدا ئىشلىتىپ تۈگىتىلسە بولىدۇ. ئۇزۇنراق ساقلانسا غۇلۇلە قېتىپ قېلىپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

(3) موم قاپچۇققا قاچىلىنىدۇ. بۇنىڭغا قاچىلىغاندا ئۇزاق مۇددەت ساقلانسا غۇلۇلىنىڭ سۈپىتى ئۆزگەرمەيدۇ. لېكىن بۇ ئۇسۇلنىڭ ئاۋارىچىلىكى كۆپ.

(4) موملانغان قۇتىغا قاچىلاش: بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى، نەرخى ئەرزان، ھازىر دورا زاۋۇتلىرىدا مۇشۇ خىل ئۇسۇل كەڭ قوللىنىلماقتا.

بۇنىڭدا قەغەز قۇتىنىڭ ئىچىگە نېپىز موم سۇرتۇلىدۇ. ئاندىن غولۇلىنى قەغەزگە ئوراپ قۇتا ئىچىگە سېلىپ قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، قۇتىنىڭ سىرتىدىن بىر قەۋەت قەغەز چاپلاپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر قەۋەت ئېرىتىلگەن موم بېرىلىدۇ.

موم قاپچۇق تەييارلاش:

1) موم قاپچۇقنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك دەرىجىسى بىر يېرىم گىرام ئېغىرلىقتىكى غولۇلە ئۇچۇن تەييارلىنىدىغان موم قاپچۇقنىڭ دىيامېتىرى تەخمىنەن 18 مىللىمېتىر، ئۇچ گىراملىق غولۇلە ئۇچۇن تەخمىنەن 21 مىللىمېتىر، ئالتە گىراملىق غولۇلە ئۇچۇن 24 مىللىمېتىر، 10 گىراملىق غولۇلە ئۇچۇن 27 مىللىمېتىر، 12 گىراملىق غولۇلە ئۇچۇن 30 مىللىمېتىر چوڭلۇقتىكى موم قاپچۇق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. موم قاپچۇق بىلەن غولۇلىنىڭ نىسبىتىدە ئومۇمەن غولۇلە موم قاپچۇق بوشلۇقىنىڭ بەشتىن تۆت (4/5) قىسمىنى ئىگىلىسە مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەگەر غولۇلە كىچىك، موم قاپچۇق بەك چوڭ بولۇپ كەتسە، غولۇلە ئاسانلا يېرىلىپ كېتىدۇ. شۇنداقلا بوشلۇقتا هاۋا توشۇۋېلىپ دورا ئاسانلا كۆكىرىپ قالىدۇ.

2) مومنى ياخشى تاللاش ۋە قاپچۇق ياساش ئۇسۇلى:

موم قاپچۇق تەييارلاش ئۇچۇن ئادەتتە سېرىق ۋە ئاق موم ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر سېرىق مومنىلا يەككە هالەتتە ئىشلەتكەندە سۇپەتلىك بولماي بوش بولۇپ قالىدۇ ۋە هاۋا ئىسسىغان چاغلاردا سۇپىتى ئۆزگىرىپ ئويمان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا سېرىق موم بىلەن قاتتىق هالەتتىكى ئاق مومنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاش لازىم. بۇلارنىڭ قوشۇلۇش مىقدارى ئادەتتە 40% سېرىق موم، 60% ئاق موم نىسبىتىدە بولىدۇ. شۇنداقلا پەسىل خاراكتېرىگە قاراپ مۇۋاپىق ئازايتىپ ياكى كۆپەيتىپ ئىشلەتسە بولىدۇ. موم نىسبەت بويىچە قوشۇلۇپ تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قازانغا تۆكۇپ ئۇستىگە 20% ئەتراپىدا سۇ قۇيۇپ (سۇنى قوشۇشتىكى مەقسەت مومنى ئېرىتىش جەريانىدا كۆيۈپ كەتمەسلىكىدىن ئىبارەت)، ئوت ياكى پار بىلەن ئىسسىقلىق بېرىپ قىزىتىپ، ئازراق تىنىدۇرۇپ دۇغلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ئىشلىتىش لازىم. ئەگەر دۇغلىرىنى چىقىرىۋەتمىگەندە تەييارلىنىپ چىققان قاپچۇقنىڭ سىرتقى يۇزىدە چاك پەيدا بولۇۋېلىپ دورىلارنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مومنى ئېرىتىش ئۇچۇن سۇ قۇيۇلغاچقا موم قاپچۇقنىڭ سىرتقى يۇزىدە قاپارتقۇ پەيدا بولۇۋالماسلىق ئۇچۇن، قاپچۇق تەييارلاش ۋاقتىدا ئاۋۋال ئېرىگەن مومنى قوچۇپ كۆپۈكىنى لەيلىتىپ بولۇپ، ئاندىن شارچىنى موم سۇيۇقلۇقىغا چىلاش لازىم.

3) موم قاپچۇق تەييارلاش مەشغۇلاتى:

① شارچىنى جازىغا ئېسىش ئۇسۇلى:

ئالدى بىلەن ياغاچ شارچە ياساپ، ئۇنى تاكى سۇ ئاستىغا چۆككىچە قايناتىلىدۇ. بولمىسا موم قاپچۇق ئاسان ئاجرالمايدۇ. ئاندىن كېيىن ياغاچ شارچىنى قايناق سۇدىن سۇزۇۋېلىپ نەم رەخت ئۇستىدە قويۇپ سۇيى كەتكۇزۇلىدۇ. سۇيى تۆگىگەندىن كېيىن تۆمۇر ئارىغا سانجىپ، تۆمۇر ئارىنىڭ سېپىنى قول بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ، ئېرىتىپ تەييارلانغان موم سۇيۇقلۇقىغا چىلاپ شارچە يۇزىگە موم يۇقتۇرۇلىدۇ. موم سۇيۇقلۇقىغا

www.uyghurkitap.com

تەگكۈزۈش قېتىم سانى موم سۇيۇقلۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسىغا باغلىق. ئەگەر موم سۇيۇقلۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولسا 4 ~5 قېتىم، تۆۋەن بولسا 2 ~ 3 قېتىم تەگكۈزۈلىدۇ. ئومۇمەن موم قاپچۇقنىڭ نېپىز ـ قېلىنلىقى مۇۋاپىق بولغاندا چىلاش توختىتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن دەرھال موم ئېرىتمىسىدىن ئېلىپ سوغا چىلاپ قاتۇرۇلىدۇ. سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە قىشتا 25℃+ دىن يۇقىرى، يازدا 18℃+ دىن تۆۋەنرەك بولۇشى لازىم.

② موم قاپچۇقنى ئاجرىتىش ئۇسۇلى:

موم قاتقاندىن كېيىن سۇدىن ئېلىپ، ئۇنى جازىدىن ئېلىۋېتىپ، ئىتتىك پىچاق بىلەن ئاغزىنى كېسىپ ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ. كېسىش ئۇسۇلى: سول قولنىڭ باش بارمىقى ۋە بېگىز قول بىلەن موم شارچىسىنىڭ سانجىلغان تۆشۈك ئورنىنى چىمدىپ چىڭ تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. ئوڭ قول بىلەن پىچاقنى تۇتۇپ پىچاق بېسىنى موم شارچىسىغا تەگكۈزۈپ پىچاقنىڭ تۇرتكىلىكىدە موم شارچىسى ئايلاندۇرۇلىدۇ. پىچاق بىسى ئايلىنىپ ئاخىرقى نۇقتىغا تەگكەندە سەل يانتۇ قىلىنىدۇ. ھەمدە باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئۆتكەنسېرى بۇ ئىككى يېرىم چەمبەر (دائىرە) ئۈزۈكسىز بىر ـ بىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدۇ. بۇ چاغدا موم قاپچۇق ئاجرىلىدۇ. ئاندىن ئىچىدىكى ياغاچ شارچىنى ئېلىۋېتىپ، سوۋۇتۇلغان موم قاپچۇقنى بىر ـ بىرى بىلەن تەڭ كەلتۈرۈپ جۈپلەشتۈرۈپ بىرنەچچە سائەت قويۇلسا موم قاپچۇق ئىچىدىكى سۇ پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئىچىدىكى سۇ قۇرۇپ تۈگىگەندىن كېيىن، ئاندىن غۇلۇلە قاچىلىنىدۇ.

ياغاچ شارچىنىڭ سىرتىدىكى موم قاپچۇقنى ئېلىۋېتىش ۋاقتىدا موم قاپچۇقنىڭ يۇمشاق ـ قاتتىقلىق دەرىجىسىنى سىناپ كۆرگەندە، ئەگەر موم قاپچۇقنىڭ ئىككى بۆلىكى تۇتاشقان ئورۇن ئاسان سۇنۇپ كەتسە موم قاپچۇق قاتتىق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدا موم ئېرىتمىسىگە مۇۋاپىق مىقداردا سېرىق موم قوشۇپ قايتىدىن ئېرىتىپ تەييارلاش لازىم. ئەگەر بۇ تۇتاشقان ئورۇن ئالدى ـ ئارقىسىغا ئېگىلىدىغان ھالەتتە بولۇپ قالسا موم قاپچۇقنىڭ يۇمشاق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدا موم ئېرىتمىسىگە مۇۋاپىق مىقداردا ئاق موم قوشسا بولىدۇ.

4) ئاغزىنى ئېتىش ئۇسۇلى:

غۇلۇلىنى موم قاپچۇق ئىچىگە سېلىپ كېسىلگەن ئاغزىنى دەلمۇدەل كەلتۈرۈلىدۇ. ئالدى بىلەن، قاپچۇقنىڭ كېسىلگەن ئاغزىنى داغمالدا ئېرىتىپ تۆمۈر ئارا ئۈستىدىكى موم يۇقۇندىلىرىغا سانجىپ قويۇلىدۇ.

يەنە بىر خىل ئۇسۇلى: غۇلۇلىنى موم قاپچۇققا قاچىلاپ تۆمۈر ئارىغا سانجىپ، ئېرىتىلگەن مومغا مىلەپلا ئاغزىنى ئەتسىمۇ بولىدۇ. ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن مىلەيدىغان موم ئېرىتمىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىراق بولۇشى لازىم.

ئاغزىنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن دورا قاچىلانغان قاپچۇقنى تۆمۈر ئارىدىن ئېلىۋېتىپ، بۇنىڭ بىر تەرىپىدىكى سانجىلغان تۆشۈكىنى قىسقۇچ ياكى داغمال بىلەن قىزىتىپ ئېتىۋەتسىمۇ بولىدۇ.

5) خەت بېسىش ئۇسۇلى:

غۇلۇلىنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سىرتىغا دورىنىڭ ئىسمى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى قاتارلىق مەزمۇنلار ئويدۇرۇلغان مۇڭگۈز تامغا بىلەن سانجىلغان تۆشۈكنىڭ ئېتىلگەن يېرىگە خەت بېسىش لازىم. چۈنكى بۇ جاي قېلىنراق بولۇپ تامغىنى بېسىش جەريانىدىكى بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

**4. غۇلۇلە تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

1) غۇلۇلە تەييارلايدىغان خېمىرنىڭ يۇمشاق ـ قاتتىقلىقى مۇۋاپىق بولۇپ، سىلىق ۋە ئەۋرىشىمدەك بولۇشى، ھەرگىز ئۇۋۇلۇپ تۇرىدىغان، چاپلىشىپ قالىدىغان بولماسلىقى لازىم.

2) غۇلۇلە تەييارلاش جەريانىدا چوقۇم باكتېرىيەگە قارشى جاراسىمسىزلاندۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ غۇلۇلىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

3) غۇلۇلە قاپچۇقىنى تەييارلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مومنىڭ سۈپىتى چوقۇم ياخشى بولۇشى ھەمدە چەككىلەشتىن ئۆتكۈزۈلۈشى لازىم.

4) غۇلۇلە قاچىلايدىغان قاپچۇقنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى پارقىراق، شەكلى يۇمىلاق، رەڭگى ئاق، كېسىلگەن كىنىدىك سىلىق بولۇشى ھەمدە داغلانغان كىنىدىك ئۈستىگە بېسىلغان خەت ئېنىق ۋە كۆركەم بولۇشى لازىم. شۇنداقلا موم قاپچۇقنىڭ سىرتقى يۈزىدە قاپارتقۇ، ئالىچىپار نەرسىلەر بولماسلىقى، قاپچۇق ئىچىدە سۇ ھورى قېپقالماسلىقى، ئىسسىق كۈنلەردە ئۆزگىرىپ ئويمان ھاسىل قىلماسلىقى لازىم.

**5. غۇلۇلە تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار:**

1) قازان: ھەسەلنى چەككىلەشتە ئادەتتىكى قازان ياكى قوش قەۋەتلىك پار بىلەن ئىسسىدىغان قازان ئىشلىتىلىدۇ. مومنى ئېرىتىش ۋە موم قاپچۇقنى ئىشلەش ئۈچۈن يۇمىلاق ياكى چاسا قازان ئىشلىتىلىدۇ.

2) غۇلۇلە تەييارلايدىغان تاختاي ۋە پىلتە قىلىدىغان تاختاي: بۇ، ياغاچ ماتېرىيالدىن تەييارلىنىدۇ (18 ـ رەسىم). ئۇ، ئۈستۈنكى باسما تاختاي ۋە ئاستىنقى تاختاي بولۇپ ئىككى قىسمىدىن تۈزۈلىدۇ. ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى تاختاينىڭ ئىچكى يۈزىدە بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان «⌒» شەكىللىك ئېرىقچىلار بولىدۇ.



18 ـ رەسىم. غۇلۇلە قىلىش تاختىسى

www.uyghurkitap.com

هازىر غۇلۇلە تەييارلاش ماشىنىسى كەڭ تۈردە قوللىنىلماقتا. (19 ـ رەسىم)

3) موم قاپچۇق قېلىپى: بۇ ياغاچ شارچە دېيىلىدۇ. ئۇ، مۇستەھكەم ۋە سۇنى ئۆزىگە سۈمۈرەلەيدىغان ياغاچ ماتېرىيالدىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە چوڭ شارچە سۆگەت ياغىچىدىن، كىچىك شارچە سەندەل ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. يېڭىدىن ياسالغان شارچىنى ئالدى بىلەن سۇدا بىر قېتىم قاينىتىپ شىلىمشىق ماددىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە سۇغا تويۇندۇرۇلىدۇ. شارچىنى قايناق سۇدىن ئېلىپ سوغۇق سۇغا سالغاندا ئىشلىتىشكە چۆككەن ۋاقتى ئۇنى قاينىتىش ۋاقتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلغاندا شارچىنى ئىشلەتكەندە مومغا چىلىغان ۋاقىتتا مومنى ئۆزىگە يېپىشتۇرۇپ ئالمايدۇ ۋە ئاسان ئاجرىلىدۇ. شارچىنىڭ بىر تەرىپىگە تۆمۈر ئارىغا سانجىش ئۈچۈن بىر تۆشۈك ئېچىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ شارچىنى داۋاملىق پاكىز سوغۇق سۇغا چىلاپ قويۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ پاكىزلىقى ۋە نەملىكى ساقلاپ تۇرۇلىدۇ.

4) تۆمۈر ئارا: بۇ، ياغاچ شارچىنى سانجىپ موم ئېرىتمىسىگە مىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، خۇددى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى ئارا شەكلىدە كىچىك ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ جازىسى تۆمۈردىن ياسىلىدۇ، سېپى بولىدۇ. بۇ تۆمۈر ئارىنىڭ ئۇچىغا پولات يىڭنىلەر ئورنىتىلغان بولۇپ ئۇ يۇقىرىغا قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ياغاچ شارچىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ 12 دانە، 14 دانە، 20 دانىغىچە پولات يىڭنىلەر ئورنىتىلىدۇ. بىر قېتىمدا 12 ~ 20 گىچە موم قاپچۇق تەييارلىغىلى بولىدۇ.



19 ـ رەسىم. غۇلۇلە ياساش ماشىنىسى

1. پىلتە قىلىش سايمىنى؛ 2. پىلتە چىقىرىش ئاغزى؛ 3. ئېلېكترلىك ئىسسىقلىق قوزغۇلمىسى؛ 4. يەتكۈزۈپ بەرگۈچى تاسمىسى؛ 5. ئاپتوماتىك تىزگىنلەش ئۈزچاتى؛ 6. ئاپتوماتىك تىزگىنلەش سايمىنى؛ 7. ئايلانما ئوق؛ 8. چوتكا؛ 9. پىچاق؛ 10 ـ 11 پىلتىنى كەسكۈچى تۆلۈق.

5) پىچاق: شارچىنى موم ئېرتىمىسىگە مىلەپ قاپچۇق تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئادەتتە قەغەز كېسىدىغان پىچاق بولسا بولۇۋېرىدۇ.

6) داغمال: توك داغمال كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

7) تامغا: بۇ، كالا مۈڭگۈزىدىن ياسىلىدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم كىچىك (ئۇششاق) كۈملاچ (ھەب) لەر

**1. تەرىپى:**

دورا تالقانلىرىغا سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ ياكى پار سۈيى، دورىلىق سۇلار (ئەرەقلەر) ياكى باشقا خىل نەملىگۈچىلەرنى قوشۇپ خېمىر قىلىپ ياسىلىدىغان كۈملاچلار (ھەب) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار: قىچا، كۆك ماش، نوقۇت چوڭلۇقىدا ياكى ئىككىنچى خىل ئېيتقاندا 0.05 گىرامدىن تارتىپ تاكى 0.2 گىرام، 0.3 گىرام، 0.5 گىرامغىچە ئېغىرلىقلاردا تەييارلىنىدۇ.

**2. ئۇششاق كۈملاچ خېمىرىنى يۇغۇرۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچى ياكى نەملىگۈچىلەر:**

1) سۇ: سۇنىڭ ئىشلىتىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئادەتتە سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى پار سۈيى (مائى مۇقەتتەر) ئىشلىتىش كېرەك.

سۇنىڭ ئۆزىدە يېپىشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى يوق. لېكىن دورىلارنى سۇ بىلەن نەملىگەندە دورا ماتېرىياللىرى ئىچىدىكى مەلۇم دورا ۋە مەلۇم تەركىبلەر، مەسىلەن: شىلىمشىق ماددىلار، قەنت، يېلىم، كىراخمال قاتارلىقلارنى سىرتقا چىقىرىپ يېپىشقاقلىق پەيدا قىلىدۇ. سۇ، ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل نەملىگۈچى بولۇپ، سۇ بىلەن تەييارلانغان كۈملاچ دورا ئاسان پارچىلىنىدۇ. لېكىن سۇ بىلەن تەييارلانغان كۈملاچ دورا ياخشى، تولۇق قۇرۇتۇلمىسا كۆكىرىپ، بۇزۇلۇپ قالىدۇ. شۇڭا تەييارلانغان كۈملاچ دورىلارنى دەرھال ياخشى قۇرۇتۇش لازىم.

2) ھەسەللىك سۇ: ھەسەل سۈيى (مائۇلھەسەل): ھەسەل سۈيى بولسا ھەسەلنى چەككىلەپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ (بىر ھەسسە ھەسەل، ئۈچ ھەسسە ياكى ئالتە ھەسسە سۇ) قوشۇپ، ھەسەلنى ئېرىتكەندىن كېيىن ئازراق قاينىتىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭ يېپىشتۇرۇش كۈچى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، بۇنى يېپىشقاقلىقى تۆۋەن بولغان دورا تالقانلىرىغا ئىشلىتىش مۇۋاپىق كېلىدۇ.

3) ئەرەق دورىلار: (ھەر خىل چۆپ دورىلارنى سۇغا چىلاپ قاينىتىپ ئۇنىڭ ھورىنى

سوۋۇتۇپ تامچىلىتىش ئارقىلىق ئېلىنغان دورىلىق پار سۈيى): بۇلارنىڭ ئۆزىدىمۇ يېپىشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى يوق. لېكىن ئۇلار بىر تەرەپتىن دورىلارنى نەملەپ، ئۇنىڭ يېپىشقاقلىقىنى كۈچەيتىپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن دورىلارنىڭ تەمىنى ياخشىلايدۇ ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ (مەسىلەن: بەزى ئاشقازان كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۇملاچ دورىلارنىڭ خېمىرىنى ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئەرۋاق دورىلار بىلەن يۇغۇرۇپ كۇملاچ تەييارلىغاندا ئۇ خىل دورىنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ).

4) دورا شىرىسى: بەزى ئاسان ئېرىمەيدىغان ياكى يېپىشقاقلىقى ناھايىتى كۈچلۈك كۇملاچ تەييارلاشقا قىيىنچىلىق كەلتۈرىدىغان دورىلارنى، مەسىلەن: مۇقەلىگە ئوخشاش دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ شىرىسىنى چىقىرىپ، سۈزۈپ، ئۇنىڭ شىرىسى بىلەن خېمىر قىلىپ كۇملاچ تەييارلىنىدۇ.

5) كۆدە سۈيى: بەزى كۇملاچلارنى تەييارلاشتا يېڭى كۆدە (جۇسەي) نى سىقىپ، ئۇنىڭ سۈيىنى يېپىشتۇرغۇچى قىلىپ ئىشلىتىش مۇمكىن.

**3. كىچىك (ئۇششاق) كۇملاچ تەييارلاش ئۇسۇلى:**

ئۇششاق كۇملاچ تەييارلاش: دورا ماتېرىياللىرىنى ئېزىش ۋە خېمىر قىلىش، كۇملاچ قىلىش، قۇرۇتۇش، ھەل بېرىش ۋە پارقىرىتىش، قاچىلاشتىن ئىبارەت باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

1) دورا ماتېرىياللىرىنى ئېزىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش:

بۇنىڭدا ئادەتتە گىياھ دورىلارنى ئېزىش، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈش، تەكشى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق يۇمشاق (قېلىنراق ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن) تالقان تەييارلىنىدۇ.

ئومۇمەن دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئايرىم ـ ئايرىم چارە كۆرۈلىدۇ. تالالىق ماددىلىرى كۆپ بولغان دورىلارنى قاينىتىش ياكى چىلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق جەۋھىرىنى ئېلىپ (روب ھالىتىگە كەلتۈرۈپ)، ئۇنى شۇ قېتىمقى كۇملاچ دورىلارغا يېپىشتۇرغۇچى قىلىش مۇمكىن. تەركىبىدە ئۇچۇچان ماددىلىرى بولغان دورا ماتېرىياللىرىنى ئەرەق تارتىش ئارقىلىق ئۇچۇچان ماددىلىرىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى باشقا تالقانلارغا يېگۈزۈپ كۇملاچ تەييارلاشقا خېمىر قىلغىلىمۇ بولىدۇ. ئۈنۈملۈك تەركىبى ئېنىق بولغان بىر قىسىم دورىلارنىڭ ئۈنۈملۈك قىسمىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى باشقا دورا تالقانلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ.

2) كۇملاچ قىلىش:

قەدىمكى ئۇسۇلدا تەييارلانغان يۇمشاق تالقانلارغا ئۆزىگە ماس كېلىدىغان نەملىگۈچىلەرنى قوشۇپ نەملەپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. ئۇزاق پىشۇرۇش ئارقىلىق يۇمشاق ـ قاتتىقلىقى مۇۋاپىق بولغان خېمىر ھالىتىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاز ـ ئازدىن خېمىر ئېلىپ باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماق ئارىلىقىدا يۇمىلىتىپ ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق كۇملاچ قىلىنىدۇ. خېمىرنىڭ بارماقلارغا چاپلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن

بارماق ئۇچلىرىنى كۆنجۈت يېغى ياكى زىغىر ياغلىرىغا پات ــ پات چىلاپ تۇرۇش مۇمكىن.

زامانىۋى ئۇسۇلدا كۆمىلاچ قىلىش تۆۋەندىكىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇرۇقچە چىقىرىش: بۇ، قول ئەمگىكى ۋە ماشىنا مەشغۇلاتى ئارقىلىق ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئىشلىنىدۇ.

قول ئەمگىكى بىلەن تەييارلاش ئۇسۇلى: ئۇرۇقچە بولسا كۆمىلاچ تەييارلاشتىكى ئاساسلىق دانچە ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇقچىنىڭ ياخشى ۋە ناچار بولۇشى كۆمىلاچنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇرۇقچىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ئۇسۇلى: سۈپۈرگىنى سوۋۇتۇلغان قايناق سۇغا چىلاپ نەمدەلگەن سۈپۈرگە بىلەن ياغاچتىن ياكى چىغدىن ياسالغان يۇمىلاق تەۋەككىنىڭ (20 ــ رەسىم) بىر تەرىپىنى (1/3 قىسمىنى) نەمدەپ، ئاندىن تالقاندىن ئۈستىگە ئازراق سېپىپ، ئىككى قول بىلەن تەۋەككىنى چۆرگىلىتىپ، ئايلاندۇرغاندا دورىنىڭ ھەممىسى تەكشى نەملىنىدۇ. ئاندىن كېيىن قۇرۇق چوتكا بىلەن تەۋەككىگە يېپىشىۋالغان تالقانلارنى يەڭگىل چوتكىلاپ بىر جايغا يىغىپ، ئۈستىگە يەنە تالقان سېپىپ، سۇ سېپىپ قايتا ــ قايتا يۇقىرىقىدەك چۆرگىلىتىپ ئىشلىگەندە تەدرىجىي ھالدا بىرقەدەر تەكشى بولغان ئۇششاق دانچىلار ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن ئۇنى غەلۋىر ياكى سەتكىدىن ئۆتكۈزۈپ چوڭ ــ كىچىكلىكى بىر خىل بولغان دانچىلار تاللىۋېلىنىدۇ، تاللىۋېلىنغان ئۆلچەملىك دانچىلارنى يەنە تەۋەككىگە سېلىپ قۇرۇق ھالەتتە كۆپ قېتىم چۆرگىلەتكەندە دانچىلار پارقىراق ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ ئۇرۇقچە دېيىلىدۇ. يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك بولۇپ ئاسانلىقچە ئۇرۇقچە چىقىرىشقا ئوڭايسىز بولغان سەبرە، مۇقەل قاتارلىق دورىلارنى نۇسخىدىكى باشقا دورىلاردىن ئايرىۋېلىپ ئايرىم سوقۇپ قويۇپ، يېپىشقاقلىقى تۆۋەنرەك، ئۇرۇقچە چىقىرىشقا مۇمكىن بولىدىغان باشقا تالقانلاردىن بىر قىسمىنى ئېلىپ، ئۇرۇقچە چىقىرىش ماتېرىيالى قىلسا بولىدۇ ھەمدە كۆمىلاچ تەييارلايدىغان چاغدا يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك بولغان يۇقىرىقى تالقانلارنى قوشۇپ كۆمىلاچ تەييارلىنىدۇ.

ئۇرۇقچە چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان تالقان مىقدارى شۇ نۇسخا تەركىبىدىكى تالقانلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، كۆمىلاچنىڭ چوڭ ــ كىچىكلىكى، كۆمىلاچ قىلىنىدىغان تالقانلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئادەتتە ئومۇمىي تالقاننىڭ 2 ~ 5 پىرسەنتىنى ئۇرۇقچە چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقچىنىڭ دىيامېتىرى 2 ~ 2.5 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

(1) ماشىنا بىلەن ئۇرۇقچە چىقىرىش ئۇسۇلى:

بۇنىڭدا شېكەر يالىتىش قازىنى (كۆمىلاچ تەييارلاش قازىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىشلىتىلىدۇ (24 ــ رەسىم).

پۈركۈگۈچى سايمان بىلەن سوۋۇتۇلغان قايناق سۇنى ياكى باشقا نەملىگۈچىلەرنى قازان ئىچىگە پۈركۈپ، ئۈستىگە دورا تالقىنىدىن ئازراق سېلىپ قازاننى (ماشىنىنى)

www.uyghurkitap.com

ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تالقان نەملەنگەندىن كېيىن قۇرۇق چوتكىنى ماشىنا ئايلىنىۋاتقان يۆنىلىشكە قارشى تۇتۇپ، دورا يىغىپ ئېلىنىدۇ. ئەگەر چاپلىشىۋېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەندە قول بىلەن يەڭگىل ئۇۋۇلاپ ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ. ئاندىن يەنە تالقان سېپىش، سۇ پۈركۈش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى قايتا - قايتا ئىشلەش ئارقىلىق چوڭ - كىچىكلىكى بىر خىل بولغان دانچىلار ھاسىل بولىدۇ. بۇ دانچىلارنى تاسقاپ، ئۆلچەمگە لايىق دانچىلارنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى ماشىنىغا سېلىپ قۇرۇق ھالدا پارقىرىغىچە ئايلاندۇرۇپ ئۇرۇقچە تەييارلىنىدۇ.

(2) كۇملاچ تەييارلاش:

قولدا كۇملاچ قىلىش: ئۇرۇقچىنى يۇملاق تەۋەككىنىڭ بىر تەرىپىگە سېلىپ، تەۋەككىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ ياكى باشقا نەملىگۈچىلەرنى سېپىپ تەۋەككىنى چۆرگىلىتىپ ئۇرۇقچىنىڭ ھەممىسى نەملەنگەندىن كېيىن، داۋاملىق تالقان سېپىش، سۇ چېچىش ئارقىلىق تەۋەككىنى ئالدى - ئارقىغا ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئۇۋۇلاش، چۆرگىلىتىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى ئىشلەتكەندە ئۇرۇقچە تەدرىجىي ھالدا چوڭىيىپ بارىدۇ. بۇ چاغدا ئۆلچەملىك غەلۋىر بىلەن تاسقاپ چوڭ - كىچىكلىكى بىر خىل بولغان كۇملاچلارنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى تەۋەككە سېلىپ قايتا تالقان سالماي داۋاملىق چۆرگىلىتىپ پارقىرىتىپ سۇپەتلىك كۇملاچ تەييارلىنىدۇ.

ماشىنا بىلەن تەييارلاش ئۇسۇلى: ئۇرۇقچىنى ئايلىنىۋاتقان شېكەر يالىتىش ماشىنىسىغا سېلىپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ ياكى نەملىگۈچىلەرنى پۈركۈپ، ئۇرۇقچە تەكشى نەملەنگەندىن كېيىن يەنە تەكشى تالقان سېپىپ، توختىماي ئايلاندۇرۇلىدۇ. تالقان ئۇرۇقچە ئۈستىگە يېپىشىپ بولغاندىن كېيىن يەنە سۇ چېچىش، تالقان سېپىش مەشغۇلاتى داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. كۇملاچلار ئۆلچەمگە يەتكەن چاغدا ئۇنى غەلۋىر بىلەن تاسقاپ ئۆلچەملىك كۇملاچلارنى تاللاپ ئېلىنىدۇ. ئۇلارنى يەنە ماشىنىغا سېلىپ قايتا ھەرىكەتلەندۈرگەندە چوڭ - كىچىكلىكى تەكشى، سىرتقى كۆرۈنۈشى پارقىراق بولغان كۇملاچلار تەييار بولۇپ چىقىدۇ.

3) قۇرۇتۇش:

ئۇششاق كۇملاچلار تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، دورىلارنى يۇملاق تەۋەك، پەتنۇس قاتارلىق نەرسىلەرگە نېپىز يېيىپ سايە ۋە سالقىن جايدا ياكى كۈن نۇرى ئاستىدا قويۇپ تەبىئىي ھالدا قۇرۇتۇش ياكى قۇرۇق ئۆيدە قۇرۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئەمما بۇنداق قۇرۇتۇشتا دورىنىڭ تازىلىقىغا دىققەت ئېتىبار بېرىش قىيىن. ھەب دورىلارنى تەۋەككە سېلىپ تەبىئىي ھالدا قۇرۇتۇش ياكى قاقلاپ قۇرۇتۇش ساندۇقىدا قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشتا بولسۇن، يېڭىدىن تەييارلىنىپ چىققان كۇملاچلارنى دەرھال يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قۇرۇتۇش، ئاپتاپقا سېلىش مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇنداق قىلغاندا دورىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ قالىدۇ. ئادەتتە دەسلەپتە ھاۋا ئۆتۈشىپ تۇرىدىغان سايە جايدا شامالدىتىپ، ئاندىن كېيىن ئاپتاپتا ياكى تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق قۇرۇتۇش ئىشكاپىدا قۇرۇتۇش لازىم. ئەگەر نۇسخىدا ئىپار، كافۇر، ئەنبەر، ئۇد ھىندى

قاتارلىق پۇراقلىق دورىلار، مەرۋايىت، دېڭىز يىا قاتارلىق نازۇك ماتېرىياللىق دورىلار ياكى شىڭگىرىپ، زەرنىخ قاتارلىق يۇقىرى ئىسسىقلىقتا سۇپىتى ئۆزگىرىپ قالىدىغان دورىلار بولسا بۇنداق دورىلارنى قۇرۇتۇش ئىشكاپى ياكى كۈچلۈك ئاپتاپتا قۇرۇتۇشقا بولمايدۇ. بۇلارنى تەبىئىي قۇرۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ سالقىنراق، شامال ئۆتىشىپ تۇرىدىغان جايدا قۇرۇتۇش لازىم.

قاقلاش ئىشكاپىدا قۇرۇتۇش: قاقلاپ قۇرۇتۇشتا مەلۇم شارائىتلار بولۇشى لازىم. بۇنداق ئىشكاپتا پار بېرىپ قۇرۇتۇش ياكى ئىسسىق شامالدا قۇرۇتۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن قۇرۇتىلىدۇ. لېكىن تېمپېراتۇرا بەك يۇقىرى بولمايدۇ. تۆۋەن تېمپېراتۇرا (+40℃) دا 3 ~ 4 سائەت ئەتراپىدا قۇرۇيدۇ. ئۇچۇچان پۇراقلىق دورىلار +35℃ تىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا قۇرۇتۇلىدۇ. پۇرىقى ناھايىتى ئۆتكۈر بولغان ئىپارغا ئوخشاش دورىلار شامال ئۆتىشىپ تۇرىدىغان، سايە جايدا قۇرۇتىلىدۇ.

4) ھەل بېرىش ۋە پارقىرىتىش:

ئادەتتە كۆمىلاچلار تەييارلانغاندىن كېيىن كېسەل داۋالاشقا ئىشلىتىلسە بولىدۇ. لېكىن بەزى كۆمىلاچلارنى نۇسخىدىكى دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ۋە داۋالاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن سىرتىدىن ھەل بېرىشكە ۋە پارقىرىتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا تەييارلىنىپ چىققان كۆمىلاچنىڭ سىرتقى يۈزى ناھايىتى يۇمشاق تالقانلار ۋە ھەل بېرىش ماتېرىياللىرى بىلەن نېپىز بىر قەۋەت قاپلىنىدۇ. بۇ، ھەل بېرىش دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت غۇلۇلىگە ھەل بېرىشتىكى مەقسەت بىلەن ئوخشاش.

(1) ھەل بېرىشكە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچىلار:

① شاپتۇل يېلىمى ئېرىتمىسى: بۇ، شاپتۇل يېلىمى ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇپ يېلىم مونەكلىرى ئېرىپ تۈگىگىچە قايىنىتىپ تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى بىر قىسىم يېلىم، سەككىز قىسىم سۇ (1:8) نىسبىتىدە بولىدۇ. ئىشلىتىلىدىغان مىقدارى بولسا 300 گىرام قۇرۇتۇلغان كۆمىلاچ دورىغا ئۈچ گىرام ئەتراپىدا شاپتۇل يېلىمىنىڭ ئېرىتمىسى ئىشلىتىلىدۇ.

شاپتۇل يېلىمى كۆمىلاچ دورىلارنى نەملىكتىن ساقلايدۇ. ھەمدە شاپتۇل يېلىمى بىلەن ھەل بېرىلگەن كۆمىلاچ دورىلارنىڭ ھەللىرى يازدا تۆكۈلۈپ كېتىش ۋە رەڭگى ئۆزگىرىپ قېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمەيدۇ.

② يارا يېلىم ئېرىتمىسى: مۇۋاپىق مىقداردىكى يارا يېلىمنى سوغۇق سۇغا ئازراق چىلاپ، يۇمشىغاندىن كېيىن قىزىتىپ ئېرىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئىشلىتىش مىقدارى ۋە قويۇقلۇق دەرىجىسى شاپتۇل يېلىمى بىلەن ئوخشاش.

يارا يېلىمنىڭ يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك بولغاچقا ئىشلىتىلىدىغان مىقدارى توغرا بولۇشى لازىم. بولمىسا كۆمىلاچ دورىلار بىر - بىرىگە چاپلىشىۋېلىپ مونەك ھاسىل قىلىنىۋالىدۇ.

③ گۈرۈچ شىلىمى: ئادەتتە بۇنىڭغا ئۇزۇن ئۇرۇقلۇق گۈرۈچ (لومىي) ئىشلىتىلىدۇ. گۈرۈچ تالقىنىنى پاكىز قاچىغا سېلىپ، ئاۋۋال ئۈستىگە ئازراق سوغۇق سۇ قۇيۇپ

www.uyghurkitap.com

ئارىلاشتۇرۇپ، قويۇق شىلىم ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ ھەمدە توختىماي ئارىلاشتۇرۇپ شىلىم تەييارلىنىدۇ. ئىشلىتىش مىقدارى بولسا 300 گىرام قۇرۇق كۆمىلاچ ئۈچۈن 3.5 گىرام لومىي گۈرۈچ شىلىمى كۇپايە قىلىدۇ. لومىي تالقىنى بىلەن سۇنىڭ نىسبىتى بىر قىسىم لومىي تالقىنىغا سەككىز ياكى ئون قىسىم سۇ (1:10) نىسبىتىدە بولسا بولىدۇ.

④ ناۋات قىيامى: مۇۋاپىق مىقداردىكى ناۋاتقا سۇۋۇتۇلغان قايناق سۇ قۇيۇپ ئېرىتىپ تەييارلىنىدۇ. قويۇقلۇق دەرىجىسى بىر قىسىم ناۋاتقا سەككىز قىسىم سۇ قۇيۇلسا بولىدۇ. ئىشلىتىش مىقدارى 300 گىرام قۇرۇتۇلغان كۆمىلاچ ئۈچۈن 3 ~ 6 گىرامغىچە ناۋات كۇپايە قىلىدۇ.

(2) ھەل بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار:

① تالكۇم: دورىلارنى ئىسسىق ۋە نەملىكتىن ساقلاش ھەمدە دورىلارنىڭ قاڭسىق پۇرىقىنى يوشۇرۇپ، ئىچىشكە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن كۆمىلاچىنىڭ سىرتقى يۈزى تالكۇم بىلەن بىر قەۋەت قاپلىنىدۇ. ئىشلىتىش مىقدارى ئادەتتە 300 گىرام قۇرۇتۇلغان كۆمىلاچقا ھەل بېرىش ئۈچۈن 68 گىرام تالكۇم تالقىنى ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ھەل بېرىپ بولغاندىن كېيىن پارقىرىتىپ قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

② شىڭگىرىپ: شىڭگىرىپ ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، كۆپ ھاللاردا شىڭگىرىپ كىرگۈزۈلگەن تۇسخىدىكى كۆمىلاچلارغا ھەل بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلىتىش مىقدارى ھەر 300 گىرام قۇرۇتۇلغان كۆمىلاچ ئۈچۈن 15 گىرامدىن 37 گىرامغىچە شىڭگىرىپ ئىشلىتىلىدۇ.

③ زەرنىخ: بۇ، دورىلارنى نەملىك، قۇرت كىرىپ قىلىشتىن، زەھەرلىنىپ قىلىشتىن ساقلايدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ھەر 300 گىرام قۇرۇتۇلغان كۆمىلاچ ئۈچۈن تەخمىنەن 20 گىرام ئەتراپىدا زەرنىخ تالقىنى كۇپايە قىلىدۇ.

④ ئاكتىپلاشتۇرۇلغان ئورگانىك كۆمۈر.

(3) ھەل بېرىش ئۇسۇلى.

① قۇرۇتۇلغان كۆمىلاچ دورىلارنى يۇمىلاق تەۋەك ياكى شېكەر يالىتىش ماشىنىسىغا سېلىپ، ئۈستىگە يېپىشتۇرغۇچىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ، تەۋەكنى قول بىلەن چۆرگىلىتىلىدۇ ياكى ماشىنىنى توك بىلەن ئايلاندۇرۇلىدۇ. كۆمىلاچ دورا تەكشى نەملەشكەندىن كېيىن، ئۈستىگە تالكۇم قاتارلىق ماتېرىياللاردىن ئاز - ئازدىن سېپىپ توختىماي ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. ئۇدا 3 ~ 4 قېتىمچە يېپىشتۇرغۇچى ۋە ھەل بەرگۈچى ماتېرىياللارنى سېلىپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلسا، مەزكۇر ماتېرىياللار كۆمىلاچ ئۈستىگە يېپىشىپ كۆمىلاچلارنىڭ يۈزىگە بىر قەۋەت ھەل بېرىلىدۇ. ئاندىن ھەل بېرىپ بولغان كۆمىلاچ دورىلارنى رەخت خالتا ياكى پارقىرىتىش ماشىنىسىغا سېلىپ، ئۈستىگە ئاق موم تاشلاپ، خالتىنى قول بىلەن ئىككى ياققا چالغۇتۇش ئارقىلىق ياكى ماشىنىدا چۆرگىلىتىش ئارقىلىق پارقىراتقىلى بولىدۇ. بۇنداق تەييارلانغان كۆمىلاچ دورىلارنىڭ

سىرتقى كۆرۈنۈشى پارقىراق ۋە كۆركەم بولىدۇ.

② خالتىغا سېلىپ پارقىرىتىش ئۇسۇلى مۇنداق: قېلىن ئاق رەختتىن مۇۋاپىق ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكتە بىر دانە خالتا تىكىلىدۇ. ئۇنىڭغا 1 ~ 1.5 كىلوگىرام ئەتراپىدا قۇرۇتۇلغان كۇمىلاچ دورىلارنى ۋە 6 ~ 7 پارچە موم سېلىپ، ئىككى كىشى خالتىنىڭ بىردىن ئۇچىنى تۇتۇپ كۈچ بىلەن 15 ~ 20 مىنۇتقىچە ھەبلەرنى خالتا ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا ھەرىكەتلەندۈرسە پارقىراق سۈپەتلىك كۇمىلاچ تەييارلىنىدۇ.

③ قۇرۇتۇش: ھەل بېرىپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. قۇرۇتۇش ئۇسۇلى، ھەل بېرىلمىگەن كۇمىلاچ دورىلارنى قۇرۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش، لېكىن تېمپېراتۇرىسى يەنىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولمىسا كۇمىلاچ دورىلارنىڭ سىرتقى يۈزىدە چاك پەيدا بولۇپ قېلىپ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

5) قاچىلاش:

كۇمىلاچ دورىلارنى ئادەتتە ئەينەك شىشە (كۆپ مىقداردىكىلىرىنى فارفور ئىدىش، سىرلىق ساپال ئىدىشلار) دە سالقىن جايدا ساقلاش ئارقىلىق نەم تارتىپ قېلىش، ئىسسىقلىقتىن بۇزۇلۇپ قېلىش، شۇنداقلا قۇرت چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

**4. ئۇششاق كۇمىلاچ تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

1) كۇمىلاچ دورىلارنى تەييارلاش جەريانىدا سۇنى مۇۋاپىق تەڭشەپ قوشۇش لازىم. سۇنى ناھايىتى ئاز قوشقاندا دورا قۇرۇق بولۇپ قېلىپ خېمىرى ئوخشىمايدۇ. سۇيى كۆپ بولۇپ كەتسە كۇمىلاچ ياساشتا قولاشماي قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ. ئادەتتە يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك بولغا دورا تالقانلىرىغا سۇنى ئازراق قوشۇش، پوپۇس دورا ماتېرىياللىرىغا سۇنى كۆپرەك قوشۇش لازىم.

2) كۇمىلاچ تەييارلاش جەريانىدا، كۇمىلاچنىڭ تەكشى بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تاسقاپ تۇرۇپ، كىچىك بولۇپ قالغانلىرىنى ئايرىۋېلىپ يەنە چوڭايتىش، ھەددىدىن زىيادە چوڭ بولۇپ كەتكەنلىرىنى قايتا ئېزىپ قايتا ياساش كېرەك.

3) قۇرۇتۇش ۋاقتىدا تەۋەككە يېپىلغان كۇمىلاچ دورىلار بەك زىچ ۋە قېلىن بولۇپ كەتمەسلىكى، نېپىز - قېلىنلىقى مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. ھەمىدە ئاستى - ئۈستىنى داۋاملىق ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.

4) كۇمىلاچ ياساش ماشىنىسى بىلەن تەييارلىغاندا ئادەتتە ئۇششاق كۇمىلاچلار ئاستىغا، چوڭلىرى ماشىنىنىڭ ئاغزى تەرىپىگە يىغىلىپ قالىدۇ. شۇڭا سۇ ۋە دورا سەپكەندە ئاستى قىسمىغا كۆپرەك سېپىپ تەييارلاشقا دىققەت قىلىش، شۇنداقلا ئۆرۈپ ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.

5) ماشىنىنىڭ چۆرگىلىشى مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. ئەگەر ماشىنا تېز ۋە ئۇزاق چۆرگىلەپ كەتسە دورا ئۇزۇندا پارچىلىنىدۇ. ئەگەر چۆرگىلەش سۈرئىتى ئاستا، ۋاقتى قىسقا بولۇپ قالسا دورا تالقانلىرى ياخشى يېپىشالماي كۇمىلاچ ھاسىل بولمايدۇ. ھەمىدە

سىرتقى كۆرۈنۈشى سىلىق چىقمايدۇ. شۇڭا مەيلى كۆمىلاچ قىلىش ياكى ھەل بېرىش جەريانىدا بولسۇن ماشىنىنىڭ چۆرگىلىشىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە تەڭشەپ، تېزلىكىنى مۇۋاپىق تېزگىنلەش لازىم. ئادەتتە ماشىنا مىنۇتىغا 35 ~ 45 قېتىم تېزلىكىدە ئايلانسا بولىدۇ.

6) ئۇرۇقچە چىقىرىش ياكى كۆمىلاچ تەييارلاشنى ماشىنىدا ئىشلىگەندە، سۇنى چوقۇم سۇ پۈركىگۈچ بىلەن پۈركۈش كېرەك. بولمىسا سۇ كۆپ بولۇپ كېتىپ جايلىرىدىكى تالقانلار چاپلىشىۋېلىپ مونەك ھاسىل قىلىۋالىدۇ.

7) كۆمىلاچ تەييارلىغاندا مەشغۇلات ئۈزۈلمەي ئىشلىنىشى لازىم. تاشلاپ قويۇپ قۇرۇپ قالغاندىن كېيىن يەنە چوڭايتىشقا بولمايدۇ. قۇرۇپ قالغاندا چوڭايتىلسا ئاسانلا چاك بولۇپ قالىدۇ.

**5. ئۇششاق كۆمىلاچ تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار:**

1) يۇمىلاق تەۋەك، بۇ بامبۇكتىن ياسىلىدۇ. ئۇلار چوڭ ـ كىچىك بولۇپ ئادەتتە 2.4، 2.6، 2.8، 3.2 چى دىيامېتىرلىق بولىدۇ.



20 ـ رەسىم. يۇمىلاق تەۋەك



21 ـ رەسىم. كۆمىلاچ قىلىش قازىنى

2) شېكەر يالىتىش ماشىنىسى (قازىنى).

3) غەلۋىر: كۆمىلاچ دورىلارنى تاسقاپ، ئۆلچەملىك كۆمىلاچلارنى تاللىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بامبۇك ياكى ئىنچىكە تۆمۈر سىمدىن ياسالغان دىيامېتىرى تەخمىنەن 45 سانتىمېتىر بولىدۇ. بۇ خىل غەلۋىرنىڭ تۆشۈكلىرى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

4) چوتكا، كىچىك سۇپۈرگە، ئۇستەل، داس، مىس چۆمۈچ قاتارلىقلار.

**6. كۆمىلاچ دورىلارنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى**

گۈلاب ياكى لوئاب بىلەن نەملەپ ياسالغان كۆمىلاچلارنىڭ ئۈنۈم بېرىش مۇددىتى

بىر ئاي ئەتراپىدا، ھەسەل سۇيى قوشۇپ ياسالغان كۆمىلاچلار 3 ~ 6 ئايغا قەدەر ئۈنۈمىنى ساقلايدۇ. ئەگەر تەركىبىگە ئەپيۇن قوشۇپ ياسالسا بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە ساقلىنىدۇ. غۇلۇلىلەر بولسا مەجۇناتلارغا ئوخشاش ئۈچ يىلغىچە ئۈنۈمىنى ساقلايدۇ.

7. كۆمىلاچ دورىلاردىن ئۈلگىلەر:

ھەببى بىنەپشە (بىنەپشە كۆمۈلىسى)

تەركىبى:

ئاق تۇربۇت توققۇز گىرام، گۈلبىنەپشە توققۇز گىرام، رۇبىسۇس توققۇز گىرام، سوقمونىيا بەش گىرام، قىزىلگۈل توققۇز گىرام، غارىقۇن بەش گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ تاسقىلىدۇ. قايناق سۇ بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىقتىن كۆمىلاچ قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: بەلغەم بوشىتىش، نەپەس يوللىرىنى تازىلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: زىققە نەپەس كېسەللىكى، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ھەر كۈنى ئەتىگەندە 10 ~ 15 دانىغىچە ئەرقى بەدىيان بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ھەببى مۇقەل (مۇقەل كۆمۈلىسى):

تەركىبى:

سېرىق ھېلىلە پوستى ئالتە گىرام، مۇقەل ئالتە گىرام، كابۇل ھېلىلىسى پوستى ئالتە گىرام، كەھرىۋا ئالتە گىرام، قارا ھېلىلە پوستى ئالتە گىرام، كۆيدۈرۈلگەن مارجان ئالتە گىرام، ئامىلە ئالتە گىرام، كۆيدۈرۈلگەن سەدەپ ئالتە گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق ئېزىپ تاسقىلىدۇ. مۇقەلنى جۇسەي سۇيى بىلەن ئېزىپ، ئارقىدىن باشقا دورىلارنى سېلىپ خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىق كۆمىلاچ قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، ئاشقازان - ئۈچەيدىكى قاتتىقلىقنى مۇلايىم قىلىش، ئاشقازان - ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە بولۇپمۇ بوۋاسىر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~ 7 دانىنى قايناق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**ھەببى سۆرۈنجان (سۆرۈنجان كۇمۇلسى):**

تەركىبى:

سېرىق ھېلىلە پوستى 20 گىرام، سانا تۆت گىرام، سەبرە 20 گىرام، مەستىكى تۆت گىرام، سۆرۈنجان 20 گىرام، تاتلىق بادام مېغىزى 32 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق ئېزىپ، تاسقاپ، ئەرقى بەدىيان بىلەن خېمىر قىلىپ 0.2 گىراملىق كۇمۇلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، بېغىشلارنىڭ ئىششىقلىرىنى ياندۇرۇش، قول - پۇتلارنىڭ ئېغىرلىقىنى قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كىچىك بوغۇملار ئاغرىقى (نۇقرەس)، مۇپاسىل (بوغۇملار ياللۇغى)، ئىرقۇننىسا (ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى)، يانپاش بوغۇم ئاغرىقلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 ~ 4 دانىنى قايناق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ھەببى شەترەنجى (شەترەنجى كۇمۇلسى):**

تەركىبى:

تۇربۇت 60 گىرام، ئېگىر ئالتە گىرام، سەبرە 30 گىرام، قارىمۇچ ئۈچ گىرام، زەنجىۋىل ئالتە گىرام، پىلپىل ئۈچ گىرام، ئاق قىچا ئالتە گىرام، ئاقىرقەرھا ئۈچ گىرام، شەترەنجى ئالتە گىرام، ھىندى تۇزى ئالتە گىرام، قەنت 12 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ تاسقاپ، چەلەڭ سۈيىدە خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، پەيلەرنى چىڭىتىش، ھەيزنى راۋان قىلىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ھەيز كەلمەسلىك قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 7 ~ 10 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ھەببى زەيبەق (سىماب كۇمۇلسى)**

تەركىبى:

زەيبەق (سىماب) توققۇز گىرام، تۇربۇت 15 گىرام، پىستە مېغىزى توققۇز گىرام، غارىقۇن ئالتە گىرام، بادام مېغىزى توققۇز گىرام، نەشاستە ئالتە گىرام، ھۆل خېنە غولى توققۇز گىرام، زەپەر ئالتە گىرام، مۇقەل 15 گىرام، مەستىكى ئالتە گىرام، ئەرەب

يېلىمى 15 گىرام، كافۇر ئۈچ گىرام، ئەنزىرۇت 15 گىرام، پارپا ئۈچ گىرام، رەۋەن 15 گىرام، سوقمونىيا ئۈچ گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىنىدۇ. سىمابتىن باشقىسىنى يۇمشاق سوقۇپ تاسقىلىدۇ. سىماب لىمون سۈيىدە ئۇزاق ئېزىلسە ئۇششاق زەررىچىلەرگە ئايلىنىدۇ. («ئۆلىدۇ»). ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدىكى دورىلار تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ قائىدە بويىچە 0.2 گىراملىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: قاننى تازىلاش، جاراھەتلەرنىڭ ھۆللۈكىنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سىفلىس (ئاتەشەك)، جوزام (ماخاۋ)، كونا جاراھەت، ناسۇر (ئاقما) ۋە ئىسسىق ـ سوغۇقتىن بولغان تۈرلۈك يارىلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 5 ~ 10 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: سىماب زەھەرلىك دورا بولۇپ، سىماب كۇمۇلىسىنى ئىستېمال قىلىش جەريانىدا بەدەندىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىش لازىم. ئۇنىڭ زەھەرلىك تەسىرى ئالدى بىلەن چىش مىلىكىدە ئىپادىلىنىپ، چىش ئاستىنى كۆكەرتىۋېتىدۇ. چىشلارنى بوشىتىپ تاشلايدۇ. شۇڭا سىماب كۇمۇلىسىنى ئىچىۋاتقان چاغدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئېغىز بوشلۇقىنىڭ تازىلىقىغا دىققەت قىلىش، چىشنى كۈندە ئىككى قېتىم چوتكىلاپ يۇيۇش، چىش ئاستىدا ئۆزگىرىش كۆچەيسە دورىنى توختىتىش لازىم. بۇ كۇمىلاچىنى داۋاملىق ئىچىش ۋاقتى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ بەلگىلىنىشى كېرەك.

**ھەببى قوقىيا (قوقىيا كۇمۇلىسى)**

تەركىبى:

سەبرە ئالتە گىرام، غارىقۇن ئالتە گىرام، ئەپسەنتىن ئالتە گىرام، شەھمەنزەل بىر گىرام، مەستىكى رۇمى ئالتە گىرام، سوقمونىيا بىر گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى قائىدە بويىچە سوقۇپ، تاسقاپ، ئاندىن چىگىسەي ئۇرۇقىنى قايناتقان سۇ بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، ئارام بېرىش، تەرەتنى يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سەرسام، شەقىقە (باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش)، كۆز ياشانغىراش، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈنىگە بىر قېتىم، كەچتە 15 دانىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ دورا ئىچىنى سۈرۈشى مۇمكىن. سۈرۈپ بولغاندىن كېيىن لۆڭگە بىلەن باشنى تېڭىپ قويۇش كېرەك.

**ھەببى غارىقۇن (غارىقۇن كۇمۇلىسى)**

تەركىبى:

غارىقۇن 12 گىرام، ئايارەج پەيقىرا سەككىز گىرام، رۇبىسۇس تۆت گىرام،

ئاچچىقتاۋۇز (شەھمەنزەل) سەككىز گىرام، ئاق تۇربۇت 20 گىرام، ئەنزىرۇت سەككىز گىرام.
تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، ئېپىز ئەلگەكتە تاسقاپ، قايناق سۇ بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ.
تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى: كۆكرەك ۋە ئۆپكىلەرنىڭ سوغۇقلۇقىنى قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: نەپەس يوللىرى ۋە كۆكرەك ئاغرىقلىرىغا بېرىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 5 ~ 7 داننى ناشتىدا بېرىلىدۇ. بالىلارغا يېشىغا قاراپ مۇۋاپىق كېمەيتىلىدۇ.

### ھەببى جەدۋارچىنى (جۇڭگو پارپىسى كۇمۇلىسى)

تەركىبى:
جۇڭگو جەدۋارى تۆت گىرام، قىزىل بەھمەن سەككىز گىرام، تېشىلمىگەن مەرۋايىت تۆت گىرام، ئۇد قىمارى سەككىز گىرام، ئۇزۇن پىلپىل تۆت گىرام، ئۇد خام سەككىز گىرام، ساپ كەھرىۋا تۆت گىرام، قەلەمپۇر سەككىز گىرام، قارىمۇچ سەككىز گىرام، كاۋاۋىچىن سەككىز گىرام، زەنجىۋىل سەككىز گىرام، شاقاقۇل 12 گىرام، سۆئىلەپ 12 گىرام، خولىنجان سەككىز گىرام ئېپىز دارچىن سەككىز گىرام، بادرەنجبۇيا ئۇرۇقى 12 گىرام، ئاق بەھمەن سەككىز گىرام، زەپەر ئىككى گىرام.
تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، قىيام بىلەن خېمىر قىلىپ 0.25 گىراملىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ. ئىمكانىيەت بولسا بۇ كۇمۇلا ئالتۇن ۋاراقتا يۆگىلىدۇ.
تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى: مېڭىنى تازىلاش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، يىرىكنى يوقىتىش، ئۇچەي ھەرىكىتىنى نورماللاشتۇرۇش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۈرەك كېسەللىرى، تاماق ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشلىرى، سوغۇقتىن بولغان خەفەقان كېسەللىكى، قۇلاقتىن يىرىڭ ئېقىش، ئىچ سۈرۈش كېسەللىرى، ئومۇمىي بەدەننىڭ ئاجىزلىقلىرى، جىنسىي ئاجىزلىق، سوغۇقتىن بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش كېسەللىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 4 ~ 7 دانە بېرىلىدۇ. بالىلارغا يېشىغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ.

### ھەببى ئازاراقى (كۇچۇلا كۇمۇلىسى)

تەركىبى:
كۇچۇلا مۇدەببەر 20 گىرام، قەلەمپۇر 10 گىرام، قارىمۇچ 10 گىرام، جويۇز 10 گىرام، ئۇزۇن پىلپىل 10 گىرام، بەسباسە 10 گىرام، زەنجىۋىل 10 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئېلىپ، كۆچۈلا قائىدە بويىچە مۇدەببەر قىلىنىدۇ. قالغان دورىلارنى سوقۇپ، تاسقىلىدۇ. كۆچۈلىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەرقى ئانخا بىلەن خېمىر قىلىپ، 0.2 گىراملىقتىن كۆمۈلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: پەي ۋە گۆشلەرنى چىڭىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: پالەچ، لەقۋا، پەي زەئىپلەشكەن كېسەللىكلەرنى، بوغۇم كېسەللىكلىرى، قۇۋۋەتسىزلىك، ئىمساك تۇتالماسلىق (مەنىي ۋە سۈيدۈكنى تۇتالماسلىق) كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 5 ~ 10 دانە ئىستېمال قىلىنىدۇ. باللارغا يېشىغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر كۆرسىتىلگەن مىقداردىن كۆپ يەپ قالسا پەيلەرنى تارتىشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇنداق ھالدا دەرھال قوي ياكى كالا خام سۈتىنى ئىچىش، قۇسۇش كېرەك. مۇمكىن بولسا كۆچۈلا چۈشكەن دورىلارنى بىر ئاي ئىستېمال قىلىپ 15 ~ 20 كۈن توختىتىپ، قايتا ئىستېمال قىلىش لازىم.

**ھەببى كىبرىت (گۈگگۈرت كۆمۈلسى)**

تەركىبى:

تازىلانغان گۈگگۈرت 80 گىرام، ئاقىرقەرھا 40 گىرام، ئۆشبە (تومۇر دورىسى) 40 گىرام، ئەرەب يېلىمى 20 گىرام، نۆشۇدۇر 40 گىرام، شېكەر 160 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقىلىدۇ. ئاندىن لىمون سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىقتىن كۆمۈلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: بەدەندىكى سوغۇق ۋە ئىسسىق يەللەرنى ھەيدەيدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ناسۇر (ئاقما)، خانازىر (بويۇن لىمفا تۈبېركۇليۇزى «چاشقان يارا») پۈتۈن ئەزالارغا ۋە تاناسىل ئەزالارغا پەيدا بولغان يەل كېسەللىكلىرى، قوتۇر كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە ئىككى قېتىم، 7 ~ 10 دانىغىچە ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئىچىلىدۇ. باللارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارىنى كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**ھەببى شەبيار («نامازشام قارىغۇلىقى» كۆمۈلسى)**

تەركىبى:

سەبرە 18 گىرام، مەستىكى رۇمى سەككىز گىرام، قىزىلگۈل سەككىز گىرام، ئاق تۇربۇت سەككىز گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى سەككىز گىرام، سوقمونىيا تۆت گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ئەرقى بەديان بىلەن خېمىر قىلىپ 0.25 گىراملىقتىن كۆمۈلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

www.uyghurkitap.com

تەسىرى: كۆزنىڭ كۆرۈش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ناماز شام قارىغۇلىقى، باش، مېڭە ئاغرىقلىرى ۋە مەيدە ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 7 ~ 10 دانىنى ئاخشامدا ئىچىلىدۇ.

**ھەببى ئايارەج پەيقرا (ئايارەج پەيقرا كۈمۈلسى)**

تەركىبى:

سۇمبۇل بەش گىرام، ئۇد بىلسان بەش گىرام، دارچىن بەش گىرام، ئاسارۇن بەش گىرام، مەستىكى رۇمى بەش گىرام، زەپەر بەش گىرام، ھەببى بىلسان بەش گىرام، سەبرە 10 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ئەرقى بەديان بىلەن خېمىر قىلىپ 0.25 گىراملىقتىن كۈمۈلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق، ئۈنۈمى بىرىش مۇددىتى بىر يىل.

تەسىرى: بەدەن ۋە مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى سىرتقا چىقىرىش ۋە باش ئاغرىقىنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: پالەچ، لەقۋا، تىلدا ھۆللۈك زىيادىلىكتىن بولغان كېكەچلىكنى داۋالاش، مەيدە ھەم ئۈچەيلەرنى پاكىزلەش، بېغىش ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىش، قەي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم قورساق ئاچ ۋاقتىدا ھەسەل سۈيى ياكى قايناق سۇ بىلەن 32 دانىغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا كېمەيتىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: (1) ھامىلىدار، خۇن كېلىۋاتقان ئاياللارغا، بۇۋاسىر، ئاشقازان، ئۈچەي جاراھەتلىرىگە، ئۈچەي تولغىشىپ قېلىش كېسەللىرىگە بېرىلمەيدۇ. (2) بۇ دورىنى قەدىمكى كىتابلاردا 32 دانە (سەككىز گىرام)غىچە بېرىلىشىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ 7 ~ 10 دانىغىچە بېرىپ ئۈنۈم قازىنىلماقتا.

**ھەببى مۇخرىج (سۈرگە كۈمۈلسى)**

تەركىبى:

سەبرە سەككىز گىرام، پوستى ئېلىنغان بادام 10 گىرام، ئاق تۇربۇت 16 گىرام، جەۋھەرلىمون تۆت گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 32 گىرام، رۇمبەديان تۆت گىرام، دەندە (ھەببى سالاتىن) 60 دانە.

تەييارلىنىشى: دەند (ھەببى سالاتىن) نى چېقىپ شاكىلىدىن ئايرىپ، ئىچىدىكى تىلى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. قىزىلگۈل، رۇمبەديانلاردىن تۆت گىرامدىن ئېلىپ دەند مېغىزىغا قوشۇپ بۇغداي ئۇنى خېمىرىغا يۆرگەپ قوقاسقا كۆمۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدى ـ ئارقىسى نانغا ئوخشاش تەكشى پىشقاندا خېمىردىن ئاجرىتىپ، يۇمشاق سوقۇپ تاسقالغان باشقا تالقانلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئەرقى بەديان بىلەن خېمىر قىلىپ 0.2 گىراملىقتىن كۈمۈلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق دورىنىڭ ئۇنۇم بېرىش مۇددىتى 12 ئاي.
تەسىرى: ئىچ سۈرىدۇ.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قورساق ئاغرىقى، قەۋزىيەتلەردە ئىچ سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. ھامىلىدار ئايال، قۇلۇنجى، خۇن كېلىپ تۇرغان ئاياللارغا بېرىلمەيدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ 5 ~ 7 دانىغىچە بېرىلىدۇ. باللارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارىنى كېمەيتىپ ئېھتىيات بىلەن بېرىلىدۇ.

**ھەببى تەنكار (تەنكار كۇمۇلىسى)**

تەركىبى:
سەبرە 64 گىرام، دانكار سەككىز گىرام، قارىمۇچ 48 گىرام، ئاق بەزرۇلبەنجى 10 گىرام.
تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، تاسقىلىدۇ. ئاندىن سۇ بىلەن نەملەپ 0.25 گىراملىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ.
تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى: چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، يەلنى ماڭدۇرۇش، قورساق ئاغرىقىنى قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان زەئىپلىكى، مەيدە ئاغرىقى، قەۋزىيەت، ئىشتىھاسىزلىق، قورساق ئىسسىپ يەل كەلمەسلىك كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم، ئۈچ دانىدىن ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن بېرىلىدۇ. باللارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ ياكى بېرىلمەيدۇ.
ئەسكەرتىش: ھامىلىدار ئاياللارغا ھەم خۇن كېلىۋاتقان ئاياللارغا بېرىلمەيدۇ.

**ھەببى شىپا (شىپالىق كۇمۇلا)**

تەركىبى:
جەۋزى ماسىل ئۇرۇقى 48 گىرام، ئەرەب يېلىمى 16 گىرام، رەۋەن 32 گىرام، كۆكنار ئۇرۇقى 20 گىرام، زەنجىۋىل 16 گىرام، كۆكنار شاكىلى 20 گىرام.
تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ئەرقى گۈلاب بىلەن خېمىر قىلىپ 0.25 گىراملىقتىن كۇمۇلا ياسىلىدۇ.
تەبىئىتى: مۆتىدىل.
تەسىرى: تىنچلاندۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، ئاغرىق قالدۇرۇش، قاننى، جىگەرنى كۈچلەندۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يېڭى ـ كونا ۋە ئىسسىق ـ سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقلىرى، نېرۋا زەئىپلىكى ۋە ئىسسىق ـ سوغۇقتىن بولغان ئىللەتلەرگە، كۆن ئارىلاپ تۇتىدىغان بەزگەك كېسەللىكىگە، چوڭ ئۈچەي ئاغرىقلىرىغا بېرىلىدۇ. ھەمدە ھەر خىل كېسەللەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۆندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 ~ 2 دانىدىن ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا بېرىلىدۇ، بالىلارغا ئىلاج بار بەرمەسلىك لازىم. چوڭ كىشىلەر كۆرسەتمىدىن كۆپرەك ئىستېمال قىلسا، يۈز ـ كۆزىنى قىزارتىپ، بىئاراملىق، ھەر خىل ساختىا سېزىملار سېزىلىش، ھەتتا ۋاقىتلىق تەلۋىلىك ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

### ھەببى سوئال (يۆتەل كۇمۇلىسى)

تەركىبى:

پوستى ئېلىنغان بادام مېغىزى سەككىز گىرام، ئەرەب يېلىمى ئالتە گىرام، زىغىر (قورۇغان زىغىر) سەككىز گىرام، رۇمبەدىيان ئالتە گىرام، قورۇغان بېھى ئۇرۇقى سەككىز گىرام، رۇببسۇس ئىككى گىرام، كەتىرا ئالتە گىرام، شېكەر 12 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقىلىدۇ. ئەرقى بەدىيان بىلەن خېمىر قىلىپ 0.25 گىراملىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئىسسىق ـ سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل يۆتەللەرگە، زۇققە نەپەس كېسەللىرىگە قارشى بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئىچىش تەرتىپى: كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~ 5 دانىغىچە بىر ـ بىرلەپ شۈمىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

### ھەببى مۇمسىك (مەنىي تىزگىنلىگۈچى كۇمۇلا)

تەركىبى:

سىماب توققۇز گىرام، خولىنجان ئۈچ گىرام، ئەپيۇن توققۇز گىرام، جويۇز ئۈچ گىرام، ئاقىرقەرھا ئۈچ گىرام، قەلەمپۇر ئۈچ گىرام، بەزرۇلبەنجى ئۈچ گىرام، بەسباسە ئۈچ گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، سىمابتىن باشقىلىرىنى يۇمشاق سوقۇپ تاسقىلىدۇ. سىمابنى لاتىدىن يەتتە قېتىم ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سالايە قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەسەل بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق، مۆتىدىل.

تەسىرى: مەنىي، سۈيدۈكنى تىزگىنلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مەنىي تېز كېتىش ھەم ئۆزلۈكىدىن مەنىي يورۇپ كېتىشلەرگە، ھۆل مىجەز كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ھەر كۈنى ئاخشىمى ھەسەل بىلەن 1 ~ 2 دانىدىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بالىلارغا بېرىلمەيدۇ.

**ھەببى شاھتەررە (شاھتەررە كۈمۈلسى)**

تەركىبى:

سېرىق ھېلىلە پوستى 15 گىرام، سەبرە 21 گىرام، كابۇل ھېلىلىسى پوستى 15 گىرام، سوقمونىيا 7.5 گىرام، قارا ھېلىلە 15 گىرام، ئەرقى شاھتەررە 20 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ئەرقى شاھتەررە بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىقتىن كۈمۈلا ياسىلىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل، ئىسسىق.

تەسىرى: جاراھەتلەرنىڭ سۈيىنى يوقىتىش، قاننى تازىلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل تېرە كېسەللىرى (سېرىق يىرىڭلىق جاراھەت، تەمرەتكە، ئېشەكيېمى) ۋە قان بۇزۇلۇشتىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 5 ~ 10 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارى مۇۋاپىق كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**ھەببى سەبرە (سەبرە كۈمۈلسى)**

تەركىبى:

تەرەنجىبىن 10 گىرام، دارچىن 10 گىرام، رۇمبەدىيان 10 گىرام، زەنجىۋىل 10 گىرام، ئارپىبەدىيان 10 گىرام، بىنەپشە 10 گىرام، مەستىكى 10 گىرام، سېرىق ھېلىلە 10 گىرام، جۇۋىنە 10 گىرام، قارا ھېلىلە 10 گىرام، نىلۇپەر 10 گىرام، لاھۇر تۇزى 10 گىرام، قارىمۇچ 10 گىرام، سەبرە 140 گىرام، سانا 10 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ئەرقى جۇۋىنە بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىق كۈمۈلا ياسىلىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، قاننى نورماللاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قورساق ئاغرىقى، خۇن بۇزۇقلۇقىغا، كۆز قىزىرىپ ئاغرىش، مەيدە زەئىپلىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 5 ~ 7 دانىغىچە (كەچتە ئاشقازان خالىي چاغدا) ئىچىلىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**ھەببى ئەقرە (تۇغۇت توختىتىش كۈمۈلسى)**

تەركىبى:

دەند (ھەببى سالاتىن)، كاكىنەچ بىر دانىدىن.

تەييارلىنىشى: دەند (ھەببى سالاتىن) نىڭ ئۈستىدىكى پوستىنى ئاقلاپ، يېرىپ تىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، كاكىنەچ بىلەن بىللە سوقۇپ، خېمىر قىلىپ كۈمىلاچ ياسىلىدۇ،

كۆمۈلىنى تىللا ياكى كۈمۈش ۋاراققا ئوراپ قويۇلىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بالا چۈشۈرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ئاياللارنىڭ تۇغۇتىنى چەكلەش، ھامىلىسىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۆپ بالىلىق ئاياللارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر دانىدىن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش تەرتىپى: ئاياللار تۇغۇپ 40 كۈندىن كېيىن ياكى ھەيز كېلىپ توختىغاندىن كېيىن بېرىلىدۇ. بىر دانە يېسە بىر يىل، ئىككىنى يېسە ئىككى يىل، ئۈچنى يېسە ئۈچ يىل، تۆتنى يېسە تۆت يىل ھامىلىدار بولمايدۇ. دېمەك، نەچچە كۆمىلاچ يېسە شۇنچە يىلدىن كېيىن ھامىلىدار بولىدۇ. دورا يېگەن ئاياللار ئېرى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلغاندىن كېيىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يەتتە قېتىم ئالدى ـ ئارقىسىغا سەكرىشى كېرەك.

**ئەسكەرتىش:**

① دەند (ھەببى سالاتىن) كۈچلۈك سۈرگىلىك ۋە قۇستۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، بۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىم. شۇنىڭدەك بەلگىلىك زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىمۇ بار. شۇڭا تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئىستېمال قىلىش لازىم. مۇبادا بۇ كۆمىلاچنى ئىچكەندىن كېيىن قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش ھادىسىلىرى يۈز بەرسە دەرھال خام سۈت ئىچىش لازىم.

② دەندنى ئەرەبچە ھەببى سالاتىن ياكى ھەببۇلمۇلۇك دەپ ئاتايدۇ. لېكىن كېيىنچە ھەببۇلمۇلۇك سۆزى خەلق ئارىسىدا خاتا تەلەپپۇز قىلىنىپ «ئابدىملىك» بولۇپ قالغان، ئادەتتە ئابدىملىك دېگەندە ئىنەكپىتى ياكى ئىنەكپۇشتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دەندە ئۇنىڭغا قارىغاندا كۈچلۈك سۈرگىلىك ۋە زەھەرلىك تەسىرگە ئىگە (م. مۇھەررىر).

**ھەببى رەۋەن (رەۋەن كۆمۈلىسى)**

تەركىبى:

رەۋەن 15 گىرام، زىراۋەندە 18 گىرام، غارىقۇن توققۇز گىرام، مۇقەل 15 گىرام، تۇربۇت 60 گىرام، رۇمبەدىيان 9.5 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ئەرقى بەدىيان بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىق كۆمۈلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: قەۋزىيەتنى بوشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قەۋزىيەتكە، بۆرەك ۋە جىگەر كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا، ئومۇمىي بەدەن ئىششىش ۋە قورساقتا سۇ چۈشۈشلەرنى قايتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 7 ~ 10 دانىدىن ئەتىگەندە بېرىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ دورىنى كۈندە 10 ~ 20 كۆمۈلىدىن (3 ~ 6 گىرامغىچە) ئىككى كۈن ئىچىش مۇمكىن.

**ھەببى تاباشىر قابىز (ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى تاباشىر كۇمۇلىسى)**

تەركىبى:

تاباشىر 12 گىرام، شاھىبەللۇت (قورۇپ) ئالتە گىرام، قورۇلغان سېمىز ئوت ئۇرۇقى 27 گىرام، رۇبىبىسۇس ئالتە گىرام، گۇلسۇرۇخ (قىزىلگۇل) 21 گىرام، قوغۇن ئۇرۇقى ئالتە گىرام، ئاق سەندەل ئالتە گىرام، ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان زىرىق ئالتە گىرام، ئەرەب يېلىمى (قورۇپ) ئالتە گىرام، ئانار گۈلى ئۈچ گىرام، كەتىرا (قورۇپ) ئالتە گىرام، بۇجغۇن قىيامى ئۈچ گىرام، بۇغداي كىراخمالى (قورۇپ) ئالتە گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلاردىن قورۇشقا تېگىشلىكلىرىنى قائىدە بويىچە قورۇپ، يۇمشاق سوقۇپ تاسقىلىدۇ. باشقا دورىلارنى تەلەپ بويىچە سوقۇپ تالقانلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئالما، بېھى ياكى زىرىق سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.5 گىراملىقتىن كۇمۇلا ياسىلىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

تەسىرى: ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قاننى قويۇلدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئىچ ئۆتكۈ، ئىسسىقتىن بولغان تولغاق، قاننىڭ، سەپرانىڭ كۆپىيىشىدىن بولغان تەپ (قىزىتما) لارنى داۋالاشقا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 5 ~ 7 دانىغىچە ئىچىلىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قارا كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: قان تولغاقتا قان كۆپ كەلسە رەۋەن، كەھرىۋا، بىخ مارجانلاردىن ئۈچ گىرامدىن، سۇماقتىن 15 گىرام، ئەنجىباردىن توققۇز گىرام قوشۇپ تەييارلانسا بولىدۇ.

**ھەببى تاباشىر مۇلەييىن (تەرەتنى يۇمشاتقۇچى تاباشىر كۇمۇلىسى)**

تەركىبى:

تاباشىر 20 گىرام، پوستىدىن ئايرىلغان يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى 12 گىرام، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 20 گىرام، بىنەپشە گۈلى 40 گىرام، نىشاستە 20 گىرام، تەرەنجىبىن 40 گىرام، قىزىلگۇل 12 گىرام، ئاق سەندەل ئۈچ گىرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى 12 گىرام، كەتىرا ئالتە گىرام، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى 12 گىرام، رۇبىبىسۇس ئالتە گىرام، نېلۇپەر ئالتە گىرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى 12 گىرام، زەپەر 1.5 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقىلىدۇ. ئارپا سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.2 گىراملىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: ئىسسىقتا سوۋۇتۇش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، قاننى تازىلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بەدەننىڭ داۋاملىق قىزىشلىرى، سۈيدۈكنىڭ كۆيۈپ كېلىشى، ئۇسسۇزلۇق، يۆتەل، زاتىلجەنبە (كۆكرەك پەردە ياللۇغى) قاتارلىقلارنى داۋالاشقا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 ~ 20 دانىغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ.

ھەببى كەھرىۋا (قەھرىبا كۇمۇلىسى)

تەركىبى:

كەھرىۋا بەش گىرام، ننشاستە بەش گىرام، گىل ئەرمىنى بەش گىرام، كەتىرا بەش گىرام ئەرەب يېلىمى بەش گىرام، خۇنسىياۋشان بەش گىرام، ئانار گۈلى بەش گىرام، ئاقاقىيا بەش گىرام، لىھيەتۇتتىس قىيامى بەش گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ئەرقى بارتەڭ بىلەن خېمىر قىلىپ 0.5 گىراملىقتىن كۇمۇلا ياسىلىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: قان توختىتىش، ئىچ توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئۆپكىدىن، ئاشقازان - ئۈچەيلەردىن قان كېلىشىنى توختىتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 3 ~ 5 دانىغىچە بېرىلىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ھەببى بادىشكەن (يەل ھەيدىگۈچى كۇمۇلا)

تەركىبى:

چىگىسەي ئۇرۇقى ئۈچ گىرام، مۇقەل ئالتە گىرام، ئادراسمان ئۇرۇقى ئۈچ گىرام، پەتەر ئاسالىيۇن توققۇز گىرام، رۇمبەدىيان ئۈچ گىرام، ئىزخىر توققۇز گىرام، مەستىكى ئۈچ گىرام، قۇستە شىرىن توققۇز گىرام، زەپەر ئۈچ گىرام، زورەمبات توققۇز گىرام، كابۇل ھېلىلىسى پوستى ئالتە گىرام، دۇرنەج ئەقرەبى توققۇز گىرام، ئامىلە پوستى ئالتە گىرام، سەكبىنەج ئالتە گىرام، ئاسارۇن توققۇز گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، سۇزاپ سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىقتىن كۇمۇلا ياسىلىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازان - ئۈچەيلەردىكى يەلنى ھەيدەش، قورساق كۆپۈشنى ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قورساق ئاغرىقى، قورساق ئىسسىلىش، ئاشقازان ئىسسىلىشلارنى بوشىتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ ھەمدە يېگىدىن بولغان چۇقۇق (گىرىژا)، تاش ئۇششۇقلىرىنى داۋالاش ئۈچۈنمۇ بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 4 ~ 6 دانىغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق كېمەيتىلىدۇ.

**ھەببى لاجۇۋەرد (لاجۇۋەرد كۇمۇلسى)**

تەركىبى:

يوغان لاجۇۋەرد توققۇز گىرام، غارىقۇن 15 گىرام، قەلەمپۇر ئۈچ گىرام، ئەپتىمۇن 12 گىرام، رۇمبەدىيان ئۈچ گىرام، بىستىپايەج 12 گىرام، سوقمونىيا ئۈچ گىرام، سۇفۇپى ئايارەج 18 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ تاسقىلىدۇ، چىڭسەي سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىقتىن كۇمۇلا ياسىلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئارام بېرىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ساراڭلىق، ھەر خىل تۇتقاقلىق كېسەل، نېرۋا كېسەللىكلىرى، سەۋدادىن بولغان پالەچلەرگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم 5 ~ 7 دانىغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ.

**ھەببى ئىترىفىل ئازاراقى (تۆت خىل ھېلىلە، كۇچۇلا كۇمۇلسى)**

تەركىبى:

قارا ھېلىلە 384 گىرام، بۇيا يوپۇرمىقى 192 گىرام، سېرىق ھېلىلە 384 گىرام، سېرىق ئوت 192 گىرام، ئامىلە پوستى 384 گىرام، شاھتەررە 192 گىرام، بەلىلە پوستى 384 گىرام، مۇدەببەر قىلىنغان كۇچۇلا 2240 گىرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ئۈچ گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىنىدۇ. كۇچۇلا قائىدە بويىچە مۇدەببەر قىلىنىدۇ. ئاندىن ھەممىسىنى سوقۇپ، تاسقاپ، ھەسەل ياكى مۇقەل سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىق كۇمۇلا ياسىلىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: پەيلەرنى چىڭىتىش، بېغىش ئاغرىقلىرىنى قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مۇپاسىل، ھۆللۈكتىن بولغان پەي كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا بىرىنچى كۈنى بىر دانە بېرىپ 2 ـ كۈندىن باشلاپ بىر دانىدىن ئاشۇرۇپ 5 دانىدىن 12 دانىغىچە يەتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇنداق كېمەيتىپ بىر دانىغا قايتۇرۇلىدۇ. بىر قانچە كۈن دەم ئالغۇزۇپ قايتا بىردىن ئىچىشكە باشلايدۇ.

**ھەببى بەختۇسسەۋت (ئاۋاز ئېچىش كۇمۇلسى)**

تەركىبى:

كەتىرا 10 گىرام، رۇببىسۇس 10 گىرام، نىشاستە 10 گىرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى 10 گىرام، ئەرەب يېلىمى 10 گىرام، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى 10 گىرام.

www.uyghurkitap.com

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، تەرخەمەك (خاڭگا) ئۇرۇقىنى سوقۇپ خالتىغا ئېلىپ، سۇغا چىلاپ لوئابىنى چىقىرىپ مەزكۇر لوئاب بىلەن 0.3 گىرام كۇمۇلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئاۋاز ئېچىش، بەلغەم بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئۈنى پۈتۈن قالغان كېسەللەرگە، زىققە نەپەس، كانايياللۇغى كېسەللىكلىرىگە شۇمۇشكە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5 ~ 7 دانىغىچە كۈندە بىر قېتىم شۇمىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

هەببى خىزران (خانازىر كۇمۇلسى)

تەركىبى:

ئايارەج پەيقىرا توققۇز گىرام، تۇربۇت مەۋسۇپ 21 گىرام، غارىقۇن 7.5 گىرام، جاۋشىر تۆت گىرام، شەھمەنزەل 4.5 گىرام، نۆشۇدۇر ئالتە گىرام، ئەنزىرۇت 12 گىرام، سوقمونىيا تۆت گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقىلىدۇ. ئاندىن كۈدە سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: يىرىڭ يوقىتىش، ئاغرىق قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىگە، خانازىرغا، ناسۇرغا ۋە يەل كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا 5 ~ 7 دانىغىچە كۈندە بىر قېتىم بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ.

هەببى كافۇر (كافۇر كۇمۇلسى)

تەركىبى:

كافۇر ئىككى گىرام، ئاق سەندەل تۆت گىرام، ئاق تاباشىر تۆت گىرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى تۆت گىرام، نىشاستە تۆت گىرام، كەتىرا تۆت گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، بېھى ئۇرۇقى لوئابى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىراملىقتىن كۇمۇلا ياسىلىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: قىزىتما پەسەيتىش، ئىچ توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قاتتىق تەپلەرگە، بەكمۇ ئۇرۇقلاپ كەتكەن تەپلەرگە، ئىسھالغا، سىلىنىڭ ئىستىمىلىرىغا قارشى بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 5 ~ 7 دانىغىچە كۈندە بىر قېتىم ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارى مۇۋاپىق تەڭشىلىدۇ.

**ھەببى دىدان (قۇرت چۇشۇرۇش كۇمۇلىسى)**

تەركىبى:

قارا زىرە 3.5 گىرام، ئەپسەنتىن بىر گىرام، بەرەڭگە كابۇلى ئىككى گىرام، زەنجۇۋىل بىر گىرام، دەرمەنە ئىككى گىرام، كەترا بىر گىرام، تۇربۇت بىر گىرام، سەبرە بىر گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ تاسقىلىدۇ. شاپتۇل يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىرامىلىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئۈچەيدىكى سازاڭ مەددە قۇرتلارنى ھەيدەش، قەۋزىيەت بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئۇششاق باللار ۋە چوڭ كىشىلەردىكى سازاڭ مەددىنى چۇشۇرۇش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: 7 ~ 11 دانىغىچە كۇندە بىر قېتىم ئىچىشكە بېرىلىدۇ. باللارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ.

**ھەببى سۆزنەك (سۆزنەك كۇمۇلىسى)**

تەركىبى:

نېلۇپەر 26 گىرام، لاچىندانە 13 گىرام، زەمچە 26 گىرام، كاتھىندى 6.5 گىرام، شور 13 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقىلىدۇ. قارا شېكەر قىيامى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىرامىلىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلاش، ئاغرىق توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سۆزنەك ھەم سۈيدۈك يوللىرىدىكى كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە تەرتىپى: چوڭلارغا دەسلەپكى كۇنى ئۈچ دانە بېرىپ 2 ـ كۇنىدىن باشلاپ ھەر كۇنى بىر دانىدىن ئاشۇرۇپ يەتتە دانىغا يەتكۈزۈپ، كۇنىگە بىر قېتىم يەتتە دانىدىن بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

**ھەببى ئەتشە (ئۇسسۇزلۇق كۇمۇلىسى)**

تەركىبى:

ئۇسۇڭ ئۇرۇقى 15 گىرام، كەترا 30 گىرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى 15 گىرام، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 30 گىرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى 15 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقىلىدۇ. ئىسپىغول شىرىسى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گىرامىلىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: تەشنالىقنى قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۈرەك بۆرەك، كېسەللىرىگە سۇيۇقلۇقنى كەمىرەك بېرىش توغرا كېلىدۇ. كېسەل سۇيۇقلۇقنى كۆپ تەلەپ قىلسا، كۆپ ئىچىپ ئىشتىھانى زىيادە قىلىدۇ. يۈرەك، بۆرەك كېسەللىرىدىكى، دىيابىت كېسەللىكىدىكى ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش مەقسىتى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە ئۈچ قېتىم 7 ~ 9 دانىدىن بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ.

**ھەببى مۇپەتتەتىل ھاسات (تاش پارچىلىغۇچى كۇمۇلا)**

تەركىبى:

بىلسان ئۇرۇقى 10 گرام، قىلىن دارچىن 10 گرام، تۇرۇپ ئۇرۇقى 10 گرام، ئۇسقۇلۇقەندەرىيون 10 گرام، تاغ سەۋزىسى ئۇرۇقى 10 گرام، ئادراسمان ئۇرۇقى 10 گرام، پەتەر ئاسالىيون 10 گرام، زىراۋەندە مۇدەھرەج 10 گرام، بۆرە سويمىسى يىلتىزىنىڭ پوستى 10 گرام، جىنتىيانا 10 گرام، ئارپىبەدىيان يىلتىزىنىڭ پوستى 10 گرام، ئاسارۇن 10 گرام، جاۋشىر 10 گرام، قەردەمانە 10 گرام، پوستى ئېلىنغان تاتلىق بادام مېغىزى 10 گرام، سەكبىنەج 10 گرام، مېغىزى 10 گرام، ئاق بەزرۇلبەنجى 10 گرام، ھەببۇلغار 10 گرام، مۇقەل 10 گرام، مەككە چىغى 10 گرام، پىلپىل 10 گرام، سۇمبۇل 10 گرام، ئېگىر 10 گرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقىلىدۇ. ئاندىن تالقانلارنى بىلسان يېغىدا ياغلىنىدۇ. ئەرەب يېلىمىنى سۇدا ئېرىتىپ ئېرىتىلگەن يېلىم سۈيىگە تالقانلارنى سېلىپ خېمىر قىلىپ 0.3 گراملىقتىن كۇمۇلا قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: بۆرەك ۋە سۈيدۈك يولىدىكى تاشلارنى پارچىلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بۆرەك تېشى، دوۋساق تېشى ۋە سۈيدۈك يوللىرىدىكى تاشلارنى چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا 5 ~ 10 دانىغىچە كۈندە بىر قېتىم بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ.

ئەسكەرتىش① چايانىي تۇنىكا ئۈستىدە قويۇپ كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى يۇقىرىدىكى دورا تەركىبىگە كىرگۈزۈپ كۇمۇلا قىلىنسا تەسىرى كۈچلىنىدۇ. چايان كۈلىنىڭ بىر كۇنلۇك يېيىش مىقدارى 0.4 گرام بولىدۇ. قوشۇلۇش مىقدارىنى مۇشۇ كۆرسەتمە بويىچە ھېسابلاپ قوشۇش لازىم.

بۇ دورىنى ئىچىش ۋاقتىدا كۆپ تۇرۇپنى قىرىپ، داكا ئىچىگە ئېلىپ مىجىلسا سۈيى چىقىدۇ. بۇ خىل دورىنى تۇرۇپ سۈيى بىلەن بىللە ئىچىلسە تاشلارنى چۈشۈرۈش ئۈنۈمى ئۆسىدۇ.

## تۆتىنچى باب تالقانلار (سۇفۇپلار)

**1. تەرىپى:**

دورا ماتېرىياللىرىنى قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تەييارلانغان قۇرۇق تالقانسىمان ياسالما تالقان (ئەرەبچە سۇفۇپ) دەپ ئاتىلىدۇ. تالقانلار يەككە بىر خىل دورا ئەشياسىدىن تەييارلىنىشىمۇ، بىرقانچە خىل دورا ئەشياسىنى سوقۇپ، تاسقاپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىشىمۇ مۇمكىن. تالقانلار ئادەتتە ئىچىشكە ۋە سىرتقا ئىشلىتىشكە بۆلىنىدۇ. ھەر خىل تالقان ياسالمىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىدىغان ئورنى ۋە خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ناملىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

**2. تالقان دورىلار تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىككە ئىگە:**

1) تالقان دورىلارنىڭ سىڭىشى ۋە تەسىر قىلىشى، كۆمىلاچ، قۇرس دورىلارغا قارىغاندا تېز بولىدۇ. بولۇپمۇ سىرتقى جاراھەتلەنگەن ئورۇنغا بىۋاسىتە ئىشلىتىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

2) كىچىك بالىلارنىڭ ئىچىشىگە ئەپلىك، بولۇپمۇ ھەب، قۇرس دورىلار مۇۋاپىق كەلمەيدىغان كېسەللەرگە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

3) تالقانلارنى تەييارلاش ۋە ئىشلىتىش ئوڭاي، بىرەر ھاۋانچا ياكى ئادەتتىكى ئېزىش سايمىنى بولسىلا تالقان تەييارلىغىلى بولىدۇ.

4) تالقان دورىلارنىڭ مىقدارىنى ئاسان تىزگىنلىگىلى بولىدۇ ۋە دورا مىقدارىنى ئېھتىياجغا قاراپ كۆپەيتىشكە ياكى ئازايتىشقا بولىدۇ.

5) تالقان دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى نىسبەتەن تۇراقلىق بولۇپ، مەلۇم مەزگىل ساقلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ياخشى ساقلانغان تالقانلار 3 ~ 6 ئايغىچە ئۈنۈمىنى ساقلايدۇ.

6) قاچىلاش، يۆتكەش ۋە كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئىشلىتىش نىسبەتەن ئوڭاي.

**3. تالقان دورىلارنىڭ يېتەرسىزلىكى:**

1) تالقان دورىلارنى بىر قېتىم ئىچىشكە تېگىشلىك مىقدارلارغا بۆلۈش بىر ئاز ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدۇ.

2) بەزى قاتتىق دورىلارنى تالقان قىلغاندىن كېيىن پۇرىقى ۋە غىدىقلاش خۇسۇسىيىتى ئېشىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئەزالار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش كەڭ بولۇپ كېتىپ غىدىقلىشى كۈچىيىپ كېتىدۇ.

3) بەزى تەمى ئاچچىق، قاڭسىق دورىلارنى تالقان قىلغاندا ئىچىش قىيىن بولىدۇ.

4) بەزى پۈراقلىق دورىلارنى تالقان قىلىپ قويغاندا ئۇلارنىڭ ئۇنۇملۇك پۈراقلىق تەركىبى ئىسسىق ھاۋا، شامال تەسىرى بىلەن يوقىلىپ كېتىدۇ. بۇنداق پۈراقلىق دورىلارنى ئۇزۇن ساقلىغىلى بولمايدۇ.

**4. تالقان دورىلار سۈپىتىگە بولغان تەلەپ:**

1) تالقان دورىلارنىڭ يۇمشاق ۋە يىرىكلىك دەرىجىسى ئىشلىتىش تەلىپىگە مۇۋاپىق بولۇشى، ھەر خىل شەكىلدىكى ياسالمىنىڭ (يۇغۇرۇلما دورا تۈرلىرى، ھەبلەر، قۇرسلار ۋە سىرتقا ئىشلىتىلىدىغان مەلھەم كوھلى ۋە باشقىلارنىڭ) تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم. تەييارلايدىغان دورىنىڭ سۈپىتى، ئۇنىڭ داۋالاشتىكى رولى ۋە مەقسىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ياسالمىلار تالقىنىنىڭ يىرىك ۋە يۇمشاقلىق دەرىجىسى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭا تالقانلار ياسالمىلارنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق تالقانلىنىدۇ.

2) نۇسخىدىكى تالقانلار بىر - بىرى بىلەن تەكشى ئارىلاشقان، رەڭگى بىر خىل بولۇشى كېرەك، ئالىچىپار بولماسلىقى لازىم.

3) تالقان دورىلارنىڭ قاچىلىنىش مىقدارى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

4) تالقان دورىلار تەييارلىنىپ چىققاندىن كېيىن جاراسىم تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتكەن بولۇشى لازىم.

**5. تالقان دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى:**

تالقان دورىلارنى تەييارلاش ئادەتتە سوقۇش (ئېزىش)، تاسقاش (ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈش)، تەكشى ئارىلاشتۇرۇش، سۈپەت تەكشۈرۈش، مىقدارغا بۆلۈپ قاچىلاش قاتارلىق بەش خىل جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇنداق جەريانلار ئارقىلىق تەييارلانغان تالقانلار تەلەپكە لايىق تالقان دورا ھېسابلىنىدۇ.

1) سوقۇش ـ نۇسخىدا كۆرسىتىلگەن دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، ئېزىش قائىدىلىرىگە ئاساسەن ئېزىپ مۇۋاپىق يۇمشاقلىقتا تالقان قىلىنىدۇ. دورىلارنى ئېزىش تالقان ياساشنىڭ مۇھىم مەشغۇلاتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ[①].

2) تاسقاش[②] ھەر خىل ئېزىش جابدۇقلىرى بىلەن ئېزىلىپ چىققان دورا تالقانلىرىنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ يۇمشاق ۋە تەكشى ئارىلاشقان ماتېرىيال تەييارلىنىدۇ.

3) ئارىلاشتۇرۇش: ئارىلاشتۇرۇش تالقان، كومىلاچ، قۇرس، مەجۇن قاتارلىق ياسالمىلارنى تەييارلاشنىڭ مۇھىم مەشغۇلاتلىرىدىن بىرىدۇر. ئارىلاشتۇرۇشنىڭ تەكشى بولۇش ـ بولماسلىقى ھەر خىل ياسالمىنىڭ مىقدارىغا، ئۈنۈمىگە، سىرتقى كۆرۈنۈشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا تەكشى ئارىلاشتۇرۇش بەكمۇ زۆرۈر.

ئارىلاشتۇرۇش مەشغۇلاتى ۋە ئارىلاشتۇرۇش سايمانلىرى.

(1) قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇش: ھەر خىل ئېزىلىپ بولغان دورىلارنى مۇۋاپىق

---

①، ② سوقۇش، تاسقاش قائىدىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي قىسىم «دورىلارنى مۇرەككەپلەشتۇرۇشكە لايىقلاشتۇرۇش» ماۋزۇسىغا قارالسۇن.



www.uyghurkitap.com

چوڭلۇقتىكى داسقا سېلىپ، قوچۇش تاياقچىسى ياكى قوشۇق بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن تەكشى ئارىلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئارىلاشتۇرۇشنى دەسلەپكى ئارىلاشتۇرۇش دېسە بولىدۇ. مىقدارى كۆپ دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى بىلەن ئارىلاشتۇرغان ياخشى.

ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى ئوقۇر شەكىللىك ماشىنا بولۇپ (22 ـ رەسىم)، ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى ئارىلاشتۇرۇش نورىدىن ئىبارەت، بۇ ئادەتتە ياغاچ ياكى داتلاشمايدىغان پولاتتىن ياسىلىدۇ. ئېغىزلىق ئوقۇر ئىچىدىكى ئوقىدا «S» شەكىللىك ئارىلاشتۇرۇش پالىقى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ماشىنا هەر خىل دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدۇ.



22 ـ رەسىم. ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى

(2) هاۋانچىدا ئېزىش ئارقىلىق ئارىلاشتۇرۇش: بۇنىڭدا دورىلارنى هاۋانچىغا سېلىپ ئېزىش ئارقىلىق ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئاز مىقداردىكى دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

(3) تاسقاش ئارقىلىق ئارىلاشتۇرۇش: بۇنىڭدا هەر خىل تەركىبلىك تالقانلارنى دەسلەپكى قەدەمدە ئارىلاشتۇرۇپ بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئۆزىگە ماس كېلىدىغان دورا ئەلگەكلىرى ئارقىلىق بىر قېتىم ياكى كۆپ قېتىم تاسقاش بىلەن ئارىلاشتۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ ئۇسۇلدا ناهايىتى يۇمشاق ياكى ئېغىرراق بولغان دورا تالقانلىرى ئالدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئارىلاشتۇرۇش لازىم. بۇ ئۇسۇل بىلەن مىقدارى كۆپ بولغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇش مۇمكىن.

(4) دورىنىڭ تەكشى ئارىلاشقانلىقىنى تەكشۈرۈش:① كۆز بىلەن تەكشۈرۈش: ئارىلاشتۇرۇلغان تالقانلارنىڭ رەڭگىنىڭ تەكشى بولغان ياكى بولمىغانلىقى كۆز بىلەن قاراپ تەكشۈرۈلىدۇ. ئەگەر رەڭگىدە ئالىچىپارلىق بولمىسا تەكشى ئارىلاشقان بولىدۇ. يەنە ئون هەسسە چوڭايتىپ كۆرسىتىدىغان چوڭايتىش ئەينىكى (لوپا) بىلەن

www.uyghurkitap.com

تەكشۈرگەندە پارقىراق نەرسىلەر كۆرۈنمىسە تەكشى ئارىلاشقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا كىرىستال دورىلار مەۋجۇت بولسا تولۇق ئېرىلمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛② مىقدارنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى: ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلغان تالقانلارنىڭ بىرقانچە جايلىرىدىن بىر سىقىمدىن ئۆلگە ئېلىپ، ئۇنىڭدا مىقدارىنى ئۆلچەپ ئاندىن ئۆلچەملىك تالقان بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا نىسبەتەن توغرىراق ئارىلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىر ئاز مۇرەككەپ بولۇپ كۆپ مىقدارىدىكى تالقان دورىلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

4) بىر قېتىم ئىچىدىغان مىقدارلارغا بۆلۈش:

(1) مۆلچەر بىلەن بۆلۈش: بۇ، قەغەز ئۈستىگە كۆز مۆلچەرى بىلەن بۆلۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇلدۇر. لېكىن بۇنداق بۆلۈشتىكى مىقدار دېگەندەك توغرا بولمايدۇ.

(2) قوشۇق بىلەن بۆلۈش: قەغەز ئۈستىگە دورا قوشۇقىدا بىر قېتىملىق ئىچىش مىقدارىنى ئۆلچەم قىلىپ بۆلۈۋېلىپ، قالغان تالقانلارنى ئۇنىڭغا قاراپ بۆلۈنىدۇ. بۇ ئۇسۇل 0.5 ~ 2 گىرامغىچە بۆلۈپ بېرىلىدىغان دورىلارنى بۆلۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

(3) ئېغىرلىق ئۆلچەملىرى بىلەن بۆلۈش: بۇ، دورا تارازىلىرى بىلەن ئۆلچەپ بۆلۈشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئۇسۇل مىقدارى توغرا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى ھەرقانداق دورىلارنى بۆلۈشكە، قىممەت باھالىق ۋە زەھەرلىك، كۈچلۈك تەسىرلىك دورىلارنى بۆلۈشكە قوللانغىلى بولىدۇ. لېكىن تارازىدا ئۆلچەپ بولۇش بىر ئاز ئاۋارىچىلىك بولۇپ، سۈرئىتى ئاستا، مىقدارلارغا بۆلۈش بىلەن قاچىلاش بىرلا ۋاقىتتا ئورۇنلىنىدىغان ماشىنا ئىشلەتكەندە توغرىلىقى ئىشەنچلىك، سۈرئىتى تېز بولىدۇ.

5) قاچىلاش:

تالقان دورىلارنى قاچىلاش مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم. ئەگەر قاچىلاش تەلەپكە لايىق بولمىسا دورىلارنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، نەملىشىپ قېلىش، ئېرىپ كېتىش، رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ قويۇش ۋە قۇۋۋىتىنى يوقىتىش قاتارلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. قاچىلاش مۇۋاپىق بولسا ساقلاش، يۆتكەپ ئىشلىتىش ئوڭاي بولىدۇ.

6) قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار:

تالقان دورىلارنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ھەر خىل قاچىلاش ماتېرىياللىرىنى تاللاپ ئىشلىتىش لازىم. مەسىلەن: ھەر خىل قەغەز، شىشە، سولياۋ خالتا، كوزا قاتارلىق قاچىلارغا قاچىلاپ كۈن نۇرىنىڭ بىۋاستە تەسىرىدىن ساقلاش، ئاغزىدىن مەھكەم ئېتىپ ياكى موم بىلەن ئاغزىنى چاپلاپ ساقلاش لازىم.

7) دورا يۆگەش قەغىزى:

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى ئادەتتىكى قەغەز، سامان قەغەز، مايلىق قەغەز، موملۇق قەغەز، ئەينەك قەغەز، سولياۋ خالتا، شىشە قاتارلىقلار بولۇپ ئۇلاردىن بىرى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

(1) ساماي قەغەز: بۇ قەغەز ئاسان نەملىشىپ قالمايدىغان، ئاسان ئېرىپ كەتمەيدىغان دورىلارنى يۆگەش ئۈچۈن مۇۋاپىق.
(2) مومىلۇق قەغەز: بۇ قەغەزنى نەملىكنى ئوڭاي سۈمۈرۈپ ئالىدىغان ۋە ئوڭاي ئېرىپ كېتىدىغان دورىلارنى يۆگەش ئۈچۈن مۇۋاپىق. لېكىن ئۇچۇچان خۇسۇسىيەتلىك دورىلار (مەسىلەن: ئىپار، كافۇر قاتارلىقلار) نى يۆگەش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.
(3) ئەينەك قەغەز: بۇ، ناھايىتى سۈزۈك بولۇپ ئوڭاي قاتلىنىدۇ، ياغ ۋە سۇ ئۆتكۈزمەيدۇ. شۇڭا ئۇنى ئۇچۇچان خۇسۇسىيەتلىك ۋە ياغ ماددىسى كۆپ تالقان دورىلارنى يۆگەش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە بولىدۇ. لېكىن ئاسان نەملىشىپ قالىدىغان ۋە ئاسان ئېرىپ كېتىدىغان دورىلارنى يۆگەشكە بولمايدۇ.
(4) سولياۋ خالتا: بۇ، ياغ، سۇ ۋە سۇ ھورلىرىنى ئۆتكۈزمەيدۇ. بۇنى ئاسان نەملىشىپ قالىدىغان، ئوڭاي ئېرىپ كېتىدىغان ياكى ھاۋا تەسىرىدە ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالىدىغان دورىلارنى يۆگەش ئۈچۈن ئىشلىتىش مۇۋاپىق.
(5) شىشە: پۇراقلىق، ئۇچۇچان خۇسۇسىيەتلىك دورىلارنى ۋە نازۇك ماتېرىياللىق دورىلاردىن ياسالغان تالقانلارنى شۇنداقلا ئاسان نەملىشىپ قالىدىغان دورىلارنى قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**6. تالقانلارنىڭ تۈرلىرى:**

تالقان شەكلىدىكى ياسالما ئىشلىتىش مەقسىتى ۋە ياساش تېخنىكىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن تالقان ياسالما (سۇفۇپ)، سۇنۇنلار (چىش تالقانلىرى)، سۈرمىلەر (كوھلى)، زەرۇرى (ئۇپىلار) دېگەندەك كۆپ تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

## بىرىنچى بۆلۈم سۇفۇپلار

**1. تەرىپى:**
يېيىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان مۇرەككەپ تالقان دورا سۇفۇپ (تالقان ـ لاتىنچە پۇلۋىس) دېيىلىدۇ.
**2. سۇفۇپلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى:**
سۇفۇپلارنى تەييارلاشتا سۇفۇپ تەركىبىدىكى يەككە دورىلار يۇمشاق سوقۇلۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بەزىلىرىگە قەنت ۋە شېكەرلەرنى سوقۇپ قۇرۇق ھالەتتە قوشۇلىدۇ. بىراق نەملىكگۈچى سۇيۇقلۇقلار ياكى ھەسەل، قىيام قاتارلىقلار قوشۇلمايدۇ.
**3. سۇفۇپلارنىڭ تەسىرى:**
سۇفۇپلار ـ تەركىبىدىكى دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ھەر خىل مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۈچەينىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، مېڭە، يۈرەك، جىگەر، ئاشقازاننى ياخشىلاش، تاماق ھەزىم قىلىش، ئىشتىھا قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش، ئىچ توختىتىش، مەنىي تېز كېتىش، كۆپ سىيىشنى تورمۇزلاش قاتارلىق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**4. ساقلىنىش مۇددىتى:**

سۇفۇپلار ياسالغاندىن كېيىن، ئادەتتە بىر ئايغىچە قۇۋۋىتى (ئۈنۈمى)نى ساقلايدۇ، بىر ئايدىن كېيىن ئۈنۈمى يوقىلىدۇ.

**5. سۇفۇپلار (تالقانلار) دىن ئۈلگىلەر:**

**سۇفۇپى بەدىيان (ئارپىبەدىيان تالقىنى)**

تەركىبى:

ئارپىبەدىيان 80 گىرام، قىزىلگۈل 10 گىرام، چىگىسەي يىلتىزى پوستى 20 گىرام، رۇمبەدىيان 12 گىرام، پوستى بىخ كەبىر 12 گىرام، مەستىكى رۇمى 10 گىرام، گۈلى سەۋسەن يىلتىزى 20 گىرام، شېكەر 200 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى قائىدە بويىچە سوقۇپ، تاسقاپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: جىگەرنىڭ توسالغۇسىنى ئاچىدۇ. بۇزۇق خىلىتلارنى تازىلايدۇ، ھېق تۇتۇش، مەيدە ئېچىشىشنى پەسەيتىش، قورساق كۆپۈشنى يوقىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان ـ ئۈچەي كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئالتە گىرامنى ئەرقى بەدىيان بىلەن كاپ ئېتىدۇ، بالىلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم بىر گىرامدىن بېرىلىدۇ.

**سۇفۇپى سوئال (يۆتەل تالقىنى)**

تەركىبى:

نىشاستە 500 گىرام، شېكەر 2500 گىرام، بادام مېغىزى 500 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 5 ~ 8 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**سۇفۇپى سوئال مۇرەككەپ (مۇرەككەپ يۆتەل تالقىنى)**

تەركىبى:

بادام مېغىزى 40 گىرام، تۇخۇمى خەشخاش 40 گىرام، تۇخۇمى كەتان 40 گىرام، مېغىزى پەنبەدانە 40 گىرام، تۇخۇمى ھۆلبە 40 گىرام، بىخسۇس مۇقەششەر 40 گىرام، نىشاستە 40 گىرام، رۇببىسۇس 10 گىرام، سەمغى ئەرەبى 10 گىرام، كەتىرا 10 گىرام، شېكەر 750 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى نۇسخىدىكى دورىلاردىن بادام مېغىزى، زىغىر، ھۆلبە، چىگىت (پەنبەدانە) لارنىڭ پوستىنى ئاقلاشقا، چىقىپ مېغىزىنى ئېلىشقا تېگىشلىكلىرى ئاقلىنىدۇ. مېغىزى ئاجرىتىپ ئېلىنىپ يۇمشاق سوقۇلىدۇ. چۈچۈكبۇيا يىلتىزى (بىخسۇس) نىڭ قوۋزىقى ئاقلىنىپ، سوقۇپ تاسقىلىدۇ. قالغان دورىلارنى تالقانلاپ، تاسقاپ، ھەممە دورا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق، بەلغەم بوشىتىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتەلىشى ۋە مىقدارى: ئاددىي سۇفۇپى سوئال بىلەن ئوخشاش، بۇ نۇسخىدا دورىلارنىڭ تۈرى كۆپ ۋە كۆكنار ئۇرۇقى (تۇخۇمى خەشخاش) دەك تىنچلاندۇرغۇچى دورا بولغاچقا ئۈنۈمى ياخشى.

**سۇفۇپى سۇرئىتى ئىنزال (مەنىي تېز كېتىش تالقىنى)**

تەركىبى:

سۇزاپ ئۇرۇقى توققۇز گىرام، ئانار گۈلى بەش گىرام، چاڭگاك ئۇرۇقى ئالتە گىرام، قىزىلگۈل بەش گىرام، سەۋسەن يىلتىزى ئالتە گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: مەنىينىڭ تېز كېتىشىنى تىزگىنلەيدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مەنىي تېز كېتىش ۋە ئۆزلۈكىدىن مەنىي يۈرۈپ كېتىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر قېتىم ئالتە گىرامنى غورا سۈيى بىلەن ئىچىدۇ.

**سۇفۇپى ھىرقەتۇلبەۋل (سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش تالقىنى)**

تەركىبى:

قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى 12 گىرام، كەتىرا 12 گىرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى 12 گىرام، نىشاستە 12 گىرام، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى 12 گىرام، گىل ئەرمەنى 12 گىرام، كۆكنار ئۇرۇقى 12 گىرام، رەۋەن ئالتە گىرام، ئەرەب يېلىمى 12 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، مېغىزلارنى پوستىدىن ئايرىپ، ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ يۇمشاق سوقۇلىدۇ. تاسقاپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: دوۋساق ۋە سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلاش، سۈيدۈك مىقدارىنى كۆپەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سۆزنەك ۋە سىزلام كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 5 ~ 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**سۇفۇپى سۆرۈنجان هار (ئىسسىق تەبىئەتلىك سۆرۈنجان تالقىنى)**

تەركىبى:

سۆرۈنجان 40 گىرام، زەپەر ئىككى گىرام، سانا 28 گىرام، سوقمونىيا تۆت گىرام، سېرىق هېلىلە پوستى 12 گىرام، ئاق تۇربۇت 20 گىرام، پوستىدىن ئايرىلغان بادام مېغىزى 12 گىرام، قەنت ياكى شېكەر 20 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سوغۇقتىن بولغان هەر خىل مۇپاسىل (بوغۇم ئاغرىقلىرى)، بەل ئاغرىقلىرى، پۇت ـ قوللارنىڭ ئاغرىقلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: چوڭلارغا كۈندە بىر قېتىم 3 ~ 6 گىرامغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ.

**سۇفۇپى سۆزاك (سۆزنەك تالقىنى)**

تەركىبى:

كۆيدۈرۈلگەن زەمچە 13 گىرام، كۆيدۈرۈلگەن كۆكتاش يەتتە گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلاردىن زەمچە بىلەن كۆكتاشنى كۆيدۈرۈپ (كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى دورىلارنى ئىشلىتىشكە لايىقلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىكى قورۇشقا قارالسۇن). ئۇلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: سۈيدۈك يوللىرىنى پاكىزلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سۆزنەك كېسەلىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: يۇقىرىدا تەييارلانغان دورا بىر كىشىلىك بولۇپ، كۈندە 5 ~ 6 قېتىم، هەر قېتىمدا بىر گىرامدىن ئېلىپ قايناق سۇدا ئېرىتىپ، ياخشى ئېرىگەندىن كېيىن ئالەتنى يۇيۇش ناسوسى (سپرىنسكوپكا) غا ئېلىپ سۈيدۈك يولىغا ماڭدۇرۇپ يۇيۇلىدۇ. بۇ تالقان ئاچچىق ۋە غىدىقلاش تەسىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن جىقراق سۇدا ئېرىتىپ يۇيۇش لازىم.

**سۇفۇپى ئىترىفىل كەشنىزى (تۆت خىل هېلىلە ۋە يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى تالقىنى)**

تەركىبى:

هېلىلە كابۇلى پوستى 40 گىرام، ئامىلە پوستى 40 گىرام، سېرىق هېلىلە پوستى 40 گىرام، ئاقلىغان بادام مېغىزى 100 گىرام، قارا هېلىلە 40 گىرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 200 گىرام، بەلىلە پوستى 40 گىرام، شېكەر 1000 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىنى پوستىدىن

ئايرىلىدۇ. ئۈچ خىل ھېلىلە تالقىنى قائىدە بويىچە سېرىق ياغدا ياغلىنىپ، ئاندىن قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ ئارىلاشتۇرۇپ تالقان قىلىنىدۇ. ياغلانغان ھېلىلە تالقانلىرىنىڭ يېغى قەغەزگە چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن موم قەغەزگە يۆگەپ بېرىلىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: نېرۋا ئاغرىقلىرى، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، قولاق ئاغرىقلىرىغا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: چوڭلارغا كۈندە بىر قېتىم 5 ~ 12 گىرامغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ.

**سۇفۇپى قابىز (ئىچ توختاتقۇچى تالقان)**

تەركىبى:

بۇغداي كىراخمالى 80 گىرام، تۇخۇمى زۇپا 40 گىرام، پىستىنىڭ تاشقى پوستى 80 گىرام، كۆكنار شاكىلى 20 گىرام، ئانار ئۇرۇقى 80 گىرام، شېكەر 500 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، ئانار ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقىنىڭ ئۇرۇقى (تۇخۇمى زۇپا)، پىستە پوستلىرىنى قورۇپ، ئاندىن ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئىچ توختىتىش ۋە ئاغرىق توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل سوغۇق ـ ئىسسىقلىقتىن بولغان ئۈچەي كېسەللىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە بىر قېتىم 5 ~ 10 گىرامغىچە سۇزمە بىلەن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارىنى كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**سۇفۇپى سەنگدانەمۇرغ (توخۇ تاشلىقى تالقىنى)**

تەركىبى:

ئۇد ئالتە گىرام، نىشاستە (قورۇپ) ئالتە گىرام، مەستىكى ئالتە گىرام، زىرە (قورۇپ) ئالتە گىرام، تاباشىر ئالتە گىرام، پىستە پوستى ئالتە گىرام، ھەبۇلئاس ئالتە گىرام، ئانار گۈلى ئالتە گىرام، ئەرەب يېلىمى (قورۇپ) ئالتە گىرام، توخۇ تاشلىقىنىڭ تاشقى ـ پوستى (قورۇپ) 15 گىرام. لاچىندانە (قورۇپ) ئالتە گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، ئاۋۋال ئەرەب يېلىمى، لاچىندانە، نىشاستە، زىرە، پىستىنىڭ تاشقى پوستى قاتارلىقلارنى قورۇپ ھەمدە دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان كېسەللىرىگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە 4 ~ 6 گىرامغىچە تاماقتىن ئىلگىرى ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارى كېمەيتىلىدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم سۇنۇنلار (چىش تالقانلىرى)

**1. تەرىپى:**

مەخسۇسلا چىش كېسەللىرىنى داۋالاشتا قوللىنىلىدىغان تالقان دورا سۇنۇن (چىش تالقانلىرى) دېيىلىدۇ.

**2 سۇنۇنلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى:**

چىش تالقانلىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى سۇفۇپلارغا ئوخشايدۇ. ئەمما ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن بەزىدە چىش تالقانلىرى قەلەم شەكلىدە شىياڭ قىلىپ ۋە توقچاق شەكلىدە (قۇرس قىلىپ) ياساپ ساقلىنىدۇ. چۈنكى سۇنۇنلار پەقەت ئاغرىغان چىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ. ساق چىشلارغا تېگىپ كەتسە ساق چىشنى بۇزۇپ قويۇش ئېھتىمال. سۇنۇن دورىلارنى ئىشلىتىشتىن ئاۋۋال دورا سۈرتىدىغان چىشنى تازىلاپ ئاندىن دورا سۈركەش كېرەك.

سۇنۇنلار ھەددىدىن زىيادە يۇمشاق سوقۇپ قىلىنىدۇ.

**3. سۇنۇنلار (چىش تالقانلىرى) دىن ئۈلگىلەر:**

**سۇنۇنى شىب (زەمچىلىك چىش تالقىنى)**

تەركىبى:

مۇرمەككى 10 گىرام، ھېلىلە ئۇرۇقى 10 گىرام، تۇتىيا 10 گىرام، ئامىلە جەۋھىرى 10 گىرام، زەمچە 10 گىرام، ئانار گۈلى 10 گىرام، نىشاستە 10 گىرام، موزا 10 گىرام، قىزىلگۈل 10 گىرام، يۇلغۇن مېۋىسى 10 گىرام، ئاچچىق ئانار ياغىچىنىڭ پوستى 10 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: چىشنى چىڭىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: چىش بوشاپ قېلىش، چىش ئاغرىقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئاغرىغان چىشنىڭ تۈۋىگە سالىدۇ، مىقدارى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

**سۇنۇنى مۇرمەككى (مۇرمەككىلىك چىش تالقىنى)**

تەركىبى:

مۇرمەككى بەش گىرام، زەرنىخ بەش گىرام، نۆشۇدۇر بەش گىرام، ئاقىرقەرھا بەش گىرام، سەۋسەن يىلتىزى بەش گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تاسقاپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: چىش تۈۋىدىكى يارىلارنى ياخشىلايدۇ، قاننى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: چىش تۈۋىدىكى يارا، ناسۇرلارنى داۋالاش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: چىش تۈۋىگە بېسىلىدۇ.

**سۇنۇنى مۇمسىك (قان توختاتقۇچى چىش تالقىنى)**

تەركىبى:

ئانار گۈلى بەش گىرام، زەمچە بەش گىرام، ئامىلە بەش گىرام، ئاقاقىيا بەش گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: چىشنى چىڭىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بوشاپ قالغان ۋە ئاغرىغان چىشلارنى داۋالاش ۋە چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى : چىشنىڭ تۈۋىگە سېلىنىدۇ. مىقدارى كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

**سۇنۇنى نەمەك (تۇزلۇق چىش تالقىنى)**

تەركىبى:

ئاچچىق ئانار پوستى 90 گىرام، ئانار گۈلى 30 گىرام، تاتلىق ئانار پوستى 90 گىرام، زەمچە 30 گىرام، ھىندى تۇزى 15 گىرام، ئاقىرقەرھا 30 گىرام، نۆشۇدۇر 15 گىرام، سۇماق 45 گىرام، موزا 30 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، تالقانلارنى سىركە بىلەن خېمىر قىلىپ كۈمىلاچلاپ سايىدا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: چىش تۈۋىدىكى يارىلارنى داۋالاش، ئۆسۈك گۆشلارنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: چىش ئاغرىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: چىش ئاغرىغان چاغدا يۇقىرىقى كۈمىلاچتىن بىر داننى سوقۇپ چىش ئاستىغا بېسىلىدۇ.

**سۇنۇنى دەندان (قان توختاتقۇچى چىش تالقىنى)**

تەركىبى:

يالپۇز جەۋھىرى 30 گىرام، كاۋاۋىچىن 50 گىرام، ئاقىرقەرھا 25 گىرام، قەلەمپۇر

15 گىرام، گەزمازەج 100 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، قان توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقلىرى، چىش قانىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: چىش ئاغرىقىغا بېسىلىدىغان تالقان بولغىنى ئۈچۈن چىشنىڭ تۈۋىگە 0.3 ~ 0.5 گىرامغىچە بېسىلسا داۋاملىق سۇ ئاقتۇرۇپ ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم سۈرمىلەر (كوھلى)

**1. تەرىپى:**

كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن كۆزگە سۈركىلىدىغان تالقان ئەرەبچە «كوھلى»، ئۇيغۇرچە سۈرمە دەپ ئاتىلىدۇ (سۈرمە ئەسلىدە ئانتىمونئۇم دەپ ئاتىلىدىغان مەدەننىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى). سۈرمىلەر ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىل كېسەل داۋالاش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىغان سۈرمىلەر، يەنە بىر خىلى زىننەت بۇيۇملىرى سۈرپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان سۈرمىلەردىن ئىبارەت.

**2. سۈرمىلەرنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

سۈرمىلەر كۆز جىيىكىگە ۋە كۆز ئىچىگىمۇ سۈركىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۈرمىلەر ناھايىتى يۇمشاق ئېزىلگەن، مونەكلەردىن خالىي بولۇشى، كۆزگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن پاكىز تەييارلىنىشى زۆرۈر. سۈرمىنى ياساشتا، ئالدى بىلەن سۈرمە مېتالنى پارچىلاپ ئۈچكە ياكى قوي يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر ئىچىگە ئېلىپ ئوتقا كۆمۈلىدۇ. خېمىر پىشقاندىن كېيىن ئىچىدىكى سۈرمە مېتالىنى زەھەرسىزلەندۈرۈش مەقسىتىدە يېڭى تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ سۈتىگە چىلىنىدۇ. ئەگەر سۈت تېپىلمىسا نارەسىدە بالىلارنىڭ سۈيدۈكىگە ياكى كونا ھاراقتا چىلاپ قويۇپ قۇرۇتۇپ سوقۇپ تالقان قىلىپ، باشقا يەككە دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن تالقىنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈركىلىدۇ.

**3. سۈرمىلەردىن ئۈلگىلەر.**

**كوھلى غىشائ (كۆزگە پەردە چۈشۈشنى داۋالايدىغان سۈرمە)**

تەركىبى:

پىلپىل بەش گىرام، قارىمۇچ بەش گىرام، قەنبىل بەش گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سالايە قىلىپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ

تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: كۆز خىرەلىشىش كېسەللىنى داۋالايدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: پىلكۇچ بىلەن كۆزگە سۈركىلىدۇ.

**كوهلى دەمئە (كۆز ياشانغىراش سۈرمىسى)**

تەركىبى:

تۇتىيا يەتتە گىرام، سەبرە سوقۇتىرى ئۈچ گىرام، بىخ مارجان ئۈچ گىرام، قارا هېلىلە 0.7 گىرام، سېرىق هېلىلە پوستى ئۈچ گىرام، پىلپىل 0.7 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى ئۆلچەپ ئېلىپ، ئاۋۋال تۇتىيانى قىپقىزىل قىزىتىپ يەتتە قېتىم ئەرقى گۇلابتا سۇغۇرۇپ ئاندىن تالقانلىنىدۇ ۋە باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يۇمشاق سالايە قىلىپ يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: كۆز ياشانغىراشنى توختىتىش، هۆللۈكنى قۇرۇتۇش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز كېسەللىكلەرگە، كۆزى ياشانغىرايدىغانلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كەچتە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى پىلكۇچ بىلەن كۆزگە تارتىلىدۇ.

**كوهلى مۇقەۋۋى (كۆزنى كۈچەيتكۈچى سۈرمە)**

تەركىبى:

يۇيۇلغان هۆل رەيهان 60 گىرام، مامىرانچىن ئالتە گىرام، زەنجىۋىل ئالتە گىرام، قارىمۇچ ئالتە گىرام، نۈشۇدۇر ئۈچ گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، رەيهاندىن باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، ئارپىبەدىيان سۈيىگە چىلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن سۈزۈۋېلىپ قۇرۇتۇپ، رەيهاننى سىقىپ سۈيىنى پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىپ، قۇرۇتۇپ، تۇتىيا بىلەن رەيهان سۈيىنىڭ قۇرۇتۇلمىسىنى سۈرۈپ يۇقىرىدىكى تالقانغا ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: كۆزدىن ياش ئېقىشنى توختىتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز ۋە كۆزى ياشانغىرايدىغان كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۆزگە سۈركىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كوھلى رۇشنائى (كۆزنى روشەنلەشتۈرگۈچى سۇرمە)

تەركىبى:

سۇرمە مېتالى 360 گىرام، مامىرانچىن ئالتە گىرام، سەبرە 12 گىرام، بىخ مارجان 15 گىرام، مەرۋايىت 24 گىرام، ئالتۇن ۋاراق تۆت گىرام.

تەييارلىنىشى: ئالتۇن ۋاراقتىن باشقا دورىلارنى ھېلىلە سۈيىدە ناھايىتى يۇمشاق سۈرۈپ ئېرىتىپ تۆت كۈن تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن يەنە گۈلاب قويۇپ تۆت كۈن تۇرغۇزۇلىدۇ. 9 ـ كۈنى ئالتۇن ۋاراقنى ئارىلاشتۇرۇپ گۈلابتا سۈرۈپ تەييارلاپ چىنە قاچىدا ساقلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ئاغرىق توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز كىشىلەرگە، ھەر خىل تىپتىكى كۆز ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: پىلكۆچ بىلەن كۆزگە سۈركىلىدۇ.

كوھلى بەياز (كۆزگە ئاق چۈشۈشنى داۋالىغۇچى سۇرمە)

تەركىبى:

كۆپىكدەريا بەش گىرام، مامىرانچىن 10 گىرام، توغرىغۇ بەش گىرام، ئېگىر 10 گىرام، كېلەر مايىقى بەش گىرام، ئاق شېكەر بەش گىرام، سۇ 280 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: مامىرانچىن ۋە ئېگىرلارنى سۇغا سېلىپ، سۇنىڭ 1/4 ى قالغۇچە قاينىتىپ پاكىز سۈزۈلىدۇ. ئاندىن يۇقىرىقى دورىلارنى سېلىپ ئېرىتىپ ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ. سوقۇپ يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كۆزگە ئاق چۈشكەن كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: پىلىكۆچنى دورىغا مىلەپ كۆزنىڭ ئىچىگە سۈركىلىدۇ، بىر ئاي تولۇق ئىشلىتىلسە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## تۆتىنچى بۆلۈم ئۇپىلار (زەرۇرى)

**1. تەرىپى:**

جاراھەت يۈزىگە سېپىلىدىغان تالقاق دورا ئۇپىلار (سەپمىلەر) ئەرەبچە زەرۇرى دېيىلىدۇ.

**2. ئۇپىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

ئۇپىلارنى شۇ جاراھەتنى داۋالاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يەككە دورىلارنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، مۇرەككەپ تالقان دورا قىلىپ ياسىغاندىن كېيىن جاراھەت يۈزىگە سېپىلىدۇ.

3. ئۆپىلار (زەرۇرى) دىن ئۆلگىلەر:

**زەرۇرى قەلەي (قەلەي ئۆپىسى)**

تەركىبى:

يۇيۇلغان تۇتىيا 10 گىرام، قەلەي ئۆپىسى 10 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى يۇمشاق سالايە قىلىپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: كۆز ياشانغىراشنى يوقىتىش، قىزىللىقنى قالدۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كونا كۆز ئاغرىقى، كۆز قىزىرىپ ئاغرىش، كۆز ياشانغىراش كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۆزگە سېپىلىدۇ.

**زەرۇرى سەبرە (سەبرە ئۆپىسى)**

تەركىبى:

يۇيۇلغان تۇتىيا 30 گىرام، زەرچىۋە (زەردچۇبە) 15 گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 15 گىرام، پىلپىل 15 گىرام، سەبرە 15 گىرام، قارىمۇچ ئالتە گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سالايە قىلىپ تالقان تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: كۆز قىچىشىش ۋە كۆز ياشانغىراشلارنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قېرى كىشىلەردىكى كۆز قىزىرىپ قىچىشىش ۋە كۆزى ياشانغىراش كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۆزگە سېپىلىدۇ.

**زەرۇرى مامىرانچىن (مامىرانچىن ئۆپىسى)**

تەركىبى:

ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى 30 گىرام، مامىرانچىن ئالتە گىرام، ئەنزىرۇت 30 گىرام، خۇنسىياۋشان ئالتە گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ، يۇمشاق سالايە قىلىپ، قېلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بالىلار كۆز ئاغرىقىنى داۋالايدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۆز جاراھەتلىرىگە سېپىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

### زەرۇرى دانە پەرەك (كۆكتات ئۇپىسى)

تەركىبى:

سېرىق ھېلىلە پوستى 25 گىرام، كۆپىكدەريا 25 گىرام، بەلىلە پوستى 25 گىرام، ئايلىشى 25 گىرام، ئامىلە پوستى 25 گىرام، بىخ مارجان 25 گىرام، كۆيدۈرۈلگەن زەمچە 25 گىرام، كۆيدۈرۈلگەن كۆكتاش 25 گىرام، موزا 25 گىرام، بادامنىڭ تاشقى پوستى 25 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق سالايە قىلىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: جاراھەتنىڭ ئوشۇق گۆشلىرىنى كۆيدۈرۈش ۋە سۇلىرىنى قۇرۇتۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: گال ئاغرىقى، ھەر خىل يەل جاراھەتلىرىگە سېپىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: جاراھەتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا جاراھەتكە سېپىلىدۇ.

### زەرۇرى سىقلۇللىسان (تىل ئېغىرلىقى تالقىنى)

تەركىبى:

نۆشۈدۈر 40 گىرام، بۆرە ئەرمىنى (ئاق توغرىغۇ) 40 گىرام، زەنجىۋىل 40 گىرام، سەئتەر 40 گىرام، قارىمۇچ 40 گىرام، پىلپىل 40 گىرام، ھىندىستان تۇزى 40 گىرام، قىچا 40 گىرام، سىيادانە 40 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: تىلىدىكى ئېغىرلىقتا، تىلنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: پالەچ كېسەلىنىڭ تىلى ھەرىكەتلەنمىگەن ۋاقىتلىرىدا تىلىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، تىلدىكى ئېغىرلىقنى يوقىتىپ سۆزلەشنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: سىرتقا ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىر كۈندە 2 ~ 3 قېتىم ئاز ـ ئازدىن تىلغا سېپىپ تىلنى پاتلىق ماتا ياكى لۆڭگە بىلەن سىيرىپ بېرىلىدۇ.

### سۇفۇپى ھار (جاراھەت تالقىنى)

تەركىبى:

سېرىق ھېلىلە پوستى 25 گىرام، كۆپىكدەريا 25 گىرام، بەلىلە پوستى 25 گىرام،

ئايلىنىشى 25 گىرام، ئامىلە پوستى 25 گىرام، بىخ مارجان 25 گىرام، كۆيدۈرۈلگەن زەمچە 25 گىرام، كۆيدۈرۈلگەن كۆكتاش 25 گىرام، موزا 25 گىرام، بادام تاشقى پوستى 25 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، كۆيدۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ئالدى بىلەن كۆيدۈرۈپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: جاراھەتلەرنىڭ بىخلىما گۆشلىرىنى كۆيدۈرۈش ۋە سۇلىرىنى قۇرۇتۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: گال ئاغرىقى، يەللىك جاراھەتلەرنىڭ ھەر خىللىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: بۇ دورا بەش ئەزا كېسەللىكلىرىگە ھەم سوغۇقتىن بولغان تېرە جاراھەتلىرىگە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن مىقدارى جاراھەتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىپ سېپىشكە بېرىلىدۇ.

## سۇيۇق دورا ياسالمىلىرى

**1. تەرتىپى:**

سۇيۇق دورا بىر ياكى بىرقانچە خىل يەككە دورىلارنى مەلۇم بىر ئېرىتكۈچىلەرگە چىلاپ ئېرىتىپ ياكى قاينىتىپ، ئۇلارنىڭ قۇۋۋىتىنى چىقىرىپ ئېلىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان سۇيۇق ھالەتتىكى دورا ياسالمىسىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ خىل دورىلارنى چىلاش، ئېرىتىش ياكى قاينىتىش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا سۇ (پار سۈيى)، سىركە، ھەر خىل ئەرەق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇلاردىن ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى سۇ بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن پار سۈيى (دىستىللات سۇ) ئىشلىتىش ئەڭ مۇۋاپىق، چۈنكى دورىگەرلىكتە دورا تەييارلاشقا پاكىز سۇ ئىشلىتىش كېرەك بولىدۇ. ئەگەر پارلاندۇرۇپ ئېلىنغان پاكىز سۇ (پار سۈيى) بولمىسا ياكى پۇر سۈيى تەييارلاشقا شەرت ـ شارائىت بولمىسا، قايناق سۇنى تىندۇرۇپ، سوۋۇتۇپ ئىشلىتىش لازىم.

دورىگەرلىكتە تۇرۇبا سۇلىرى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ سۇلىرىنى بىۋاستە دورا چىلاشقا، دورىلارنى قاينىتىشقا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق سۇلار تەركىبىدە ھەر خىل ئارىلاشما ماددىلار كۆپ بولۇپ، تۇرۇبا سۈيىنىڭ تەركىبىدىكى خىلور ماددىسى دورا تەركىبىدىكى بەزى ماددىلار بىلەن، شۇنداقلا ئېرىق ـ ئۆستەڭ، قۇدۇق سۇلىرى تەركىبىدىكى مېتال ئىيونلىرى، تۇزلار، دورا تەركىبىدىكى فېنول، تاننىن ماددىلىرى بىلەن بىرىكىپ، چۆكمە ھاسىل قىلىپ سۇيۇق دورىلارنى دۇغلاشتۇرىدۇ. دورىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولمايدۇ. ھەمدە تېزلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ، بۇ خىل ئەھۋاللارغا قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك.

**2. سۈيۈق دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

1) سۈيۈق دورىلارنىڭ تەسىرى قاتتىق دورىلارغا قارىغاندا تېز بولىدۇ. چۈنكى باشقا قاتتىق دورىلار ئاشقازانغا كىرگەندىن كېيىن ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ تەسىرى بىلەن ئېرىپ ئاندىن تەسىر كۆرسەتسە، سۈيۈق دورىلار ئىچكەندىن كېيىنلا ھەزىم قىلىش يولىغا كىرىپ تېز تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كۆپ ھاللاردا جىددىي باشلانغان كېسەللەرگە سۈيۈق دورىلارنى (كاشكاپ، قايناتما، دەملىمە دورىلارنى) ئىشلىتىش مۇۋاپىق كېلىدۇ.

2) كۆڭۈل ئېلىشتۇرىدىغان ۋە قۇستۇرىدىغان ئەكس تەسىرى يوق.

3) كىچىك بالىلارنىڭ، ياشانغان كىشىلەرنىڭ، بەزى ئېغىر كېسەللەرنىڭ ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن ئەپلىك.

4) بەدەن بوشلۇقلىرىغا سىڭىپ كىرەلەيدۇ.

5) سۈيۈق دورىلارنى تەييارلاشتا ئالاھىدە ماشىنا ئۈسكۈنىلەر ۋە باشقا شەرت ـ شارائىتلار بەك كۆپ تەلەپ قىلىنمايدۇ. ھەرقانداق ئورۇنلار ئۆزلىرى تەييارلاۋېرىشى مۇمكىن.

**3. سۈيۈق دورىلارنىڭ يېتەرسىزلىكى:**

1) سۈيۈق دورىلارنىڭ ئېرىتكۈچىسى سۇ بولۇپ ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ تومۇز كۈنلىرى تېخىمۇ شۇنداق.

2) تەكشى تارقىلىشى يېتەرسىز بولۇپ ئاسانلا قات ئايرىپ قالىدۇ.

3) سۈيۈق دورىلارنىڭ قاچىلىنىش ۋە ئىچىش مىقدارى چوڭ بولۇپ، كۆتۈرۈپ ۋە يۆتكەپ ئىشلىتىشكە قولايسىز، شۇنداقتىمۇ دوختۇرخانىلار ئۆزلىرى تەييارلاپ ئىشلىتىش بىلەن بۇ خىل يېتەرسىزلىكلەرنى يېڭىش مۇمكىن.

**4. سۈيۈق دورىلارنى تۈرلىرى:**

سۈيۈق دورىلار تەييارلاش ئۇسۇللىرى ۋە ئىشلىتىش ئورۇنلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

1) شەربەت (قىيام) دورا ياسالمىلىرى.

2) سىركەنجۇبىل (سىركىلىك قىيام) دورا ياسالمىلىرى.

3) ئەرەق (قاينىتىپ پارلاندۇرۇپ ھاسىل قىلىنغان) دورا ياسالمىلىرى.

4) مۇرابباللار.

5) قايناتما (مەتبۇخ) دورا ياسالمىلىرى.

6) چىلان (دەملەنمە) دورا ياسالمىلىرى.

7) لوئابلار.

8) پۇراتما ۋە چۈشكۈرتمە دورا ياسالمىلىرى.

9) پاشۇيە.

# بەشنچى باب شەربەت دورا ياسالملىرى (قىياملار)

**1. تەرىپى**

شەربەتلەر، دورا ماتېرىياللارنىڭ ئۆزىدىن سىقىپ ئېلىنغان ياكى ئۆسۈملۈك دورىلارنى قايىنىتىپ چىقىرىلغان سۈيىگە قەنت، شېكەر ياكى ھەسەل قوشۇپ قايىنىتىپ تەييارلانغان سۇيۇق ھالىتىدىكى دورا ياسالمىسىدىن ئىبارەت.

**2. شەربەت دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

شەربەتلەر سۇيۇق دورىلار تۈرىدىكى ياسالما بولۇپ، ئۇ سۇيۇق دورىلاردىكى ئالاھىدىلىكلەر (سۇيۇق دورىلار بابىغا قارالسۇن) دىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە.

1) شەربەتلەر تاتلىق تەملىك بولۇپ ئىچىش ئوڭاي.

2) شەربەت دورىلار قۇۋۋىتىنىڭ ساقلىنىش دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، مېۋە سۈيىدە ياسالغانلىرى خېلى ئۇزاق مۇددەت چىداشلىق بېرەلەيدۇ.

**3. شەربەتلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ناملىرى:**

شەربەتلەر تەركىبىدىكى باش دورا، يىلتىز دورا بولسا، بۇ خىل شەربەتلەر مائۇلئۇسۇل (يىلتىزلارنىڭ سۈيى) دېيىلىدۇ. ئەگەر باش دورىسى ئۇرۇقلۇق دورا بولسا بۇ خىل شەربەتلەر بۇزۇرى (ئۇرۇق سۈيى) دېيىلىدۇ. ئەگەر شەربەت تەركىبىگە سىركە قوشۇپ ياسالغان بولسا بۇ سىركەنجۇبىل دېيىلىدۇ.

**4. شەربەت دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

1) دورىلىق ماتېرىيال، مەسىلەن: ئانار، بېھى، ئالما، ئۈزۈملەرنىڭ ئۆزىدىن سىقىپ ئېلىنغان سۈيىگە كۆرسىتىلگەن مىقداردا شېكەر سېلىپ يۇمشاق ئوتتا قايىنىتىپ قىيامغا كەلتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ.

2) بىر ياكى بىرقانچە خىل ئۆسۈملۈك دورىلارنى كۆرسىتىلگەن مىقدار بويىچە ئېلىپ، قاتتىقلىرىنى ئازراق ئېزىۋېتىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇغا بىر سوتكا چىلاپ تۇرغۇزۇپ، ئاندىن مۇلايىم ئوتتا قايىنىتىپ، دورىنىڭ تەمىنى سۇغا چىقىرىپ ئۆچتىن ئىككى قىسمى قالغاندا دورىلارنى سىقىپ سۈزۈۋېتىپ، سۈيىگە كۆرسىتىلگەن مىقداردا شېكەر سېلىپ يەنە مۇلايىم ئوتتا قايىنىتىپ تەييارلىنىدۇ.

**5. شەربەت دورىلارنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى (كونسېنتراتسىيەسى):**

شەربەت دورىلار قىيامىنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى ياكى ھەددىدىن زىيادە تۆۋەن قىلىۋەتمەي مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك.

قوشۇمچە:

قىيامى تۆۋەن ئېلىنىپ قالغان شەربەتلەردە مىكرو ئورگانىزملار بولۇپمۇ زەمبۇرۇغلارنىڭ كۆپىيىشى تېز بولۇپ، بۇلار شەربەتلەرنى ئاسانلا بۇزۇپ قويىدۇ. ئەكسىچە ھەددىدىن زىيادە قويۇق بولۇپ قالغان شەربەتلەردە شېكەر قېتىپ قاۋات ياكى كىرىستال ھاسىل بولۇۋالىدۇ. شۇڭا ئادەتتە شەربەتلەردە 60 پىرسەنت ئەتراپىدا شېكەر تۇتقان بولۇشى لازىم. بۇنداق قويۇقلۇقتىكى شەربەتلەرنىڭ ئۆزىدە چىرىشكە قارشى خۇسۇسىيەت بولۇپ، ئۇنىڭغا چىرىشكە قارشى چارە قىلىش ھاجەتسىز. بۇنداق قىيامى مۇۋاپىق بولغان شەربەتلەرنى مەلۇم مەزگىل ساقلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئەمما شەربەت دورىلارنى ياساش مۇھىتى تەلەپكە لايىق بولمىسا، يەنىلا بۇزۇلۇۋېرىدۇ.

شەربەت دورىلارنىڭ قىيامى ھەددىدىن زىيادە تۆۋەن بولۇپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن دورا ئوڭاي بۇزۇلۇپ قالىدۇ.

2) شەربەت دورىلارنى ياساش شارائىتى ناچار بولۇپ، شەربەت ياساش تېخنىكىلىرىغا دىققەت قىلىنمىسا شەربەت تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار تازىلىقى ياخشى بولمىسا، شەربەت تەييارلايدىغان ۋە قاچىلايدىغان ئورۇن تەلەپكە لايىق بولمىسا دورا قاچىلايدىغان شىشە قاچىلارنىڭ تازىلىقىنى تەلەپكە لايىق قىلماي ياكى قاچىلار ياخشى قۇرۇتۇلماي بىپەرۋالىق قىلىنسا شەربەتلەر بۇزۇلۇپ قالىدۇ.

3) شەربەت ياسايدىغان دورا ماتېرىياللىرىنىڭ تازىلىقى ۋە ساپلىقىغا دىگەندەك ئەھمىيەت بېرىلمىسە شەربەتلەر ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. بۇنداق بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرى ياز كۈنلىرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. شۇڭا شەربەت دورىلارنى تەييارلاشقا تەلەپنى يۇقىرى قويۇپ ئىمكانقەدەر شارائىتنى ياخشىلاش لازىم. ئەگەر بەزى شارائىتلار تولۇق بولمىسا ياكى ئۇزۇنراق ساقلاپ ئىشلىتىشكە تەييارلانغان، مىقدارى كۆپ بولغان دورىلارغا بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چىرىشكە قارشى خىمىيەۋى دورىلارنى سېلىش ئارقىلىق دورىلارنىڭ مەلۇم مەزگىل ئىچىدە سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

چىرىشكە قارشى دورىلارنىڭ خىللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى ئۈچۈن ناترىي بېنزوئىكۇم (Natrium Benzoicum) ۋە نىپاگىن (Nipagin) لارنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق. بۇ خىل دورىلار شەربەتلەرنىڭ داۋالاشتىكى ئۈنۈمىگە يامان تەسىر بەرمەيدۇ. ھەمدە ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھاياتىغا زىيان قىلمايدۇ.

ناترىي بېنزوئىكۇمنىڭ ئىشلىتىلىدىغان مىقدارى 0.3 ~ 0.5 پىرسەنتكىچە بولىدۇ. يەنى ھەر 100 مىللىلىتىر سۇيۇقلۇققا 0.3 ~ 0.5 گىرامغىچە سالسا بولىدۇ. نىپاگىننىڭ مىقدارى 0.02 ~ 0.05 پىرسەنتكىچە بولىدۇ. يەنى ھەر 100 مىللىلىتىر شەربەتكە 0.02 ~ 0.05 گىرامغىچە سالسا بولىدۇ.

**6. شەربەت دورىلارنىڭ سۈپىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ:**

1) ئۆزىگە قوشۇلغان دورا مىقدارى ۋە شېكەر مىقدارى توغرا بولۇشى لازىم.

2) مەلۇم مەزگىل ساقلىغاندا قوۋۇتىنى ساقلىيالىشى ھەمدە شۇ مەزگىل ئىچىدە سۈپىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكى كېرەك.

3) سوزۇك بولۇپ دوغ ھاسىل قىلماسلىقى، پاختىلىشىپ قالماسلىقى، قىيامى قويۇق بولۇپ سوغۇق جايدا تۇرغاندا شېكەر كىرىستاللىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

7. شەربەت دورىلارنى تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

1) شەربەت دورىلار تەركىبىدىكى يەككە دورىلاردىن يىلتىزلار يۇمشاق سوقۇلىدۇ. ئۇرۇقلار يېرىك سوقۇلىدۇ. مېۋە، گۈل، يوپۇرماقلار سوقۇلمايدۇ.

2) شەربەت تەركىبىدىكى ئۇچۇچان خۇسۇسىيەتلىك دورىلاردىن زەپەر، ئىپار قاتارلىقلار. يېلىم دورىلاردىن مەستىكى رۇمى قاتارلىقلار ۋە سۇدا قاينىتىلسا مەلۇم خىمىيەۋى تەركىبلىرى بۇزۇلۇپ كېتىدىغان دورىلاردىن رەۋەن قاتارلىق دورىلارنى قايناتماي، باشقا قاينىتىشقا تېگىشلىك دورىلار قايناپ تەمى چىقىرىۋېلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنى سۈزۈپ، سۈيىگە يۇقىرىقى يۇمشاق تالقانلاپ تەييارلانغان دورىلارنى سېلىپ ئېرىتىپ تەييارلىنىدۇ.

3) تەركىبىدە ئەۋرىشىم (پىلە غوزىسى) بولغان شەربەت دورىلارنى تەييارلاشتا ئاۋۋال پىلە غوزىسىنى ئۇششاق قىرقىپ، ئۇنى بىر سوتكا ئايرىم چىلاپ قويۇپ ئاندىن قاينىتىپ، ئەۋرىشىمنىڭ تەمى پۈتۈنلەي چىقىپ بولغاندىن كېيىن باشقا دورىلارنى ئۈستىگە سېلىپ يەنە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

4) شەربەت دورىلارنىڭ تەييارلىنىشىغا قويۇلغان تەلەپ بىر ئاز يۇقىرى بولۇپ شارائىتلارنى ياخشىلاش، دورا ماتېرىياللىرىنى ياخشى تاللاش ۋە پاكىزلەش، شەربەت دورا تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنىڭ تازا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئەگەر يۇقىرىقى نۇقتىلارغا دىققەت قىلمىغاندا شۇبھىسىزكى شەربەتلەر ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. شۇڭا شەربەت دورا تەييارلايدىغان خام ماتېرىيالنى ياخشى تاللاش ۋە پاكىزلەش، زۇرۇر تېپىلغاندا يۇيۇپ قۇرۇتۇپ، ئاندىن ئىشلىتىش، دورا تەييارلايدىغان ۋە قاچىلايدىغان ئورۇننىڭ تازىلىقى، جابدۇقلار تازىلىقى، خادىملار تازىلىقى، ئىش كىيىمى تازىلىقى قاتارلىقلارغا تەلەپنى قاتتىق قويۇش كېرەك. ئەگەر بەزى شارائىتلار يار بەرمىسە ۋاقتىنچە ئاز - ئاز تەييارلاپ يېڭى ھالدا ئىشلىتىش ئارقىلىق شەربەتلەرنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلسا بولىدۇ.

5) شەربەت دورىلارغا ئىشلىتىلىدىغان شېكەر ئاق، سۈپىتى ياخشى، كىرىستال ياكى پاراشوك ھالىتىدىكى شېكەر بولۇشى لازىم. چۈنكى شەربەتلەرگە ئىشلىتىلىدىغان شېكەرنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى شەربەتلەرنىڭ سۈپىتىگە روشەن ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

6) شەربەت دورا تەييارلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇ چوقۇم پار سۈيى بولۇشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

**8. شەربەت دورىلارنى قاچىلاش ۋە ساقلاش:**

شەربەت دورىلارنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن گەرچە ئاسانلا بۇزۇلۇپ قېلىشتىن ساقلىنالىسىمۇ لېكىن ياساش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىنمىسا بۇزۇلۇپ قالغىنىدەك، قاچىلاش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكمۇ شەربەتلەرنى بۇزۇپ قويىدۇ. كۆپ ھاللاردا يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ تازىلانغان چوڭ سىرلىق قاچىلار ۋە كوزا قاتارلىقلارغا قاچىلانغان شەربەتلەرنىڭ بۇزۇلۇش نىسبىتى ئانچە كۆپ بولمايدۇ. ئەمما ئاز مىقدارلارغا بۆلۈپ كىچىكرەك شىشىلەرگە قاچىلانغان شەربەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشى كۆپرەك بولماقتا. بۇنىڭدىكى سەۋەب، شىشىلەرنى يۇيۇپ قۇرۇتۇش تەلەپكە لايىق بولماسلىقى ۋە ساقلاشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىدىندۇر. مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا دىققەت قىلماسلىق تۈپەيلىدىن ئەگەر مىكرو ئورگانىزملار، بولۇپمۇ زەمبۇرۇغلار تەييارلانغان شەربەتلەرگە ئارىلىشىپ قالغاندا، ئوزۇقلۇق ماددىسىغا باي بولغان شەربەتلەر ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە كۆپىيىشى ئۈچۈن بىر ياخشى مۇھىت بولىدۇ ـ دە، شەربەت دورىلارنى بۇزۇپ قويىدۇ. بۇنداق بۇلغانغان شەربەتلەر شىپالىق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپلا قالماي ئەكسىچە ئىنسانلار ئورگانىزمىنى خەۋپكە دۇچار قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەربەت دورىلارنى تەييارلاش مەشغۇلاتلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش، قاچىلاش ۋە ساقلاشقىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

1) شەربەت دورىلارنى تەييارلاپ بولۇپ ئۇلارنى سىرلانغان تۆمۈر قاچىلار، ئىدىشلار، ئەينەك، چىنە ياكى ساپالدىن ياسالغان قاچىلارغا ئېلىش لازىم. دورا قاچىلايدىغان قاچىلارنى چوتكا بىلەن سوغۇق سۇدا بىر قېتىم پاكىز يۇيۇپ، ئاندىن پار سۈيى بىلەن چايقاپ، ئىمكانىيەت بولغاندا يۇقىرى ھارارەتتە قايىنىتىپ تازىلاپ، قۇرۇتۇپ ئاندىن دورا قاچىلاش لازىم. شىشە ئاغزىنىمۇ يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللار بىلەن پاكىزلەپ قۇرۇتۇپ ئاندىن ئىشلىتىش كېرەك. تۆمۈر قاچىلارغا، قەلەيلەنمىگەن مىس قاچىلارغا، ياخشى تازىلانمىغان، قۇرۇتۇلمىغان شىشىلەرگە قاچىلاشتىن ساقلىنىش لازىم.

2) شەربەت دورىلارنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن تولۇق سوۋۇتۇپ رەڭلىك ئەينەك شىشىلەرگە لىق قاچىلاش كېرەك، بولمىسا ئاسانلا بۇزۇلىدۇ. چۈنكى قىزىق ھالىتىدىكى شەربەت دورىلار، شىشىلەرگە قاچىلىنىپ شىشە ئاغزى ئېتىلگەندىن كېيىن دورا تەركىبىدىكى پارغا ئايلىنىپ بولالمىغان سۇ ھورلىرى چىقىپ كېتەلمەي، شىشىنىڭ تاملىرى ۋە ئېغىزلىرىغا يېپىشىدۇ ـ دە، سوۋۇغاندىن كېيىن بۇ ھورلار سۇغا ئايلىنىپ يەنە دورا ئۈستىگە تامچىلاپ چۈشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شەربەتلەر كۆكىرىشكە باشلايدۇ.

**قوشۇمچە:**

رەڭلىك شىشە كۆن نۇرىنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. رەڭلىك شىشىلەرگە قاچىلانسا دورىنىڭ كۆن نۇرى تەسىرىدە بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

شىشىلەرگە دورىلارنى يېرىم ھالەتتە ياكى بىر قىسمىنى بوش قالدۇرۇپ قاچىلىغاندا

ئۇ، بوشلۇقتا ھاۋا بولۇپ دورا تەركىبىدىكى بەزى ماددىلار ھاۋا بىلەن رېئاكسىيەگە كىرىشىپ بۇزۇلۇش يۈز بېرىدۇ ياكى ھاۋادىكى مىكرو ئورگانىزملار كۆپىيىپ شەربەتنى بۇزىدۇ، بۇلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

3) شەربەت دورىلار ئۆتكۈر قۇياش نۇرى ۋە يۇقىرى ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرى بىلەنمۇ ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. شۇڭا دورىنى قاچىلاپ، دەرھال ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ سالقىن جايدا ساقلاش لازىم. شەربەت دورىلارنى ساقلايدىغان جاينىڭ تېمپېراتۇرىسى بەك ئۆستۈن بولماسلىق كېرەك. چۈنكى ھارارەت يۇقىرى بولغاندا دورىلار ئېچىپ بۇزۇلۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا تېمپېراتۇرا بەكمۇ تۆۋەن بولماسلىق لازىم. چۈنكى بەكمۇ سوغۇق بولغاندا شەربەتلەر تەركىبىدىكى شېكەر قېتىپ كىرىستال بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ھارارەت مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك.

**9. قۇۋۋىتىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى:**

شەربەتلەر سۈيۇق دورىلار ئىچىدىكى نىسبەتەن تۇراقلىق ياسالما بولۇپ، تەلەپ بويىچە تەييارلانغان شەربەتلەرنى بىر يىل تولۇق ساقلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**10. شەربەتلەردىن ئۈلگىلەر:**

**شەربىتى بادرەنجبۇيا (بادرەنجبۇيا شەربىتى)**

تەركىبى:

ھۆل بادرەنجبۇيا سۈيى 300 مىللىلىتىر، قۇرۇق بارەنجبۇيا 500 گىرام، شېكەر 5000 گىرام، سۇ 3000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىنى پاكىز يۇيۇپ كۆرسەتمىدىكى سۇغا بىر سوتكا چىلاپ قايىنتىپ تەمى چىقىرىلىدۇ. ئاندىن دورىنى سۈزۈۋېتىپ سۈيىگە شېكەرنى سېلىپ، مۆلايىم ئوت بىلەن قايىنىتىپ قىيام قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل تېپتىكى سەۋدايى كېسەللىكلەرگە، يۈرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى، ئاشقازان، جىگەر كېسەللىكى، يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ. ھەمدە يۈرەكنىڭ قالايمىقان سوقۇشىنى قالدۇرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 ~ 12 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ.

**شەربىتى ئانار شېرىن (تاتلىق ئانار شەربىتى)**

تەركىبى:

ياخشى پىشقان تاتلىق ئانار سۈيى 1500 مىللىلىتىر، شېكەر 1000 گىرام.

تەييارلىنىشى: ئانارنى دانىلاپ، سىقىلىدۇ، ئۆلچەمدىكى ئانار سۈيى بىلەن شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ مۆلايىم ئوتتا دىققەت بىلەن قايىنىتىپ قىيام قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان كۆپەيتىدۇ، يۆتەل توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۈرەك ئاجىزلىقى، كەم قانلىق، تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن قان يوقاتقانلارغا قاننى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ھەمدە ھەر خىل قاناش كېسەللىكلىرىگە قاننى توختىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئۆپكە كېسەللىكلىرىدە ئۆپكە سۇرۇشنى توختىتىش، رەڭگىرويىنى چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 8 ~ 15 مىللىلىتىر بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**شەربىتى دىنارى (دىنار شەربىتى)**

تەركىبى:

زىرىق 300 گىرام، دارچىن توققۇز گىرام، بىھى ئۇرۇقى 300 گىرام، پىنىە توققۇز گىرام، كاسىنە ئۇرۇقى 300 گىرام، ئارپىبەدىيان 15 گىرام، ئۇدبىلسان 12 گىرام، سېرىقچېچەك 15 گىرام، سەۋسەن يىلتىزى 12 گىرام، گاۋزىبان 15 گىرام، سېرىق ئوت ئۇرۇقى توققۇز گىرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 15 گىرام، قىزىلگۈل توققۇز گىرام، رەۋەن ئۈچ گىرام، قەنتەرىيون توققۇز گىرام، ئاسارۇن ئىككى گىرام، مەستىكى توققۇز گىرام، شېكەر 560 گىرام، زەپەر توققۇز گىرام.

تەييارلىنىشى: قىزىلگۈل، سېرىق ئوت ئۇرۇقى، زەپەر، ئۇدھىندى، رەۋەن قاتارلىق دورىلارنى باشقىلىرى چالا سوقۇلىدۇ. سوقۇلغان دورىلار تەپ ۋە جىگەر كېسىلىنى داۋالاش مەقسەت قىلىنسا كاسىنە سۈيىگە، يۈرەك تىترەشنى مەقسەت قىلىنسا لىمون سۈيىگە ئەگەر باشقا مەقسەتلەردە ئىشلىتىشنى كۆزدە تۇتسا ئادەتتىكى سۇغا ئۈچ كۈن چىلىنىدۇ. مۇلايىم ئوت بىلەن 3 تىن بىرسى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ. ئاندىن سېرىق ئوت ئۇرۇقىنى خالتىغا ئېلىپ دورىنىڭ ئۈستىگە سېلىپ، ئارقىدىن قىزىلگۈلنى سېلىپ يەنە ئازراق قاينىتىلىدۇ. سىقىپ سۈزۈۋېلىپ، سۈيىگە شېكەرنى سېلىپ قاينىتىپ قىيام قىلىنىدۇ. قىيام پىشقاندا ئۇنىڭغا يۇمشاق سالايە قىلىنغان رەۋەننى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. قىيامى سوۋۇغاندا زەپەر، ئۇدھىندىلار ئايرىم سالايە قىلىنىپ قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: جىگەر ۋە ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ. بەدەندىن ھەر خىل تەپ ۋە چىرىگەن بۇزۇق خىلتلارنى تازىلايدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بۆرەك، جىگەر كېسەللىكلىرىدىكى ئىششىقلارنى ياندۇرۇش، سۈيدۈكنى ھەيدەش، بۆرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 ~ 20 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**شەربىتى سەندەل (سەندەل شەربىتى)**

تەركىبى:

ئۆتكۈر پۇراقلىق ئاق سەندەل 300 گىرام، شېكەر ياكى قەنت مۇۋاپىق مىقداردا.

تەييارلىنىشى: سەندەلنى سوقۇپ، چىلاشقىدەك گۈلابقا بىر كىچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن سۈزۈپ ئۇنى يەنە باشقا سۇ بىلەن تەمى چىققانغا قەدەر قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىگە گۈلاب سۈيىنى قوشۇپ ئاندىن شېكەرنى سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

تەسىرى: يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، يۈرەك قوزغىلىشنى پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئىسسىقتىن بولغان خەفەقان، يۈرەك سېلىش، جىگەر، ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 ~ 12 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ.

**شەربىتى بۇزۇرى (بۇزۇرى شەربىتى)**

تەركىبى:

چىگىشەي يىلتىزى پوستى 80 گىرام، ئارپىبەدىيان 40 گىرام، ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى 80 گىرام، سېرىق ئوت ئۇرۇقى 20 گىرام، چىگىشەي ئۇرۇقى 40 گىرام، شېكەر 1000 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى چالا سوقۇپ 1000 مىللىلىتىر سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلىنىدۇ. ئاندىن 600 مىللىلىتىر قالغۇچە يۇمشاق ئوتتا قاينىتىپ تاتلىقى چىقىرىلىدۇ. سۈزۈپ سىقىپ، ئۇستىگە شېكەرنى سېلىپ، قاينىتىپ قىيام قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، يەل قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان كېسەللىرى، جىگەر كېسەللىرى، مۇپاسىللار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا بىر كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 8 ~ 15 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ، باللارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**شەربىتى ئەۋرىشىم (پىلە غوزىسى شەربىتى)**

تەركىبى:

ئەۋرىشىم (ئاق پىلە غوزىسى) 500 گىرام، زەپەر 10 گىرام، خولىنجان 30 گىرام، شېكەر 300 گىرام، مەستىكى 30 گىرام، ئېگىر 30 گىرام، سۇ 4000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: پىلە غوزىسىنى قايچا بىلەن ئۇششاق قىرقىپ، ئىچىدىكى قۇرتى تازىلاپ ئېلىۋېتىلىدۇ ۋە نېپىز ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭغا ئېگىر، خولىنجان قاتارلىق دورىلارنى چالا سوقۇپ قوشۇپ، ئۇلارنى سىرلىق تۇڭ، ئەينەك شىشە ياكى قەلەيلەنگەن قاچىغا سېلىپ نۇسخىدىكى سۇغا (گۈلاب ئىشلىتىلسە تېخىمۇ ياخشى) ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن يۇمشاق ئوتتا سۇنىڭ يېرىمى قالغۇچە

www.uyghurkitap.com

قاينىتىلىدۇ. تەمى چىققاندىن كېيىن پىلە غوزىسىنى سىقىپ، سۈزۈپ، سۈيىگە شېكەر سېلىپ يەنە يۇمشاق ئوتتا قاينىتىلىدۇ. قىيامى تەڭشەلگەندە، قىيامىنى سۈزۈۋېلىپ، زەپەر بىلەن مەستىكى رۇمىنى يۇمشاق تالقانلاپ، قىيام ئۈستىگە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: يۈرەك، مېڭە، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان نېرۋا، يۈرەك، ئۆپكە، ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەر كېسەللىكلىرى ئۈچۈن، ھەمدە سەمىرىتىش، جىنسىي ئاجىزلىقنى ياخشىلاش، رەڭگىنى چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا بىر كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 ~ 12 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق تەڭشەپ بېرىلىدۇ.

**شەربىتى سۈمبۈل (سۈمبۈل قىيامى)**

تەركىبى:

سۈمبۈل 200 گىرام، شېكەر 2000 گىرام.

تەييارلىنىشى: سۈمبۈلنى چالا سوقۇۋېتىپ، 3000 مىللىلىتىر سۇغا بىر كېچە - كۈندۈز چىلاپ 1500 مىللىلىتىر سۈيى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ. تەمى چىققاندىن كېيىن سۈمبۈلنى سۈزۈۋېتىپ سۈيىگە شېكەر سېلىپ سۇس ئوتتا قىيام قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: يۈرەك قۇۋۋەتلەش، نېرۋا پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل نېرۋا، يۈرەك كېسەللىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~ 8 مىللىلىتىر، ھەتتا 15 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**شەربىتى سەپەرجىل (بېھى سۈيى قىيامى)**

تەركىبى:

بېھى سۈيى 5000 مىللىلىتىر، شېكەر 20000 گىرام.

تەييارلىنىشى: پىشقان ياخشى تاتلىق بېھىنى ئۈستىدىكى تۈكلىرىنى پاكىزلەپ، قىرغۇچتا قىرىپ ياكى قىيما ماشىنىسىدا چىقىرىپ، ئاندىن ماتا ياكى سىقما ماشىنىسى ئارقىلىق سىقىپ سۈيى ئېلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنى بىر قېتىم سۈزۈۋېتىپ، كۆرسەتمىدىكى بېھى سۈيىگە شېكەرنى سېلىپ يۇمشاق ئوتتا قاينىتىپ قىيامغا كەلتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل، بېھى ئاچچىق بولسا، شېكەرمۇ كۆپرەك سېلىنىدۇ. تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ.

تەسىرى: يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، روھنى خۇش قىلىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۈرەك كېسەللىرى، ئاشقازان - ئۈچەي كېسەللىرى، نېرۋا كېسەللىرى، جىگەر كېسەللىرى، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، سىرتقى تەرەپتىكى ئۇششۇقلارنى ياندۇرۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئىشتىهاسىزلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا بىر كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 ~ 40 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

تاشقى ئىششىقنى ياندۇرۇش ئۈچۈن قىيام قىلىنمىغان بېھى سۈيى قايناق سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

**شەربىتى زىرىشكە (زىرىق قىيامى)**

تەركىبى:

زىرىق سۈيى 5000 مىللىلىتىر، شېكەر 2500 گىرام.

تەييارلىنىشى: زىرىقنى چايقاپ، سىقىپ ئالدىن سۈزۈۋېتىپ، بەش لىتىر زىرىق سۈيىگە كۆرسەتمىدىكى شېكەرنى سېلىپ يۇمشاق ئوتتا قاينىتىپ قىيام قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: ئىچىنى توختىتىش، ئىشتىها ئېچىش، ئۈچەي كېسىلى سەۋەبىدىن تەرەت بىلەن كەلگەن قاننى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان - ئۈچەي كېسەللىرىگە، ئىسسىقتىن بولغان قان تولغاق كېسەللىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 ~ 30 مىللىلىتىرغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ دورىنى قىيام قىلىشتا بەكمۇ دىققەت قىلىپ ئوتنى يۇمشاق بىر خىل قالاپ دورىنىڭ رەڭگى قارىيىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىش زۆرۈر.

**شەربىتى زوھرىلقۇتنى (كېۋەز چېچەكى قىيامى)**

تەركىبى:

زوھرىلقۇتنى (كېچەزنىڭ ئېچىلغان گۈلى يەرگە چۈشمەستە شېخىدا تۇرغۇزۇپ تېرىۋېلىنغان چېچەكى) 500 گىرام، زەپەر بەش گىرام، شېكەر 1500 گىرام، پار سۈيى 2000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: كېۋەز چېچەكىنى پاكىز چايقاپ، كۆرسەتمىدىكى سۇغا بىر كېچە - كۈندۈز چىلاپ، قاينىتىپ 1300 مىللىلىتىر قالغاندا سۈزۈپ، سىقىلىدۇ. سۈيىگە شېكەر سېلىپ مۇلايىم ئوتتا قاينىتىپ قىيام قىلىنىدۇ. قىيام سوۋۇغاندىن كېيىن زەپەرنى يۇمشاق ئېزىپ قىيامغا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: نېرۋا پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل نېرۋا كېسەللىرى، ئۇيقۇسىزلىق،

www.uyghurkitap.com

هوشسىزلىق، ئاياللارنىڭ خەفەقان كېسەللىرى (ئېھتىناقى رەھىم) گە ھەم كۆڭۈلنى خۇش قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا ئەھۋالغا قاراپ كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 مىللىلىتىر بېرىلىدۇ.

**شەربەتى زەبىب (ئۈزۈم سۈيى قىيامى)**

تەركىبى:

ئۈزۈم سۈيى 20000 مىللىلىتىر، جۇيۇز 25 گىرام، قوي گۆشى 2000 گىرام، خولىنجان 25 گىرام، كۆك كەپتەر باچكىسى تۆت دانە، زورەمبات 25 گىرام، كەكلىك بىر دانە، ئارپىبەدىيان 50 گىرام، دارچىن 25 گىرام، چىكىسەي ئۇرۇقى 50 گىرام، شاقاقۇل 25 گىرام، زىرە 50 گىرام، بەسپاسە 25 گىرام.

تەييارلىنىشى: ئاۋۋال ھۆل ئۈزۈمنى پاكىز چايقاپ، سىقىپ، سۈيىنى چىقىرىپ ئۇرۇق تىرىپلىرىدىن ئايرىلىدۇ. ئاندىن ئۈزۈم سۈيىنى سۈزۈپ كۆرسىتىلگەن مىقداردىكى ئۈزۈم سۈيىنى قازانغا تۆكۈپ، كۆك كەپتەر باچكىسى، كەكلىك ھەم قوي گۆشلىرى كاۋاپ قىلىنىدۇ. قالغان دورىلىرىنى چالا سوقۇپ، ھەممىسىنى ئۈزۈم سۈيىگە سېلىپ مۆلايىم ئوتتا قاينىتىلىدۇ. ئاندىن ئۈنىڭدىكى تەمى چىقىپ بولغان گۆش ۋە قالغان دورا تىرىپلىرىنى سۈزۈپ، سىقىپ سۈيى ئېلىنىدۇ. تەييارلىنىپ چىققان دورىلارنى كوزىغا ياكى ئاغزى كىچىك قاچىلارغا ئېلىپ، ئاغزىنى ياخشى بېكىتىپ ئاپتاپتا بىر ئاي تۇرغۇزۇلىدۇ ياكى چوڭقۇر ئورا كولاپ، ئۇنىڭ ئاستىغا يېڭى ئات قىغى سېلىپ، كۆبنى ئورەككە سېلىپ ئەتراپىغا قىغ تولدۇرۇپ 12 ياكى 15 كۈن كۆمۈپ قويۇلىدۇ. بۇ دورا ئاپتاپ ياكى ئاتنىڭ تېزىكىدە قانچە ئۇزۇن تۇرسا شۇنچە كۈچىيىدۇ. ئەگەر قىشتا ئىشلىمەكچى بولغاندا قۇرۇق ئۈزۈمدىن تەييارلىسىمۇ بولىدۇ.

قۇرۇق ئۈزۈمنى پاكىزلەپ، ئۇنى سۇدا يۇيۇپ ئاندىن قازانغا سېلىپ ئۈستىگە يېتەرلىك مىقداردا سۇ قۇيۇپ قاينىتىلىدۇ. قۇرۇق ئۈزۈم يۇمشاپ ئېسىلىپ، قايناپ تەمى سۇغا چىققاندىن كېيىن، ئۇنى سۈزۈپ سىقىپ ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ سۈيىگە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە سېلىپ يۇقىرىقىدەك مەشغۇلات بويىچە تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: نېرۋىنى پەسەيتىش، جىنسىي ئاجىزلىقنى ياخشىلاش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە. ھەمدە تېرىگە رەڭ بېرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۈرەك ۋە ئومۇمىي بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئۈچەي ئاغرىقلىرى، تېرە كېسەللىكلىرى، بولۇپمۇ بەرەس كېسەللىكىدە قاننى قىزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 ~ 50 مىللىلىتىرغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**شەربىتى خەشخاش (كۆكنار شاكىلى قىيامى)**

تەركىبى:

كۆكنار شاكىلى 500 گىرام، شېكەر 5000 گىرام.

تەييارلىنىشى: كۆكنار شاكىلىنى بىر قاتار چالا سوقۇپ 3000 ميللىلىتىر سۇغا بىر سوتكا چىلاپ قاينىتىلىدۇ. تەمى چىققاندىن كېيىن شاكىلىنى سۈزۈۋېتىپ، 2500 ميللىلىتىر قالغۇچە قاينىتىپ، ئۈستىگە شېكەر سېلىپ مۇلايىم ئوتتا قىيام قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

تەسىرى: تىنچلاندۇرۇش، يۆتەلنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: هۆل ئىسسىقتىن بولغان يۆتەللەرگە، ئارقا تەرەتتە قان كېلىش كېسەللىرى، سۈيدۈكنىڭ كۆيۈپ كېلىشى، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، هەر قېتىمدا تۆت ميللىلىتىردىن ئىچمىشكە بېرىلىدۇ، بالىلارغا بېرىلمەيدۇ.

بۇ دورىنى كۆپ ئىچكەندە مەست قىلىپ قويىدۇ، هەتتا خۇمارغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز - ئازدىن ئىچىش كېرەك.

**شەربىتى سىيب (ئالما سۈيى شەربىتى)**

تەركىبى:

ئالما سۈيى 500 ميللىلىتىر، شېكەر 2000 گىرام.

تەييارلىنىشى: ئالمىنى يۇيۇپ، پوستىنى سويۇپ، ئىچىدىكى ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ قىرغۇچ ئارقىلىق قىرىپ سۈيىنى چىقىرىپ، ئۈستىگە شېكەر سېلىپ قىيامغا كەلگىچە يۇمشاق ئوت بىلەن قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: هۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى: يۈرەك قۇۋۋەتلەش، جىگەرنى، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىها ئېچىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: يۈرەك كېسەللىرى، جىگەر كېسەللىرى ۋە مېڭە كېسەللىرى، ئاشقازان - ئۈچەي كېسەللىرى ئۈچۈن، هەمدە رەڭگىنى چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇقتىن بولغان يۆتەلگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، هەر قېتىمدا 10 ~ 20 ميللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ، بالىلارغا ئەهۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**شەربىتى ئەنجبار (ئۆرگۈنەك قىيامى)**

تەركىبى:

ئەنجبار 280 گىرام، قىزىل سەندەل 160 گىرام، قۇرت شامى 200 گىرام، شېكەر

www.uyghurkitap.com

7200 گىرام، ئاق سەندەل 160 گىرام، سۇ 5000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ چالا سوقۇپ، بەش لىتىر سۇغا ئىككى كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ تۆت لىتىر سۇيى قالغۇچە يۇمشاق ئوتتا قاينىتىلىدۇ. تەمى چىقىپ بولغاندىن كېيىن دورا تىرىپلىرىنى سۈزۈپ، سىقىپ، سۇيىگە شېكەر سېلىپ قىيامىنى كەلتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئۈچەي، ئۆپكە، ئاياللار بالىياتقۇلىرىدىن كەلگەن قاننى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئۆپكە كېسەللىكى سەۋەبىدىن قان تۈكۈرۈش، ئاشقازان ـ ئۈچەيلەردىن قان كېتىش، ئاياللار بالىياتقۇلىرىدىن قان كېتىشلەرنى، بۇرۇندىن كەلگەن قاننى توختىتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ھەمدە ھەر خىل زەھەرلەنگەنلەرگە قايتۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 8 ~ 12 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

مائۇلھەسەل (ھەسەل سۇيى)

تەركىبى:

ساپ ھەسەل 100 گىرام، سۇ 200 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: ھەسەلنى ئېلىپ، ئۇستىگە كۆرسىتىلگەن مىقداردىكى سۇنى قۇيۇپ، يۇمشاق ئوت بىلەن قاينىتىپ، كۆپۈكىنى ئېلىپ، ئۈچتىن ئىككىسى قالغاندا قاينىتىشنى توختىتىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ. بۇنداق تەييارلانغىنى «ساددە ھەسەل سۇيى» دېيىلىدۇ. كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇناسىپ دورىلار بىلەن قوشۇپمۇ تەييارلىنىدۇ. بۇنى «مۇرەككەپ ھەسەل سۇيى» دەپ ئاتايدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: تېرىنى پارقىرىتىش، ئىچىنى يۇمشىتىش، شىلىمشىق خىلتلارنى يوقىتىش، قويۇق بەلغەمنى پىشۇرۇش، ئاشقازان ۋە ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، سوغۇقتىن بولغان پەي ۋە مېڭە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، زەھەرلىك دورىلارنىڭ زەھىرىنى پەسەيتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ماڭدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان ئاجىزلىقى، نېرۋا ئاجىزلىقى، سوغۇقتىن بولغان پەي ۋە مېڭە كېسەللىرى؛ چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى، قورساق غولدۇرلاش، جىنسىي ئاجىزلىقلارنى داۋالاش، ۋە قۇسۇشنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كۈندە 120 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ.

## مۇسەللەس چىقىرىش

**1. تەرىپى:**

ئۈزۈم سۈيىنىڭ 1/3 قىسمى (ئۈچتىن بىر قىسمى) قۇرۇتۇلۇپ 2/3 قىسمى قالدۇرۇلغان، تەمى ئاچچىق ـ چۈچۈك تەرەپكە مايىل بولغان قويۇقراق سۇيۇقلۇق مۇسەللەس بولىدۇ. ئۇنىڭغا بەزى ۋاقىتلاردا لاچىندانە، جويۇز، قەلەمپۇر قاتارلىق خۇشبۇي، ئىسسىق دورىلارنىمۇ قوشىدۇ.

2. مۇسەللەس سېلىش ئۇسۇللىرى:

1) هۆل ئۈزۈم سۈيىدىن ئۈچ ھەسسە ئېلىپ، ئۈستىگە ساپ سۇدىن بىر ھەسسە قوشۇپ قاينىتىلىدۇ. ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 1/3 قىسمى خوراپ، 2/3 قىسمى قالغاندا قاينىتىشنى توختىتىپ سۈزۈپ، سوۋۇتۇپ شېشىگە ئېلىپ قويۇلىدۇ.

2) ۋاسالغۇنى يۇيۇپ تازىلاپ، ئىدىشقا سېلىپ، ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ، بىر ـ ئىككى بولاق قەنت سېلىپ، ئاغزىنى بېكىتىپ ئاپتاپقا قويۇلسا مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئېچىيدۇ. ئاندىن تىرىپنى مىجىپ ئېلىۋېتىپ، يەنە بىر خالتىغا ئىسسىقلىق دورىلارنى تاللاپ سېلىپ، خالتىنىڭ ئاغزىنى تىكىپ ئۇنى ئىدىشقا سېلىپ يەنە ئاپتاپتا قويۇلىدۇ. مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇپ، ئاندىن سۈزۈپ، تىرىپنى مىجىپ، سۈيىنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ. ئەگەر قىش كۈنلىرى تەييارلاشقا توغرا كەلگەندە ئورىغا ئات قىغى سېلىپ، ئىدىشنى شۇ ئورىغا كۆمۈپ تەييارلىسىمۇ بولىدۇ. تەجرىبىلەرگە قارىغاندا ئاپتاپتا تەييارلانغىنى ئەۋزەل.

پېلەكتىكى تاۋۇزنىڭ بىر يېرىنى شىنىك ئۇرۇپ ئازراق ئويۇپ، شۇ ئورۇنغا ئىككى چاڭگال شېكەر تاشلاپ، شىنىك ئۇرغان پوستىنى قاپلاپ، لاي بىلەن چاپلاپ، مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلسا، ئۇنىڭدىنمۇ تاۋۇز مۇسەللىسى ھاسىل بولىدۇ.

تەبىئىتى: 2 ـ دەرىجىدە ئىسسىق، 1 ـ دەرىجىدە قۇرۇق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، ئىچىنى يۇمشىتىش، باھنى قوزغاش تەسىرىگە ئىگە. ھەمدە مەست قىلىدۇ. ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: كۆكرەك پەردە ئىششىقى، ئۆپكە ئىششىقى بولغان كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. ھەمدە گىياھ دورىلىرىنىڭ قۇۋۋىتىنى ئايرىپ ئېلىش تەسىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن دورىلارنى چىلاشقا ئېرىتكۈچى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

3. مۇسەللەس تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

1) قاينىتىپ تەييارلاش جەريانىدا توختىماي كۆپۈكى ئېلىنىدۇ.

2) هۆل ئۈزۈمنى خام ياكى داكا بىلەن سىقىپ سۈيى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىنىدۇ.

3) مۇسەللەس تەييارلاش جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىرغىچە تازىلىققا رىئايە قىلىپ تۇرۇش لازىم.

www.uyghurkitap.com

## ئالتىنچى باب سىركەنجۇۋىل ياسالمىلىرى (سىركىلىك قىيام)

**1. تەرىپى:**

سىركەنجۇۋىللەر قايىنىتىلغان دورا سۈيىگە شېكەر ۋە سىركە قوشۇپ تەييارلىنىدىغان دورا ياسالمىسى بولۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

**2. ئالاھىدىلىكى:**

سىركەنجۇۋىللەر سۈيۇق دورا قاتارىدىكى ياسالما بولۇپ، ئۇلار سۈيۇق دورىلاردىكى ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**3. تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

دورىلارنى چىلاپ قويۇپ، قايىنىتىپ، سۈزۈپ، ئۇستىگە شېكەرنى سېلىپ يەنە قايىنىتىلىدۇ. قىيامى تەييار بولغاندا قىيامغا سىركىنى قوشۇپ، قايناشقا تەمشىلىپ، ئوتتۇرىسى كۆپۈكلىشىپ، چۆرىسى ۋىژىلداشقا باشلىغاندا ئوتتىن چۈشۈرۈلىدۇ، سىركە قوشۇلغاندىن كېيىن قايىنىتىلمايدۇ.

**4. سىركەنجۇۋىل تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

1) ئەگەر سىركەنجۇۋىلگە رەۋەن سېلىنىشقا توغرا كەلگەندە رەۋەن قايىنىتىلمايدۇ. دورا پىشىپ تەييار بولغاندا ئوتتىن چۈشۈرۈپ يۇمشاق سالايە قىلىنغان رەۋەن تالقىنىنى قىزىق قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

2) سىركە قوشۇلىدىغان دورا تەركىبىدە قىزىلگۈل بولسا ئۇنى تۆمۈر قازاندا قايناتقاندا دورا قارىداپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق نۇسخىلارنى سىرى چۈشمىگەن سىرلىق قاچىلاردا قايىنىتىش لازىم ياكى بۇنداق نۇسخىلارنى تەييارلاشتا سىركىنى ئاز - ئازدىن تېمىتىپ قوشۇش ياكى سىركىنى دورا چىلايدىغان قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، بۇنىڭغا دورىلارنى چىلاپ ئاندىن بىرگە قايىنىتىش ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك قارىداپ قېلىشتىن ساقلانسا بولىدۇ.

3) تەركىبىگە سىركە قوشۇلغان دورىلارنى تۆمۈر ۋە ئالىيۇمىن قاچىلارغا ئالماسلىق كېرەك. ئەينەك شىشە، چىنە ـ قاچىلارغا قاچىلاش لازىم.

4) سىركەنجۇۋىللەرنى قۇۋۋەتلىك، كۈچلۈك تەييارلاش، ئىچىش ۋاقتىدا قايناق سۇ قوشۇپ ئىچىش لازىم.

5) باشقا دورا قوشماي تەييارلىنىدىغان سىركەنجۇۋىللەرنى تەييارلاشتا سۇ ۋە شېكەرنى كۆرسەتمىدىكى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ قايىنىتىلىدۇ. شېكەر قىيامغا كەلگەندە كۆرسىتىلگەن مىقداردىكى سىركىنى قوشۇپ بىر ئۆرلىتىپلا ئوتتىن ئېلىنىدۇ.

6) سىركە قوشۇلغان دورىلارنى ئۆزۈن قايناتسا كۆڭۈلنى ئىلىشتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىركىنى ئاخىرىدا قوشۇپ بىر قايناش ياكى ۋىژىلداش بىلەنلا ئوتتىن ئېلىنىدۇ.

**5. سىركەنجىۋىللەرنى ساقلاش ۋە قاچىلاش:**

سىركەنجىۋىللەرنى قاچىلاش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى، شەربەت دورىلار بىلەن ئوخشايدۇ.

**6. قۇۋۋىتىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى:**

ياخشى ۋە تەلەپكە لايىق تەييارلانغان سىركەنجىۋىللەر ئۈچ ئاي ساقلىنالايدۇ.

**7. سىركەنجىۋىللەردىن ئۈلگىلەر:**

**سىركەنجىۋىل ئەنسىل (تاغ پىيىزى سىركەنجىۋىلى)**

تەركىبى:

تاغ پىيىزى (ئەنسىل) 30 گىرام، پىنىە توققۇز گىرام، زۇپا 15 گىرام، ئارپىبەدىيان توققۇز گىرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 15 گىرام، سەۋسەن يىلتىزى توققۇز گىرام، گۇلى گاۋزىبان 15 گىرام، قەردمانە توققۇز گىرام، پەرسىياۋشان 15 گىرام، سىركە 900 مىللىلىتىر، ئۇستقۇددۇس 15 گىرام، سۇ 900 مىللىلىتىر، غارىقۇن 15 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، ئۇلارنى چالا سوقۇپ سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇلىدۇ. ئەتىسى 3 / 1 قىسمى قالغانغا قەدەر قاينىتىپ، ئۇستىگە سىركىنى قۇيۇپ يەنە قاينىتىپ، دورىنىڭ تەمى سىركىلىك سۇغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن سىقىپ قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: يۆتەل، دەم سىقىلىشلارنى ياخشىلايدۇ. بەلغەم، سەۋدا ماددىلىرىنى تەڭشەيدۇ. ئۆچەي يوللىرىنى ئاچىدۇ. ئاشقازاننى ۋە مېڭىنى كۈچەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: زىققە، ئاشقازان ئاجىزلىقلىرى، نېرۋا ئاجىزلىقلىرى، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~ 10 مىللىلىتىرغىچە پەرسىياۋشان سۇيىدە تەڭشەپ ئىچىلىدۇ.

**سىركەنجىۋىل بۇزۇرى (بۇزۇرى سىركەنجىۋىلى)**

تەركىبى:

سېرىق ئوت ئۇرۇقى 15 گىرام، سىركە 560 مىللىلىتىر، ئارپىبەدىيان 15 گىرام، سۇ مۇۋاپىق مىقداردا، چىگىدە ئۇرۇقى 15 گىرام، رۇمبەدىيان 15 گىرام، شېكەر 590 گىرام، كاسنە ئۇرۇقى 30 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنى يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، ئۇستىگە سىركىنى

قوْيۇپ قايىنىتىپ، دورىنىڭ تەمى سىركىلىك سۇغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى سۈزۈپ، سۇيىگە كۆرسەتمىدىكى شېكەرنى سېلىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ، ئاغرىقنى قالدۇرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: جىگەر ۋە تال ئاغرىقلىرى، ئاشقازان زەئىپلىكى، تەپ ۋە بەزگەك كېسەللىكلىرى، سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 20 مىللىلىتىرغا ئەرقى گاۋزىباندىن 100 مىللىلىتىر قوشۇپ ئىچىلىدۇ.

### سىركەنجىۋىل رۇممانى (ئانار سىركەنجۋىلى)

تەركىبى:

تاتلىق ئانار سۈيى 280 مىللىلىتىر، شېكەر 2700 گىرام، ئاچچىق ئانار سۈيى 280 مىللىلىتىر، قۇستە 60 گىرام، زىرىق سۈيى 150 مىللىلىتىر، ھەسەل 250 گىرام، سىركە 150 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: قۇستەنى چالا سوقۇپ، ئۇنى مەلۇم مىقداردىكى سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن تەمى چىققىچە قايىنىتىپ، سۈزۈپ، سۈيىگە يۇقىرىقى دورىلارنىڭ سۈيىنى قويۇپ، ئۈستىگە شېكەر ۋە ھەسەلنى تۆكۈپ قايىنىتىپ قىيام قىلىنىدۇ. قىيامى تەييار بولغاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە سىركىنى قويۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى يوقىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان، جىگەر ئاغرىقلىرى، تەپ ۋە ئاشقازان، جىگەر زەئىپلىكى، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~ 10 مىللىلىتىرغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

### سىركەنجىۋىل رەۋەنى (رەۋەن سىركەنجۋىلى)

تەركىبى:

غارىقۇن 30 گىرام، ئەپتىمۇن 30 گىرام، رەۋەن 30 گىرام، غاپەس 30 گىرام، ئۇردان 30 گىرام، ئەپتىمۇن ئۇرۇقى 30 گىرام، پوستى بىخ كەبىر 30 گىرام، كاسنىنە ئۇرۇقى 30 گىرام، بىدىمۇشكى 30 گىرام، شېكەر 1500 گىرام، يۇلغۇن ئۇرۇقى 30 گىرام، سىركە 1500 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ، يېرىمى قالغۇچە قايىنىتىپ، سۈزۈپ، قەنت بىلەن قىيام قىلىپ، قىيامى پىشقاندا، ئۈستىگە سىركىنى قويۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىدۇ، تال خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: تال قېتىش كېسەللىكى ۋە تال ئاغرىقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~ 10 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب ئەرەق ياسالمىلىرى

**1. تەرىپى:**

بۇ، خام دورىلارنى سۇغا چىلاپ مەخسۇس پار قازىنى ياكى ئىمبىقدا قايىنىتىپ، سوغۇق تەسىر قىلدۇرۇپ پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن يامغۇرغا ئوخشاش تامچىلىتىپ ئېلىنىدىغان دورا ياسالمىسى بولۇپ، سېلىنغان دورىنىڭ پۇرىقى ۋە تەمىگە ئىگە، سۈيۈق، سۈزۈك دورىدىن ئىبارەت («ئەرەق» ئەرەبچە «تەر» دېگەنلىك بولۇپ، خۇددى تەر تامچىلىرىدەك يىغىپ ئېلىنىدىغان دورا دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ.)

**2. ئەرەقلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

ئەرەقلەر سۈيۈق دورىلار قاتارىدىكى ياسالما بولۇپ، سۈيۈق دورىلاردىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

**3. ئەرەق دورا تۈرلىرى:**

ئەرەق دورىلار ئاددىي ئەرەقلەر ۋە مۇرەككەپ تەركىبلىك ئەرەقلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

يالغۇز بىر خىل دورىدىن ئېلىنغان ئەرەق ئاددىي ئەرەقلەر بولىدۇ. مەسىلەن: ئەرقى گۈلاب، ئەرقى بەدىيان، ئەرقى نانخا ۋە باشقىلار.

كۆپ خىل دورا ماتېرىياللىرىنى قايىنىتىپ ئېلىنغان پار سۈيى مۇرەككەپ ئەرەقلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئەرقى ئەۋرىشىم، ئەرقى سەندەل ۋە باشقىلار.

**4. ئەرەق دورا تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

تەركىبىدە ئۇچۇچان ماددا تۇتقان گۈل ـ چېچەك، ياپراق، شاخ، يىلتىز، ئۇرۇق قاتارلىق چۆپ دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئەخلەتلىرىنى ئايرىپ تازىلاپ، بەزىلىرىنى زۆرۈر تېپىلسا ئازراق ئېزىۋەتكەندىن كېيىن مەخسۇس ياسالغان پارلاندۇرۇش قازىنىغا سېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەلگىلەنگەن مىقداردا سۇ قۇيۇپ مەلۇم ۋاقىت (بىر سوتكا ئەتراپىدا) چىلاپ تۇرغۇزۇپ، ئاندىن يەڭگىل ئوت بىلەن ياكى پار (ھور) بىلەن قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قايناپ چىققان دورىنىڭ پارلىرى سوۋۇتقۇچى نەيچىلەردىن ئۆتۈپ سوۋۇپ سۇغا ئايلىنىپ تېمىپ چىقىدۇ. تېمىپ چىققان سۈيۇقلۇق بەلگىلەنگەن مۆلچەرگە يەتكەندە ئوتنى توختىتىپ تېمىتىش ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر تېمىپ چىققان سۈيۇقلۇق ئۈستىگە دورىنىڭ ياغ قىسمى قوشۇلۇپ چىققان بولسا، ئۈستىگە لەيلەپ چىققان بۇ ياغنى داكا، پاختا ياكى فىلتىر (سۈزگۈچ) قەغەزلەر بىلەن سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ دورا پاك ـ پاكىز قىلىنىدۇ.

ئەگەر تەييارلىماقچى بولغان دورا چۆپ، گۈل، يوپۇرماقلار بولسا تەخمىنەن بىر كىلوگىرام دورىغا ئالتە لىتىر قايناق سۇ قۇيۇپ، ئۇنىڭدىن 3000 مىللىلىتىر ئەرەق ئېلىنسا، ئۇرۇقلۇق دورىلار بولسا ئۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 مىللىلىتىر ئەرەق ئېلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

**5. ئەرەق تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

1) بىر قىسىم قاتتىق دورىلارنى ئەرەق ئېلىشتىن ئاۋۋال قايناق سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇلىدۇ. بۇنداق قىلىنسا بۇ خىل دورىلارنىڭ تەمىنى بىرقەدەر تولۇق ئېلىنىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

2) ئوتنى بىر خىل قالاپ دورىنىڭ قۇۋۋىتىنى تولۇق ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. ئوت كۈچى تەكشى بولماي ياكى خەۋەر ئالغۇچى خادىم ئىش ئۈستىدىن ئايرىلىپ كېتىپ دورا كۆيۈپ كېتىشتەك ھادىسىلەردىن ساقلىنىش كېرەك.

3) دورا رەڭگىنىڭ سۈزۈك ۋە ياخشى چىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دەسلەپ چۈشكەن پار سۈيىنى ئاۋۋال كىچىك قاچىلارغا چۈشۈرۈپ، تەشۈرۈشتە لايىق كۆرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن چوڭ قاچىلارغا چۈشۈرۈش چارىسىنى قوللىنىش لازىم. بىر تامچە بۇزۇق چىققان ئەرەق دورا ھەممىنى بۇزىدۇ.

4) ئەرەق تارتىش قازانلىرى تەلەپكە لايىق بولۇشى، قاچىلارنىڭ تازىلىقى ياخشى بولۇشى، ئاغزى مەھكەم بېكىتىلگەن بولۇشى لازىم.

5) تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان دورىنىڭ تامچىلاش سۈرئىتى بىر خىل بولۇشى، بىر دەم تامچىلاپ، بىردەم ئۈزۈكسىز چۈشمەسلىكى لازىم. كورۇلداپ چۈشكەندە دورىنىڭ شىپالىق تەسىرى تولۇق چۈشمەيدۇ.

6) ئەرەقلەر تەركىبىدىكى گۈل ـ چېچەك، شاخ، ياپراق، ئۇرۇق قاتارلىق دورىلار سوقۇلمايدۇ. يىلتىز، غول ۋە ياغاچ خىلىدىكى دورىلار چالىراق سوقۇلىدۇ.

**6. ئەرەقلەر قۇۋۋىتىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى:**

تەلەپكە لايىق تەييارلانغان ئەرەقلەر ياخشى ساقلانسا ئاسان بۇزۇلمايدۇ. ئەگەر قاچىنىڭ ئاغزى ئوچۇق قالدۇرۇلسا ئۇزۇن ساقلىغىلى بولمايدۇ.

**7. ئەرەق دورىلارنى قاچىلاش ۋە ساقلاش:**

تەييارلىنىپ چىققان ئەرەق دورىلارنىڭ ئۈنۈمىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارنى ئەينەك شىشە، چىنە قاچىلار ۋە كوزىلارغا بەلگىلىك مىقداردا قاچىلاپ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ سالقىن جايدا ساقلاش لازىم.

**8. ئەرەق دورىلاردىن ئۈلگىلەر:**

**ئەرقى كاسنە (كاسنە پار سۈيى)**

تەركىبى:

كاسنە 1000 گىرام، سۇ 6000 مىللىلىتىر.

www.uyghurkitap.com

تەييارلىنىشى: كاسىنەنى كۆرسەتمە بويىچە ئۆلچەپ ئېلىپ، بىر قاتار تازىلاپ، زۆرۈر تېپىلسا كېسىپ ئۇششاق پارچىلاپ، پار قازىنىغا سېلىپ، ئۈستىگە تېگىشلىك سۇنى قويۇپ پارلاندۇرۇش ئارقىلىق تېمىتىپ چۈشۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل سوغۇق.

تەسىرى: قىزىتما چۈشۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، باكتېرىيەلەرنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئىسسىقتىن بولغان ھەر خىل قىزىتمىلارغا، بۆرەك جىگەر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 ~ 40 مىللىلىتىرغىچە، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بېرىلىدۇ.

ئەرقى بەدىيان (ئارپىبەدىيان پار سۈيى)

تەركىبى:

بەدىيان (ئارپىبەدىيان) 1000 گىرام، سۇ 5000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ پاكىزلەپ، پار قازىنىغا سېلىپ، ئۈستىگە كۆرسەتمىدىكى سۇنى قويۇپ پارلاندۇرۇپ تامچىلىتىپ چۈشۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: سۈيدۈك يولىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بۆرەك، جىگەر ئاغرىقلىرى، ھەر خىل سوغۇق ئىششىقلارغا، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز كىشىلەرگە، سۈتى كەمچىل ئاياللارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 20 ~ 25 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ.

ئەرقى بىدىمۇشكى (سۆگەت پوتلىسى پار سۈيى)

تەركىبى:

سۆگەت پوتلىسى (بىدىمۇشكى) 1000 گىرام، سۇ 6000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىنى تاسقاپ، توپا ئەخلەتلىرىدىن ئايرىپ پار قازىنىغا سېلىپ، ئۈستىگە كۆرسەتمىدىكى سۇنى قويۇپ پارلاندۇرۇپ تامچىلىتىپ چۈشۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل سوغۇق.

تەسىرى: قىزىتما چۈشۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل قۇرۇق، ئىسسىقتىن بولغان قىزىتمىلارغا، بولۇپمۇ بالىلاردىكى قىزىتما، تەپلەرگە، بۆرەك كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 ~ 50 مىللىلىتىرغىچە ئىچىلىدۇ، بالىلارغا كېمەيتىلىپ بېرىلىدۇ.

**ئەرقى بادرەنجبۇيا (بادرەنجبۇيا پار سۈيى)**

تەركىبى:

بادرەنجبۇيا 1000 گىرام، سۇ 6000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىنى پاكىزلەپ پار قازىنىغا سېلىپ، ئۈستىگە كۆرسىتىلگەن مىقداردىكى سۇنى قۇيۇپ بىر كېچە - كۈندۈز چىلاپ تۇرغۇزۇپ، ئاندىن قاينىتىپ پارلاندۇرۇپ تامچىلىتىپ ئەرەق ئېلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، مېڭىنى كۈچەيتىش تەسىرىگە ئىگە. يەنە بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل توختىتىش ۋە دەم سىقىلىشنى تىنچلاندۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل نېرۋا ئاغرىقلىرى، يۈرەك كېسەللىكلىرى، ھوشىدىن كېتىش، خەفقان كېسەللىكلىرى، بۆرەك كېسەللىكلىرى ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 40 ~ 50 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ.

**ئەرقى بارتەڭ (پاقىيوپۇرمىقى پار سۈيى)**

تەركىبى:

لىسانىل ھەمەل (پاقىيوپۇرمىقى) 1000 گىرام، سۇ 6000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، بىر قاتار چايقاپ پاكىزلەپ، پار قازىنىغا سېلىپ، ئۈستىگە كۆرسىتىلگەن مىقداردىكى سۇنى قۇيۇپ مۆلايىم ئوت بىلەن قاينىتىپ پارغا ئايلاندۇرۇپ چۈشۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: ئىسسىتما سوۋۇتۇش، ئىچىنى توختىتىش، قان توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئىسسىقتىن بولغان ھەر خىل قىزىتمىلارغا، ئىچ سۈرۈش كېسەللىرى، تولغاق، بوۋاسىر كېسەللىرىنى داۋالاش، ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىدىن كەلگەن قاننى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ھەمدە غالجىر ئىت چىشلىگەن كېسەلگە تۇز بىلەن زىمات قىلىنىدۇ. كۆيۈككە ئۆزىنى زىمات قىلىنىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 ~ 40 مىللىلىتىردىن بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**ئەرقى تۇت (قارا ئۈجمە پار سۈيى)**

تەركىبى:

قارا ئۈجمە قېقى 320 گىرام، زەنجىۋىل 60 گىرام، ئوغرىتىكەن (خار خەسەك) 320

www.uyghurkitap.com

گىرام، جۇۋىنە 60 گىرام، ئىگىر 170 گىرام، ئارپىبەدىيان 60 گىرام، دارچىن 60 گىرام، سۇ 6000 مىلىلىتىر.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى مىقدار بويىچە ئېلىپ، بىر قاتار تاسقىلىدۇ. زەنجىۋىل، ئىگىر، دارچىن، ئوغرىتىكەنلەرنى چالا سوقۇپ، ھەممە دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، پار قازىنىغا سېلىپ ئۈستىگە كۆرسەتمىدىكى سۇنى قۇيۇپ بىر كېچە-كۈندۈز تۇرغۇزۇلىدۇ. ئوتنى مۆلايىم قالاپ قاينىتىپ پارغا ئايلاندۇرۇپ تامچىلىتىپ چۈشۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، قان كۆپەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان ـ ئۈچەي كېسەللىرى، تېرىگە چىققان قاپارتمىلارنى داۋالاش ئۈچۈن، قۇۋۋەتسىز، كەم قان كېسەللەرگە، قان پەيدا قىلغۇچى ئەزالارنىڭ كېسەللىرىگە، بۆرەك ياغلىرىنى كۆپەيتىشكە، تەرەتنى يۇمشىتىشقا، ئورۇقلاپ كېتىشلەرنى داۋالاشقا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 ~ 15 مىلىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**ئەرقى ئەنگۈرشپا (ئىتئۈزۈمى پار سۈيى)**

تەركىبى:

ئىتئۈزۈمى 1000 گىرام، سۇ 5000 مىلىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىنى بىر قاتار يۇيۇپ پار قازىنىغا سېلىپ، ئۈستىگە كۆرسەتمىدىكى سۇنى قۇيۇپ يۇمشاق ئوت بىلەن پارغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق تامچىلىتىپ چۈشۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: ئىسسىقنى سوۋۇتۇش، تەشنالىقنى قالدۇرۇش، ئىسسىقتىن بولغان ئۆششۈقنى ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئىسسىقتىن بولغان ھەر خىل قىزىتمىلارغا، ئىچكى ۋە تاشقى ئىششىقلارغا، ئىسسىقتىن بولغان ئىچ سۈرۈش كېسەللىرىگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 25 ~ 40 مىلىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ. سىرتقى ئىششىقلارغا ئىتئۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى قايناق سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ چېپىپ تېڭىلىدۇ.

**ئەرقى گاۋزىبان (گازىۋان پار سۈيى)**

تەركىبى:

گاۋزىبان 1000 گىرام، سۇ 6000 مىلىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىنى بىر قېتىم تاسقاپ، پار قازىنىغا سېلىپ، ئۈستىگە ئالتە لىتىر سۇ قۇيۇپ، يۇمشاق ئوت بىلەن قاينىتىپ پارغا ئايلاندۇرۇپ تامچىلىتىپ

چۇشۇرۇلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئىرۋىنى پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، يۈرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل ئىرۋا كېسەللىرى، فەفەقان، تۇتقاقلىق، مېڭە كېسەللىرى، ساراڭ، يۈرەك، جىگەر كېسەللىرى، ئۆپكە كېسەللىرى، زىققە، گال ئاغرىقلىرى، ئۆپكە سىلىدە قان تۈكۈرۈش، بۇرۇن قاناشلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 ~ 15 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**ئەرقى نانخا (جۇۋىنە پار سۈيى)**

تەركىبى:

جۇۋىنە 1000 گىرام، سۇ 5000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىنى بىر قېتىم تاسقاپ، پار قازىنىغا سېلىپ، ئۈستىگە كۆرسەتمىدىكى سۇنى قۇيۇپ يۇمشاق ئوت بىلەن قاينىتىپ پارغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق چۇشۇرۇلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: بەدەننى قۇرۇتۇش، يەل ماخدۇرۇش، ئىچىنى يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: پالەچ، قول تىترەش، پەيىنىك سۇسلىقى، كۆز ئاغرىقى، قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق ئېغىرلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 7 ~ 12 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**ئەرقى شاھتەررە (شاھتەررە پار سۈيى)**

تەركىبى:

شاھتەررە 1000 گىرام، سۇ 6000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىنى بىر قاتار تاسقاپ، پار قازانغا سېلىپ، ئۈستىگە كۆرسەتمىدىكى سۇنى قۇيۇپ يۇمشاق ئوت بىلەن قاينىتىپ پارغا ئايلاندۇرۇپ تامچىلىتىپ چۇشۇرۇلىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: قاننى تازىلاش، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق سەۋدالارنى ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: جىگەر، تال كېسەللىرى، ھەر خىل تېرە كېسەللىرىگە ۋە قان تازىلاش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

www.uygurkitap.com

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، 20 ~ 30 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**ئەرقى پۇدىنە (يالپۇز پار سۈيى)**

تەركىبى:

پۇدىنە 1000 گىرام، سۇ 6000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى بىر قاتار تاسقاپ، پار قازانغا سېلىپ، ئۈستىگە كۆرسەتمىدىكى سۇنى قۇيۇپ مۇلايىم ئوت بىلەن قاينىتىپ، پارغا ئايلاندۇرۇپ تېمىتىپ چۈشۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان كېسەللىرى، يۈرەك كېسەللىرى، ئۆپكە كېسەللىرى، نېرۋا كېسەللىرى، چىش ئاغرىقلىرى، خانازىر كېسەللىرى، گال ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ھەمدە ئۈچەي كېسەللىرىگە، قىلقۇرتلىرىنى چۈشۈرۈشكە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 20 ~ 30 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**ئەرقى گۈلاب (قىزىلگۈل گۈل پار سۈيى)**

تەركىبى:

قىزىلگۈل 1000 گىرام، سۇ 6000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: قىزىلگۈل بىر قاتار تاسقاپ، قازانغا سېلىپ ئۈستىگە تېگىشلىك سۇنى قۇيۇپ، بىر خىل يۇمشاق ئوت بىلەن قاينىتىپ پارلاندۇرۇپ تامچىلىتىپ چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ ئەرەقنى تارتىشتا بەكمۇ ھوشيار بولۇپ دورىنىڭ كۆيۈپ كەتمەسلىكىگە دىققەت قىلىش زۆرۈر.

تەبىئىتى: ئوتتۇراھال (مۆتىدىل).

تەسىرى: ئىسسىقتا چۈشۈرۈش، نېرۋا پەسەيتىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، كېسەلنىڭ روھىي ھالىتىنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل نېرۋا ئاغرىقلىرىغا، ھەر خىل كېسەللەرنىڭ قىزىتمىلىرىغا، يۈرەك كېسەللىرىگە، بۆرەك، جىگەر كېسەللىرىگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 ~ 40 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ.

**ئەرقى نىلۇپەر (نىلۇپەر پار سۈيى)**

تەركىبى:

نىلۇپەر 1000 گىرام، سۇ 6000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىنى بىر قاتار تاسقاپ پاكىزلەپ، پار قازانغا سېلىپ، دورا ئۈستىگە كۆرسەتمىدىكى سۈنى قۇيۇپ يۇمشاق ئوت بىلەن ئوبدان قاينىتىپ پارغا ئايلاندۇرۇپ تامچىلىتىپ چۈشۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: ئىستىما چۈشۈرۈش، سۈيدۈكنى كۆپەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل ئىسسىقتىن بولغان قىزىتمىلارغا، ئىسسىق ئۆتتۈشكە، بەزگەككە ۋە سۈيدۈكى ئاز كېلىدىغان كېسەللەرگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 40 ~ 50 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**ئەرقى كاكىنەچ (كاكىنەچ پار سۈيى)**

تەركىبى:

كاكىنەج 1000 گىرام، سۇ 6000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىنى بىر قاتار تاسقاپ، پاكىزلەپ پار قازانغا سېلىپ، كۆرسەتمە بويىچە سۇ قۇيۇپ، مۆلايىم ئوت بىلەن قاينىتىپ، پارغا ئايلاندۇرۇپ تامچىلىتىپ چۈشۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: قاننى تازىلاش، نەپەسنى نورمال قىلىش، سۈيدۈك كۆپەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل كونا يارىلارغا، زىققە نەپەس كېسەللىرى، ئۆچەيدىكى قىلقۇرتلارغا، سۈيدۈكى تۇتۇلغان كېسەللەرگە، بۆرەك كېسەللىرىگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: چوڭلارغا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 ~ 40 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

# سەككىزىنچى باب مۇراببالار

**1. تەرىپى:**
مۇراببا ھەر خىل مېۋىلەرنى پۈتۈن بويىچە شېكەر قىيامىدا پىشۇرۇپ تەييارلانغان شىرنىلىك ياسالما.

**2. مۇراببالارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**
مۇراببالار سۈيۈق دورىلار قاتارىدىكى ياسالما بولۇپ، سۈيۈق دورىلاردىكى ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە.
(1) مۇراببالار قۇۋۋەتلىك، تاتلىق، تەملىك بولۇپ بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.
(2) مۇراببالارنىڭ تۇراقلىقلىقى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، مەلۇم مەزگىل ساقلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**3. مۇراببالارنىڭ تۈرلىرى:**
مۇراببالارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى ئەنجۈر، قارىئۆرۈك، بېھى، ئالما، سەۋزە، غورا، زەنجىۋىل، گىلاس، كۆك سۈلتان، جىنەستە، ئالگىرات قاتارلىق مېۋىلەردىن ياسالغان مۇراببالاردۇر.

**4. مۇراببالارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**
مۇراببالارنى ئىمكانقەدەر مېۋە ھۆل ۋاقتىدا تەييارلىغان ياخشى. ھۆل مېۋە يوق چاغدا قۇرۇتۇلغان مېۋىلەرنى سوغۇق سۇغا مەلۇم ۋاقىت چىلاپ قويۇپ ھۆللۈكىگە يانغاندا ئاندىن شېكەر قىيامىدا پىشۇرۇپ تەييارلىسىمۇ بولىدۇ.
مۇراببالار كۆپىنچە ئەنجۈر، قارىئۆرۈك، بېھى، سەۋزە، گىلاس قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مېۋىلەردىن تەييارلىنىدۇ. ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس رەڭگى، تەمى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ.
ئادەتتە بىر ھەسسە مېۋىگە 1.5 ~ 2 ھەسسىگىچە سۇ قويۇپ، قاينىتىپ (ئېزىلىپ كەتمىگۇدەك ھالدا)، مېۋىنى سۈزۈپ ئېلىپ، سۈيىگە شېكەرنى سېلىپ، قىيام بولغاندا پىشۇرۇلغان مېۋىنى سېلىپ، يەنە قاينىتىپ سۈيى تۈگەپ قىيام قالغاندا ئوتتىن ئېلىپ تەييارلىنىدۇ.

**5. مۇراببالارنى تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**
1) مۇراببالارنىڭ قىيامىنى مۇۋاپىق تەڭشەش لازىم. ئىشلەش قائىدىلىرى، قىيامىنى تەڭشەش ئۇسۇللىرى شەربەتلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. سۈيى كۆپ، قىيامى بوش بولۇپ

قالسا، قاچا ـ قۇچىلىرى پاكىز ۋە قۇرۇق بولمىسا ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقىلارغا دىققەت قىلىش لازىم. بەك ئۇزۇن ساقلانماي ئىشلىتىپ تۈگەيدىغان مۇراببالارنىڭ قىيامى بەك يۇقىرى بولمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇزۇنراق ساقلايدىغان مۇراببالارنىڭ قىيامىنى كۆچلۈكرەك ئېلىش لازىم.

2) ئەگەر زۆرۈر تېپىلغاندا چىرىشكە قارشى دورىلارنى سېلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىش مىقدارى شەربەتلەرگە سېلىنىدىغان دورىلار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

3) ئەگەر مۇراببالار قىيامى بوش بولۇپ قېلىپ ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆكىرىپ، پاختىلىشىپ، غەيرىي پۇراق ۋە تەم پەيدا قىلىغان بولسا ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۈستىدىكى پاختىلاشقان نەرسىلەرنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ، ئۈستىگە بىر ئاز شېكەر سېلىپ قايتا قاينىتىپ تۈزىتىشكە بولىدۇ.

4) مۇراببالار قايناپ تەييار بولغاندىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ ئاغزىنى ئوچۇق قويۇپ، سوۋۇتۇش كېرەك.

5) مۇراببالارنى سىرلىق، قۇرۇق قاچىلارغا قاچىلاپ، ئىشلىتىلىدىغان چاغدىمۇ قۇرۇق ياغاچ قوشۇق سېلىپ ئىشلىتىش لازىم.

**6. مۇراببالارنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى:**

تەلەپكە لايىق تەييارلانغان ياخشى مۇراببالار سىرلىق قاچا ۋە فارفۇر قاچىلارغا قاچىلاپ ياخشى ساقلانسا بىر يىلدىن ئارتۇق ئۇنۇمىنى ساقلايدۇ.

**7. مۇراببالاردىن ئۆلگىلەر:**

**مۇراببائى تىن (ئەنجۈر مۇراببا سى)**

تەركىبى:

هۆل ئەنجۈر 20 دانە، سۇ مۇۋاپىق مىقداردا، شېكەر 1000 گىرام.

تەييارلىنىشى: ئەنجۈرنى پاكىز يۇيۇپ قازانغا سېلىپ، ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ قاينىتىلىدۇ. ئەنجۈرى پىشقاندا ئۇنى سۈزۈپ ئېلىپ، سۈيىنى داكا بىلەن بىر قېتىم سۈزۈۋېتىپ، سۈيىگە شېكەرنى سېلىپ قىيامغا كەلگىچە قاينىتىلىدۇ. قىيامى تەڭشەلگەندە ئۇنىڭغا سۈزۈپ ئېلىنغان ئەنجۈرنى سېلىپ يەنە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: هۆل ئىسسىق.

تەسىرى: ئورۇق بولۇش، سەمرىتىش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كۆكرەك ئاغرىقلىرىغا، جىگەر كېسەللىكلىرىگە، تالنىڭ ئىششىقلىرىغا، بەدەننىڭ ئاجىزلىقىغا، ئەقلىنى زىيادە قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 1 ~ 2 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاپ تورىبېكىتى

### مۇراببائى ئۈجاس (قارىئۆرۈك مۇراباباسى)

تەركىبى:

قارىئۆرۈك 1000 گىرام، شېكەر 2000 گىرام، سۇ مۇۋاپىق مىقداردا.

تەييارلىنىشى: قارىئۆرۈكنىڭ قۇرت چۈشمىگەن، ياخشى سورتىنى ئېلىپ پاكىز يۇيۇپ، چىلاشقۇدەك سۇدا 10 ~ 15 مىنۇت قاينىتىپ، ئاندىن قارىئۆرۈكنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ، سۇيىگە كۆرسەتمىدىكى شېكەرنى سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ. قىيامى تەڭشەلگەندە ئۇنىڭغا سۈزۈپ ئېلىنغان قارىئۆرۈكنى قايتا سېلىپ سۇس ئوتتا يېرىم سائەتكىچە قاينىتىلىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل سوغۇق.

تەسىرى: سەپرانىڭ تېزلىكىنى، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئىچىنى يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سەپرادىن بولغان تەلەپلەرگە، سېسىق كېكىرىشكە، تاماق سىڭدۈرۈشكە، قەۋزىيەتكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: بىر قېتىم، 3 ~ 5 دانىغىچە قارىئۆرۈك بىلەن قىيام سۇيىنى ئىچىدۇ.

### مۇراببائى سىيب (ئالما مۇراباباسى)

تەركىبى:

تاتلىق پىشقان ئالما 3000 گىرام، سۇ 2000 مىللىلىتىر، شېكەر 2000 گىرام.

تەييارلىنىشى: ئالمىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ تاشقى پوستىنى ئاقلاپ، ئىچىدىكى ئۇرۇقلىرىنى تازىلاپ، ئاندىن ھەممىسىنى نېپىز يالپاقلاپ توغراپ ئىككى كىلوگىرام ئالما توغرالمىسىنى كۆرسەتمىدىكى سۇغا سېلىپ سىرلىق قاچىدا قاينىتىلىدۇ. ئىچىدىكى سۇيى 1000 مىللىلىتىر قالغاندا (5 ~ 10 مىنۇت قاينىغاندىن كېيىن) ئالمىنى سۈزۈپ ئېلىۋېلىپ، سۇيىگە كۆرسەتمىدىكى شېكەرنى سېلىپ قاينىتىپ قىيام قىلىنىدۇ. قىيامغا، سۈزۈپ ئېلىنغان ئالمىنى قايتا سېلىپ سۇس ئوتتا سۈزۈك، يالتىراق رەڭگە كىرگىچە قاينىتىلىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل سوغۇق.

تەسىرى: ھەزىم بۇزۇلۇشنى ياخشىلايدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان ئاجىزلىقى، كۆڭۈل ئېلىشىش، يۈرەك ئاجىزلىقى، سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقى، ئىشتىھاسىزلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 مىللىلىتىردىن بېرىلىدۇ، بالىلارغا كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

دىققەت: ئالمىنىڭ ئۆزىدە سۇ بولغاچقا، ئوبدان قىيام قىلىپ ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەتىياز پەسلىدە ئۆزىدىنلا سۇيۇقلۇق پەيدا قىلىپ ئېچىيدۇ. ئۇنداق بولسا 500 گىرام شېكەر سېلىپ ئازراق قاينىتىۋەتسە بولىدۇ.

**مۇراببائى سەپەرجىل (بېھى مۇرابباسى)**

تەركىبى:

پىشقان تاتلىق بېھى 3000 گىرام، سۇ 2500 مىللىلىتىر، شېكەر 2000 گىرام.

تەييارلىنىشى: بېھىنى ئېلىپ، ئۈستىدىكى تۈكلىرىنى سۈرتۈپ ئاقلاپ، ئاندىن پارچىلاپ، ئىچىدىكى قۇرتلىرىنى ۋە ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، يۇيۇپ، نېپىز توغراپ، ئىككى كىلوگىرام بېھى توغرالمىسىغا كۆرسەتمىدىكى سۇنى قۇيۇپ، 1000 مىللىلىتىر سۇيى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ، ئۈستىگە تېگىشلىك شېكەرنى سېلىپ قاينىتىپ قىيام قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: 2 ـ دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، قۇسۇشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۈرەك ئېغىش، ئاشقازاندا سەپرا غەلىبىسىدىن كۆڭۈل ئايىنىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، جىگەر ئاجىزلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 مىللىلىتىر، تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**مۇراببائى زەنجىۋىل (زەنجىۋىل مۇراببासى)**

تەركىبى:

ھۆل زەنجىۋىل 15 گىرام، سۇ 30 مىللىلىتىر، ھەسەل 45 گىرام.

تەييارلىنىشى: ھۆل زەنجىۋىلنى پاكىز يۇيۇپ، پوستىنى قىرىپ تاشلاپ، كۆرسەتمىدىكى سۇدا قاينىتىپ، پىشۇرۇپ، سۈزۈپ ئېلىپ، شۇ سۇيىگە ھەسەلنى سېلىپ قىيامى تەڭشەلگەندە ئۈستىگە پىشۇرۇلغان زەنجىۋىللەرنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

ئەگەر قۇرۇق زەنجىۋىل ئىشلىتىش توغرا كەلسە، ھۆل يەردىن ئورا كولاپ، ئورا ئىچىگە زەنجىۋىلنى توشقۇزۇپ، ئۈستىگە قۇم تۆكۈپ، 20 كۈنگىچە ھەر كۈنى بىر قېتىم سۇ بىلەن قۇمنى نەمدەپ تۇرۇش ئارقىلىق كۆپتۈرۈپ ھۆل ھالىغا كەلتۈرۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازاننى كۈچەيتىش، سوغۇق بەلغەمنى سۈرۈش، بۆرەك ۋە دوۋساقنىڭ سوۋۇپ كېتىشىنى توختىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بۆرەك ئاجىزلىقى، ئاشقازان كېسەللىكى، سۈيدۈك كەلمەسلىك كېسەللىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 ~ 9 گىرامغىچە تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

مۇراببائى ھېلىلە (ھېلىلە مۇراب‍باسى)

تەركىبى:

ياخشى ساپ ھېلىلە 100 گىرام، سۇ ھاجەتكە لايىق، شېكەر 200 گىرام.

تەييارلىنىشى: كۆرسەتمىدىكى ھېلىلىنى ئېلىپ سۇغا بىرقانچە كۈن چىلاپ قويۇپ ۋە كۈندە سۇيىنى يەڭگۈشلەپ، ئاندىن كېيىن قايناتىلىدۇ. يۇمشاق پىشقاندا ئۇنى سۈزۈپ ئېلىپ، پىچاق بىلەن تىلىپ سېرىق ياغدا قورۇپ، ئۇنى قىيام قىلىپ تەييارلانغان شېكەرگە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

تەسىرى: قەۋزىيەتنى راۋان قىلىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان كېسەللىكلىرى، ھەزىم بولۇش، قەۋزىيەت، نېرۋا ئاجىزلىقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە بىر قېتىم، بىر دانە ھېلىلە ۋە سۇيىنى 100 مىللىلىتىر ئەرقى بەديان بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# توققۇزىنچى باب قايناتما (مەتبۇخ) دورا ياساملىرى

**1. تەرىپى:**

قايناتمىلار - بىر ياكى بىرقانچە خىل ئۆسۈملۈك دورىلارنى مەلۇم ۋاقىت قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ، قايىنىتىپ، سۈزۈپ تەييارلىنىدىغان سۇيۇق دورا ياسالمىسى. قايناتمىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىچىشكە بېرىلىدۇ. سىرتتىن ئىشلىتىشكە بېرىلىدىغانلىرىمۇ بار.

**2. مەتبۇخ دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

مەتبۇخلار، سۇيۇق دورا قاتارىدىكى دورا ياسالمىسى بولۇپ، ئۇ، سۇيۇق دورىلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە (سۇيۇق دورىلار بابىغا قاراڭ).

**3. مەتبۇخلارنىڭ يېتەرسىزلىكى:**

1) ئىچىش مىقدارى كۆپ بولغانلىقتىن بالىلارنىڭ ئىچىشىگە قولايسىز.

2) ساقلاش مۇددىتى قىسقا بولۇپ ئۇزۇنراق ساقلاپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، ئىچىش ۋاقتىدا قايناتسا ۋاقىت ئىسراپ بولىدۇ.

شۇنداقتىمۇ ھەرقايسى دوختۇرخانىلار ئۆزلىرى پات - پات تەييارلاپ ئۆزلىرى ئىشلىتىش ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك يېتەرسىزلىكلەرنى يېڭىپ كېتىشى مۇمكىن.

**4. مەتبۇخ دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

نۇسخىدا كۆرسىتىلگەن مىقداردىكى دورىلارنى ئېلىپ قاتتىقلىرىنى چالا سوقۇپ، سىرلىق قاچا، ئەينەك قاچا ياكى مەخسۇس ياسالغان داتلىمايدىغان مېتال قاچىلارغا سېلىپ، ئۇستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ (قۇيۇلىدىغان سۇ ئادەتتە دورا يۈزىدىن ئۇچ سانتىمېتىر ئېگىز بولۇشى لازىم). ئۇچ سائەتتىن بىر كۈنگە قەدەر چىلاپ ئاندىن قايىنىتىپ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

**5. مەتبۇخ دورا تەييارلاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:**

(دورىلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈشكە لايىقلاشتۇرۇش بابىدىكى قايىنىتىش مەزمۇنىغا قاراڭ).

**6. مەتبۇخ دورىلارنى قاچىلاش ۋە ساقلاش:**

مەتبۇخ دورىلارنى پاكىز، قۇرۇق ئەينەك شىشە، چىنە - قاچا ۋە سىرلىق قاچىلارغا قاچىلاپ سالقىن جايدا ساقلاش لازىم. مەتبۇخ دورىلارنىڭ تۇراقلىق دەرىجىسى تۆۋەن

بولۇپ ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. ئومۇمەن تۇرۇش مۇددىتى 1 ~ 8 كۈنگىچە بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئىمكانقەدەر ۋاقتىدا يېڭى - يېڭى تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

**7. مەتبۇخلاردىن ئۈلگىلەر:**

**مەتبۇخى ئەپتىمۇن (سېرىق ئوت قايىنتىلمىسى)**

تەركىبى:

كابۇل ھېلىلە پوستى 30 گىرام، چىگىسەي يىلتىزى 15 گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 30 گىرام، بەدىيان يىلتىزى 15 گىرام، قارا ھېلىلە 30 گىرام، ئۈزۈم (ئۇرۇقسىز) 15 دانە، بىستىپايەج توققۇز گىرام، ئەينۇلا 30 دانە، ئەپتىمۇن توققۇز گىرام، ئايارەج پەيقىرا ئۈچ گىرام، ئۇستۇقۇددۇس 21 گىرام، شېكەر ئۈچ گىرام، تۇربۇت ئىككى گىرام، سوقمونىيا بىر گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلاردىن ئۈلچەم بويىچە ئېلىپ، ئەپتىمۇن، شېكەر، ئايارەج پەيقىرا، تۇربۇت، سوقمونىيالاردىن باشقىلىرىنى چالا سوقۇپ، 2000 مىللىلىتىر سۇغا بىر كۈن چىلىنىدۇ. ئاندىن قايىنىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ سىقىلىدۇ. ئەپتىمۇننى خالتىغا ئېلىپ يەنە ئۇستۇقۇددۇس، سانالارنىمۇ بىللە قازانغا سېلىپ قايىنىتىپ، تەمى چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ سىقىپ سۈزۈپ، ئۇستىگە يۇمشاق سالايە قىلىپ تەييارلانغان شېكەر، ئايارەج پەيقىرا، تۇربۇت، سوقمونىيالارنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: مۇرەككەپلەشكەن سەۋدا، سەپرا خىلىتىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئەسەبىي (نېرۋىلىك) كېسەللىكلەرگە، نېرۋا ئاجىزلىقى، سەۋدا كېسەللىكلىرى، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە ۋە نېرۋا ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىر بېرىلىدۇ.

**مەتبۇخى ئۇستۇقۇددۇس (ئۇستۇقۇددۇس قايىنتىلمىسى)**

تەركىبى:

بىستىپايەج 15 گىرام، بابۇنە توققۇز گىرام، زاراۋەندى مېغىزى 15 گىرام، قەنتەرىيۇن توققۇز گىرام، چىلان 10 دانە، ئەپتىمۇن توققۇز گىرام، سەرپىستان 30 دانە، سۆرۈنجان ئالتە گىرام، ئۇستۇقۇددۇس توققۇز گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئۈلچەم بويىچە ئېلىپ، قايىنىتىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: سەۋدا خاراكتېرلىك خىلتلارنى تازىلايدۇ، بۇزۇق خىلتلارنى تۈزىتىپ

نورماللاشتۇرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سارالى ۋە مالىخولىيا، نېرۋا كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ. ھەمدە قان تازىلاش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىرغا 20 گىرام گۈلقەنت قوشۇپ ئىچىلىدۇ.

**مەتبۇخى بەرەس (بەرەس قاينىتىلمىسى)**

تەركىبى:

كابۇل ھېلىلە پوستى 30 گىرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 30 گىرام، سېرىق ھېلىلە 30 گىرام، ئەپتىمۇن 30 گىرام، ئۈنجۇر 10 دانە، بىستىپايەج 15 گىرام، تۇربۇت توققۇز گىرام، مەستىكى ئالتە گىرام، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى توققۇز گىرام، رۇمبەدىيان ئالتە گىرام، ئىزخىر توققۇز گىرام، چىگسەي ئۇرۇقى ئالتە گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ، سوقىدىغانلىرىنى چالا سوقۇپ، قائىدە بويىچە قاينىتىپ سىقىپ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: سەۋدا ۋە كۆيۈك خىلتلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلىرى: بەھەق، بەرەس (ئاقكېسەل) ۋە ھەر خىل تېپىتكى داغ چۇشۇش كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئالدى بىلەن ئايارەج پەيقىرا، غارىقۇنلارنىڭ ھەرقايسىسىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلاپ يەپ بولغاندىن كېيىن مەزكۇر مەتبۇختىن 60 مىللىلىتىرغىچە ئىچىلىدۇ.

**مەتبۇخى خىيارشەنبەر (خىيارشەنبەر قاينىتىلمىسى)**

تەركىبى:

سېرىق ھېلىلە پوستى 45 گىرام، قىزىلگۈل 15 گىرام، تەمرىھىندى 45 گىرام، بىنەپشە توققۇز گىرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 60 گىرام، پۇنۇس 60 گىرام، چىلان 20 دانە، خىيارشەنبەر 60 گىرام، ئەينۇلا 20 دانە.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، قاتتىقلىرىنى چالا سوقۇپ، ھەممە دورىنى بىرلەشتۇرۇپ، 100 مىللىلىتىر سۇغا چىلاپ قويۇپ، قاينىتىپ، سۈزۈپ ئېلىنىدۇ. ئاندىن پۇنۇس، خىيارشەنبەرنى يېرىم چىنە قايناق سۇغا چىلاپ، تەمى چىققاندا سىقىپ سۇيىنى قايناتقان دورىغا قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: كۆيۈك خىلتلارنى تۈزىتىدۇ، سەپرانى پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كۆز قاپاق قىرلىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى، كۆزنىڭ قىزىرىپ ئاغرىشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ھەر كۈنى ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر پىيالىدىن قىزىق ھالدا بادام يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىلىدۇ.

مەتبۇخى ھېلىلە (ھېلىلە قاينىتىلمىسى)

تەركىبى:

سېرىق ھېلىلە پوستى 30 گىرام، ئەينۇلا 30 دانە، تەمرىھىندى 60 گىرام، سەرپىستان 30 گىرام، بىنەپشە 30 گىرام، پۈنۈس 80 گىرام، سېرىق ئوت ئۇرۇقى 30 گىرام، خىيارشەنبەر 80 گىرام، كاسىنە ئۇرۇقى 30 گىرام، شىرخىست 60 گىرام، شوخلا ياپرىقى 15 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى چالا سوقۇپ 1000 مىللىلىتىر سۇغا چىلاپ، قاينىتىپ، سۈزۈپ، پۈنۈسنى ئايرىم چىلاپ ئۇنىڭ سۈيىنى سۈزۈپ دورىغا قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: سەپرانى تازىلايدۇ، قاننى تازىلايدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سەپرادىن بولغان، قاندىن بولغان كېسەللەرگە، كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىرگە تەڭ مىقداردا قايناق سۇ قوشۇپ قىزىق ھالدا ئىچىلىدۇ.

مەتبۇخى مۇنزىج سەۋدا (سەۋدانى پىشۇرغۇچى قاينىتىلما)

تەركىبى:

سوقاچىلان 24 دانە، پەرسىياۋشان 12 گىرام، گاۋزىبان 12 گىرام، شاھتەررە 12 گىرام، بادرەنجىبۇيا 12 گىرام، سەرپىستان 40 دانە، بىخسۇس 18 گىرام، تەرەنجىبىن 80 گىرام، ئۇستۇقۇددۇس 12 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتكەن مىقداردا ئېلىپ، سوقا چىلان، بىخسۇس، سەرپىستان قاتارلىق دورىلارنى چالا سوقۇپ 300 مىللىلىتىر سۇغا بىر كۈن چىلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن مۆلايىم ئوت بىلەن 200 مىللىلىتىر سۈيى قالغۇچە قاينىغاندىن كېيىن، ئۈستىگە قالغان گۈل دورىلارنى سېلىپ ئىككىلا ئۆرلىتىپ قاينىتىشنى توختىتىپ، پاكىز ماتادا دورىنى سۈزۈپ، تىرپىلىرىنى سىقىپ تاشلىۋېتىلىدۇ. دورا يەنە بىر قېتىم سۈزۈلىدۇ. ئاندىن تەرەنجىبىننى 100 مىللىلىتىر قايناق سۇغا 5 ~ 10 مىنۇت چىلاپ تۇرغۇزۇپ، ئاستىدىكى قۇم دۇغلىرىنى ئايرىپ يەنە بىر قېتىم سۈزۈپ، ئاندىن دورىغا قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: سەۋدانى ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ھەر خىل نېرۋا كېسەللىرى، تۇتقاقلىق كېسەل، خەفەقانلارغا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: بۇ دورا بىر كىشىلىك بولۇپ، بىر كۈندە بىر نەچچە قېتىمغا بۆلۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**مەتبۇخى شاھتەررە (شاھتەررە قاينىتىلمىسى)**

تەركىبى:

قارا ھېلىلە 15 گىرام، ئارپىبەدىيان ئالتە گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 15 گىرام، كاسىنە ئۇرۇقى ئالتە گىرام، كابۇل ھېلىلە پوستى 15 گىرام، چىگىسەي ئۇرۇقى ئالتە گىرام، بەلىلە پوستى 15 گىرام، بىسىتىپايەج ئالتە گىرام، ئامىلە پوستى 15 گىرام، ئۇستقۇددۇس ئالتە گىرام، شاھتەررە 21 گىرام، پىننە ئالتە گىرام دانە، بىنەپشە گۈلى 21 گىرام، سوقا چىلان 20 دانە، سانا 12 گىرام، ئەينۇلا 20 دانە، نىلۇپەر گۈلى ئۈچ گىرام، كۆك كاسىنە يوپۇرمىقى ئالتە گىرام، مامىرانچىن ئۈچ گىرام، تەرەنجىبىن 90 گىرام، گاۋزىبان توقۇز گىرام، پۇنۇس 45 گىرام، سېرىق ئوت توقۇز گىرام، تەمرىھىندى 45 گىرام، قىزىلگۈل توقۇز گىرام، سۇ 600 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، ئەپتىمۇن، تەرەنجىبىن، پۇنۇس، تەمرىھىندى ۋە گۈل دورىلاردىن باشقىسىنى چالا سوقۇپ، ئۇلارنى كۆرسەتمىدىكى سۇغا بىر كۈن چىلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن يۇمشاق ئوت بىلەن قاينىتىلىدۇ. 300 مىللىلىتىر سۇيى قالغاندا گۈل دورىلارنى ئۈستىگە سېلىپ ئىككىلا قاينىتىپ، ئۈستىگە پۇنۇس بىلەن تەمرىھىندىنى سېلىپ دەرھال ئوت توختىتىلىدۇ. تەرەنجىبىننى بىر قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە 100 مىللىلىتىر قايناق سۇ قۇيۇپ، 5 ~ 10 مىنۇت ئاغزىنى يېپىپ دۇملەپ قويۇلىدۇ. تەرەنجىبىن ئېرىگەندىن كېيىن سۈزۈپ قۇم ۋە ئەخلەتلىرىدىن پاكىزلەپ يەنە بەش مىنۇت تۇرغۇزۇپ، دۇغى ئاستىغا ئولتۇرغاندا يەنە بىر قېتىم سۈزۈپ، دۇغلىرىدىن ئايرىپ ئۇنى قازاندىكى دورا ئۈستىگە قۇيۇلىدۇ. دورىلار سوۋۇغاندىن كېيىن پاكىز خام بىلەن سۈزۈپ، سىقىپ سۇيىنى ئايرىپ، تېرىلىرىنى تاشلىۋېتىپ دورىلارنى يەنە بىر قېتىم ۋارونكا بىلەن پاكىز سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ. ئەپتىمۇننى خالتىغا سېلىپ قازانغا كېيىن سېلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: قاننى تازىلاش، بەدەندىكى پايدىسىز ماددىلارنى تازىلاش، بەدەننى تازىلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: باش، مېڭىنىڭ كېسەللىكلىرى، تەمرەتكە، قىچىشقاق ۋە تېرە كېسەللىرىدە قاننى تازىلاش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: بۇ دورا بىر كىشىلىك بولۇپ، بىر كۈندە بىرنەچچە قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ.

**مەتبۇخى سۆرۈنجان (سۆرۈنجان قاينىتىلمىسى)**

تەركىبى:

سانا 21 گىرام، قەنتەرىيۇن دەقىق ئالتە گىرام، قىزىلگۈل 12 گىرام، گاۋزىبان

توققۇز گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 12 گىرام، بادرەنجبۇيا توققۇز گىرام، سۆرۈنجان ئالتە گىرام، ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى ئالتە گىرام، گۈلقەنت 40 گىرام، چىڭسەي ئۇرۇقى ئالتە گىرام، تەرەنجىبىن 80 گىرام، رۇمبەدىيان ئالتە گىرام، سۇ 500 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، گۈل دورىلار، سانا ۋە گۈلقەنت، تەرەنجىبىنلەردىن باشقا دورىلارنى چالا سوقۇپ، كۆرسەتمىدىكى سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قاينىتىلىدۇ. دورىنىڭ يېرىم سۇيى قالغاندا ئۈستىگە گۈل دورىلارنى سېلىپ ئىككىلا قاينىتىپ قاينىتىش توختىتىلىدۇ. ئاندىن تەرەنجىبىننى يۇقىرىدىكى ئۇسخىدىكىدەك تەييارلاپ، ئۇنىڭ سۇيىنى دورىغا قوشۇپ پاكىز خام بىلەن پۈتۈن دورىلارنى سۈزۈپ، سىقىپ، تىرىپلىرىنى تاشلىۋېتىپ، دورىلارنى ۋارونكا بىلەن يەنە بىر قېتىم سۈزۈپ ئارقىدىن گۈلقەنتنى سېلىپ ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، بوغۇملاردىكى يەلنى تارقىتىۋېتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل مۇپاسىل ئاغرىقلىرى ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: بۇ دورا بىر كىشىلىك بولۇپ، ھەر كۈنى ناشتىدا بەش قوشۇقتىن ئىچىلىدۇ.

### مەتبۇخى سەۋدا (باش ئاغرىقى قاينىتىلمىسى)

تەركىبى:

گۈلبىنەپشە 10.5 گىرام، قىزىلگۈل 10.5 گىرام، ئۇستىقۇددۇس 10.5 گىرام، سۇ 400 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ پاكىزلەپ، كۆرسەتمىدىكى سۇغا بىر كۈن چىلاپ 300 مىللىلىتىر قالغۇچە قاينىتىپ، سوۋۇتۇپ، سىقىپ تىرىپلىرىنى ئايرىپ، يەنە بىر قېتىم ۋارونكا بىلەن سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، ئارام بېرىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، شەقىقىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: بۇ دورا بىر كىشىلىك بولۇپ، ھېلىلە مۇراببىاسى قوشۇپ 2 ~ 3 كۈندە ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: كېسەلنىڭ مىجەزى بەلغەم بولسا مەرزەنجۇشتىن ئالتە گىرام قوشۇپ قاينىتىپ تەييار قىلىنسا تەسىرى ئۆتكۈررەك بولىدۇ.

### مەتبۇخى بىستىپايەج (بىستىپايەج قاينىتىلمىسى)

تەركىبى:

بىستىپايەج 20 گىرام، تاتلىق بادام يېغى تۆت مىللىلىتىر، پۈنۈس 28 گىرام، سۇ



www.uyghurkitap.com

500 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسىتىمە بويىچە ئېلىپ، چالا سوقۇپ، كۆرسىتمىدىكى سۇغا بىر كۈن چىلاپ، ئاندىن 300 مىللىلىتىر قالغۇچە قايىنىتىپ، دورا سۇۋۇغاندىن كېيىن پاكىز خام بىلەن سىقىپ تىرىپلىرىدىن ئايرىپ، يەنە بىر قېتىم ۋارونكا بىلەن سۈزۈپ، ئۈستىگە بادام يېغىنى قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان، مېڭە ئاغرىقلىرى، بوۋاسىر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: بۇ دورا بىر كىشىلىك بولۇپ ئۈچ كۈنگىچە ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئوننىچى باب چىلانما (نوقۇئى) دورا ياسالمىلىرى

## دەملىمىلەر

**1. تەرىپى:**

چىلانمىلار يەككە دورىلارنى سوقۇپ ياكى پۈتۈن بويىچە چەينەك ياكى ئېغىزلىق قاچىلارغا سېلىپ ئۈستىگە قايناق سۇ ياكى سوغۇق سۇ قۇيۇپ دەملەپ، تەمى چىققاندىن كېيىن ئىسسىق ياكى سوغۇق هالدا ئىشلىتىلىدىغان سۇيۇق دورا ياسالمىسى چىلانمىلار ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

چىلانما قىلىشتىكى مەقسەت: بىر قىسىم دورىلارنى ئوت بىلەن قايناتقاندا سوغۇق تەبىئىتىنى يوقىتىپ ئىسسىقلىق تەبىئەتكە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇنداق دورىلارنى خۇن ۋە سەپرا مىجەز كىشىلەرگە بېرىشكە بولمايدۇ، شۇڭلاشقا قايناتماي چىلاپ قويۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

بىر قىسىم دورىلارنى قايناتقاندا ئۇنىڭدىكى ئۇچۇچان پۇراق ياكى ئۇچۇچان شىپالىق تەركىبلەر ئىسسىقلىق تەسىرىدىن ئۇچۇپ كېتىپ قۇۋۋىتىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا بۇلارنى قايناتماي دەملەپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. مەسىلەن: زەپەر، لاچىندانە قاتارلىقلار مۇشۇ خىل بىلەن دەملەپ ئىچىلىدۇ.

**2. چىلانما دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

چىلانما دورىلار سۇيۇق دورا تەركىبىدىكى دورا ياسالمىسى بولغاچقا، ئۇ، سۇيۇق دورىلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە.

**3. چىلانما دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

دورىلارنى ئېلىپ بەزىلىرىنى چالا سوقۇپ، ئۇنى سۇغا چىلاپ، ئاندىن سىقىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ ياكى دورىلارنى چىلاپ دەملەپ تاتلىقىنى چىقىرىپ تەييارلىنىدۇ.

**4. چىلانما دورىلارنى تەييارلاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:**

1) چىلايدىغان دورىلارنى ئاۋۋال پاكىز تازىلاپ زۆرۈر تېپىلسا يۇيۇپ، ئاندىن چىلاش ياكى دەملەش لازىم.

2) چىلانما دورىلارنى ئاغزى بار قاچىلارغا سېلىپ چىلاپ ئاغزىنى يېپىپ تەمى چىققىچە دەملەش كېرەك.

3) دورىلارنى چىلاش ۋاقتى ئۈچ سائەتتىن بىر كېچە ـ كۈندۈزگىچە بولىدۇ. ھەمدە قۇيۇلىدىغان سۇ بىر ھەسسە دورىغا 2 ~ 3 ھەسسە كەلگىدەك مىقداردا بولسا بولىدۇ.

5. چىلانما دورىلارنىڭ تۈرۈش مۇددىتى:

چىلانما دورىلارنىڭ ئېرىتكۈچىسى سۇ بولغاچقا تۇراقلىق دەرىجىسى تۆۋەن بولۇپ، ئاسانلا بۇزۇلۇپ، ساقلاپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا ۋاقتىدا ئۇدۇللۇق تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

6. چىلانما دورىلاردىن ئۈلگىلەر:

نوقۇئى پەۋاكىھ (مېۋىلەر چىلانمىسى)

تەركىبى:

ئەينۇلا 30 دانە، ئۈرۈك گۈلىسى 10 دانە، چىلان 30 دانە، شېكەر 30 گىرام، سەرپىستان 30 دانە، تەرەنجىبىن 60 گىرام، تەمرىھىندى 30 دانە.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ، چىلاشقىدەك قايناق سۇغا بىر كېچە - كۈندۈز چىلاپ قويۇپ ئاندىن سۈزۈۋېلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: سەپرا پەسەيتىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ. چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەردە، مېڭە ئاغرىقلىرىدا، قەۋزىيەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم، ئەتىگەندە يېرىم پىيالىدىن بېرىلىدۇ.

نوقۇئى ئەينۇلا (ئەينۇلا چىلانمىسى)

تەركىبى:

ئەينۇلا 20 دانە، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 21 گىرام، چىلان 20 دانە، كۈسۇس (سېرىق ئوت) 21 گىرام، سەرپىستان 30 دانە، ئارپىبەدىيان 30 گىرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 60 گىرام، شاھتەررە 30 گىرام، تەمرىھىندى 60 گىرام، رۇمبەدىيان 30 گىرام، قىزىلگۈل 21 گىرام، سېرىق ھېلىلە پوستى 45 گىرام، سانا 21 گىرام، سۇ 4000 مىللىلىتىر، گۈلبىنەپشە 21 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، مەزكۇر سۇغا ئۈچ كۈن چىلاپ، كۈندۈزى ئاپتاپتا، كېچىسى ئىسسىق ئۆيدە تۇرغۇزۇپ، ئۈنىڭدىن كېيىن سىقىپ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ھەر خىل قىزىتمىلارنى تۈگىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل تېپتىكى تەلەپلەرگە، ئىچ سۈرۈش كېسەللىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم، 120 مىللىلىتىرنى 45 مىللىلىتىر سىركەنجۇبىل ۋە 30 مىللىلىتىر بىنەپشە شەربىتى بىلەن ئىچىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**نوقۇئى سەبرە (سەبرە چىلانمىسى)**

تەركىبى:

هۆل كاسىنە سۈيى 210 مىللىلىتىر، سەبرە ئالتە گىرام.

تەييارلىنىشى: سەبرىنى ئازراق ئېزىۋېتىپ، كاسىنە سۈيىگە سېلىپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ (كېچىسى ئىسسىق جايدا ساقلىنىدۇ) ئاندىن سىقىپ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: ئاغرىق توختىتىش، ھەر خىل قېچىشقاقلارنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، قىچىشقاق، تەمرەتكە ۋە باش تەمرەتكىسى، تازلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: يۇقىرىقى چىلانمىنى بىر كۈندە ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ.

**نوقۇئى خىيارشەنبەر (خىيارشەنبەر چىلانمىسى)**

تەركىبى:

پۈنۈس بەش گىرام، ئەرقى بەدىيان 50 مىللىلىتىر، خىيارشەنبەر بەش گىرام، ئەرقى كاكىنەج 50 مىللىلىتىر، ئەرقى كاسىنە 50 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى سوقۇۋېتىپ، يۇقىرىدىكى سۇيۇقلۇقلارغا چىلاپ بىر كېچە - كۈندۈز تۇرغۇزۇپ، سىقىپ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: جىگەردىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: جىگەر كېسەللىرى، يەرقان (سېرىقلىق چۈشۈش) كېسەللىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: يۇقىرىقى تەييارلانغان دورا بىر كىشىلىك ۋە بىر قېتىملىق دورا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەرقى گۈلابتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ.

**نوقۇئى تەمرىھىندى (تەمرىھىندى چىلانمىسى)**

تەركىبى:

تەمرىھىندى 30 گىرام، ئالما ياكى بېھى شەربىتى 60 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: تەمرىھىندىنى 500 مىللىلىتىر سۇغا 12 سائەت چىلاپ قويۇپ، ئاندىن خام بىلەن سۈزۈپ سۈيىگە كۆرسىتىلگەن شەربەتلەرنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: هۆل سوغۇق.

تەسىرى: قىزىتما قايتۇرۇش، ھەزىمنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قىزىتمىلارغا، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشنى

توختىتىشقا، يۈرەك زەئىپلىكى، باش ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 20 مىللىلىتىردىن بېرىلىدۇ. مىزاجى ھۆل سوغۇق كىشىلەرگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولمىسا بېرىلمەيدۇ.

**نوقۇئى ھېلىلە (ھېلىلە چىلانىمىسى)**

تەركىبى:

سېرىق ھېلىلە پوستى 30 گىرام، بىنەپشە توققۇز گىرام، ئەينۇلا 30 دانە، كاسىنە ئۇرۇقى توققۇز گىرام، سەرپىستان 30 دانە، پۈنۈس 30 گىرام، چىلان 30 دانە، تەرەنجىبىن 150 گىرام، تەمرىھىندى 60 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، قاتتىقلىرىنى چالا سوقۇپ، 1000 مىللىلىتىر سۇغا ئۈچ سائەت چىلاپ ئاندىن مىجىپ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

تەسىرى: قاننىڭ قىزىقلىقىنى، سەپرانىڭ زىيادىلىكىنى پەسەيتىش، ئۇسسۇزلۇقنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: باش ئاغرىقى، شەقىقە، ھەر خىل قىزىتمىلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم ئەتىگەندە بىر پىيالىدىن ئىچىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى

# ئون بىرىنچى باب لوئابلار

**1. تەرىپى:**

1. لوئابلار ھەر خىل ئۇرۇقلارنىڭ چىلاپ چىقىرىلغان يېپىشقاق سۇيۇقلۇقىدىن ئىبارەت.

**2. لوئابلارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

لوئابلار سۇيۇق دورا قاتارىدىكى ياسالما بولۇپ، سۇيۇق دورىلاردىكى ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا يەنە ئاشقازان ـ ئۈچەيلەرنىڭ تىنۇتى چۇشۇپ كەتكەن يۈزىنى قوغداش ۋە ئاشقازان ـ ئۈچەي سۇيۇقلۇقلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن پايدىلىق.

**3. لوئاب چىقىرىش ئۇسۇللىرى:**

ھەر خىل ئۇرۇقلار (مەسىلەن: بېھى ئۇرۇقى، شۈمشا ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل ئۇرۇقى قاتارلىقلار)نى قايناق سۇغا چىلاپ، ئېغىزىنى يېپىپ يېرىم سائەتكىچە قويۇپ، ئاندىن چوكا بىلەن ئارىلاشتۇرغاندا خۇددى خام تۇخۇمنىڭ ئېقىغا ئوخشاش شۆلگەيسىمان يېپىشقاق سۇيۇقلۇق ھاسىل بولىدۇ.

**4. لوئابلاردىن ئۆلگىلەر:**

**لوئابى ئىسپىغۇل (ئىسپىغۇل لوئابى)**

تەركىبى:

ئىسپىغۇل كېرەكلىك مىقداردا.

تەييارلىنىشى: ئىسپىغۇلنى بىر پىيالە قايناق سۇغا چىلاپ ئاغزىنى يېپىپ قويۇپ، يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئاغزىنى ئېچىپ چوكا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ لوئابى ئېلىنىدۇ.

تەسىرى: قاننى جانلاندۇرۇش، جاراھەتنىڭ ساقىيىشىنى تېزلىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئىسسىقتىن بولغان ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش ۋە قىزىتمىنى قالدۇرۇش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىشقا، قورساق ئاغرىقى، تولغاقلارغا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنگە بىر قېتىم 3 ~ 8 مىللىلىتىرغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

**لوئابى تۇخۇمى سەپەرجىل (بېھى ئۇرۇقى لوئابى)**

تەركىبى: بېھى ئۇرۇقى مۇۋاپىق مىقداردا.

تەييارلىنىشى: كېرەكلىك بېھى ئۇرۇقىنى ئېلىپ ئازراق سوقۇپ، ئۇنى يېتەرلىك (بىر پىيالە) قايناق سۇغا چىلاپ ئاغزىنى يېپىپ، يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئاغزىنى ئېچىپ ئارىلاشتۇرۇپ لوئابى ئېلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش.

ئىشلىتىلىشى: ئاشقازان ـ ئۈچەي كېسەللىرىگە، ئىشتىھاسىزلىقلارغا، بولۇپمۇ بالىلاردىكى ئاشقازان ـ ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئون ئىككىنچى باب پۇراتما ۋە چۈشكۈرتمە دورا ياسالمىلىرى

**1. تەرىپى:**

پۇراتما ۋە چۈشكۈرتمە دورىلار، ئىسرىق سېلىش، دورا بىلەن بۇسلاش ياكى بۇرۇنغا پۈركۈتۈپ چۈشكۈرتۈش ئارقىلىق كېسەل داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ياسالمىدىن ئىبارەت. ئۇ سۇيۇق، كۇمىلاچ، تالقان شەكىللىرىدە ياسىلىدۇ.

**2. پۇراتما ۋە چۈشكۈرتمە دورىلارنىڭ ئەھمىيىتى:**

1) ئاغرىقنى قالدۇرىدۇ.

2) ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە تەييارلاش تېخنىكىلىرى ئاددىي بولۇپ، كېسەللەر ئۆزلىرىمۇ تەييارلاپ ئىشلىتەلەيدۇ.

3) بۇ كونا ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ بۇنىڭغا ئېتىقادى كۈچلۈك.

4) ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلار تەركىبى ئاددىي بولۇپ، كېلىش مەنبەسى مول.

پۇراتما ۋە چۈشكۈرتمە دورىلارنى ئىشلىتىشتىكى مەقسەت:

دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن دورىنى ئاشقازانغا يولۇقتۇرماي، يەرلىك ئورۇننىڭ ئۆزىگىلا ئىشلىتىپ، بەدەننىڭ ھەممە جايلىرى ياكى بىر ئەزادىكى بۇزۇق خىلتلارنى سۈرۈپ چىقىرىش ئارقىلىق داۋالاش ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

**3. پۇراتما ۋە چۈشكۈرتمە دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

پۇراتما دورىلارنىڭ بەزىلىرىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ سۈيىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ياغ دورىلارنى قوشۇپ تەييارلاپ، ئىشلىتىدىغان چاغدا ئۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ بۇرۇنغا تۇتۇپ، دورا بۇسىنى دىماققا يەتكۈزۈلىدۇ.

يەنە بەزىلىرىنى تەييارلاشتا، سوقۇلىدىغانلىرىنى سوقۇپ، جۇلاپ بىلەن يۇغۇرۇپ، كۇمىلاچ قىلىپ ئىشلىتىش ۋاقتىدا بىر دانىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ دورا ھىدىنى پۇرايدۇ.

بەزىلىرىنى ئۇندەك سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ. بۇلارنى بۇرۇندىن تارتقۇزۇپ چۈشكۈرتىدۇ.

**پۇراتما ۋە چۈشكۈرتمە دورىلاردىن ئۈلگىلەر:**

**بۇخۇرى سەرسام (سەرسام پۇراتمىسى)**

تەركىبى:

گۈلبىنەپشە 10 گىرام، قاپاق قىرىندىسى 10 گىرام، ئاق لالىگۈلى 10 گىرام، بابۇنە

10 گىرام، ئارپا 10 گىرام، گۇل يېغى 100 مىللىلىتىر، نېلۇپەر گۈلى 10 گىرام، بىنەپشە يېغى 10 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ، 300 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ياغ دورىلارنى قوشۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: سەپرانى پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئىسسىتما قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سەرسام (مېڭە پەردىسىنىڭ ياللۇغى) كېسەللىكلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: تەييارلانغان دورىنى بۇرۇنغا تۇتۇپ، بېشىنى يۆگەپ، دورا بۇسىنى دىماققا يەتكۈزىدۇ.

**بۇخۇرى نەزلە (نەزلە پۇراتمىسى)**

تەركىبى:

بابۇنە 20 گىرام، رەيھان 20 گىرام، ئىكلىلمىلىك 20 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇپ قاينىتىپ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئارام بېرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سوغۇقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: دورىنى قىزىق ھالەتتە بىر قاچىغا ئېلىپ، بۇرۇندىن دىماق پارلاندۇرۇلىدۇ.

**بۇخۇرى غەشيان (كۆڭۈل ئىلىشىش پۇراتمىسى)**

تەركىبى:

ياۋا پىننە 10 گىرام، سىيادانە 10 گىرام، يەرلىك پىننە 10 گىرام

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، سىركە بىلەن قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: كۆڭۈل ئىلىششىنى توسىدۇ. مېڭىدىكى قويۇق خىلىتلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: باش ۋە مېڭە ئاغرىقلىرى بىلەن كەلگەن كۆڭۈل ئىلىشىش كېسەللىكلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: دورىنى قاينىتىپ تۇرۇپ چىققان ھورىنى پۇرايدۇ. چاچنى كۆيدۈرۈپ، يۇقىرىدىكى دورىلارنى تالقىنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، سىركە بىلەن خېمىر قىلىپ پېشانىگە تېڭىلسا، مېڭىدىكى قويۇق خىلىتلارنى سۈرىدۇ.

**سۇفۇپى ھەققۇل نەزلە (تاماكا ۋە سۆگەت گۈلى تالقىنى)**

تەركىبى:

تاماكا تۆت گىرام، نەسۋارىھىندى ـ (ھىندىستان ناسىۋالى) 35 گىرام، سۆگەت گۈلى چېچىكى 2.5 گىرام، قىزىلگۈل چېچىكى 2.5 گىرام، قارىمۇچ 10 گىرام، ئانار غۇنچىسى 2.5 گىرام، پەرپىيون بەش گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: مېڭىنىڭ سېزىش نېرۋىلىرىنى ئويغىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل نېرۋا كېسەللىرى، زۇكام، باش ئاغرىقلىرىغا چۈشكۈرتۈش (نېرۋىلارنى ئويغىتىش) مەقسىتى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ھەم ھوشىدىن كەتكەن كېسەللەرگىمۇ پۈركىتىش مۇمكىن.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: بۇ دورىنى پەقەتلا پۈراش بىلەن نېرۋىنى ئويغىتىش تەسىرى بولغىنى ئۈچۈن كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئاز ـ ئازدىن پۈرايدۇ.

## ئون ئۈچىنچى باب پاشۇيە

**1. تەرىپى:**
پاشۇيە ـ قاينىتىلغان دورا سۈيىگە ئىلمان چاغدا پۇتنى (لازىم كەلگەندە قولنى) چىلاپ ئولتۇرۇش ئارقىلىق كېسەل داۋالايدىغان بىر خىل دورا ياسالمىسى.

**2. پاشۇيەنىڭ ئالاھىدىلىكى:**
1) تەييارلاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئوڭاي بولۇپ، ھەممە كىشى ئۆزى تەييارلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.
2) كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئىگە بولۇپ، مۇپاسىل كېسەللىكلىرى، باش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. ئاغرىق توختىتىدۇ.
3) تەسىرى بىرقەدەر تېز كۆرۈلىدۇ.

**3. پاشۇيە تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**
كۆرسەتمىدىكى بىر ياكى بىرقانچە خىل ئېلىپ، ئۇنى قازانغا ياكى باشقا قاچىلارغا سېلىپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇپ قاينىتىلىدۇ. دورىنىڭ تەمى پۈتۈنلەي سۇغا چىققاندا ئوتتىن ئېلىپ، سىقىپ، ئازراق سوۋۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**4. دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**
1) پاشۇيە تەييارلاشتا مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا دورىنىڭ تەمى تولۇق چىققىچە قاينىتىلىدۇ، سۈزۈپ ئۇنىڭ سۈيى ئىشلىتىلىدۇ.
2) پاشۇيەنى تەييارلاپ بولۇپ ئىلمان ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئاندىن پۇتنى چىلاش لازىم. بەك قىزىق بولغاندا پۇت ـ قول تېرىلىرى كۆيۈپ كېتىدۇ.
3) تەرلەتكۈچى پاشۇيەلەر بىلەن تەرلەنگەندە قاتتىق دىققەت قىلىش، ئۆپكىگە سوغۇق تەگكۈزۈپ قويۇشتىن ۋە سانجىق تۇرۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. بولۇپمۇ قىش كۈنلىرىدە تېخىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

**5. تەرلەتكۈچى، يۇيۇنغۇچى پاشۇيەلەردىن ئۈلگىلەر:**

**پاشۇيە سەرسام (سەرسام پاشۇيىسى)**
تەركىبى:
گۈلبىنەپشە 30 گىرام، بابۇنە 30 گىرام، نىلۇپەر گۈلى 30 گىرام، ئىكلىلىمىلىك 30 گىرام.

www.uyghurkitap.com

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، 4 ~ 5 لىتىر سۇدا قاينىتىپ، دورىنىڭ تەمى پۇتۇنلەي چىقىپ بولغاندا ئۇنى سۈزۈپ، قول ـ پۇتنى پاتقىدەك قاچىغا تۆكۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

تەسىرى: مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئىسسىتما قايتۇرۇش، باش ئاغرىقىنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سەرسام كېسەللىكى، باش ئاغرىقى كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: پۇتنى چىلايدۇ ۋە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ ئېقىتىپ يۇيىدۇ.

# ئون تۆتىنچى باب گۇلقەنتلەر

**1. تەرىپى:**

گۇلقەنتلەر ـ ئۆسۈملۈك دورىلارنىڭ گۇل ۋە چېچەكلىرىگە شېكەر ياكى ھەسەل قوشۇپ ئاپتاپتا پىشۇرۇلغان خېمىرغا مايىل دورا ياسالمىسى، گۇلقەنتلەر ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

**2. گۇلقەنتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

گۇلقەنتلەر تۆۋەندىكىدەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە.

1) گۇلقەنتلەرنىڭ قۇستۇرىدىغان ۋە كۆڭۈل ئېلىشتۇرىدىغان ئەكس تەسىرى يوق.

2) گۇلقەنتلەرنىڭ تەمى تاتلىق بولۇپ ئىستېمال قىلىش ئوڭاي، بولۇپمۇ كىچىك بالىلارنىڭ، ياشانغان كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن ئوڭاي.

3) گۇلقەنتلەرنى ئاپتاپتا قويۇپ پىشۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇن ساقلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ھەسەل بىلەن ياسالغانلىرىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى تۆت يىل، شېكەر بىلەن ياسالغانلىرىنىڭ ئىككى يىل بولىدۇ.

**3. گۇلقەنتلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ناملىرى:**

گۇلقەنتلەر ياساش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى، گۇل ـ چېچەكلەرگە ھەسەل قوشۇپ تەييارلانغان گۇلقەنتلەر بولۇپ بۇ «گۇلقەنت ھەسىلى» دېيىلىدۇ.

يەنە بىر خىلى، گۇل ـ چېچەكلەرگە شېكەر قوشۇپ تەييارلانغىنى بولۇپ بۇ «گۇلقەنت شېكىرى» دېيىلىدۇ.

**4. گۇلقەنت ياساش ئۇسۇللىرى:**

گۇلقەنتلەر، دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ھۆل ياكى قۇرۇق بولۇشى ھەمدە شېكەر ۋە ھەسەل قوشۇلۇشىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ئۇسۇل بىلەن تەييارلىنىدۇ:

1) ھۆل گۇلنى ئېلىپ، ئۇنى ئېزىش جابدۇقلىرى ئارقىلىق ئېزىپ، ئۇستىگە شېكەرنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئاتپاپتا پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

2) ھۆل گۇلنى ئېزىپ، ئۇنىڭغا ھەسەل قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

3) شېكەرنى ئازراق سۇ بىلەن قىيام قىلىپ، قىيامى پىشقاندا ھۆل گۇلنى ئېزىپ قىيامغا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

4) قۇرۇق گۇلنى سوقۇپ، تاسقاپ ئاندىن شېكەرنى قىيام قىلىپ قىيامغا قۇرۇق گۇلنىڭ تالقىنىنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**5. گۈلقەنتلەرنى تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

1) قىزىلگۈل ئېچىلغان مەزگىلدە يېڭى ئېچىلغان قىزىلگۈلنى ئۈزۈپ گۈلنىڭ ئەخلەتلىرىدىن ئايرىپ، تاسقاپ، گۈلنىڭ ئاق يېرىنى كېسىۋېتىپ، ئاندىن گۈلنى ئېزىلىش جابدۇقى (قىيما ماشىنىسى) بىلەن ياكى ھاۋانچا بىلەن ئېزىپ، ئۇنىڭغا شېكەر ياكى ھەسەلنى قوشۇپ قول ئەمگىكى ياكى ئارىلاشتۇرۇش جابدۇقى بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، سىرلىق قاچا ياكى ئەينەك شېشىگە قاچىلاپ 40 كۈن ئاپتاپتا قويۇش كېرەك. بوران ـ چاپقۇن، ھۆل ـ يېغىن تېگىپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن قاچىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ قويۇش كېرەك. ئاپتاپتا قويغان مەزگىللەردە دەسلەپتە ھەپتىدە بىر قېتىم، كېيىن 2 ~ 3 كۈندە بىر قېتىم ياغاچ قوشۇق ياكى تاياقچە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.

2) گۈلقەنتكە گۈلنىڭ چېچىكى ئارىلىشىپ قالماسلىقى كېرەك.

3) قىزىلگۈلنىڭ ئاق قىسمى چوقۇم كېسىپ تاشلىنىشى كېرەك، بولمىسا دورىنىڭ شىپالىق ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ، ھەمدە دورىنى ئاچچىق قىلىپ قويىدۇ.

4) گۈلقەنت تەييارلاش جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلارنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ ھۆل قوشۇق سېلىپ تاشلىماسلىق كېرەك.

5) گۈلقەنت تەييارلايدىغان گۈل ياخشى ئېچىلغان ۋە رەڭگى قىزىل بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان شېكەر ياخشى شېكەر بولۇشى لازىم.

**6. گۈلقەنتلەردىن ئۈلگىلەر:**

**قىزىلگۈل گۈلقەنتى**

تەركىبى:

قىزىلگۈل 1000 گىرام، شېكەر 4000 گىرام.

تەييارلىنىشى: يېڭى ئېچىلغان قىزىلگۈلنى ئۈزۈپ، گۈلنىڭ ئەخلەتلىرىنى ئىلغاپ، تاسقاپ، تۆۋەن تەرىپىدىن ئاق يېرىنى كېسىۋېتىپ بىر ھەسسە گۈلگە تۆت ھەسسە شېكەر ياكى ھەسەلنى ئۆزىگە ئالغۇدەك ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئەينەك شېشىگە قاچىلاپ ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ 40 كۈن ئاپتاپتا تۇرغۇزۇلىدۇ ئاپتاپتا تۇرغان ۋاقىتلاردا ھەر كۈنى بىر مەرتىۋە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر دورا بەكمۇ قۇرۇپ قېتىپ قالسا، ئەرقى گۈلابتىن بىر ئاز قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل، ھەسەل بىلەن تەييارلانغىنى ئىسسىق ھەم قۇرۇق.

تەسىرى: ئاشقازان، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، كېسەل سەۋەبىدىن بولغان بەدەندىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، غىزادىن كېيىن يېسە ئاشقازان بۇخاراتلىرىنى توسۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان، نېرۋا كېسەللىرى، مۇپاسىل، پالەچ ھەم بەدەندىكى يۆتكىلىپ ئاغرىيدىغان يەللەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم، 5 ~ 8 گىرامغىچە بېرىلىدۇ.

**رەيھان گۈلقەنتى**

تەركىبى:

ھۆل رەيھان 1000 گىرام، شېكەر 4000 گىرام.

تەييارلىنىشى: ھۆل رەيھان يوپۇرمىقىنى پۈتاپ ئېلىپ، ماشىنا ياكى ھاۋانچىدا ئېزىپ، ئۇنىڭغا كۆرسەتمىدىكى شېكەر ياكى ھەسەلنى سېلىپ، قول ئەمگىكى ياكى ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى بىلەن ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن سىرلىق قاچا، ئەينەك شىشىگە قاچىلاپ ئاغزىنى بېكىتىپ 40 كۈن ئاپتاپتا قويۇپ پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، قان كۆپەيتىدۇ، نېرۋا، يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: نېرۋا ئاجىزلىقى، يۈرەك سېلىش كېسەللىكلىرى، چاچ ئاقىرىش كېسەللىكلىرى، ئاقكېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم گۈلىدەك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**خەشخاش گۈلى گۈلقەنتى**

تەركىبى:

خەشخاشنىڭ يېڭى ئېچىلغان گۈلى 1000 گىرام، شېكەر 4000 گىرام.

تەييارلىنىشى: ھۆل كۆكنار گۈلىنى ئۈزۈپ ئېلىپ، ئۇنى ماشىنا ياكى ھاۋانچىدا ئېزىپ، ئۇنىڭغا كۆرسەتمىدىكى شېكەرنى سېلىپ قولدا ياكى ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى بىلەن ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئەينەك شىشە ياكى سىرلىق قاچىلارغا قاچىلاپ، 40 كۈن ئاپتاپتا تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاپتاپتا تۇرغان ۋاقىتلاردا ھەر كۈنى بىر قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئارام بېرىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ئىچ توختىتىش، قان توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئۆپكە كېسىلىگە، يۆتەل، ئىچ سۈرۈش كېسەللىكى، ئۇيقۇسىزلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ ھەم كۆڭۈلنى خۇشال قىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم، ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**پىننە گۈلقەنتى**

تەركىبى:

ھۆل پىننە 1000 گىرام، شېكەر 4000 گىرام.

تەييارلىنىشى: پىشقان ھۆل پىننىنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنى پۈتاپ ئېلىپ، ئۇنى ماشىنا ياكى ھاۋانچىدا ئېزىپ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك شېكەر ياكى ھەسەلنى سېلىپ، قولدا ياكى ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسىدا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئەينەك شىشە ياكى سىرلىق قاچىلارغا قاچىلاپ، ئاغزىنى بېكىتىپ 40 كۈن كۈن نۇرى كۈچلۈك جايدا

www.uyghurkitap.com

ئاپتاپتا قويۇپ پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: ئىسسىق.
تەسىرى: يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان كېسەللىكلىرى، يۈرەك كېسەللىكلىرى، ئۆپكە كېسەللىكلىرى، نېرۋا كېسەللىكلىرى، ئۈچەي كېسەللىكلىرى ئۈچۈن بېرىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم، 10 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### ئانار چېچىكى گۈلقەنتى

تەركىبى:
ئانار گۈلى 1000 گىرام، شېكەر 4000 گىرام.
تەييارلىنىشى: قىزىل، پاكىز، ياخشى ئېچىلغان ئانار گۈللىرىنى يىغىپ ئېلىپ، ئۇنى ھاۋانچا ياكى ماشىنا بىلەن ئېزىپ، ئۇنىڭغا كۆرسەتمىدىكى شېكەرنى سېلىپ قول ياكى ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. شېكەر بىلەن ئانار گۈلى ئۆزلىشىپ بولغاندا، ئۇنى سىرلىق كەستۇرۇلكە ياكى شىشىگە قاچىلاپ، ئاغزىنى بېكىتىپ تومۇز ئاپتىپىدا 40 كۈن قويۇپ، پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: ئىسسىق.
تەسىرى: ئىچ توختىتىش، قان توختىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل ئەزالاردىن قان كېتىشلەرگە، بوۋاسىرغا، بالىياتقۇدىن كەلگەن قاننى توختىتىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### كېۋەز چېچىكى گۈلقەنتى

تەركىبى:
كېۋەز چېچىكى 1000 گىرام، شېكەر 4000 گىرام.
تەييارلىنىشى: ئېچىلغان كېۋەز گۈلىنى يىغىپ ئېلىپ، ئۇنى ھاۋانچا ياكى ماشىنا بىلەن ئېزىپ، ئۇنىڭغا كۆرسەتمىدىكى شېكەرنى ياكى ھەسەلنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.
تەسىرى: نېرۋىنى پەسەيتىش، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل نېرۋا، مېڭە كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### چامغۇر چېچىكى گۈلقەنتى

تەركىبى:
چامغۇرنىڭ ئېچىلغان گۈلى 1000 گىرام، شېكەر ياكى ھەسەل 4000 گىرام.
تەييارلىنىشى: پاكىز ئېچىلغان چامغۇر چېچەكلىرىدىن ئېلىپ، ئۇنى ھاۋانچىدا ياكى قىيما قىلىش ماشىنىسى بىلەن ئېزىپ، ئۇنىڭغا كۆرسەتمىدىكى شېكەرنى سېلىپ، تەكشى

ئاربلاشتۇرۇلىدۇ، شېكەر بىلەن گۈل ئۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قاچىلاپ 40 كۈن ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: يۆتەل توختىتىش، كۆكرەك، قورساقنى بوشىتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، سۈيدۈكنى ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاجىزلاپ كەتكەن سىل (تۇبېركۇليۇز) كېسەللىكلىرى، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز كېسەللىكلەر، بۆرەك يولى كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 10 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**جىگدە گۈلى گۈلقەنتى**

تەركىبى:

جىگدە گۈلى 1000 گىرام، شېكەر 4000 گىرام.

تەييارلىنىشى: ئېچىلغان جىگدە گۈلىنى يىغىپ ئېلىپ، ھاۋانچىدا ياكى قىيما قىلىش ماشىنىسى بىلەن يۇمشاق ئېزىپ، ئۇنىڭغا كۆرسىتىلگەندىكى شېكەرنى سېلىپ، تەكشى ئاربلاشتۇرۇلىدۇ. بىر ـ بىرى بىلەن ئۆزلىشىپ بولغاندا ئۇنى شىشە ياكى سىرلىق قاچىغا ئېلىپ، ئاغزىنى ئېتىپ، ئاپتاپتا 40 كۈن تۇرغۇزۇپ، پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە قىلىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل مېڭە ئاغرىقلىرى، يۈرەك ئاغرىقلىرى، ھاسىراش، ھۆمىدەش، دېمى تۇتۇلۇش كېسەللىرى، بەزگەك كېسەللىكى، ئاشقازان ئاجىزلىقلىرى، ھەر خىل مۇپاسىل كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈنىگە بىر قېتىم 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساملىرى

**1. تەرىپى:**

بۇ بىر ياكى بىرقانچە خىل گىياھ دورىلارنى ئۆسۈملۈك ياغلىرىغا چىلاپ ياكى قاينىتىپ، تەمىنى، قۇۋۋىتىنى ئېلىش بىلەن ياكى يۇمشاق سوقۇپ تاسقاپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى قوشۇش بىلەن تەييارلىنىدىغان دورا ياسالمىسى.

**2. سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تۈرلىرى:**

سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە تەييارلاش قائىدىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ياغ (رەۋغەن)، مەلھەم (مەرھەم)، تاڭما (زىمات)، ھۆقنە (كىلىزما)، تامچە (قوتۇر)، تىزاب (كىسلاتا خاراكتېرلىك سۇيۇقلۇقلار)، شامچە (شىياق) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى

## ئون بەشىنچى باب ياغ (رەۋغەن) دورا ياسالمىلىرى

**1. تەرىپى:**

بۇ، ھايۋانات ياغلىرى، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىدىن ئېلىنغان ياغلار جۈملىدىن ئۆسۈملۈكنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرى، يىلتىزى قاتارلىق دورىلاردىن مەخسۇس ئۇسۇل بىلەن ئېلىنىپ، بەدەن سىرتىدىن ياغلاپ ئىشلىتىلىدىغان سۇيۇق ھالەتتىكى دورا ياسالمىسىدىن ئىبارەت.

**2. ياغ دورىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە تەييارلىنىشى:**

ياغ دورىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى تۆت خىل بولىدۇ:

1) ئۆسۈملۈك مېغىزلىرىدىن چىقىرىلغان ياغلار، مەسىلەن: ياڭاق، ئۆرۈك مېغىزى، زىغىر، زاغۇن، كۈنجۈت قاتارلىقلارنى جۇۋازدا تارتىپ چىقىرىلىدىغان ياغلاردۇر.

2) گۈل بىلەن تەييارلانغان ياغ، مەسىلەن: گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى، سەۋسەن يېغى قاتارلىقلار. بۇ خىل ياغلارنى ياساشتا قايسى خىل گۈلدىن تەييارلىماقچى بولسا، شۇ گۈلنىڭ قاناتلىرىنى (لازىملىق قىسمىنى) قىرقىپ ئېلىپ، ئۇنى قاچىغا سېلىپ ئۈستىگە 3 ~ 4 ھەسسە كۈنجۈت يېغىنى قۇيۇپ 20 ~ 40 كۈنگىچە كۈن نۇرىدا قويۇلىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ ئىسسىقى ياردىمىدە گۈلنىڭ تەمى پۈتۈنلەي ياغقا ئۆتۈپ ياغدىن بىر خىل گۈل پۇرىقى كەلگەندە گۈل تىرىپلىرىنى سىقىپ ئېلىپ، سۈزۈپ ئاندىن ئىشلىتىلىدۇ.

3) يىلتىز ياكى قاتتىق ئۆسۈملۈك دورىلار بىلەن تەييارلىنىدىغان ياغ، مەسىلەن: قەلەمپۇر، قۇستە ياغلىرى، بۇ خىل ياغلارنى تەييارلاشتا يۇقىرىدىكى دورىلارنى يېرىك سوقۇپ، ئىسپىرت ياكى قايناق سۇ ياكى مۇسەللەسكە بىر كېچە چىلاپ قويۇلىدۇ. ئەتىسى قاينىتىپ تەمى چىقىپ بولغاندا سۈزگۈچ لاتىدىن ئۆتكۈزۈپ سۈزۈلگەن سۇيۇقلۇققا تەڭ مىقداردا ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك زەيتۇن يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى قوشۇپ يەڭگىل ئوت بىلەن سۈيى ياكى ئىسپىرت ياكى مۇسەللەس تۈگەپ يېغى قالغۇچە ئۇزۇنغىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

4) ھايۋانات ۋە قۇشلارنىڭ ياغلىرى، مەسىلەن: ئېيىق يېغى، قودا يېغى، توخۇ يېغى قاتارلىقلار، ھايۋانات ۋە قۇشلارنىڭ ياغلىرىنى تەييارلاشتا ھايۋاناتلارنى سويۇپ ساپ يېغىنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن ئاپتاپتا قويۇپ ئېرىتىپ ياكى قازانغا سېلىپ ئوتتا كۆيدۈرۈپ يېغى ئېلىنىدۇ.

ياغ دورىلارنىڭ تەركىبى. تەبىئىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن بەزىلىرىنى پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش مەقسەتلىرىدە، بەزىلىرىنى پەي ۋە مۇسكۇللارنى بوشىتىش

مەقسەتلىرىدە، بەزىلىرىنى ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، تېرە ۋە گۆشلەرنى يۇمشىتىش ياكى چىڭىتىش، يەل تارقىتىش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**3. ياغ دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

1) ياغ دورا ياسالمىسىنىڭ دورا مەنبەسى كەڭ بولۇپ ئاسان تېپىلىدۇ.

2) تەييارلاش ئۇسۇلى ئاددىي ۋە ئاسان بولۇپ، چوڭ ئۈسكۈنە ۋە جابدۇقلارنى تەلەپ قىلمايدۇ.

3) ياغ دورىلار تېرە ۋە جاراھەتلەر بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ بەلكى تېخىمۇ چوڭقۇرسىڭىپ كىرىپ ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

**4. ياغ دورىلارنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلەپ:**

1) ياغلار سۈزۈك، پۇراقلىق بولۇشى لازىم. ھەرگىز دۇغلىشىپ قالماسلىقى كېرەك.

2) خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت ساقلاش جەريانىدا بۇزۇلۇپ، سۈپىتى ئۆزگىرىپ قالماسلىقى لازىم.

3) تېرىگە سىڭىشلىك بولۇپ، تېرىنىڭ نورمال پائالىيىتىگە دەخلى قىلماسلىقى كېرەك.

4) تېرىنى ئېچىشتۇرۇش قاتارلىق يامان تەسىرلەر ۋە باشقا زەھەرلىك تەسىرلىرى بولماسلىقى لازىم.

**5. ياغ دورا تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

1) ھايۋانات ياغلىرىنى تەييارلاشتا گۆشى بولمىغان ساپ يېغىنى ئايرىۋېلىش كېرەك. ھەمدە ياغ تەركىبىدىكى بەزلەر تاللاپ ئېلىۋېتىلىشى لازىم.

2) گۈل دورىلاردىن ياغ دورا تەييارلاشتا گۈلنىڭ قىزىل ۋە لازىملىق جايلىرىنى قىرقىپ ئېلىپ ئاق جايلىرىنى تاشلىۋېتىش لازىم.

3) گۈل دورىلارنى ياغقا سېلىپ كۆرسىتىلگەن ۋاقىت ئىچىدە كۈن نۇرىدا قويۇپ گۈلنىڭ تەمى پۈتۈنلەي ياغقا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تىرىپلىرىنى سىقىپ ئېلىۋېتىپ ئىشلىتىش لازىم.

4) ئاپتاپتا قويۇش جەريانىدا 2 ~ 3 كۈندە بىر قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا گۈلنىڭ تەمىنى ياغقا تولۇق چىقارغىلى بولىدۇ.

**6. ياغ دورىلاردىن ئۈلگىلەر:**

**رەۋغىنى ۋەرد (قىزىلگۈل يېغى)**

تەركىبى: ھۆل يېڭى قىزىلگۈل 140 گىرام، زەيتۇن يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى ياكى بادام يېغى 700 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: يېڭى ئېچىلغان گۈلنىڭ ئاستىدىكى ئاق يېرى قىرقىپ تاشلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئاغزى يوغان شىشە ئىچىگە تەييارلانغان گۈلدىن 20 گىرامنى سېلىپ، ئۈستىگە كۆرسىتىلگەن مىقداردىكى ياغنى قۇيۇپ، 5 ~ 6 ـ ئايلارنىڭ تومۇز ئاپتىپىغا قويۇلىدۇ. يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن گۈلنى سىقىپ تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا يەنە 20 گىرام گۈلنى يۇقىرىقىدەك تەييارلاپ سېلىنىدۇ. يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن گۈلنى سىقىپ تاشلىۋېتىپ، يۇقىرىقىدەك ئۇسۇل بىلەن قايتا ـ قايتا يەتتە مەرتىۋە ۋە ھەر قېتىم 20 گىرامدىن يەتتە كۈندە بىر قېتىم قىزىلگۈل سېلىنىدۇ. گۈلنىڭ رەڭلىرى ياغقا چىقىپ رەڭگى ئاقارغاندا تاشلىۋېتىپ جەمئىي 49 كۈن ئاپتاپتا تۇرغۇزۇلسا ياغ تەييار بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: قىزىتمىنى قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: باش ئاغرىقى، خەفەقان، ئۇيقۇسىزلىق، مۇپاسىل ئىششىقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: كېسەللىكنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا سىرتتىن مايلاشقا بېرىلىدۇ. بۇ ياغنى تەلق (تالك) ئارقىلىق سۇغا ئارىلاشتۇرۇلسا سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان گۈلاب ھاسىل بولىدۇ.

**رەۋغىنى شۈنىز (سىيادانە يېغى)**

تەركىبى: سىيادانە مەلۇم مىقداردا

1) سىيادانىنى پاكىز تاسقاپ جۇۋاز ياكى ياغ چىقىرىش ماشىنىسى بىلەن تارتىپ چىقىرىلىدۇ.

2) گىل ھېكمەت ئۇسۇلى بىلەن يېغى ئېلىنىدۇ.

3) سىيادانىدىن 100 گىرام، ئېلىپ ئازراق سوقۇۋېتىپ، ئۇنى بىر قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە 85 پىرسەنتلىك ئىسپىرتتىن 300 مىللىلىتىر قۇيۇپ 5 ~ 7 كۈنگىچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن سۈزۈپ ئاستىدىكى سىيادانىغا يەنە 75 پىرسەنتلىك ئىسپىرتتىن 300 مىللىلىتىر قۇيۇپ قايتا بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزۇپ ئۇمۇ سۈزۈلىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم يەنە 75 پىرسەنتلىك ئىسپىرتتىن 300 مىللىلىتىر قۇيۇپ ئۈچ كۈن تۇرغۇزۇپ، ئۇنى سۈزۈپ ئۈچ قېتىملىق سۈزۈلگەن ئىسپىرتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئەينەك كولبىغا سېلىپ سوغۇق تەسىر قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىسپىرتنى يىغىۋېلىپ يېغى ئېلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: بەدەنگە جۇلا بېرىش، پەينى يۇمشىتىش، ھەيز ماڭدۇرۇش، سۈت پەيدا قىلىش، چاچنى قارايتىش، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: پالەچ، لەقۋا، پەي تارتىشىپ قېلىش كېسەللىكلىرى، چاچ ئاقىرىپ كەتكەنلەرگە، بەرەس كېسەللىكلىرىگە، قىچىشقاقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا سىرتتىن مايلاشقا ياكى پىشقان سۇتكە تېمىتىپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. چاچ ئاقىرىشلارنى داۋالاش ئۈچۈن قايناق سۇغا تېمىتىپ ئىچىشكە بۇيرۇلىدۇ.

**رەۋغىنى لەۋزى (بادام يېغى)**

تەركىبى:

بادام مېغىزى مۇۋاپىق مىقداردا.

تەييارلىنىشى: بادام مېغىزىنىڭ پوستىنى سويۇپ، ئاقلاپ، سوقۇپ، قەلەيلەنگەن مىس لېگەنگە سېلىپ، چوغنىڭ ئۈستىگە لېگەننى قويۇپ، لېگەندىكى بادامنىڭ ئۈستىگە ئاز ـ ئازدىن سۇ قۇيۇپ ئېزىپ بەرسەك سوقۇلغان بادام پومىلىشىدۇ. لېگەننى بىر تەرەپكە يانتۇ قىلىپ تۇرغۇزۇلسا لېگەننىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بادامنىڭ يېغى ۋىژىلداپ ساقىيدۇ. ساقىپ چۈشكەن ياغنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا باشقا قاچىغا قۇيۇپ تۇرۇپ شۇ مىقداردىكى بادامنىڭ يېغى پۈتۈنلەي تۈگىگىچە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن تەييارلىنىدۇ ياكى تازىلانغان جۇۋازدا تارتىپ ئېلىنىسىمۇ بولىدۇ.

تەبىئىتى: تاتلىق بادامنىڭ يېغى ھۆل ئىسسىق ۋە مۆتىدىل بولىدۇ. ئاچچىق بادامنىڭ قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ.

تەسىرى: ئىششىق ياندۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، تارتىشىپ قالغان پەيلەرنى بوشىتىدۇ، ئاۋازنى نورماللاشتۇرىدۇ، مېڭىدىكى قۇرۇقلۇقنى يوقىتىپ ھۆللۈك پەيدا قىلىدۇ. قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مېڭە ۋە باش ئاغرىقى، ئۇيقۇسىزلىق، قۇلاق ئاغرىقى، ئۆپكە ئىششىقى، كونا يۆتەل، دەم سىقىلىش، مۇپاسىل قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈش، ياغلاش ۋە تېمىتىش ئۇسۇللىرى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ھەمدە ئىترىفىل دورىلارنى تەييارلاشتا ئىترىفىل تەركىبىدىكى دورىلارنى ياغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**رەۋغىنى موم (موم يېغى)**

تەركىبى:

ئاق موم 20 گىرام، بابۇنە ئىككى گىرام، ئۆردەك يېغى 20 گىرام، ئەپيۇن ئىككى گىرام.

تەييارلىنىشى: ئاق موم، ئۆردەك يېغىنى ئېرىتىپ، ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە بابۇنە ۋە ئەپيۇننى يۇمشاق سوقۇپ سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپ، قاچىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ.

تەسىرى: ئاغرىقنى توختىتىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: جىنسىي يول ۋە بالىياتقۇ ئىششىقلىرىغا، جاراھەتلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

www.uygurkitap.com

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: داكىغا مىلەپ جىنسىي يول ۋە بالىياتقۇ بويىنىغا قويۇلىدۇ. كۈنىگە 1 ~ 2 قېتىم يەڭگۈشلىنىدۇ.

رەۋغىنى قودا (قودا يېغى)

تەييارلىنىشى: قودا دېگەن قۇشنىڭ يېغىنى ئاپتاپتا ياكى ئوت بىلەن ئېرىتىپ، چىگىرتكىدىن ئايرىپ بىر قېتىم سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، پەينى بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مۇپاسىل (بېغىش ئاغرىقلىرى)، قورساق ئاغرىقى، قۇلۇنجى، قەۋزىيەتنى داۋالاش، يەل ماڭدۇرۇش، سوغۇقتىن بولغان كېسەللەرگە ياغلاش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش:

1) ئاق قودا بولۇشى شەرت. بۇ ياغنى سەپرا مىزاج ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە ۋە ياش بالىلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

2) قودا ئاساسەن ئۈچ خىل، يەنى قارا رەڭ، ئاق رەڭ ھەم كۆل رەڭدە بولۇپ، بۇ رەڭلەرنىڭ ئىچىدىن ئاق رەڭلىك قودانىڭ پۇرىقى خۇش پۇراق بولىدۇ. گۆشىنى يېيىشتە ھەزىم قىلىنىشى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسسىق دورىلار بىلەن پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ. گۆشى سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە پايدا قىلىدۇ.

رەۋغىنى مۇر (چۇمۇلە يېغى)

تەركىبى:

سېرىق چۇمۇلە 1000 دانە، رەۋغىنى ئازاراقى 90 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: چۇمۇلىدىن كۆرسىتىلگەنساندا تۇتۇپ شېشىگە سېلىپ، ئۈستىگە ئازاراقى يېغىدىن قۇيۇپ 21 كۈن تومۇز ئاپتىپىغا سېلىپ، 21 كۈن توشقاندىن كېيىن چۇمۇلىنى سۈزۈپ سىقىپ، يەنە بىر قېتىم سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ھەر خىل زەھەرلىك ھاشاراتلاردىن چايان، كۆك پىت، يىلان، ھەرىلەرنىڭ چاققان زەھىرىنى قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: چايان، يىلان، ھەرە، كۆك پىت چاققانغا، قۇلاق ئاغرىقى ۋە گاسلارغا، چاچ چىقىرىشقا، بەرەس كېسەللىرى ئۈچۈن ياغلاشقا تېمىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: چۇمۇلە چوڭ ۋە قۇرۇق، ئاق يەرنىڭ بولۇشى شەرت.

**رەۋغىنى دوۋ (ئېيىق يېغى)**

تەييارلىنىشى: ئېيىقنىڭ يېغىنى ئاپتاپتا ئېرىتىپ ياكى قازانغا سېلىپ ئېرىتىپ، چىگىرتىكى ئايرىلىپ تەييار قىلىنىدۇ، ئايرىلغان يېغى رەۋغىنى دوۋ دەپ ئاتىلىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: مۇپاسىل، بېغىش ئاغرىقلىرى، چىگىپ ۋە تارتىشىپ قالغان پەيلەرنى يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كونا مۇپاسىل ئاغرىقلىرى، پەيلىرى تارتىشىپ قالغان كېسەللەرگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ياغلاش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

**رەۋغىنى پەجەل (تۇرۇپ سۈيىنىڭ يېغى)**

تەركىبى:

تۇرۇپ سۈيى 6000 مىللىلىتىر، كۈنجۈت يېغى ياكى زەيتۇن يېغى 2000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: كۆك تۇرۇپنى تازىلاپ، قىرغۇچ بىلەن قىرىپ، سىقما ماشىنا ياكى خام بىلەن سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، كۆرسىتىلگەن مىقداردا قازانغا قۇيۇپ، ئۈستىگە ياغنى قۇيۇپ تا سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل سوغۇقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقلىرىغا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىر كۈندە 2 ~ 3 قېتىم قۇلاققا تېمىتىشقا بېرىلىدۇ.

**رەۋغىنى ئازاراقى (كۈچۈلا يېغى)**

تەركىبى:

كۈچۈلا 1000 گىرام، كۈنجۈت يېغى 2000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: كۈچۈلىنى 5000 مىللىلىتىر قايناق سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن 1000 مىللىلىتىر سۈيى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ. قازاننى چۈشۈرۈپ كۈچۈلىنى سۈزۈپ، سىقىپ، قالغان سۈيىگە كۈنجۈت يېغىنى قۇيۇپ يەنە سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇدەك قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: پەينى چىڭىتىش، ئاغرىق قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بەلغەمدىن بولغان پالەچ، لەقۋا، مۇپاسىللارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**رەۋغىنى قۇستە (قۇستە يېغى)**

تەركىبى:

قۇستە 30 گىرام، جۆندى بىدەستۇر 6.5 گىرام، پىلپىل 12 گىرام، كونا مۇسەللەس 300 مىللىلىتىر، پەرپىيون 12 گىرام. ئاقىرقەرھا 12 گىرام، زەيتۇن يېغى ياكى كۇنجۇت يېغى 150 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، قۇستە، پىلپىل، ئاقىرقەرھالارنى چالا سوقۇپ، مۇسەللەسكە بىر كېچە چىلاپ، ئەتىسى 150 مىللىلىتىر قالغۇچە قايناتقاندىن كېيىن سۈزۈۋېلىپ ... ئاندىن سوۋۇتۇپ سۈزۈلىدۇ. سىقىپ دورا تىرىپلىرىنى تاشلىۋېتىپ، مۇسەللەسنى قايتىدىن قازانغا قۇيۇپ، ئۈستىگە كۇنجۇت يېغى ياكى زەيتۇن يېغىنى قۇيۇپ، مۇسەللەس تۈگەپ ياغ قالغۇچە قايناتىپ، ئارقىدىن جوندە بىدەستۇر بىلەن پەرپىيوننى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ قازانغا تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. دورا سوۋۇغاندىن كېيىن بىر قېتىم سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، پەينى چىڭىتىش، چاچنى قارايتىش، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: لەقۋا، پالەچلەرگە، مۇپاسىل، ئاشقازان، جىگەر ئاغرىقلىرىغا، ئاق چاچلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئاغرىغان جاي سىرتىدىن ياغلىنىدۇ.

**رەۋغىنى قەرنەپىل (قەلەمپۇر يېغى)**

تەركىبى:

قەلەمپۇر 280 گىرام، سۇ 1680 مىللىلىتىر، تۇز 24 گىرام.

تەييارلىنىشى: كۆرسەتمىدىكى دورىلارنى ئېلىپ، قەلەمپۇرنى سۇغا چىلاپ، ئۈستىگە تۇزنى قوشۇپ ئوت ئۈستىدە قويۇش ياكى ئاتىنىڭ قىغىغا مەلۇم مەزگىل كۆمۈپ قويۇش ئارقىلىق تاكى يۇمشاق خېمىردەك ھالغا كەلگىچە ئىسسىقلىق بېرىلىدۇ. ئاندىن ئىمبىق تاكى پار قازنى بىلەن پارلاندۇرۇپ تامچىلىتىپ ئېلىنغان سۇيۇقلۇق ئۈستىدىكى يېغى سۈيىدىن ئايرىۋېلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: روھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، جاراھەتلەرگە ئىشلىتىلگەندە گۆش ئۈندۈرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سوغۇقتىن بولغان جىگەر كېسىلى، ئاشقازان ـ ئۈچەي كېسىلى، يۈرەك كېسىلى، مېڭە كېسەللىكى ۋە كۆزنىڭ كۆرۈشى ئاجىز كېسەللەرگە، رېماتىزم ئاغرىقلىرى، پەتەق (گىرىژا) ئاغرىقلىرى، چىش ئاغرىقلىرىغا ھەمدە سەۋداۋى كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىچىشكە ياكى سىرتىدىن ياغلاشقا بۇيرۇلىدۇ. كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز كىشىلەرگە ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىش بۇيرۇلىدۇ. قالغان كېسەللىكلەرگە ئاغرىغان يەرنى ياغلاش بۇيرۇلىدۇ.

ئەسكەرتىش: قەلەمپۇر يېغىنىڭ كۈچى بىلسان يېغىدىن ئاجىزراق، لېكىن بىلسان يېغى بولمىسا قەلەمپۇر يېغى بىلسان يېغى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**رەۋغىنى دەھتۇرە (جەۋزى ماسىل يېغى)**

تەركىبى:

جەۋزى ماسىل ئۇرۇقى خالىغان مىقداردا.

تەييارلىنىشى: جەۋزى ماسىلنى ئېلىپ، پوستىدىن ئاجرىتىپ چالا سوقۇلىدۇ. ئۇنى بوينى ئۇزۇن شىشىگە سېلىپ، شىشىنىڭ ئاغزىنى ئاتنىڭ قىلى بىلەن بېكىتىپ، شىشە سىرتى گىل ھېكمەت قىلىپ چاپلىنىدۇ (شىشە ئاغزى چاپلانمايدۇ)، ئاندىن مۇۋاپىق ھەجىمدىكى بىر دانە ساپال قاچىنىڭ تېگىنى تېشىپ، بۇنى بىر دانە تۆمۈر تۇۋرۇككە قازان چۈشۈرگەندەك قىلىپ توختىتىپ، شىشە دۈم قىلىنىدۇ. شىشە ئاغزىنى بۇ تۆشۈكتىن چىقىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ساپال قاچىنىڭ ئىچىگە شىشىنىڭ ھەممە قىسمى كۆمۈلگىدەك كالا تېزىكىنى تولدۇرۇپ ئوت يېقىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شىشىگە ئىسسىق ئۆتۈپ ياغ تېمىپ چۈشىدۇ. شىشە ئاغزىغا ئۇدۇل قىلىپ ياغ چۈشۈرۈلىدىغان قاچا قويۇلىدۇ. مانا بۇ دەھتۇرە يېغى بولىدۇ.

2) تەركىبى:

جەۋزى ماسىل شېخى ۋە مېۋىسى (مېۋىسى قارا بولسا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ) مۇۋاپىق مىقداردا.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىقى دورىلارنى ئېلىپ، چالا سوقۇپ، ئۇنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا چىلاپ قۇۋۋىتى سۇغا چىققىچە قاينىتىلىدۇ. ئاندىن مىجىپ، سۈزۈپ، سۇيىگە ئومۇمىي سۇيىنىڭ يېرىمىغە باراۋەر كەلگىدەك كۇنجۇت يېغىنى قوشۇپ قائىدە بويىچە سۇيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

تەسىرى: ئاغرىق قالدۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، ئۇخلىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، سوغۇق ماددىلارنى تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلىرى: رېماتىزم، ئىسترخا كېسەللەرگە، پالەچ، سۇرئىتى ئىنزال، ئۇيقۇسىزلىق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: مىقدارى كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سىرتتىن مايلاشقا بېرىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئون ئالتىنچى باب مەلھەم (مەرھەم) دورا ياسالمىلىرى

**1. تەرىپى:**

مەلھەم دورا تالقانلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ خېمىرغا ئوخشاش يۇغۇرۇلىدىغان، تېرە ـ شىلىلىق پەردىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىسى.

**2. مەلھەم دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

1) مەلھەم دورىلار تېرىنى ئاسراش ۋە سىلىقلاشتۇرۇش، ئىششىق (ۋەرەم) قايتۇرۇش، گۆش ئۈندۈرۈش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش تەسىرىگە ئىگە.

2) مەلھەم دورىلارنىڭ باكتېرىيەنى ئۆلتۈرۈش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خۇسۇسىيىتى بار.

3) تېرە، قۇرغاقلىقى ۋە تېرە يېرىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەمدە قىچىششىنى پەسەيتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

**3. مەلھەم دورىلارنىڭ سۈپىتىگە قويۇلغان تەلەپلەر:**

1) تەركىبىگە قوشۇلغان دورىلار بەكمۇ يۇمشاق ئېزىلىپ تەكشى ئارىلاشقان بولۇشى، ھەمدە سىلىق، يۇمشاق، قويۇق ـ سۇيۇقلۇقى مۇۋاپىق بولۇشى لازىم.

2) يېپىشقاق بولۇپ، تېرە ۋە شىلىلىق پەردىلەرگە چاپلاشقا ئاسان بولۇشى كېرەك.

3) خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت ساقلاش جەريانىدا بۇزۇلۇپ قالماسلىقى لازىم.

4) تېرىگە سىڭىشلىك بولۇپ تېرىنىڭ نورمال پائالىيىتىگە دەخلى قىلماسلىقى كېرەك.

5) تېرىگە نىسبەتەن غىدىقلاش، تېرىنى ئېچىشتۇرۇش قاتارلىق يامان تەسىرلەر ۋە باشقا زەھەرلىك تەسىرلىرى بولماسلىقى لازىم.

6) كىيىم ـ كېچەكنى بۇلغىماسلىقى ھەمدە يۇغاندا ئاسان چىقىپ كېتىدىغان بولۇشى كېرەك.

7) يارا يۈزىگە ئىشلىتىلىدىغان مەلھەم دورا مىكروبسىز بولۇشى لازىم.

**4. مەلھەم دورا ياسالمىلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچە ماتېرىياللار:**

1) ياغ: ھايۋانات ياغلىرىدىن قوي يېغى، سېرىق ياغلار، ئۆسۈملۈك ياغلىرىدىن كۈنجۈت يېغى، زەيتۇن يېغى، زىغىر يېغى، كۆچۈلا يېغى، ئىنەكپىتى يېغى، بادام يېغى قاتارلىق ياغلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

(ھازىر تولىراق نېفىتتىن ئېلىنىدىغان ئاق ياكى سېرىق ۋازېلىن ئىشلىتىلىدۇ)، بۇ خىل ماتېرىياللارنى ئاسان تاپقىلى، ئوڭاي ئېرىتكىلى، قويۇق - سۇيۇقلۇقىنى ئاسان تەڭشىگىلى بولىدۇ. تېرىگە سىڭىشى ۋە تېرىنى سىلىقلاشتۇرۇشى ياخشى. لېكىن بۇنىڭغا چىرىشكە قارشى دورىلارنى قوشۇپ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا ئېچىپ قېلىپ ئۇزۇن ساقلاپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئېچىپ قالاندىن كېيىن يەنە ئىشلىتىلسە تېرىنى قىچىشتۇرىدۇ.

2) ھەسەل، موم: بۇ خىل قوشۇمچىلار سۇ بىلەن ياخشى ئارىلىشالايدۇ ھەمدە ئاسانلىقچە بۇزۇلۇپ قالمايدۇ، سىڭىشچانلىقى ياخشى.

3) ۋازېلىن: ۋازېلىننىڭ خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق بولۇپ، تېرىنى قىچىشتۇرمايدۇ. لېكىن سىڭىشچانلىقى يېتەرسىز، سۇ بىلەن ئاسان ئارىلىشالمايدۇ. تېرىگە ئاسان سىڭمەيدۇ ھەمدە ئاسانلىقچە يۇيۇپ چىقارغىلى بولمايدۇ.

**5. مەلھەم دورا تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

مەلھەم تەييارلاش ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل ئۇسۇل كۆپ قوللىنىلىدۇ:

1) قىزىتىپ تەييارلاش ئۇسۇلى: ياغلارنى ئىسسىقلىق ياردىمىدە ئېرىتىپ ياكى قىزىتىپ، ئۇنىڭغا نۇسخىدىكى دورىلارنى سېلىپ قاينىتىپ دورا تەمى پۈتۈنلەي ياغقا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، سۈزۈپ، سىقىپ، سوۋۇتۇپ، قاتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. مەسىلەن: مەلھەمى بەيزە تەييارلاشقا ئوخشاش. ئەگەر نۇسخىدا كافۇرغا ئوخشاش ئۆتكۈر پۇراقلىق دورىلار بولسا، ئۇنى قايناتماي ياغنى سوۋۇتۇپ ئاخىرىدا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

2) ئېرىتىپ ئارىلاشتۇرۇش: قوشۇمچە ماتېرىياللارنى ئىسسىقلىق ياردىمىدە ئېرىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نۇسخىدىكى دورا تالقانلىرىنى ئاز - ئازدىن سېلىپ قايناتماي، قوچۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. مەسىلەن: مەلھەمى ئۇقاب تەييارلاشقا ئوخشاش.

3) سوغۇق تەييارلاش ئۇسۇلى: قوشۇمچە ماتېرىياللارنى ھاۋانچىغا سېلىپ دورا تالقانلىرىنى ھاۋانچىدىكى قوشۇمچە ماتېرىياللارنىڭ ئۈستىگە سېلىپ ھاۋانچىدا ئېزىپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. مەسىلەن: مەلھەمى پەرپىيون تەييارلاشقا ئوخشاش.

**6. مەلھەم دورا تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

1) مەلھەم ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغلار چوقۇم پاكىز، ئارىلاشما ماددىلار چىقىرىۋېتىلگەن بولۇشى لازىم.

2) قوشۇمچە ماتېرىياللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇش ۋاقتىدا ئېرىش توچكىسىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئىسسىقلىق بېرىپ ئېرىتىپ ئاندىن ئارىلاشتۇرۇش لازىم.

**قوشۇمچە:**

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچە ماتېرىياللارنىڭ ئېرىش توچكىسى تۆۋەندىكىچە:

سېرىق موم +67–62℃ دا ئېرىيدۇ. ئاق موم +65–50℃ دا ئېرىيدۇ. ۋازېلىن 38–60℃ + دا ئېرىيدۇ.

3) مەلھەم دورا تەييارلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تالقانلار بەكمۇ يۇمشاق بولۇپ، قېلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك.

4) مەلھەم دورا تەركىبىدىكى ئۇرۇقلارنى ئاۋۋال بىر كېچە قايناق سۇغا چىلاپ دۇملەپ، لوئابى (شىرىسى) نى ئېلىپ، ئۇنى دورا سوۋۇتۇلغاندىن كېيىن قوشۇش كېرەك.

5) ئۇچۇچان خۇسۇسىيەتلىك دورىلار ياغنى سوۋۇتۇپ ئاخىرىدا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

6) مەلھەم دورىلارنى تەييارلاپ بولۇپ داتلاشمايدىغان سىرلىق قاچا، ياكى فارفور قاچىلارغا قاچىلاش لازىم. تۆمۈر قاچىلارغا قاچىلاشقا بولمايدۇ. بولمىسا دورا تەركىبىدىكى سىماب، تانىنىن ماددىلىرى مېتال سايمانلار بىلەن ئۈچرىشىپ دورىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ قويىدۇ.

7) دورىلارنى ياغ سوۋۇپ دورا قېتىپ قالغۇچە تېزلىك بىلەن توختىماي ئارىلاشتۇرۇۋېلىش لازىم.

**7. مەلھەم دورىلاردىن ئۈلگىلەر:**

**مەلھىمى سەرتان (راك مەلھىمى)**

تەركىبى:

چاقىقاق ئۇرۇقى 12 گىرام، ئۇشەق 12 گىرام، گۈڭگۈرت 12 گىرام، مۇقەل 12 گىرام، كۆپىكدەريا 12 گىرام، زەيتۇن يېغى 90 مىللىلىتىر، ئۇزۇنچاق زىراۋەندە 12 گىرام، قىزىل موم 20 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ قائىدە بويىچە ئېزىلىدۇ. ئاندىن زەيتۇن يېغىنى چۆچۈتۈپ، ئۇنىڭغا قىزىل مومنى سېلىپ ئېرىتىپ، بۇنىڭغا دورا تالقانلىرىنى ئاز ـ ئازدىن سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: سەرتان يارىلىرىنى داۋالاش، داغ چۆشۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سەرتان يارىلىرىنى داۋالاش، تېرىدىكى قارا داغنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: يەرلىك ئورۇنغا سىرتىدىن چېپىلىدۇ.

**مەلھىمى داخلىيون (ئىششىق قايتۇرۇش مەلھىمى)**

تەركىبى:

مەدەستان 80 گىرام، ھەمىشۋانە ئۇرۇقى 28 گىرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى 28 گىرام، شۇمشا ئۇرۇقى 28 گىرام، ئىسپىغول 28 گىرام، قىزىل زىغىر 28 گىرام، كۇنۇچە ئۇرۇقى 28 گىرام، كۇنجۇت يېغى 160 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، ئۇرۇق دورىلارنى قايناق سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ لوئابى ئېلىنىدۇ. مەدەستاننى ناھايىتى يۇمشاق تالقانلاپ،

كۇنجۇت يېغىغا سېلىپ ئاستا ئوت بىلەن ئېرىتىلىدۇ. مەدەستان ياغ ئاستىغا چۆكۈۋالماسلىق ئۈچۈن بىر نەرسە بىلەن داۋاملىق قوچۇپ تۇرۇلىدۇ. ھەممە تاكى ياغ قارا رەڭگە كەلگىچە قىزىتىپ تۇرۇلىدۇ. مەدەستان ياغنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە تارتىپ قارا رەڭگە كىرىپ قويۇلغاندىن كېيىن سوۋۇتۇپ ئۈستىگە لوئابلارنى قويۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم قاينىتىپ ئوبدان قويۇلۇپ خېمىرسىمان شەكىلگە كىرگەندىن كېيىن ئوتتىن ئېلىپ سوۋۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، جاراھەتلەرنى ئېغىز ئالدۇرۇپ يىرىڭلىرىنى تازىلاش، گۆش ئۈندۈرۈپ جاراھەتنى پۈتتۈرۈش، بەز، مونەكچىلەر ۋە قاداقلارنى يۇمشىتىش، پوقاقنى كىچىكلىتىش، تارتىشىۋالغان پەيلەرنى بوشىتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل ئىششىقلارغا، چىيقان، غەلۋىرەك، خانازىرىكېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: جاراھەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا سىرتقا چېپىلىدۇ.

**مەلھەمى ئاتىشەك (سفلىس مەلھىمى)**

تەركىبى:

يۇيۇلغان تۇتىيا 60 گىرام، سىر (شىڭگىرىپ) 30 گىرام، چۆپچىن ئىككى گىرام، ئوتتا كۆمۈپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى مەلۇم مىقداردا.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، قائىدە بويىچە يۇمشاق ئېزىپ، تۇخۇم سېرىقى بىلەن دورىلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: سفلىس كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

**مەلھەمى ئۇقاب (نۆشۇدۇر مەلھىمى)**

تەركىبى:

نۆشۇدۇر 100 گىرام، ھەسەل 300 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، بەك يۇمشاق سوقۇپ تاسقاپ، ھەسەلنى ئېرىتىپ، سوقۇلغان دورىنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: تېرىنى قىزىتىش، ھۆللۈكنى يىغىش تەسىرىگە ئىگە ھەمدە تېرىنىڭ كۈن نۇرىغا سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاقكېسەل ۋە باشقا تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا سىرتىدىن چېپىلىدۇ.

مەلھىمى دال (راتىيانەج مەلھىمى)

تەركىبى:

ئاق موم 64 گىرام، كافۇر 16 گىرام، راتىيانەج 16 گىرام، كاتھەندى 16 گىرام، سېرىق ياغ 64 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، سېرىق ياغ بىلەن ئاق موم قازاندا ئېرىتىلىدۇ. ياغ سوۋۇغاندىن كېيىن راتىيانەجنى ۋە كاتھەندىنى يۇمشاق سوقۇپ سېلىپ، مۇلايىم ئوتتا ئازراق قاينىتىلىدۇ. ئۈستىگە كافۇرنى سېلىپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: يىرىڭ يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل كونا يىرىڭلىق جاراھەتلەرنىڭ يىرىڭلىرىنى يوقىتىش، ھۆللۈكلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: جاراھەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

مەلھىمى ئەقرە (چاچ چىقىرىش مەلھىمى)

تەركىبى:

مىلتىق دورىسى بەش گىرام، سېرىق ياغ بەش گىرام، ئاق موم بەش گىرام، لويلا ماش بەش گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى دېگەن مىقداردا ئېلىپ، مىلتىق دورىسى، لويلا ماشنى يۇمشاق سالايە قىلىپ، قازانغا سېرىق ياغنى ئۈستىگە ئېزىلگەن ئاق مومنى سېلىپ، يۇمشاق ئوت بىلەن مومنى ئېرىتىپ، ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: چاچ يوق باش تېرىسىگە چاچ ئۈندۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: تاز چاقىسىنىڭ ئورنى ساقىيىپ چاچ ئۈنمىگەننى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كېسەلنىڭ ئەھۋالى، جاراھەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

كۆكتاش ـ سىماب مەلھىمى

تەركىبى:

سۇ تەگمىگەن ئاھاك 160 گىرام، گۈڭگۈرت 600 گىرام، تاشكۆمۈر 320 گىرام، سىماب 40 گىرام، كۆيدۈرۈلگەن كۆكتاش 120 گىرام، ۋازېلىن ياكى سۇماي 3600

گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، ئاھاك، تاشكۆمۈرنى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ، كۆكتاشنى كۆيدۈرۈپ، يۇمشاق سوقۇپ تاسقىلىدۇ. گۈڭگۈرتنىمۇ سوقۇپ، تاسقاپ، ئۇنىڭدىن ئازراقنى سىماب بىلەن بىللە ھاۋانچىدا سالايە قىلىش ئارقىلىق سىماب ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ھەممە دورىلارنى بىر ـ بىرىگە قوشۇپ، نىپىز تاختاي كۈرەك بىلەن بېسىپ ئارىلاشتۇرۇلسا سىماب گۈڭگۈرتلۈك سىماۋى رەڭلىك تالقان ھاسىل بولىدۇ. سۈيۈق ياغنى چۆچۈتۈپ ياكى ۋازېلىننى ئېرىتىپ سوۋۇغاندىن كېيىن تالقان دورىلارنى ئاز ـ ئازدىن سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: جاراھەتنىڭ سۈيىنى كېمەيتىش، چىرىگەن گۆشلەرنى كۆيدۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل تەمرەتكە، قىچىشقاق، تاز، يەل جاراھەتلىرى ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كېسەلنىڭ ئەھۋالى، جاراھەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكەندە سىمابنىڭ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشىگە دىققەت قىلىش لازىم.

**مەلھەمى پەرپىيون (پەرپىيون مەلھەمى)**

تەركىبى:

نۆشۈدۈر 200 گىرام، دەند مېغىزى 35 گىرام.

پەرپىيون 10 گىرام، كۈچۈلا يېغى 500 مىلLىلىتىر، ئاقىرقەرھا 10 گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، تاسقىلىدۇ، كۈچۈلا يېغىدىن بىر ئازنى ھاۋانچىغا قۇيۇپ ئاندىن سوقۇلغان دەندە مېغىزىنى سېلىپ، ئوبدان ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە قالغان تالقان دورىلارنى سېلىپ، ئاخىرىدا قالغان كۈچۈلا يېغىنى قۇيۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: تېرىنى قۇرۇتۇش ۋە قىزىتىش، ئاغرىق قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاقكېسەل ۋە پالەچ، لەقۋا كېسەللىرىدە سىرتتىن چېپىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كېسەل ئەھۋالىغا قاراپ مىقدارى بەلگىلىنىدۇ ۋە سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

**مەلھەمى نەۋرە (ئاھاك مەلھەمى)**

تەركىبى:

ئۆلگەن ئاھاك 100 گىرام، كافۇر 15 گىرام، سۈماي 900 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى:دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، ئاھاك تاسقىلىدۇ. قازانغا سۇ

www.uyghurkitap.com

يېغىنى قۇيۇپ، ئۈستىگە كافۇرنى سېلىپ ئېرىتىپ، ئاندىن ياغ سوۋۇغاندا ئاھاكتى سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، ھارارەتنى چۈشۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: چوڭ ـ كىچىك كۆيۈكلەر ۋە جاراھەتلەرگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: جاراھەتلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا سىرتتىن چېپىلىدۇ.

مەلھەمى بەيزە (تۇخۇم سېرىقى مەلھەمى)

تەركىبى:

تۇخۇم سېرىقى 14 دانە، قوي يېغى (كۆيدۈرۈلگەن) 1000 گىرام، قارا كۈنجۈت 60 گىرام، قىزىل قىچا 60 گىرام، سىيادانە 60 گىرام، قەلەمپۇر 60 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلار كۆرسەتمە بويىچە ئېلىنىدۇ، تۇخۇمنى چېقىپ سېرىقىنى ئايرىۋېلىپ، ئاندىن قازانغا كۆرسەتمىدىكى كۆيدۈرۈلگەن قوي يېغىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇخۇم سېرىقىنى سېلىپ قورۇلىدۇ. تۇخۇم سېرىقى تولۇق كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، چىگىرتىكى سۈزۈۋېتىلىدۇ. قالغان دورىلىرىنى ئازراق سوقۇۋېتىپ، ئەرقى نانخا سۈيىگە بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇپ قازاندىكى ياغقا تۆكۈپ، يۇمشاق ئوتتا قايىنىتىپ دورىنىڭ تەمى پۇتۇنلەي ياققا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ۋە سۈيى پارغا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئوتنى توختىتىپ، تىرىپلىرىنى سۈزۈپ، سىقىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق توختىتىش، تېرىنى سىلىقلاشتۇرۇش، تېرىنى قىزارتىش، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بوغۇم ئاغرىقى، مۇپاسىل، پالەچ، بەل ـ پۇت ئاغرىقلىرى، بەرەس كېسەللىرى، تېرە قۇرغاقلىقى قاتارلىق كېسەللەرگە ھەمدە سوغۇق مىجەز كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سىرتتىن ياغلاشقا بېرىلىدۇ.

## ئون يەتتىنچى باب زىمات (تاڭما) دورا ياسالمىلىرى
## (قاتتىق مەلھەملەر)

**1. تەرىپى:**

زىماتلار چاپلانما ياكى تاڭما دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ، دورا تالقانلىرىغا بەزى قوشۇمچىلارنى قوشۇپ تەييارلىنىدىغان، قويۇقلۇق دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرىراق قاتتىق مەلھەمدىن ئىبارەت بولۇپ، تېرە كېسەللىكلىرىدە سىرتتىن چېپىلىدۇ.

**2. زىماتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

1) تەركىبىدە كۆپ مىقداردا دورا تالقانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆللۈكلەرنى، يىرىڭلارنى قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

2) زىماتلارنى كۆپىنچە تېرە ۋەرەملىرىگە، ھۆل تەمرەتكىلەرگە، قاقاچلىنىپ شەلۋەرەپ تۇرىدىغان جاراھەتلەرگە ئىشلىتىش مۇۋاپىق.

3) زىماتلار يەنە تەركىبىگە قوشۇلغان دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ قىچىشىشنى بېسىش، ۋەرەملەر (ئىششىقلار) نى قايتۇرۇش تەسىرلىرىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

4) زىماتلار ئادەتتە تېرىنىڭ نورمال خىزمىتىگە دەخلى يەتكۈزمەيدۇ. بەلكى تېرىنى قوغدايدۇ.

**3. زىماتلارنى تەييارلاش:**

زىماتلار ئارپا ئۇنى، كېپەك، بىنەپشە قاتارلىقلارغا ياغ ياكى ھەسەل قوشۇپ يۇغۇرۇپ ياسىلىدۇ. ئاغرىق ئورۇنغا چېپىلىدۇ. ئىشلىتىش مەقسىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن زىمات تەركىبىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرىدە دورا تالقىنى تۇخۇم سېرىقى ۋە گۈلابتا خېمىر قىلىنىدۇ.

زىماتلار بەدەن ھارارىتى تەسىرىدە يۇمشاق ھالەتكە كېلىدۇ. لېكىن ئېرىمەيدۇ. تېرىگە چاپلانغاندىن كېيىن تېرىدە خېلى ئۇزۇن ساقلىنىدۇ.

**4. زىماتلاردىن ئۈلگىلەر:**

**زىماتى بوۋاسىر (بوۋاسىر قاتتىق مەلھىمى)**

تەركىبى:

ئۆرۈك مېغىزى 27 گىرام، تۆگە لوكىسىنىڭ يېغى 27 گىرام، شاپتۇلنىڭ قۇرۇق ياپرىقى توققۇز گىرام، ئاق موم توققۇز گىرام، مۇقەل ئۈچ گىرام، مەدەستان ئالتە گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ ياغ بىلەن خېمىر قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: جاراھەتلەرنى ياخشىلايدۇ، قىچىشىشنى باسىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەر خىل تېپتىكى بوۋاسىر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: ئاغرىغان ئورۇنغا تېڭىلىدۇ.

زىماتى مۇقەۋۋى (كۆچەيتكۈچى قاتتىق مەلھەم)

تەركىبى:

قىزىلگۈل بەش گىرام، سۇمبۇل بەش گىرام، مەستىكى رۇمى بەش گىرام، كۇندۇر بەش گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ تالقان قىلىپ، رەيھان سۈيى ياكى ئالما سۈيى ياكى بېھى سۈيىدە يۇغۇرۇپ خېمىر قىلىنىدۇ.

تەسىرى: ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان ئاجىزلىقى ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: سىرتىدىن چېپىلىدۇ.

زىماتى مۇپاسىل (بوغۇم ئاغرىقى قاتتىق مەلھىمى)

تەركىبى:

ئاق سەندەل 30 گىرام، ئاقاقىيا ئالتە گىرام، قىزىل سەندەل 30 گىرام، زەپەر ئۈچ گىرام، ئىكلىلمىلىك 30 گىرام، ئەپيۇن ئالتە گىرام، مامىسا ئۇسارىسى 15 گىرام، ئىزخىر چېچىكى ئالتە گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، قائىدە بويىچە سوقۇپ، تاسقاپ تۇخۇم سېرىقى بىلەن خېمىر قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرلىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئىسسىقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرى، نۇقرەس (بوغۇمچە ياللۇغى) قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: ئاغرىغان جايغا سىرتىدىن چاپلىنىدۇ.

زىماتى نۇقرەس (كىچىك بوغۇم ياللۇغى قاتتىق مەلھىمى)

تەركىبى:

رەيھان بەش گىرام، ئارپا ئۇنى بەش گىرام، ئاق لەيلىگۈلى بەش گىرام، سۆرۈنجان بەش گىرام، ئىسپىغۇل بەش گىرام، تۇخۇم سېرىقى ۋە گۈل يېغى ئاز مىقداردا.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، قائىدە بويىچە

يۇمشاق ئېزىپ، ئازراق گۈل يېغىدا يۇغۇرۇپ، ئاندىن تۇخۇم سېرىقىنى قوشۇپ خېمىر قىلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: نۇقرەس، مۇپاسىل ئاغرىقلىرى ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: ئاغرىق ئورۇنغا سىرتىدىن چېپىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# ئون سەككىزىنچى باب هۆقنە (كىلىزما) دورىلىرى

**1. تەرىپى:**
هۆقنە ـ دورىلىق سۇيۇقلۇق ياكى ئوزۇقلاندۇرغۇچى سۇيۇقلۇقلارنى مەخسۇس جابدۇق (هەمەلچە) ئارقىلىق مەقئەت (ئارقا يول) دىن ئۈچەي يولىغا كىرگۈزۈلىدىغان سۇيۇق دورىلار ياسالمىسىدىن ئىبارەت.

**2. هۆقنە دورىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى:**
1) تەسىرى تېز، شۇڭا ئۈچەي كېسەللىكىگە ئىشلىتىش مۇۋاپىق كېلىدۇ.
2) تەييارلاش مەشغۇلاتى ئوڭاي، هۆقنىلەرنى تەييارلاش ئالاھىدە ئۈسكۈنە ـ جابدۇقلارنى تەلەپ قىلمايدۇ.
3) هۆقنىلەرنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئاسان بولۇپ، بەزى ئېغىر كېسەللەرگە ئىشلىتىشكە ئەپلىك.

**3. هۆقنىلەرنى ئىشلىتىشتىكى مەقسەت:**
ئېغىز ۋە ئاشقازاندا جاراھەت ۋە كېسەللىك بولۇپ، ئېغىز ئارقىلىق دورا كىرگۈزۈش توسالغۇغا ئۇچرىغاندا ياكى ئۈچەيدە توسۇلۇش بولۇپ، ئېغىز ئارقىلىق دورا كىرگۈزۈش مەنئى قىلىنغاندا هۆقنىلەر ئىشلىتىلىدۇ.

**4. هۆقنىلەرنى تەييارلاش ئۇسۇلى:**
هۆقنە تەركىبىگە كىرىدىغان يەككە دورىلار سوقۇلۇپ، قاينىتىلىپ سۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا گۈل يېغى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

**5. هۆقنە دورىلارنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**
1) هۆقنە دورىلارنى ئىشلىتىشتە رەئىس ئەزالار (يۈرەك، مېڭە، جىگەر) ساغلام بولۇشى لازىم. هۆقنىلەرنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.
2) هۆقنىنىڭ بىر قېتىملىق ئىشلىتىش مىقدارى 150 مىللىلىتىر ئەتراپىدا بولۇشى لازىم. كۆپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**6. هۆقنە دورىلاردىن ئۈلگىلەر:**

**هۆقنەئى سەرسام (مېڭە پەردە ياللۇغى كىلىزما سۇيۇقلۇقى)**
تەركىبى:
ئاقلانغان ئارپا 60 گىرام، پۆنۈس 30 گىرام، بىنەپشە 15 گىرام، بىنەپشە يېغى 20

مىللىلىتىر، سەرپىستان 30 دانە، تۇز تالقىنى بەش گىرام، چىلان 10 دانە.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ، 1000 مىللىلىتىر سۇدا قايىنىتىپ، 500 مىللىلىتىر سۈيى قالغاندا سۈزۈپ سۈيىنى ئېلىپ، ئاندىن پۇنۇسنى چىلاپ ئۇنىڭ سۈيىنى، ئارقىدىن ياغنى قوشۇپ ئۇنىڭغا سوقۇلغان تۇز تالقىنىنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: باش ئاغرىقىنى پەسەيتىش، ئارام بېرىش، ئىچىنى تازىلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سەرسام كېسەللىكىگە كىلىزما قىلىشقا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كىلىزما قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئون توققۇزىنچى باب تامچىلار (قوتۇرلار)

**1. تەرىپى:**

تامچىلار، تېمىتىم دورىلار دېگەن مەنىدە بولۇپ، قۇلاق كۆز ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدىغان سۇزۇك سۇيۇق دورا ياسالمىسىدىن ئىبارەتتۇر.

**2. تامچە دورىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

1) تامچە دورىلارنىڭ تەسىرى تېز.
2) تامچە دورىلارنى تەييارلاش مەشغۇلاتى ئوڭاي.
3) تامچە دورىلارنى ئىشلىتىش ئاسان.
4) تامچە دورىلارنىڭ ئەزالارنى غىدىقلاش تەسىرى يوق.

**3. تامچە دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

تامچە دورىلارنى تەييارلاشتا ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن يەككە دورىلاردىن ئەرەق تارتىپ ئېلىنغان سۇيىگە گۈل يېغى ياكى بىنەپشە يېغىدىن ئاز مىقداردا قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

**4. تامچە دورىلارنى تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

(1) تامچە دورىلارنى تەييارلاشتا بولۇپمۇ كۆزگە تېمىتىلىدىغان تامچىلارنى تەييارلاشتا تەلەپ ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، دورا تەييارلايدىغان مۇھىت ۋە سايمان قاتارلىقلار تازىلىقىدەك بىر قاتار مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم.

**قوشۇمچە:**

تامچە دورىلارنى بولۇپمۇ كۆزگە ئىشلىتىلىدىغان تامچە دورىلارنى تەييارلاشتا تۆۋەندىكىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

1) دورا تەييارلايدىغان مەيدان چوقۇم پاكىز، مىكروبسىز بولۇشى لازىم. بۇ خىل ياسالمىلارنى مىكروبسىزلانغان ئوكۇل سۇيۇقلۇقى تەييارلايدىغان ئۆي ۋە مىكروبسىز جابدۇقلار تولۇق بار بولغان ئورۇنلاردا تەييارلاش كېرەك. ھەر قېتىم تەييارلاشتىن ئىلگىرى شۇ ئورۇننى بىر قېتىم دېزىنفېكسىيە قىلىپ ئاندىن دورا تەييارلاشقا كىرىشىش لازىم.

2) تامچىلارنى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل جابدۇقلار، قاچىلارنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى پاكىز يۇيۇپ، تازىلانغان سۇيۇقلۇققا چىلاپ قويۇپ، ئاندىن ئىشلىتىلىدىغان چاغدا ئۇنى ئاۋۋال ئادەتتىكى سۇ بىلەن يۇيۇپ، ئاندىن كېيىن پار سۇيى

بىلەن قايتا ـ قايتا يۇيۇپ ئىشلىتىش لازىم.

3) تەييارلىنىپ بولغان دورىلارنى مۇۋاپىق ئەينەك شىشىلەرگە قاچىلاپ سالقىن ۋە پاكىز جايدا ساقلاش كېرەك. دورا قاچىلايدىغان شىشە تولۇق دېزىنفېكسىيە قىلىنىشى ۋە قاچىلىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ بىر قېتىم دېزىنفېكسىيە قىلىنىشى لازىم.

4) تامچە دورىلارنىڭ ئېرىتكۈچىسى سۇ بولغانلىقتىن ئاسانلا بۇزۇلۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا بىر تەييارلاپ قويۇپ ئۇزۇن ساقلىماي يېڭى ـ يېڭى تەييارلاپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

5) كۆزگە تېمىتىلىدىغان تامچە دورىلارنىڭ pH قىممىتىنى تەڭشەشتە فوسفات تۇزى ۋە بورات (دانىكار) تۇزلىرىنىڭ ئېرىتمىسىنى ئىشلىتىشى لازىم.

**5. تامچە دورىلارنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلەپ:**

1) تامچە دورىلار سۈزۈك بولۇشى لازىمكى ئۇنىڭدا كىرىستال ۋە قىل قاتارلىق يات ماددىلار بولماسلىقى كېرەك.

2) بۇرۇنغا تېمىتىلىدىغان تامچىلار شىللىق پەردىلەرنى قىچىشتۇرماسلىقى، ئىشلەتكەندىن كېيىن ئومۇمىي بەدەنگە يامان تەسىر بەرمەسلىكى لازىم.

3) كۆزگە تېمىتىلىدىغان تامچىلار مىكروبتىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇشى، مىكروبسىزلانغان شارائىتتا تەييارلىنىشى، تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە دېزىنفېكسىيە قىلىنىشى كېرەك.

4) دورىنىڭ سىرغىما بېسىمى بىلەن كۆز سۇيۇقلۇقىنىڭ سىرغىما بېسىمى تەڭ بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا غىدىقلاش تەسىرى يوقىلىدۇ.

5) تامچىلارنىڭ pH قىممىتى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. ئادەتتە قۇلاق ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدىغان تامچىلارنىڭ pH قىممىتى 5.5 ~ 6.5 ئەتراپىدا، كۆزگە تېمىتىلىدىغان تامچىلارنىڭ 5.5 ~ 7.8 گىچە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

6) تامچىلارنىڭ بولۇپمۇ كۆزگە تېمىتىلىدىغان تامچىلارنىڭ خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق ھەمدە داۋالاش ئۈنۈمى ئىشەنچلىك بولۇشى لازىم.

**6. تامچىلاردىن ئۈلگىلەر:**

**قوتۇرى ئەشا (نامازشام قارىغۇلىقى كۆز تامچىسى)**

تەركىبى:

سۇزاپ سۇيى بەش مىلىلىتىر، يۇمغاقسۇت سۇيى بەش مىلىلىتىر.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئېزىپ، سىقىپ سۇيىنى قايىنىتىپ يېرىمى قالغاندا قائىدە بويىچە قاچىلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

تەسىرى: كۆز كېسەللىكلىرىنى ياخشىلايدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كەچتە كۆرەلمەسلىك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: كۈندە 2 ~ 3 قېتىمغىچە مۇۋاپىق مىقداردا تېمىتىلىدۇ.

قوتۇرى ئەسەم (قۇلاققا تامغۇزۇلىدىغان تامچە)

تەركىبى:

كۈندۈر توققۇز گىرام، گىل ئەرمىنى ئالتە گىرام، زەپەر توققۇز گىرام، توغرىغۇ ئالتە گىرام، قۇندۇزقەھرى توققۇز گىرام، هاراق 60 مىللىلىتىر، ئاق خەربەق توققۇز گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىقى دورىلارنى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ، چالا سوقۇپ (نىمكوپ قىلىپ) شارابقا چىلاپ، ئېرىتىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: قۇلاقنىڭ ئاڭلاش خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ. قۇلاقنىڭ گۇركىرىشىنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قۇلاقنىڭ ئاڭلاش خىزمىتى ناچارلاشقان، قۇلاق پاڭلىقى ۋە قۇلاق غوڭۇلدايدىغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا تېمىتىلىدۇ.

## يىگىرمىنچى باب تىزابلار (كىسلاتا خۇسۇسىيەتلىك سۇيۇقلۇقلار)

**1. تەرىپى:**

تىزابلار، قاتتىق جىسىم ھالىتىدىكى دورىلارنى مەخسۇس ئىشلەنگەن جابدۇقلارغا قاچىلاپ، ئىسسىق تەسىر قىلدۇرۇش ئارقىلىق، گاز ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تامچىلىتىپ ئېلىنىدىغان ياسالمىلاردۇر. ئۇلار كىسلاتا خۇسۇسىيەتلىك دورا ياسالمىسى بولۇپ سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ.

**2. تىزابلارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

1) كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئىگە بولۇپ، سىرتقى كېسەللىكلەرگە، بولۇپمۇ جاھىل تەمرەتكىلەر، جوزاملار، بەرەس (ئاقكېسەل)، ئاق بەھەق، قارا بەھەق، كەلەپ (داغ) كېسەللىكلىرىگە ۋە سۆگەل قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلسە ياخشى ئۈنۈم قازانغىلى بولىدۇ.

2) تەسىرى تېز بولۇپ ئاغرىق توختىتىدۇ. بولۇپمۇ چىشقا قۇرت چۈشكەن كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلگەندە تېزلا ئارام بېرىدۇ.

3) مەلۇم مەزگىل ساقلانسا بۇزۇلۇپ، ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

**3. تىزاب دورىلارنى تەييارلاشتىكى مەقسەت:**

تەسىرى تېز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت داۋالىنىپ ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەن تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشنى مەقسەت قىلىپ تىزابلار ياسىلىدۇ.

**4. تىزاب دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

تىزابلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى بىر ئاز مۇرەككەپ بولۇپ تۆۋەندىكىچە تەييارلىنىدۇ. بۇلار ئىلگىرىكى تېۋىپلىرىمىز قوللىنىپ كەلگەن يەرلىك ئۇسۇلدۇر.

1) چەترەك بىر جايغا ھەممە تەرىپى ھىم قىلىپ بىر خىش ئۆي سېلىنىدۇ. ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا سىرلىق لېگەن ياكى پەتنۇسنى قويۇپ، ئاندىن كىچىكرەك چىنە ياكى چىنە ماتېرىيالدىن ياسالغان ئاغزى كەڭ پىيالىنى تۆمۈرچىنىڭ چوققىسى بىلەن گىل ھېكمەت قىلىپ ئۇنى لېگەن ئىچىدە پۇختا توختىتىدۇ. چىنە پىيالىنىڭ ئىچىگە دورىنى (گۈڭگۈرتنى) سېلىپ ئاغزىنى چوڭ تۆشۈكلىك سىم تور بىلەن ياپىدۇ. ئاندىن يەنە بىر چوڭراق چىنىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى غىلدىلىكىدىن يىپ بىلەن چىگىپ، چىنىنى دۈم قىلىپ دورا سېلىنغان پىيالىنىڭ ئۈستىدىكى سىم تورغا تەگكىدەك يېقىنلاشتۇرۇپ يىپنىڭ ئۈچىدىن تورۇسقا ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن پىيالىدىكى دورىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە سەرەڭگە بىلەن ئوت يېقىپ قىزدۇرۇلىدۇ. دورا كۆيۈپ ئۈنىڭدىن چىققان گاز ئۈستىدىكى چىنىگە ئۇرۇلۇپ تامچىلاپ لېگەنگە چۈشىدۇ. مانا مۇشۇ تىزاپ دورا بولىدۇ. ئاندىن چىنىدىكى دورا پۈتۈنلەي كۆيۈپ بولۇپ ئوت ئۆچكەندە ئىچىگە كىرىپ تامچىلاپ چۈشكەن دورا يىغىپ ئېلىنىدۇ.

2) نۆشۈدۇردىن تىزاپ تەييارلاشتا ئەرەق تارتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

3) هازىر مەخسۇس ياسالغان تىزاب چىقىرىش جابدۇقلىرى بىلەن زامانىۋى ئۇسۇلدا چىقىرىلىدۇ.

**5. تىزاب دورىلارنى تەييارلاش ۋە ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار:**

1) تىزاب تەييارلاشتا تەييارلىغۇچى خادىملار بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئىش كىيىمىنى كىيىپ ماسكا تارتىپ، دوپپا كىيىپ، كۆزىگە مۇداپىئە ئەينىكىنى تارتىپ ئاندىن ئىشلەش لازىم. بولمىسا چىشنى بوشىتىش، كۆزنى ئاغرىتىش ئەھۋاللىرى سادىر بولىدۇ.

2) مۇھىتنى بۇلغاپ قويماسلىق ئۈچۈن تىزاب چىقىرىدىغان ئۆينىڭ ھەممە يېرى ئېتىلگەن بولۇپ يوچۇق قالماسلىقى كېرەك.

3) ئىشلىتىش مىقدارىنى تىزگىنلەش لازىم. كۆپرەك ئىشلىتىلسە بەدەن گۆشلىرىنى سېستىپ قويىدۇ.

4) تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلگەندە تېرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان زىيانلىق تەسىرىنى ئازايتىش كېرەك.

5) ئاغرىق ۋە قۇرت يېگەن چىشقا ئىشلىتىلگەندە باشقا چىشلارغا تەگكۈزۈپ قويماسلىقى كېرەك. بولمىسا چىشنى ئۇۋۇتىدۇ.

**6. تىزابلاردىن ئۈلگىلەر:**

**گۈڭگۈرت تىزابى**

تەركىبى:

تازىلانغان سېرىق گۈڭگۈرت 5000 گىرام.

تەييارلىنىشى: گۈڭگۈرت تىزابى چىقىرىش قائىدىسى بويىچە چىقىرىلىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: بەرەس (ئاقكېسەل)، بەھەق، كەلەف (داغ) لارغا ئۈنۈمى ياخشى.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاقكېسەل، ھەر خىل تەمرەتكە، چىشنىڭ قۇرتلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

**نۆشۇدۇر تىزابى**

تەركىبى:

نۆشۇدۇر مۇۋاپىق مىقداردا، ئاھاك مۇۋاپىق مىقداردا.

تەييارلىنىشى: نۆشۇدۇر تىزابى تەييارلاش ئۇسۇلى بويىچە تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: تېرە كېسەللىكلىرىگە ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## يىگىرمە بىرىنچى باب شىياق ياسالمىلىرى (شامچە دورىلار)

**1. تەرىپى:**

بۇ، يۇمشاق سوقۇلغان دورا تالقانلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان قوشۇمچە ماتېرىياللارنى قوشۇپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان قاتتىق شەكىللىك دورا ياسالمىسى، شىياقلار ئادەم بەدىنىنىڭ بۇرۇن، كۆز، قۇلاق، مەقئەت (ئارقا يول) ۋە جىنسىي يول، سۈيدۈك يولى قاتارلىق بوشلۇقلىرىغا كىرگۈزۈپ كېسەل داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. شىياقلار ئۆي ھارارىتىدە قاتتىقلىقىنى ساقلاپ تۇرالايدۇ. مەقئەت ياكى جىنسىي يوللارغا كىرگۈزۈلگەن ھامان يۇمشاپ ئېرىپ ئۆزىنىڭ دورىلىق تەسىرىنى كۆرسىتەلەيدۇ ۋە بەدەن بوشلۇقلىرىدىكى سۇيۇقلۇقلار بىلەن قوشۇلۇپ ئۆزىنىڭ شىپالىق تەسىرىنى تەدرىجىي كۆرسىتەلەيدۇ.

**2. شىياق ياساشتىكى مەقسەت:**

1) ئىستېمال قىلىش قىيىن، غىدىقلاش تەسىرى كۈچلۈك بولغان بەزى دورىلارنى ئېغىز ئارقىلىق ئىستېمال قىلغاندا، بۇ خىل دورىلارنىڭ ئاشقازان شىللىق پەردىلىرىنى غىدىقلىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ تەسىرىدىن دورا ئۈنۈمىنىڭ زىيانغا ئۇچراپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شىياق قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

2) بەدەننىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بوشلۇقلىرىدىكى كېسەللىكلەرگە بىۋاستە يەرلىك تەسىر كۆرسىتىپ داۋالاش زۆرۈر كەلگەندە شىياق ياساپ ئىشلىتىلىدۇ.

3) بەزى دورىلارنىڭ جىگەرگە بولغان زىيانلىق تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن شىياق قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

**3. شىياقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

1) ئېغىز ئارقىلىق دورا ئىستېمال قىلالمايدىغان كېسەللەرگە ئىشلىتىش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

2) شىياقلارنىڭ ئىچكى بېرىلىدىغان دورىلارغا قارىغاندا سۈمۈرۈلۈشى تېز ھەمدە ئۈنۈمى ياخشى.

3) دورىنىڭ تەسىرى بەدەندە ئۇزۇن ساقلىنىدۇ.

**4. شىياقلارنىڭ يېتەرسىزلىكى:**

1) ئىشلىتىش قولايسىز.

2) ياساش مەشغۇلاتى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ، تەننەرخى قىممەترەك توختايدۇ.

**5. شىياڭ ياسالمىسىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر:**

1) ئۆي ھارارىتىدە ئۆزىنىڭ قاتتىقلىق ھالىتىنى ساقلىيالىشى، بەدەن بوشلۇقلىرىغا كىرگۈزۈش جەريانىدا شەكلىنى ئۆزگەرتمەيدىغان، بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئېرىپ تەسىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇشى لازىم.

2) شىللىق پەردىلەرگە نىسبەتەن غىدىقلاش تەسىرى بولماسلىقى لازىم.

3) خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق بولۇپ، مەلۇم مەزگىل ساقلاپ ئىشلىتىلسە بۇزۇلۇپ قالمايدىغان بولۇشى كېرەك.

**6. شىياڭ تەييارلاش ئۇسۇللىرى:**

نۇسخىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، نېپىز ئەلگەكتە تاسقاپ، ئۇنىڭغا سۇ، كاكاۋ يېغى، ئاق موم بىلەن قوي يېغىنى تەڭمۇتەڭ ئېلىپ، ئېرىتىلگەن مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى قوشۇپ خېمىر قىلىپ قولدا ياكى شامچە قېلىپىدا تەييارلىنىدۇ. قولدا تەييارلىغاندا تەييار بولغان خېمىرنى بىر خىل تەكشىلىكتە پىلتە قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۈز تاختاي ئۈستىدە يەنە بىر نېپىز تاختاي بىلەن خېمىرنى تەكشى بېسىم بىلەن يۇمىلىتىش كېرەك. پىلتە كۆز مۆلچىرىدە باراۋەر بۆلەكلەرگە كېسىلىدۇ. چاپلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن تاختاي يۈزىگە ئازراق تالكۇم تالقىنى سېپىلىدۇ. ئاندىن ئىشلىتىدىغان ئورۇنغا قاراپ شىياڭ شەكلى بەلگىلىنىپ تېگىشلىك شەكىلگە كىرگۈزۈلىدۇ.

**7. شىياڭلارنى ساقلاش ئۇسۇللىرى:**

شىياڭلار تەييارلىنىپ چىققاندىن كېيىن، موم قەغەز، ئەينەك قەغەزلەرگە يۆگەپ، ئاندىن ئەينەك شىشە ياكى قەغەز قۇتىغا سېلىپ سالقىنراق جايدا ساقلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان دورىگەرلىكىدە شامچىلارنى بەلگىلىك مەزگىل ساقلاپ ئىشلىتىش ئۈچۈن مەلۇم قوشۇمچە ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ تەييارلىنىدۇ. قوشۇمچە ماتېرىياللار يار يېلىم، قويۇقلاشتۇرۇلغان گىلىتسېرىن، كاكاۋ يېغى ۋە باشقىلار.

1) گىلىتسېرىنلىق يار يېلىم بىلەن شىياڭ تەييارلاش ئۇسۇلى.

سوقۇپ تاسقالغان دورىلارنى ھاۋانچىغا سېلىپ دەسلاپ ئاز مىقداردا پار سۇيى ياكى گىلىتسېرىن قوشۇلىدۇ. ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن يەنە بىر دانە شىياڭ ئېغىرلىقىنىڭ يېرىمىچە گىلىتسېرىن قويۇپ قايتا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۈستىگە ئېرىتىپ تەييارلانغان گىلىتسېرىنلىق يار يېلىمنى قويۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ پارافىن بىلەن مايلانغان شىياڭ قېلىپىغا تۆكۈپ سوۋۇغاندىن كېيىن ئېلىپ قەغەزگە يۆگىلىدۇ.

2) گىلىتسېرىنلىق يار يېلىمنى تەييارلاش ئۇسۇلى.

يار يېلىم 500 گىرام، پار سۇيى مۇۋاپىق مىقداردا، گىلىتسېرىن 500 گىرام.

يار يېلىمنى بىر قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە پار سۇيىدىن مۇۋاپىق مىقداردا قويۇپ بىر سائەت چىلاپ قويۇلىدۇ. ئارتۇق سۇيىنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ يار يېلىم ئۈستىگە

گلىتسېرىننى قوشۇپ يار يېلىم ئېرىپ ئېغىرلىقى 1000 مىللىلىتىرغا كەلگىچە يۇمشاق ئوتتا قىزىتىلىدۇ. ئاندىن داكا بىلەن سۈزۈلسە تەييار بولىدۇ. بۇ ماتېرىيال بىلەن ياسالغان شىيافلار نىسبەتەن تۇراقلىق بولۇپ ئاسانلىقچە شەكلىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

8. شىيافلارنىڭ تۈرلىرى:

شىيافلار شەكلى، تەييارلاش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىش ئورۇنلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇلار شامچە (شىياف)، پىلكۈچ شامچە (پەتىلە) ۋە بالىياتقۇ شامچىسى (پەرزىجە) لەردىن ئىبارەت.

## بىرىنچى بۆلۈم شامچە (شىياف)

1. تەرىپى:

بۇ، موكا شەكىلدىكى ياكى بىر ئۇچى ئىنچىكە، يەنە بىر ئۇچى تومراق قىلىپ ياسالغان مەقئەتكە، كۆزگە ئىشلىتىلىدىغان شامچىدۇر. بۇ خىل مەقئەتكە ئىشلىتىلىدىغان شامچىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 2 ~ 4 گىرام، ئۇزۇنلۇقى 3 ~ 4 سانتىمېتىر بولىدۇ. كۆزگە ئىشلىتىلىدىغان شامچىلار ئۇنىڭدىن يەڭگىل ۋە كىچىك بولىدۇ.

2. شىيافلاردىن ئۈلگىلەر:

### شىيافى تەلىين (ئىچ يۇمشاتقۇچى شامچە)

تەركىبى:

قەنت 20 گىرام، ئاق تۇز 10 گىرام.

تەييارلىنىشى: قەنتتىن تۆت گىرام، تۇزدىن ئىككى گىرامنى چۆمۈچكە سېلىپ چوغنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن قەنت بىلەن تۇز ئېرىپ قارامتۇل سېرىق رەڭگە كىرىدۇ. بۇ چاغدا دەرھال چۆمۈچنى ئوتتىن ئېلىپ پاكىز تاختاي ئۈستىگە تۆكۈپ، پاكىز چىۋىقنى تەييارلاپ قويۇپ، تاختاي ئۈستىدىكى ئېرىتىلگەن دورىنى قولىمىز بىلەن ئۇچى ئۇچلۇق، توۋى يوغان شەكىللىك شامچە تەييارلاپ ئاستى تەرىپىگە چىۋىقنى تىقىپ قويۇلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

تەسىرى: ئىچىنى يۇمشىتىش، قەۋزىيەت ماڭدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئىچى كەلمىگەن كېسەللەرگە ئىچىنى كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئىشلىتىمىز.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: قەۋزىيەت بولغان ھەر خىل كېسەللەرگە، ئارقا تەرەت كەلمىگەنلەرگە بىر دانە شىيافنى كۈنجۈت يېغى بىلەن ياغلاپ، مەقئەتنىمۇ ياغلاپ شىيافنى چىۋىق بىلەن تۆت سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كىرگۈزۈلىدۇ.

### شىيافى ئەسۋەد (قارا شامچە)

تەركىبى:

زەمچە 20 گىرام، سەفىداپ كاشغەرىي 0.75 گىرام، رۇسۇت 10 گىرام، كۆك تۇتىيا

0.75 گىرام، ئەپيۇن ئىككى گىرام، ئاقىرقەرھا 0.75 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، يۇمشاق ئۇپىدەك سوقۇپ، سۇ بىلەن سالايە قىلىپ قائىدە بويىچە شىياف قىلىنىدۇ.

تەسىرى: ئاغرىق توختىتىدۇ. ئېچىشىشنى پەسەيتىدۇ. ھۆللۈكنى قۇرۇتۇپ، قىزىللىقنى يوقىتىپ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كۆزنىڭ قىزىرىپ ياشانغىراپ ئاغرىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: سۇتتە ئېزىپ كۆزگە چېپىلىدۇ.

**شىيافى كافۇر (كافۇر شامچىسى)**

تەركىبى:

قوغۇشۇن 10.5 گىرام، سەمغى ئەرەبى 14 گىرام، كەتىرا 14 گىرام، كافۇر بىر گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى ئېلىپ يۇمشاق ئۇپىدەك سوقۇپ سۇ بىلەن سالايە قىلىپ شىياف قىلىنىدۇ.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىدۇ. كۆزنىڭ قىزىرىشىنى ياخشىلايدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كۆز قىزىرىپ ئاغرىغان كېسەللەرگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: سۇتتە ئېزىپ كۆزگە سىرتتىن چېپىلىدۇ.

**شىيافى نارەنجى (نارەنجى شامچىسى)**

تەركىبى:

نارەنجى سۇيى مۇۋاپىق مىقداردا، سەبرە سوقۇتىرى 3.5 گىرام، تۇتىيا 35 گىرام، رۇسوت 3.5 گىرام، كەتىرا 3.5 گىرام، ئاق قەلەي ئۇپىسى يەتتە گىرام، نىشاستە 3.5 گىرام، سېرىق ھېلىلە ئۇچكىسى يەتتە گىرام، ئەنزىرۇت 3.5 گىرام، ئەپيۇن 4.5 گىرام، قىزىلگۈل 3.5 گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، ئۇپىدەك يۇمشاق ئېزىپ شىياف تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: كۆزنىڭ قىزىللىقىنى كەتكۈزۈش، قىچىشىشنى پەسەيتىش، ياش ئېقىشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كۆزگە ئاق چۈشكەن، كۆزى ئاغرىيدىغان، كۆزى ياشانغىرايدىغان، قىچىشىدىغان كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: ئايال سۈتى ياكى ئۆچكە سۈتىدە ئېرىتىپ كۆزگە چېپىلىدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم پىلتىكۈچ شامچىلار (پەتىلە)

**1. تەرىپى:**

بۇ بۇرۇنغا ۋە سۈيدۈك يولى، قۇلاق تۆشۈكلىرىگە تىقىپ داۋالايدىغان پىلتىسىمان ياسالمىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

2. پىلتىكۆچ شامچىلاردىن ئۈلگىلەر:

پەتىلە رۇئاب (بۇرۇن قاناشنى توختاتقۇچى پىلكۆچ شامچە)

تەركىبى:

نەرگىس گۈلى ئالتە گىرام، ئاقاقىيا ئالتە گىرام، تۇخۇم شاكىلىنىڭ كۈلى ئالتە گىرام، ئانار پوستى ئالتە گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، رەيھان سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ خېمىر قىلىنىدۇ.

تەسىرى: قان توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بۇرۇن قاناش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: پىلتىكۆچ شامچىنى بۇرۇن تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇلىدۇ.

پەتىلە مەرۋى (قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى پىلتىكۆچ شامچە)

تەركىبى:

كۈنۈچە (مەرۋى) ئۇرۇقى ئالتە گىرام، ئەنزىرۇت ئالتە گىرام.

تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ خېمىر قىلىنىدۇ.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، يىرىڭنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق ئېقىش كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: شامچىنى قۇلاققا تىقىپ قويۇلىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم جىنسىي يول ۋە بالىياتقۇ شامچىسى (پەرزىچە)

1. تەرىپى:

بۇ ئاياللار جىنسىي يولىغا ئىشلىتىلىدىغان يۇمىلاق ياكى تۇخۇم شەكلىدىكى ياسالمىدۇر. بۇ خىل شامچىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 3 ~ 5 گىرام، دىيامېتىرى 1.5 ~ 2.5 سانتىمېتىر بولىدۇ.

2. جىنسىي يول شامچىسىدىن ئۈلگىلەر:

پەرزىجە ئەقرە (تۇغۇت چەكلەش شامچىسى)

تەركىبى:

موزا 10 گىرام، ھەببۇلئاس 10 گىرام

تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ تاسقاپ، ئىسسىق سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ شامچە تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: تۇغۇت چەكلەيدۇ.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كۆپ تۇغقان ئاياللارغا تۇغۇت چەكلەش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: تەييارلانغان شامچىنى جىنسىي يولىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

**پەرزىجە مۇھبەل (جىنسىي يول شامچىسى)**

تەركىبى:
قۇندۇزقەھرى بەش گىرام، قۇستە بەش گىرام، مىئەسائىلە بەش گىرام، ئىپار ئىككى گىرام، جاۋشىر بەش گىرام، ئەنبەر ئىككى گىرام، مۇرمەككى بەش گىرام.
تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ تاسقاپ تالقانلارنى شاراب بىلەن يۇغۇرۇپ شامچە قىلىنىدۇ.
تەسىرى: ھامىلىدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: تۇغمىغان كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: تەييارلانغان شامچىنى جىنسىي يولىغا كىرگۈزۈپ قويۇلىدۇ.

**پەرزىجە مۇسقت (بالا چۈشۈرۈش شامچىسى)**

تەركىبى:
ئۆشنە ئالتە گىرام، سۇزاپ ئالتە گىرام، ئاقىرقەرھا ئالتە گىرام، پەرپىيون ئالتە گىرام، سىيادانە ئالتە گىرام.
تەييارلىنىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ زەيتۇن يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ خېمىر قىلىپ شامچە تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: مەيلى ئۆلۈك ياكى تىرىك بالا بولسۇن قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: يۇقىرىدا تەييارلانغان شامچىنى جىنسىي يولىغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ.

**پەرزىجە مۇددىر (ھەيز ماڭدۇرۇش شامچىسى)**

تەركىبى:
ئۆشنە ئۈچ گىرام، سۇزاپ ئۈچ گىرام، ئاقىرقەرھا ئۈچ گىرام، پەرپىيون ئىككى گىرام، جاۋشىر ئۈچ گىرام، مىئەسائىلە مەلۇم مىقداردا.
تەييارلىنىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، مىئەسائىلەدىن باشقىلىرىنى ئېزىپ تاسقاپ، ئاندىن مىئەسائىلەنى قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭ سۈيىدە خېمىر قىلىپ شامچە تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: ھەيز ماڭدۇرىدۇ.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەيز كەلمەسلىك ۋە ھەيز توختاپ قېلىش كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: تەييارلانغان شامچە جىنسىي يولغا كىرگۈزۈپ قويۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**پەرزەنجە مەشمە (بالا ھەمراھىنى چۈشۈرۈش شامچىسى)**

تەركىبى:

ئۈبھەل ئالتە گىرام، لوبىيا ئالتە گىرام، زىراۋەندە مۇدەھرەج ئالتە گىرام، قىچا ئالتە گىرام.

تەييارلىنىشى: دورىلارنى ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ تاسقاپ، كالا ئۆتى بىلەن يۇغۇرۇپ خېمىر قىلىپ شامچە تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: بالا ھەمراھى چۈشمىگەن كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: تەييارلانغان شامچە جىنسىي يولىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

**شىياف دورىلارنى تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

1) شامچە تەييارلاشتا دورىلار ناھايىتى يۇمشاق سوقۇلىدۇ. تالقانلار قېلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

2) شامچىلارنى ئىشلىتىش ۋاقتىدا كىرگۈزۈلىدىغان ئورۇنلارغا ئىچكىرى كىرگۈزۈش لازىم. ئادەتتە تۆت سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كىرگۈزۈلسە بولىدۇ.

3) شامچىلارنى تەييارلاش جەريانىدا يەككە دورىلارنى پاكىز يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ، ئاندىن تەييارلاش ئارقىلىق دورا تازىلىقى، جابدۇقلار تازىلىقى ۋە خادىملار تازىلىقىغا قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم.

4) پىلتىكۈچ شامچىلارنىڭ قاتتىق، يۇمشاقلىق دەرىجىسى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب ئوكۇل ياسالمىلىرى

1. تەرىپى:

ئوكۇل دورىلىرى — مۇۋاپىق ئۇسۇل ۋە ئىرىتكۈچىلەردىن پايدىلىنىپ گىياھ دورىلارنىڭ جەۋھىرىنى ئېلىپ، ئۇنى ساپلاشتۇرۇپ، پىششىقلاپ تەييارلىنىدىغان جاراسىم (مىكروب) سىز سۇيۇقلۇق بولۇپ، تېرە ئاستىغا، مۇسكۇلغا، ۋېنا تومۇرىغا ۋە توچكىلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

2. ئوكۇل ياسالمىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

1) مىقدارى توغرا؛ 2) تەسىرى تېز، ئۈنۈمى ئىشەنچلىك؛ 3) ئەزالارغا بولغان ئەكس تەسىرى ئاز؛ 4) مەنبەسى مول.

بۇ، بىر خىل يېڭى تىپتىكى ياسالما بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكى سېپىگە يېڭىدىن قوشۇلغان ياسالما تۈرى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بابتا بىزنىڭ سۆزلەيدىغىنىمىز ئاساسەن زامانىۋى دورىگەرلىك نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىي ئىشلەش ئۇسۇللىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. گىياھ دورىلارنىڭ خىمىيەۋى تەركىبى بىر ئاز مۇرەككەپ، دورىگەرلىكىمىزدە ئوكۇل دورىلىرىنى ياساش يېڭى باشلانغاچقا تېخى بىرقەدەر مۇكەممەل ۋە پىشىپ يېتىلگەن بىر يۈرۈش تەجرىبىلەر مەيدانغا چىقمىدى. ھەممە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن سىستېمىلىق سۈپەت ئۆلچىمىمۇ يوق. شۇڭا يەنە بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ، بىزنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىپ خۇلاسىلىشىمىز ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

3. گىياھ دورىلاردىن ئوكۇل ياسالمىلىرىنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى:

گىياھ دورىلاردىن ئوكۇل ياسالمىلىرىنى تەييارلاش ئاساسەن ماتېرىيالنى ئالدىن بىر تەرەپ قىلىش، جەۋھىرىنى ئايرىپ ئېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقا باسقۇچلىرى ئادەتتىكى ئوكۇللارنى ئىشلەش تېخنىكىلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. ماتېرىيالنى بىر تەرەپ قىلىش، جەۋھىرىنى ئايرىپ ئېلىش، پىششىقلاش ۋە ياساش تېخنىكىلىرى تۆۋەندە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## بىرىنچى بۆلۈم ماتېرىيالنى بىر تەرەپ قىلىش

گىياھ دورا ماتېرىياللىرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يات ماددىلار، ئارىلاشمىلار، لاي ۋە باشقا سولاشقان ۋە چىرىگەن قىسىملىرىنى تاللىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنى ئاددىي سۇ بىلەن تېزلىكتە يۇيۇپ توپا ـ لايلىرىنى

چىقىرىۋېتىپ، ئارقىدىن پارلاندۇرۇلغان سۇ بىلەن يۇيۇپ، تۈۋەندە ھارارەتتە قۇرۇتۇپ، قۇرۇغاندىن كېيىن يالپاقلاپ كېسىلىدۇ. ياكى چالا سوقۇپ ئوتتۇل پاسالمىسىنى ياساشقا لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم جەۋھىرى (قۇۋۋىتى)نى ئايرىپ ئېلىش

گىياھ دورىلارنىڭ خىمىيەۋى تەركىبى ۋە فىزىكىۋى خۇسۇسىيەتلىرىگە ھەمدە كېسەل داۋالاشتا دورا ئىشلىتىش تەلىپىگە ئاساسەن ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئېرىتكۈچى ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى تاللاپ قوللىنىپ گىياھ دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى تولۇق چىقىرىۋېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا كېرەكسىز قىسىملىرىنىڭمۇ جەۋھىرى ئېلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

گىياھ دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى ئېلىش ئۈچۈن، گىياھ دورىلار ئۈنۈملۈك تەركىبلىرىنىڭ ئېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان ئېرىتكۈچىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش بەكمۇ مۇھىم.

**1. ئېرىتكۈچىلەرنى ياخشى تاللاش:**

ئىشلەتمەكچى بولغان ئېرىتكۈچىلەر ئايرىۋېلىنىدىغان دورىلارنىڭ جەۋھىرىنى زور كۆلەمدە ئېرىتىپ چىقىرالايدىغان بولۇشى، كېرەكسىز قىسىملىرىنى ئاز ئېرىتىدىغان بولۇشى، شۇنداقلا گىياھ دورىلار ئۈنۈملۈك تەركىبلىرى بىلەن خىمىيەۋى رېئاكسىيەگە كىرىشمەسلىكى، ھەمدە ئۈنۈملۈك تەركىبلەرنىڭ داۋالاشتىكى ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى كېرەك، شۇنىڭدەك ئۆزى ئەرزان، مەنبەسى مول، بىخەتەر بولۇشى لازىم. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتكۈچىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1) سۇ: گىياھ دورىلارنى چىلاپ جەۋھىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئېرىتكۈچى بولۇپ، پارلاندۇرۇلغان پاكىز سۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ (مۇشۇ كىتاب 44 ـ بەتتىكى مەزمۇنغا قارالسۇن.)

2) ئىسپىرت (روھىي شاراب): بۇ، كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتكۈچى ھېسابلىنىدۇ (مۇشۇ كىتاب 45 ـ بەتتىكى قوشۇمچە مەزمۇنغا قارالسۇن.)

3) خىلوروفورۇم: بۇ بىر خىل قۇتۇپسىز ئېرىتكۈچى بولۇپ، سۇدا ئاز ئېرىيدۇ. ئىسپىرت بىلەن ئارىلىشالايدۇ. خىلوروفورۇم، ئەركىن ئالكولوئىدلار، ئۈچچۈچان ياغ، گلۇكوزىدلار، ياغ، رېزىنا قاتارلىق ماددىلارنى ئېرىتەلەيدۇ. ئاقسىل، مونوساخارىدلار (ئاددىي شېكەر)، پولىساخارىدلار (مۇرەككەپ شېكەر)، تانىنىن قاتارلىق ماددىلارنى ئېرىتەلمەيدۇ.

يېتەرسىزلىكى: ئاسان ئۇچۇپ كېتىدۇ. ھەمدە فارماكولوگىيەلىك تەسىرى كۈچلۈك، شۇڭا ئىشلىتىشتە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

4) ئېتىر (ئېفىر): بۇ بىر خىل ئەڭ ياخشى ئېرىتكۈچى بولۇپ، دورىلارنى ئېرىتىش

خۇسۇسىيىتى خلوروفورۇم بىلەن ئوخشايدۇ. ئىسپىرت ۋە باشقا قۇتۇپسىز ئېرىتمىلەر بىلەن ئىختىيارىي ئارىلىشالايدۇ (مۇشۇ كىتاب 45 ـ بەتتىكى مەزمۇنغا قارالسۇن.)

**2. جەۋھەرنى ئايرىۋېلىش ئۇسۇلى:**

يېقىندىن بېرى بىر قىسىم گىياھ دورىلارنىڭ خىمىيەۋى تەركىبلىرى ئېنىقلىنىپ مۇۋاپىق ئېرىتكۈچىلەر ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ جەۋھەرىنى پاكىز ئېلىپ، ئوكۇل ياسالمىسى تەييارلاپ ئىشلىتىلمەكتە. ئەمما كۆپ قىسىم گىياھ دورىلارنىڭ ھەممە خىمىيەۋى تەركىبى تېخى بەكمۇ ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە گىياھ دورىلارنىڭ خىمىيەۋى تەركىبى گۇرۇپپىلىرى، ھەر خىل تەركىبلىرىنىڭ ئېرىش دەرىجىسى ئارىسىدىكى پەرقلەر، ئۆزئارا تەسىرلىرى ۋە فارماكولوگىيەلىك بىر ـ بىرىگە ماسلىشىش خۇسۇسىيەتلىرى، تەييارلىنىشى قاتارلىقلار خېلى مۇرەككەپ بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈمىگە زور تەسىر كۆرسەتمەكتە. شۇڭا تېبابەت دورىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، شۇنداقلا تېبابەتچىلىكتىكى دورا ئىشلىتىش ئادىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھازىرچە سۇ ياكى ئىسپىرت قاتارلىق ئېرىتكۈچىلەرنى ئىشلىتىپ ئوكۇل ياسالمىسىنى تەييارلاش مۇمكىن. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان جەۋھەرنى ئايرىۋېلىش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1) ئېرىتكۈچىلەر ئارقىلىق جەۋھەرنى ئايرىۋېلىش ئۇسۇللىرى:

(1) سۇدا ئايرىۋېلىش:

ئۈنۈملۈك قىسمى سۇدا ئاسان ئېرىيدىغان ھەمدە بىرقەدەر تۇراقلىق بولغان گىياھ دورىلارنىڭ جەۋھەرىنى ئېلىشتا مۇشۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. بۇ، ئاددىي ئۇسۇل بولۇپ، ئىشلەش مەشغۇلاتى ئوڭاي. لېكىن بۇنىڭدا كېرەكسىز ماددىلارنىمۇ ئېرىتىپ چىقىرىپ كېيىنكى باسقۇچلارغا مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، گىياھ دورىلار ئىچىدە تۇتقان تەركىبلەر ئوخشاش بولمىغاچقا سۇ بىلەن ئايرىۋېلىش ئۇسۇلى يەنە تۆۋەندىكى باسقۇچلارغا بۆلۈنىدۇ:

① سۇدا قاينىتىپ جەۋھەرنى ئېلىش:

گىياھ دورىلارنى ئازراق ئېزىپ ئۇنىڭغا 6 ~ 8 ھەسسىگىچە پارلاندۇرۇلغان پاكىز سۇ قۇيۇپ 2 ~ 3 قېتىم قاينىتىلىدۇ. قاينىتىش ۋاقتى ھەر قېتىم 30 مىنۇتتىن بىر سائەت ئەتراپىدا بولىدۇ. ئاندىن سۈزۈپ، سۈزۈلگەن ھەممە سۇيىنى بىرلەشتۈرۈپ، قويۇلدۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئالكولوئىدلار، گلۇكوزىدلار، ئورگانىك كىسلاتا، ئامىنوكىسلاتا قاتارلىق ماددىلارنى ئايرىپ ئالغىلى بولىدۇ. ھەمدە تاننىن، كىراخمال، شېكەر، پىكرىك كىسلاتا قاتارلىق كېرەكسىز ماددىلارمۇ ئېرىپ چىقىدۇ.

② كىسلاتا تېمىتىلغان سۇغا چىلاپ جەۋھەرنى ئېلىش:

تەركىبىدە ئالكولوئىدلار تۇتقان گىياھ دورىلارنى ئادەتتە كىسلاتالىق سۇ بىلەن قاينىتىپ ياكى چىلاپ جەۋھىرى ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئالكولوئىدلار كىسلاتاغا يولۇققاندا، تۇزغا ئايلىنىپ، تولۇق ئېرىيدۇ.

③ ئىشقارلىق سۇغا چىلاپ جەۋھىرىنى ئېلىش:
مۇرەككەپ ئېچكى ئېتىر، ئانتىراكىۋىنون گلىۇكوزىدلار، كۇۋمارىن، ئورگانىك كىسلاتا ۋە بەزى فېنول قاتارلىق شىپالىق تەركىبلەرنى تۇتقان گىياھ دورىلارنى ئىشقار قوشۇلغان ئېرىتكۈچى بىلەن قايىنىتىپ ياكى چىلاپ جەۋھىرى ئېلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خىل تەركىبلەر ئىشقارلىق ئېرىتمىلەردە تولۇق ئېرىيدۇ.

(2) ئىسپىرتتا ئايرىۋېلىش ئۇسۇللىرى:
گىياھ دورىلار ئىچىدىكى خىمىيەۋى تەركىبلەرنىڭ ئىسپىرتتا ئېرىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇش - بولماسلىقى، ئىسپىرتنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىسپىرتنىڭ قويۇقلۇقى يۇقىرى بولغانسېرى ئالكولوئىد، ئۈچۈچان ياغ، رېزىنا قاتارلىقلارنىڭ ئېرىش دەرىجىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئەكسىچە دەرەخ يېلىمى (سەمغى)، شىلىمشىق ماددىلار، ئاقسىللارنىڭ ئېرىش دەرىجىسى ئاز بولىدۇ. ئادەتتە 90 پىرسەنتلىكتىن يۇقىرى ئىسپىرت ئۈچۈچان ياغنى ئايرىۋېلىشقا، 70 ~ 80 پىرسەنتكىچە بولغان ئىسپىرت ئالكولوئىدلارنى ئايرىۋېلىشقا، 60 ~ 70 پىرسەنتكىچە بولغان ئىسپىرت گلىكوزىدلارنى ئايرىپ ئېلىشقا، 50 پىرسەنتتىن تۆۋەن قويۇقلۇقتىكى ئىسپىرت پىكرىك كىسلاتا، ئانتىراكىۋىنون گلىكوزىدلىرى، گلىكوزىد ماددىلارنى ئايرىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئالكولوئىد تۇزلىرىمۇ ئىسپىرتتا ئېرىيدۇ. ھەمدە كىسلاتا قوشۇلغان ئىسپىرتتىمۇ ئالكولوئىدلارنى ئايرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئىسپىرتتا جەۋھىرىنى ئېلىشتا ئادەتتە سىرغىتىپ سۈزۈۋېلىش ئۇسۇلى، چىلاش ئۇسۇلى، تەتۈر ئاققۇزۇپ ئايرىۋېلىش ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. تەتۈر ئاققۇزۇش ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە بىر خىل قىزىتىپ چىلاش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئېرىتكۈچىنى ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىش بىلەن ئورگانىك ئېرىتكۈچىلەر ئىقتىساد قىلغىلى بولىدۇ.

2) پارلاندۇرۇش ئۇسۇللىرى بىلەن جەۋھىرىنى ئېلىش.
ئۈچۈچان تەركىبلەرنى تۇتقان گىياھ دورىلارنى قىزىتىپ پارلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۈچۈچان تەركىبلەر ئايرىۋېلىنىدۇ. پارلاندۇرۇش ئىككى خىل بولىدۇ:
(1) ھور بىلەن پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى. (2) بىۋاسىتە ھارارەت بىلەن پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى: (مۇشۇ كىتاب بىرىنچى قىسىم 39 - بەتكە قاراڭلار).

3) ئۇنىۋېرسال ئۇسۇل بىلەن جەۋھىرىنى ئايرىۋېلىش.
بۇ، پارلاندۇرۇش بىلەن، سۇدا ئايرىۋېلىپ، ئىسپىرتتا چۆكتۈرۈش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل بىرلەشمە ئۇسۇلدۇر. بۇ ئۇسۇل ئۈچۈچان تەركىب ۋە غەيرىي ئۈچۈچان تەركىبلەرنىڭ ھەممىسىگە باب كېلىدۇ.
كونكرېت ئىشلەش ئۇسۇلى: گىياھ دورىلارنى چالا سوقۇپ سۇ ھورى بىلەن پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە پارلاندۇرۇپ، ئاۋۋال ئۈچۈچان تەركىبلەر تامچىلىتىپ چىقىرىۋېلىنىدۇ. ئاندىن ئاستىدىكى قالدۇقىغا يەنە سۇ قۇيۇپ 2 ~ 3 قېتىم قايىنىتىپ، سۈزۈپ، سۈيىنى قويۇلدۇرۇپ، ئىسپىرت قوشۇپ تىندۇرۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن، بۇنداق

ساپ قويۇقلۇقنى تامچىلىتىپ ئېلىنغان ئۈچۈچان ماددا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوكۇل ياسالمىسى تەييارلىنىدۇ.

**3. ئايرىۋېلىنغان سۈيۇقلۇقلارنى قويۇلدۇرۇش ئۇسۇلى:**

ئادەتتە ئايرىۋېلىنغان سۈيۇقلۇقنىڭ ھەجمى چوڭ بولىدۇ. شۇڭا قويۇلدۇرۇپ ھەجىمنى كىچىكلىتىش شىپالىق تەركىبلەرنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، پىششىقلاپ ئىشلەشكە پايدىلىق. ئەگەر ئىسپىرت ۋە باشقا ئورگانىك ئېرىتكۈچىلەر بىلەن جەۋھىرى ئايرىۋېلىنغان بولسا، ئۇ خىل ئېرىتكۈچىلەرنى يىغىۋېلىش جەريانى ئارقىلىق قويۇلدۇرۇلىدۇ. ئادەتتە بىر مىلىلىتىر سۈيۇقلۇق ئىچىدە بىر گىرام خام دورا تۇتقىچە قويۇلدۇرۇلسا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قويۇق قىلىنسا بولىدۇ. بۇنى گىياھ دورىلار ئىچىدىكى شىپالىق تەركىبلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئارىلاشمىلارنىڭ تۇتقان سانىغا ئاساسەن بېكىتىشكە بولىدۇ.

قويۇلدۇرۇش ئۇسۇللىرى:

1) پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىش:

گىياھ دورىلاردىن ئايرىۋېلىنغان سۈيۇقلۇقلارنى قىزدۇرۇش ئارقىلىق بىر قىسىم ئېرىتكۈچىلەرنى پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىپ دورا قويۇلدۇرۇلىدۇ.

(1) ھارارەت بىلەن بىۋاسىتە پارغا ئايلاندۇرۇش: سۈيۇقلۇقلارنى مۇۋاپىق قاچىلارغا سېلىپ بىۋاسىتە ئوت ئۈستىدە قويۇپ قىزىتىپ قاينىتىلىدۇ. قايناپ مەلۇم دەرىجىدىكى قويۇقلۇققا كەلگەندىن كېيىن، سوۇلۇق قازاندا قىزىتىش ئۆزگەرتىپ پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇنداق ئىشلىگەندە كۆيۈپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

(2) قوش قەۋەتلىك پار قازانلىرى بىلەن قويۇلدۇرۇش: بۇنىڭدا سۇ ھورىنى ئىسسىقلىق مەنبەسى قىلىپ قويۇلدۇرۇلىدۇ.

2) پارلاندۇرۇش: ئىسپىرت ۋە باشقا ئېرىتكۈچىلەر ئارقىلىق ئايرىۋېلىنغان سۈيۇقلۇقلار كۆپ ھاللاردا ئېرىتكۈچىلەرنى يىغىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن قويۇلدۇرۇلىدۇ. ئېرىتكۈچىلەرنى يىغىۋېلىشتا پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. پارلاندۇرۇش ئادەتتە بېسىمنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق پارلاندۇرۇش ۋە نورمال بېسىم بىلەن پارلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇسۇللارغا بۆلۈنىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم پىششىقلاپ ئىشلەش

گىياھ دورىلارنىڭ قويۇلدۇرۇلغان سۈيۇقلۇقىدا شىپالىق تەركىبلەردىن باشقا، يەنە كۆپ مىقداردا ئارىلاشمىلار بولۇپ، مۇۋاپىق ئۇسۇل ۋە باسقۇچلارنى قوللىنىپ ئومۇمىي سۈيۇقلۇق ئىچىدىكى شىپالىق تەركىبلەرنى ئاجرىتىۋېلىپ پىششىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئاجرىتىۋېلىشتىكى ئۇسۇل شىپالىق تەركىبلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋە ئوكۇل سۈيۇقلۇقىنىڭ سۈپىتىگە مەلۇم تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاجرىتىپ ئېلىشتا مۇۋاپىق ئۇسۇل

www.uyghurkitap.com

قوللىنىلسا پىششىقلاپ ئىشلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.
كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. تىندۇرۇش (چۆكتۈرۈش) ئۇسۇلى:

گىياھ دورىلار ئىچىدىكى ھەر خىل خىمىيەۋى تەركىبلەرنىڭ ئېرىش پەرقىدىن ۋە مەلۇم پائالىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىسپىرت، سۇ ياكى باشقا ئېرىتكۈچىلەرنى مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ تىندۇرۇش ئارقىلىق ئارىلاشمىلار (كېرەكسىز ماددىلار) چىقىرىۋېتىلىدۇ.

تىندۇرۇشتىن مەقسەت: شىپالىق تەركىبلەرنى ساقلاپ قېلىپ، كېرەكسىز قىسىملىرىنى چىقىرىۋېتىش، داۋالاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، دورىنىڭ ئەكس تەسىرىنى ئازايتىش ۋە ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنىڭ سۈزۈكلۈك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

1) ئىسپىرت بىلەن تىندۇرۇش ئۇسۇلى:

گىياھ دورىلارنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى ئىچىدە كۆپ مىقداردا شېكەر، مۇرەككەپ شېكەر، ئاقسىل، تاننىن، ئانورگانىك تۇزلار بولۇپ، 60 ~ 70 پىرسەنتلىك ئىسپىرت ئارىلاشتۇرۇلغاندا بەزى ئارىلاشمىلار ئىسپىرتتا ئېرىمەي چىقىپ كېتىدۇ. لېكىن ھايۋانات ئاقسىللىرى يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى ئىسپىرتتا چۆكۈۋالىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئاساسەن سۇ ۋاستىسى بىلەن ھاسىل قىلىنغان سۇيۇقلۇقلاردىكى شىپالىق تەركىبلەرنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. لېكىن يەنە بەزى تاننىن، رېزىنا ۋە پىگمېنتلار تولۇق چۆكمەيدۇ. چۈنكى بۇ خىل ماددىلارنىڭ بىر قىسمى ئىسپىرتتا ئېرىپ كېتىدۇ. سۇ ۋاستىسى بىلەن ئايرىۋېلىپ، قويۇلدۇرۇلغان سۇيۇقلۇققا ئىسپىرت قوشۇپ تىندۇرۇلغاندا، ئىسپىرتنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، دەسلەپتە ئىسپىرتنىڭ پىرسەنتى تۆۋەن بولۇشى، كېيىن تەدرىجىي ئاشۇرۇلۇشى لازىم. ئادەتتە 2 ~ 3 قېتىم چۆكتۈرۈلسە ئارىلاشمىلار تولۇق چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئەگەر ئىككى قېتىم چۆكتۈرۈلگەندە بىرىنچى قېتىمقى ئىسپىرتنىڭ قويۇقلۇقى %70 ~ %60 بولۇشى، ئىككىنچى قېتىمقىسى 75 ~ 80 پىرسەنتكىچە بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۈچ قېتىم تىندۇرۇلغاندا ئادەتتە بىرىنچى قېتىمقىسى 50 ~ 60 پىرسەنتلىك، ئىككىنچى قېتىمقىسى 60 ~ 75 پىرسەنتلىك، ئۈچىنچى قېتىمقىسى 80 ~ 85 پىرسەنتلىككىچە بولسا مۇۋاپىق. ئادەتتە بىرلا قېتىم تىندۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا پاكىز بولمايلا قالماستىن، بەلكى تەييارلانغان ئوكۇل ياسالمىسىنى بىر مەزگىل ساقلىغاندا چۆكمە ھاسىل بولۇۋالىدۇ.

گىياھ دورىلارنىڭ خىمىيەۋى تەركىبلىرى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغاچقا جەۋھىرىنى ئاجرىتىۋېلىش جەريانىدا ئۇلار ئۆزئارا تەسىر قىلىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ ئېرىشىنى ئاشۇرۇش ھادىسىسى كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بولۇپمۇ قاينىتىپ جەۋھىرىنى ئايرىۋېلىشتا تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. گىياھ دورىلار ئىچىدە خىمىيەۋى تەركىبلەرنىڭ ئېرىش

دىرىجىسى بىلەن ساپ ماددىنىڭ ئېرىش دەرىجىسى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدۇ. سۇدىكى ئېرىتمىسىدە بەزى سۇدا ئېرىمەيدىغان ماددىلار، مەسىلەن: رېزىنا قاتارلىقلار بولىدۇ. ئەمما بۇ رېزىنا ئىسپىرتتا ئېرىيدۇ. ئىسپىرت بىلەن چۆكتۈرۈلگەندە رېزىنا ماددىسىنى چىقىرىپ تاشلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ چۆكمەيدۇ. بۇنداق چاغدا سۇ بىلەن ئايرىۋېلىنغان سۈيۈقلۇقلارنى ئاۋۋال ئىسپىرتتا تىندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسپىرتنى قايتا يىغىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئازراق پاكىز سۇ قوشۇپ 20 سائەت توڭلاتقۇدا تۇرغۇزۇش ئارقىلىق بۇ خىل سۇدا ئېرىمەيدىغان ماددىلارنى چىقىرىۋېتىش كېرەك. ئىسپىرت بىلەن تىندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا سۇدا ئايرىۋېلىپ قويۇلدۇرۇلغان ئېرىتمىنىڭ بىر مىللىلىتىرىدە 1 ~ 2 گىرامغىچە ئەسلىي دورا بولۇشى لازىم. ئەگەر كېرەكسىز قىسىملىرى كۆپرەك بولسا بولۇپمۇ شېكەرلەر كۆپ بولسا سۈيۈقراق هالەتتە قويۇلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق قىلىش بىلەن شىپالىق تەركىبلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئارىلاشمىلار ئازراق بولسا قويۇلدۇرۇش نىسبىتىنى مۇۋاپىق يۇقىرى كۆتۈرۈش مۇمكىن.

2) سۇ بىلەن تىندۇرۇش ئۇسۇلى:

ئىسپىرت، ئېتىر (ئېفىر)، خىلوروفورۇم قاتارلىق ئېرىتكۈچىلەر بىلەن جەۋھىرى ئايرىۋېلىنغان سۈيۈقلۇقلارغا سۇ قوشۇپ، سۇدا ئېرىمەيدىغان رېزىنا، خىلوروفىل قاتارلىق ئارىلاشمىلارنى تىندۇرۇپ چىقىرىۋېتىلىدۇ.

كونكرېت ئۇسۇلى: ئىسپىرت بىلەن ئايرىۋېلىنغان سۈيۈقلۇقنىڭ ئىسپىرتىنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىپ، ئىسپىرت پۈرىقى قالمىغاندا، ئۇنىڭغا ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان دىستىللات سۇدىن يېتەرلىك مىقداردا قۇيۇپ، چالغۇتۇپ، توڭلاتقۇدا 24 سائەت قويۇپ، ئاندىن سۈزۈپ، قويۇلدۇرۇلىدۇ. يەنە ئومۇمىي دورا سۈيۈقلۇقىنىڭ 1/3 ياكى 1/2 گىچە تەڭ كەلگىدەك ئوكۇلغا ئىشلىتىدىغان سۇنى قويۇپ، توڭلاتقۇغا قويۇپ يەنە بىر قېتىم تىندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۇدا ئېرىمەيدىغان ئارىلاشما ماددىلار چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئەگەر تۆۋەن پىرسەنتلىك ئىسپىرت بىلەن ئايرىۋېلىنغان سۈيۈقلۇقلار بولسا ئۇنى بىرىنچى قېتىم سۇدا تىندۇرغاندىن كېيىن، سۈزۈپ، ئۇنى ئىككىنچى قېتىم ئىسپىرت بىلەن تىندۇرۇپ سۈزۈپ، ئىسپىرتنى قايتۇرۇپ يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى ئۈچىنچى قېتىم قۇيۇپ 24 سائەت توڭلاتقۇدا ساقلاپ، سۈزۈپ، سۈزۈلگەن سۇيىگە ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈر (كاربو ئاكتىۋاتۇس) سېلىپ، pH [1] قىممىتىنى تەڭشەپ ئوكۇل ياسالمىسى تەييارلىنىدۇ.

3) كىسلاتا ياكى ئىشقارلار بىلەن تىندۇرۇش ئۇسۇلى:

بۇ، گىياھ دورىلار ئىچىدىكى مەلۇم تەركىبلەرنىڭ سۇدا ئېرىش دەرىجىسىدىن ۋە

---

① ئېرىتمە ئىچىدىكى هىدروگېن ئىيونى بىلەن ئىشقار ئىيونلىرىنىڭ توغرا مۆتىدىللىك دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان شەرتلىك قىسقارتىلما بەلگە، بىر ئېرىتمىدە كىسلاتا ۋە ئىشقارلارنىڭ مۆتىدىللىك هالىتى pH7 بولىدۇ. ئۇلاردىن كىسلاتا دەرىجىسى يۇقىرى بولسا 7 دىن تۆۋەن رەقەم بىلەن، ئىشقارلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولسا 7 دىن يۇقىرى رەقەم بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئۆلارنىڭ كىسلاتالىق، ئىشقارلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئارىلاشما تەركىبلەرنى چىقىرىۋېتىشنى مەقسەت قىلىدىغان ئۇسۇلدۇر. ئادەتتە كىسلاتالىق تەركىبلەر (مەسىلەن: فېنول) ۋە نېيترال تەركىب (مەسىلەن: گلىكوزىد) لار ئىشقارلىق ئېرىتمىلەردە ئاسان ئېرىيدۇ. بۇلار كىسلاتالىق ئېرىتمىلەرگە يولۇققاندا چۆكمە ھاسىل قىلىدۇ. بەزى ئىشقارلىق بىرىكمىلەر (مەسىلەن: ئالكولوئىد) كىسلاتالىق ئېرىتمىلەردە ئاسان ئېرىيدۇ، ئەمما ئىشقارلىق ئېرىتمىلەرگە يولۇققاندا چۆكمە بولۇۋالىدۇ. بۇلارنىڭ مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن كىسلاتالىق ياكى ئىشقارلىق ئېرىتمىلەرنى گىياھ دورىلارنىڭ جەۋھىرىنى ئايرىۋېلىش ئۈچۈن ئېرىتكۈچى قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. سۇدا قاينىتىپ قويۇلدۇرۇلغان سۈيۇقلۇقلارغا ياكى ئىسپىرتتا ئىشلەپ ھاسىل قىلىنغان ئېكستراكتلارغا كىسلاتا ياكى ئىشقارلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ، شىپالىق تەركىبلىرىنى چۆكتۈرۈپ ياكى ئېرىتىپ ئايرىۋېلىنىدۇ. بىرقانچە قېتىم قايتا ـ قايتا شۇنداق ئىشلەش ئارقىلىق بۇ خىل شىپالىق تەركىبلەرنى ئارىلاشما ماددىلاردىن ئاجرىتىۋېلىپ ساپ ھالغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. كىسلاتا ۋە ئىشقارلارنىڭ مىقدارى ئادەتتە 0.1 ~ 0.5 پىرسەنتكىچە بولۇشى مۇمكىن.

4) گېلاتىن[①] بىلەن تىندۇرۇش ئۇسۇلى:

بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئاساسلىقى تاننىن ماددىسى چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئاقسىل بىلەن تاننىن ماددىسى سۇدىكى ئېرىتمىلەردە تاننالبىن (تاننىنلىك ئالبۇمىن) ماددىسىنى ھاسىل قىلىپ چۆكىدۇ. بولۇپمۇ pH قىممىتى 4 ~ 5 ئەتراپىدا بولغاندا تېخىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ.

كونكرېت ئىشلەش ئۇسۇلى: گىياھ دورىلار ئىچىدىكى شىپالىق تەركىبلەرنى سۇدا ئايرىپ ئېلىپ، قويۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۈچ ھەسسە ئىسپىرت قۇيۇپ (ئىسپىرتنىڭ قويۇقلۇقى 71 پىرسەنتكە يېتىشى كېرەك)، سوغۇق ساقلاپ، سۈزۈپ ئىسپىرتنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىنىدۇ ۋە قويۇلدۇرۇلغان سۈيۇقلۇققا 2 پىرسەنتلىك گېلاتىن ئېرىتمىسىدىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ، چالغۇتۇپ تىنچ ھالەتتە قويۇپ قويۇلسا تاننالبىن ماددىسى چۆكىدۇ. بۇنى يەنە سۈزۈپ، ئۈستىگە 6 ھەسسە ئىسپىرت قۇيۇپ (80%قويۇقلۇقتا ئىسپىرت تۇتقان بولۇشى كېرەك)، چالغۇتۇپ، 20 سائەت سوغۇق جايدا قويۇپ، سۈزۈپ، ئىسپىرتنى يىغىۋېلىپ، ئىسپىرت پۇرىقى تۈگىگىچە قويۇلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ قوشۇپ، 20 سائەت سوغۇق ساقلاپ سۈزۈلىدۇ (زۆرۈر تېپىلسا بۇ سۈيۇقلۇققا 0.1 ~ 0.5 پىرسەنتكىچە ئاكتىپ كۆمۈر قوشۇپ pH قىممىتى تەڭشىلىدۇ). ئۇنىڭغا ئومۇمىي مىقدارغا يەتكىچە ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ قوشۇپ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

ئەگەر سۈزۈشتە قىيىنچىلىق يۈز بەرسە، ئازراق تالكۇم قوشۇپ قاينىتىپ، ئاندىن

---

① گېلاتىن ـ ئادەتتە «ژېلاتىن» دەپ ئېيتىلىدىغان ئاق ياكى سارغۇچ يېرىم سۈزۈك ئورگانىك بىرىكمە ـ گالا، خېچىر ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى قاينىتىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ. خەلق ئارىسىدا «يار يېلىم» دەپ ئاتىلىدۇ. سۇدا ئېرىيدۇ.

سوغۇق ساقلاپ، ئىچىدە قېپقالغان گېلاتىننى ئويۇتۇپ قويۇپ، ئاندىن سۈزگەندە يۇقىرىقى قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدۇ. ئەگەر گېلاتىن بولمىسا 30% تۇخۇم ئېقى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

5) ئىسپىرتلىق ئېرىتمە بىلەن pH نى تەڭشەش ئارقىلىق تىندۇرۇش ئۇسۇلى:

بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق تاننىن بىلەن ناترىي ھىدروكسىدنىڭ ئىيونى بىرىكىپ ناترىي تاننىكۇم تۇزلىرىنى ھاسىل قىلىشىدىن پايدىلىنىپ ئارىلاشمىلارنى چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. بۇ، ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇل بولۇپ، ئاساسلىقى تاننىن ماددىسى چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پۇراقلىق ئورگانىك كىسلاتا ۋە كىسلاتالىق رېزىن، بەزى ئاقسىللارنىمۇ ئۆزگەرتىپ چۆكتۈرىدۇ.

6) سوغۇق ۋە قىزىق ھالدا بىر تەرەپ قىلىش بىلەن تىندۇرۇش ئۇسۇللىرى.

بەزى يۇقىرى مولېكۇلىلىق ئارىلاشمىلار، مەسىلەن: تاننىن، ئاقسىل، كىسلاتالىق رېزىن قاتارلىقلار سۇدا ئېرىتكەندە كۆپ ھاللاردا يېلىمسىمان ئېرىتمە بولىۋالىدۇ. تاننىن يۇقىرى ھارارەتتە تېزلا پارچىلىنىدۇ. تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا يەنە چۆكمە ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا تەركىبىدە تاننىن ماددىسى تۇتقان ئوكۇل سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ pH قىممىتىنى 7.5 ـ 8.0 قىلىپ تەڭشەپ، يەنە بىر قېتىم سوغۇق ۋە قىزىق ھالدا ئىشلەش ئارقىلىق ئۇلار ئىچىدىكى تاننىن ماددىسىنى چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

كونكرېت ئىشلەش ئۇسۇلى مۇنداق: ئايرىۋېلىنغان سۇيۇقلۇقتا 2 ~ 3 قېتىم ئىسپىرت قۇيۇپ تىندۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە %100+ تا 30 مىنۇت قاينىتىپ، ئاندىن يەنە 24 سائەت سوغۇق ساقلاپ، سۈزۈپ، تاننىن چىقىرىۋېتىلسە بولىدۇ. سوغۇق ۋە قىزىق بىر تەرەپ قىلىش 1 ~ 2 قېتىم ئىشلىنىشى كېرەك. بۇ ئۇسۇلنى كۆپىنچە باشقا ئۇسۇللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ ئارىلاشمىلارنى چىقىرىۋېتىشكە بولىدۇ.

7) ئاھاك ۋە سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن تىندۇرۇش ئۇسۇلى:

بۇ خىل ئۇسۇل ئىسپىرت بىلەن تىندۇرۇشقا قارىغاندا ئاددىي. سۇدا ئايرىۋېلىپ، قويۇلدۇرۇلغان سۇيۇقلۇققا ھاك سۈيىنى قوشۇپ pH قىممىتى 11 ـ 12 گە كەلگىچە تەڭشىلىدۇ. ئىشقارغا مايىل بولغاندا كالتسىي تۇزى گىياھ دورىلار ئىچىدىكى بەزى تەركىبلەر، مەسىلەن: تاننىن، ئورگانىك كىسلاتا، ئاقسىل، كۆپ ئاساسلىق فېنول، سۇدا ئېرىيدىغان پىگمېنت، كىسلاتالىق رېزىن، كىسلاتالىق گلىكوزىدلار، كۆپ قىسىم شېكەرلەر، ھەمدە بىر قىسىم فلاۋون گلىكوزىدى، ئانتراكىۋىنون گلىكوزىدى قاتارلىقلار بىلەن بىرىكىپ چۆكمە ھاسىل قىلىدۇ، ئەگەر سۇيۇقلۇق ئىشقارلىق بولسا ئالكولوئىدلارمۇ چىقىپ كېتىدۇ. لېىن 20 ~ 30 پىرسەنتلىك سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن pH قىممىتىنى 4.5 ~ 5.5 قىلىپ تەڭشىگەندە كۆپ قىسىم ئالكولوئىدلار يەنە تۇز ھاسىل قىلىپ قايتىدىن ئېرىيدۇ. بۇ چاغدا سۈزۈش بىلەن ئارىلاشمىلار چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئەمەلىي ئىشلەش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

گىياھ دورىلارنى ئۈچ قېتىم سۇدا قاينىتىپ، جەۋھىرىنى ئايرىۋېلىپ سۈزۈپ، ئۈچ قېتىملىق سۇيۇقلۇقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئېكستراكت (رۇب) ھالىتىگە كەلگىچە

www.uygurkitap.com

قويۇلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭغا 20 پىرسەنتلىك ھاك سۈيىنى قۇيۇپ pH قىممىتىنى 11 ~ 12 گىچە تەڭشەپ، ئارىلاشتۇرۇپ، 10 مىنۇتتىن كېيىن 30 پىرسەنتلىك سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن pH قىممىتى 4.5 ~ 5.5 كە كەلگىچە تەڭشەپ، 3 ~ 4 سائەت ساقلاپ، سۈزۈپ، سۈزۈلگەن ئېرىتمىگە يەنە ھاك سۈيى قۇيۇپ pH نى 12 گە تەڭشەپ، بىر دەم قويغاندىن كېيىن، يەنە 30 پىرسەنتلىك سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن pH نى 4.5 ~ 5.5 كە تەڭشەپ 3 ~ 4 سائەت سوغۇق جايدا ساقلاپ سۈزۈلىدۇ. سۈزۈلگەن ئېرىتمىگە 10 پىرسەنتلىك ناترىي ھىدروكسىدى قوشۇپ pHنى 6.5 ~ 7 قىلىپ تەڭشەپ، 30 مىنۇت قاينىتىپ، 20 ~ 40 سائەتكىچە سوغۇق ساقلىنىدۇ. سۈزۈپ 0.1 ~ 0.5 پىرسەنتكىچە ئاكتىپ كۆمۈر قوشۇپ، قىزىتىپ، ئازراق سوۋۇغاندىن كېيىن pH نى 6.5 ~ 7 قىلىپ تەڭشەپ، ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇدىن تېگىشلىك مىقدارغا يەتكىچە قۇيۇپ ئاموتسىمان ئەينەك ۋارونكا بىلەن سۈزۈك ھالەتكە كەلگىچە قايتا ــ قايتا سۈزۈپ، قاچىلاپ تەييارلىنىدۇ.

ھاك دېيىلگەندە دورا ئۈچۈن پاكىزلەنگەن كالتسىي ھىدروكسىدى ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاھاك ئىشلىتىلگەندە، گەرچە بۇ ئاھاك يۇقىرى قىزىتىلىق بىلەن قىزىتىپ پىشۇرۇپ ئېلىنغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنى ساقلاش جەريانىدا بۇلغىنىپ، سۇدا ئېرىيدىغان بەزى ئارىلاشمىلار پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى خام ئاھاكنى بىرقانچە قېتىم چەككىلەپ ئىشلەتكەن ياخشى. چەككىلەش ئۇسۇلى: يېڭىدىن پىشۇرۇلغان ئاق، پاكىز ئاھاكنى تاللاپ، ئېزىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ قۇيۇپ، قورچۇپ بېرىلگەندە، كالتسىي ھىدروكسىدىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئاندىن بۇنى سۈزۈپ، ئاستىدىكى دۇغىغا يەنە پارلاندۇرۇلغان سۇ قۇيۇپ قايتا ــ قايتا يۇيۇش ئارقىلىق سۇدا ئېرىيدىغان ئارىلاشما ماددىلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن ئاستىدا قالغان پاكىزلەنگەن قىسمىنى قۇرۇتۇپ، 25℃ + دا 30 مىنۇت قاقلاپ، ئاھاك تەركىبىدىكى قىزىتما مەنبەسىنى[①] بۇزۇپ تاشلاپ، سوۋۇغاندىن كېيىن قاچىلاپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ ساقلىنىدۇ. ئىشلىتىش ۋاقتىدا 20 پىرسەنتلىك ئاھاك سۈيىنى تەييارلاپ ئىشلىتىش كېرەك.

ئادەتتە ئاھاك ۋە سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن 2 ~ 3 قېتىم چارە كۆرۈلسە بولىدۇ. ئەگەر ئايرىۋېلىنغان سۈيۇقلۇقتا ئارىلاشمىلار كۆپرەك بولسا، ئاۋۋال ئىسپىرت (60 پىرسەنتلىك) قوشۇپ بىر قېتىم چارە كۆرۈش ئارقىلىق، ئالدى بىلەن كۆپ مىقداردىكى پولىساخارىدلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئىشلەش باسقۇچلىرىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ، ئاندىن كېيىن ئاھاك ــ سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئارىلاشمىلار ئازراق بولسا ئاۋۋال ئاھاك ــ سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن چارە قىلىپ، ئاندىن ئىسپىرت بىلەن

① بەدەندە قىزىتما پەيدا قىلىدىغان ماددىلار، ئۇلار بەزىبىر ماددىلاردىن، مەسىلەن: گىرام مەنپىي (گىرام ئۇسۇلىدا بويالمايدىغان) باكتېرىيەلەرنىڭ ئىچكى زەھەرلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر ئۇلار ئوكۇل ياسالمىلىرى ئىچىدە بىرقانچە مىكروگىرام مىقداردا بولسىمۇ كېسەللەردە يۇقىرى قىزىتما ھاسىل قىلىدۇ (م. مۇھەررىر).

بىر تەرەپ قىلىپ، قېپقالغان ئارىلاشمىلارنى چىقىرىۋېتىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، قوغۇشۇن تۇزى بىلەن تىندۇرۇش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل مۇرەككەپرەك بولۇپ، ئىشلەش مەشغۇلاتى بىر ئاز ئاۋارىچىلىك، بەزىدە شىپالىق تەركىبلەرمۇ چىقىپ كېتىپ قالىدۇ. قوغۇشۇننى ئاخىرىدا چىقىرىۋېتىش ئۇزۇل - كېسىل بولمايدۇ. قوغۇشۇن ئىنسانلارغا زەرەر قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئۇسۇل كۆپ قوللىنىلمايدۇ.

**2. يېپىشتۇرۇۋېلىش ئۇسۇلى:**

بۇ، ئارىلاشما ماددىلارنى چىقىرىۋېتىدىغان فىزىكىۋى ئۇسۇلدۇر.

بۇنىڭدا بەزى قاتتىق ماددىلارنىڭ يېپىشتۇرۇۋېلىش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، قىسمەن گىياھ دورىلارنىڭ تەركىبلىرىنى ۋە ئۇنىڭ سۇيۇقلۇقلىرى ئىچىدىكى ئارىلاشمىلارنى مەزكۇر قاتتىق جىسىملار مولېكۇلىسىغا تەبىئىي هالدا يېپىشتۇرۇۋېلىپ تازىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئوخشىمىغان تەركىبلەرنىڭ يېپىشتۇرۇۋالغۇچى بىلەن كىر ئالغۇچى ئارىسىدىكى يېپىشتۇرۇۋېلىش خۇسۇسىيىتىدىن ۋە ئېرىش دەرىجىسىنىڭ پەرقىدىن پايدىلىنىپ جەۋھىرىنى ئايرىۋېلىش ياكى ئارىلاشمىلاردىن پاكىزلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يېپىشتۇرۇۋالغۇچىلار ئاكتىپ كۆمۈر (ياغاچ كۆمۈرى)، ئاليۇمىن ئوكسىدى (كۆيدۈرۈلگەن زەمچە) پولى ئامىدى، تالالىق ماددىلار، ماگنىي، تالك، سېلىتسىيە يېلىمى، كالتسىي كاربونات، كالتسىي سۇلفات قاتارلىقلار. هەر خىل يېپىشتۇرۇۋالغۇچىلار مەلۇم يۇمشاقلىقتا بولىدۇ.

1) ئاليۇمىن ئوكسىدى: ئالكولوئىد، ئۇچۇچان ياغ، ئىستېرول، تىرپانلار، ساپوگېنىن ۋە يۇرەكنى كۈچەيتكۈچى گىلىكوزىد قاتارلىق شىپالىق تەركىبلەرنى ئايرىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

2) سېلىتسىيە يېلىمى: ئالكولوئىد، تىرپانلار، ئىستېرول، يۇرەكنى كۈچەيتكۈچى گىلىكوزىدلار، ئانتراكىنۇنون گىلىكوزىدى، ئامىنو كىسلاتا ۋە كىسلاتالىق فېنول خۇسۇسىيەتلىك بىرىكمىلەرنى ئايرىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

3) ماگنىي ئوكسىدى: پىگمېنت، بولۇپمۇ خىلوروفىل قاتارلىق ماددىلارنى يېپىشتۇرۇۋالىدۇ.

4) ئاكتىپ كۆمۈر: ئاساسلىقى پىگمېنت ماددىسى، باكتېرىيە ۋە قىزىتما مەنبەسى قاتارلىقلارنى يېپىشتۇرۇۋالىدۇ.

## تۆتىنچى بۆلۈم ئوكۇل سۇيۇقلۇقى تەييارلاش تېخنىكىلىرى

گىياھ دورىلار ئىچىدىكى شىپالىق تەركىبلەرنى ئايرىۋېلىپ، پىششىقلاپ ساپلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىمىيەۋى ۋە فىزىكىۋى خۇسۇسىيەتلىرى ۋە داۋالاش ئەمەلىيەتلىرىدە ئىشلىتىش ئېهتىياجىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئېرىتكۈچىلەرنى

www.uyghurkitap.com

تاللاپ سۈيۈقلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى قوشۇپ ئوكۇل ياسالمىسى تەييارلىنىدۇ. تەييارلاش جەريانىدا ئوكۇل تەييارلاش ئۆيىنىڭ ھاۋاسى، ئىشلەش مەشغۇلاتى، سايمانلار تازىلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى جاراسىمسىز ھالەتتە ئىشلەش، جاراسىمسىز ياسالما تەلىپىگە يەتكۈزۈش زۆرۈر.

**1. قويۇقلۇق دەرىجىسىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى:**

1) شىپالىق تەركىبى ئېنىق بولغان گىياھ دورىلاردىن ئوكۇل ياسالمىسى تەييارلانغاندا، ئېنىقلاپ چىقىلغان مىقدارىغا ئاساسەن ئۇنىڭ بىر مىللىلىتىردىكى مىقدارى بويىچە ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن: 1cc×mg) ياكى پىرسەنتلىك مىقدارى ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن%× ).

2) شىپالىق تەركىبى: تېخى ئېنىقلانمىغان ياكى مۇرەككەپ ياسالمىلارغا نىسبەتەن ھەربىر مىللىلىتىر ئىچىدە ئەسلىي دورىنىڭ مەۋجۇت بولغان مىقدارىنىڭ گىرام سانى بويىچە ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن: 1cc×g ).

**2. قوشۇمچىلار:**

ئوكۇل ياسالمىسى تەييارلاشتا گىياھ دورىلارنىڭ خىمىيەۋى، فىزىكىۋى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، ئوكۇل ياسالمىسىنىڭ سۈپىتىگە (سۈزۈكلۈك دەرىجىسى، تۇراقلىقلىقى، ئاغرىتىش (غىدىقلاش) تەسىرى، داۋالاشتىكى ئۈنۈمى ۋە ئىشلىتىشتىكى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم قوشۇمچىلارنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ.)

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) pH قىممىتىنى تەڭشىگۈچى دورا: گىياھ دورا ئوكۇل ياسالمىلىرىنىڭ pH قىممىتىنى مەلۇم دائىرىدە تەڭشەش كېرەك. pH قىممىتى تەڭشەلگەندە ئوكۇل ياسالمىلىرىنىڭ تۇراقلىقلىقى ياخشى بولۇپ، توقۇلمىلارنىڭ دورىلارنى سۈمۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرگىلى، يەرلىك ئورۇننىڭ ئاغرىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. شۇڭا pH قىممىتىنى تەڭشەيدىغان دورا قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تەڭشىگۈچى دورىلار: 10 پىرسەنتلىك ھىدروخلورىد كىسلاتا (تۇز كىسلاتاسى)، 50 پىرسەنتلىك سۇلفات كىسلاتاسى، 20 پىرسەنتلىك ناترىي ھىدروكسىدى، 10 پىرسەنتلىك ناترىي كاربونات ئېرىتمىسى، ئاممىياك سۈيى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2) ئېرىش دەرىجىسىنى ئاشۇرغۇچى دورا: بۇ، مەلۇم دورىنىڭ سۇدا ئېرىش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، دورىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە سۈزۈكلۈك دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

ئېرىش دەرىجىسىنى ئاشۇرغۇچى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان دورىلار: تۋېئىن 0.5%～2% ـ 80[①]، گىلىتسېرىن (15%–20%) پىروفىلېن گىلىكول، كىسلاتا، ئىشقارلار، نىكۇتىنامىد قاتارلىقلار.

---

① 80 تۋېئىن 80 ـ ئىيونلارنى ئېمۇلسىيەلەندۈرمەيدىغان ماددا، مايلىق لەيلەتمە (ئېمۇلسىيە) ياسالمىلارنى تۇراقلىقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. (م. مۇھەررىر).

3) تەڭ ئوسموس بېسىمىنى تەڭشىگۈچى دورا: تەڭ ئوسموس بېسىمىنى تەڭشىگۈچى قوشۇمچىلاردىن ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى ناترىي خىلورات (ئاش تۇزى) ۋە گىلۇكوزا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

4) يەرلىك ئورۇننىڭ ئاغرىقىنى توختاتقۇچى دورا: ئادەتتە گىياھ دورا ئوكۇل ياساش ۋە ئىلىرىنىڭ pH قىممىتى ياخشى تەڭشەلمىگەنلىك ياكى دورىنىڭ ئۆزىدىكى غىدىقلىغۇچى خۇسۇسىيەت تۈپەيلىدىن ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن يەرلىك ئورۇندا ئاغرىش پەيدا قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئاغرىقنى توختاتقۇچى دورا قوشۇلىدۇ، ئەمما ۋېنا تومۇر ئارقىلىق تامچىلىتىلىدىغان دورىلارغا بۇ خىل قوشۇمچىلارنى قوشسىمۇ بولىدۇ. ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) پىروكائىن ھىدرو خىلورىد: بۇ، يەرلىك ئورۇننى ناركوز (مەست) قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئاغرىق توختاتقۇچى تەسىر 1 ~ 2 سائەتچە ساقلىنىدۇ. ئاغرىقى ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئوكۇل ياساش ۋە ئىلىرىغا نىسبەتەن بۇ ۋاقىت قانائەتلىنەرلىك بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئايرىم كېسەل كىشىلەردە رېئاكسىيە بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى 0.25 ~ 2 پىرسەنتكىچە بولىدۇ.

(2) لىدوكائىن: يەرلىك ئورۇننىڭ ئاغرىقىنى توختىتىش خۇسۇسىيىتى پىروكائىن ھىدروخىلورىدقا قارىغاندا ئىككى ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، تەسىرى خېلى ئۇزۇن ساقلىنىدۇ. تۇراقلىقلىقى يۇقىرى، ئومۇمىي بەدەنگە بولغان رېئاكسىيەسى تۆۋەن، پىروكائىنغا سېزىمچانلىقى يۇقىرى بولغان كېسەللەرگىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئىشلىتىش مىقدارى 0.25 ~ 0.5 پىرسەنتكىچە.

(3) بېنزىل ئالكوھول: (بېنزىل ئىسپىرت) بۇ، يەرلىك ئورۇننىڭ ئاغرىقىنى توختىتىش رولىغا ئىگە. زىيادە سېزىمچانلاشتۇرمايدۇ، ئۇنى نېيترال خۇسۇسىيەتلىك ياكى ئىشقارغا مايىل دورىلارغا ئىشلىتىش مۇۋاپىق، كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مىقدارى 0.5 ~ 2 پىرسەنتكىچە بولىدۇ.

(4) خىلوروبوتانول: بۇ، ئاغرىق توختىتىش ھەم ئۇفۇنەت (چىرىش)كە قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە. ئۇنى كىسلاتالىقى مايىل دورىلارغا ئىشلىتىش مۇۋاپىق. بىر گىرام خىلوروبوتانول 120 گىرام سۇيۇقلۇقتا تولۇق ئېرىيدۇ. ئاۋۋال بىر گىرام خىلوروبوتانولنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ ياكى دورا سۇيۇقلۇقىغا سېلىپ قىزىتىپ، ئېرىتىپ بولغاندىن كېيىن ئومۇمىي مىقدارىغا يەتكىچە سۇ قۇيۇپ تەييارلىنىدۇ. ئىشلىتىش مىقدارى 0.25 ~ 0.5 پىرسەنتكىچە.

(5) ئوكسىدلىنىشقا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى دورا: بەزى ئوكۇل ياساش ۋە ئىلىرى مىكروبسىزلاندۇرۇش، ساقلاش جەريانىدا توق رەڭگە ئۆزگىرىپ دۇغلىشىپ قالىدۇ ياكى چۆكمە ھاسىل قىلىۋالىدۇ، بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب تەركىبىدىكى ئارىلاشما ماددىلار تولۇق چىقىرىۋېتىلمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن باشقا، شىپالىق تەركىبلەرنىڭ ئوكسىدلىنىپ پارچىلىنىپ كېتىشىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق مىقداردا ئوكسىدلىنىشقا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى

دورىلارنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر سۇيۇقلۇق ئىشقارغا مايىل بولسا 0.1 ~ 0.5 پىرسەنتتىكىچە ناترىي سۇلفۇرىك ۋە ناترىي تىئوسۇلفىد قوشۇش؛ ئەگەر سۇيۇقلۇق كىسلاتاغا مايىل بولسا يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش مىقداردا ناترىي پىرو سۇلفىد ياكى ناترىي ھىدرو سولفۇرۇزۇم قوشۇش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

**3. ئوكۇل ياسالمىسى تەييارلايدىغان خىزمەت مۇھىتى:**

1) ئوكۇل ياسالمىسى تەييارلاش مەيدانى:

ئوكۇل ياسالمىسى تەييارلايدىغان ئۆي ئەڭ ياخشىسى ئىچكىرى ۋە تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق بولۇشى، تاشقىرىسى تەييارلىق قىلىدىغان ئۆي (يۇيۇش، ئۆلچەش، قاچىلاش قاتارلىقلارنى ئىشلەيدىغان جاي)، ئىچكىرىسى مىكروبسىز مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان ئۆي (سۇيۇقلۇق تەييارلاش، سۈزۈش، ئامپۇل ۋە شىپىشلەرگە قاچىلاش خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدىغان جاي) قىلىنىشى لازىم. ئىمكانىيەت بولسا ئىچكى ئۆينىڭ ئىچىگە ئەينەك جازىلىق جاراسىمسىز ئىشلەش ئەينەكلىك ئۆيى بەرپا قىلىنسا تېخىمۇ ياخشى. ئۆيلەرنىڭ ئاستى سېمونت ياكى سۇرمەللەشتۇرۇلگەن تاشلىق سېمونت بىلەن تەكشى سۇۋالغان بولۇپ، داۋاملىق نەملىكنى ساقلاپ تۇرۇشى، تورپا - چاڭلارنىڭ ئۆي ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرۈشىنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولۇشى لازىم.

ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرى سۇۋالغان، سىرلانغان بولۇپ يۇيۇشقا ئوڭاي بولۇشى كېرەك. بۆلۈم ئىچىدە سېمونتتىن ياسىلىپ تەكشى سىلىق سۇۋالغان خىزمەت شىرەسى (ئادەتتىكى شىرە ئۈستىگە سولياۋ تاختاي سېلىپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ) بولۇشى لازىم. ئۆينىڭ ئىچىگە جاراسىمسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن بىنەپشە نۇر چىرىغى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ھەر 10 كۋادرات مېتىر يەرگە 2 دانە 30 ۋاتلىق بىنەپشە نۇر چىرىغى بېكىتىش (بىنەپشە نۇر چىرىغىنى ئادەتتە 3000 ~ 4000 سائەت ئىشلەتكىلى بولىدۇ). چىراغ بىلەن يەر يۈزىنىڭ ئارىلىقى ئادەتتە 2.5 مېتىر ئەتراپىدا بولسا ياخشى بولىدۇ، خىزمەتتىن ئىلگىرى يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە يورۇتۇپ قويۇپ ئۆي ئىچىنى جاراسىمسىزلاندۇرۇش لازىم. ئەگەر بىنەپشە نۇر چىرىغى ئورۇنلاشتۇرۇلمىسا، خىمىيەۋى دورىلارنى پۈركۈپ جاراسىمسىزلاندۇرۇش كېرەك. ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان جاراسىمسىزلاندۇرۇش دورىلىرى: 0.5%–2.0% فېنول ئېرىتمىسى، 2 ~ 3 پىرسەنتلىك لىزول ياكى 1:2000 نىسبەتتىكى بىروموگېرامىن ئېرىتمىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. ھەر قېتىم ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم، خىزمەتتىن كېيىن بىر قېتىم دورا پۈركۈپ، يۇيۇپ پاكىز سۈرتۈلىدۇ.

ھەر ھەپتە ياكى ھەر ئايدا بىر قېتىم، فورمالىن بىلەن مەرگەنسوپ ياكى سۈت كىسلاتاسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم پارلاندۇرۇپ، ئاندىن ئومۇميۈزلۈك يۇيۇپ، سۈرتۈپ، قاراڭغۇ بۇلۇڭ ۋە يوچۇقلاردىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىش لازىم.

پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى: ھەر 100 كۇب مېتىر يەرگە فورمالىندىن 200 مىللىلىتىر،

مەرگەنسوپتىن 100 گىرام؛ ئىلمان سۇدىن 200 مىللىلىتىر ئېلىپ، ئاۋۋال فورمالىننى ئىلمان سۇغا سېلىپ، ئارقىدىن مەرگەنسوپنى ئاستا ـ ئاستا سالغاندا مىكروب ئۆلتۈرگۈچى پار پەيدا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ دورىلىرى ئەرزان، ئۈنۈمى ياخشى، جاراسىمسىزلاندۇرۇش ئۇزۇل ـ كېسىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ لېكىن بۇلارنىڭ رېئاكسىيەسى تېز بولۇپ، ئاسانلا مانگان دىئوكسىدىنىڭ ئۇششاق قارا چېكىتلىرىنى ھاسىل قىلىۋالىدۇ. بۇلارنى دەرھال سۈرتۈپ تازىلىۋەتمىگەندە بۇ قارا چېكىتلەر دورا ياسالمىسى ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. فورمالىن ياكى سۈت كىسلاتاسىنىڭ ئۆزىنىمۇ بىۋاستە قىزىتىپ پارلاندۇرسىمۇ بولىدۇ. مىقدارى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، فورمالىن ياكى سۈت كىسلاتاسىنى پار چىقارغۇچى ئىستاكانغا سېلىپ ياكى سىرلىق قاچىغا سېلىپ ئاستىدىن ئىسسىقلىق بېرىپ قىزىتىپ ئىشلىسىمۇ بولىدۇ.

2) خىزمەتچى خادىملارنىڭ تازىلىقى:

(1) خىزمەتچى خادىملارنىڭ تېنى ساغلام بولۇشى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى بولماسلىقى لازىم.

(2) خىزمەتچى خادىملار داۋاملىق يۇيۇنۇپ تۇرۇشى، بېشىنى يۇيۇشى، چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ تۇرۇشى، تىرناقلارنى داۋاملىق ئېلىپ تۇرۇشى، شەخسىي تازىلىققا دىققەت قىلىشى لازىم.

(3) خىزمەتچى خادىملار ئاۋۋال تەييارلىق بۆلۈمىدە مىكروبسىزلاندۇرۇلغان خىزمەت كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، ماسكا تاقاپ، ئاق دوپپا كىيىپ (چاچ دوپپا ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ)، رېزىنكە ياكى سولياۋ ئاياغ كىيىپ، ئاندىن خىزمەت ئۆيىگە كىرىپ مەشغۇلات ئىشلىشى لازىم.

(4) خىزمەتتىن ئىلگىرى سوپۇن بىلەن قولىنى يۇيۇپ يۇقىرىدىكى نىسبەتتە تەييارلانغان بىرومى گېرامىن ئېرىتمىسى ياكى 75 پىرسەنتلىك ئىسپىرتقا قولىنى چىلاپ دېزىنفېكسىيە قىلىشى لازىم.

3) قاچا ـ قۇچىلار، سۈزۈش (فىلتىرلاش) ئەسۋابلىرى ۋە باشقا سايمانلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى.

(1) قاچىلارنى تازىلاش:

① ئەينەك شىشىنى تازىلاش: ئاۋۋال ئادەتتىكى سۇ بىلەن شىشىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى يۇيۇپ، سۈيىنى ساقىتىپ، ئاندىن كالىي دىخرومات + سۇلفات كىسلاتا سۇيۇقلۇقى بىلەن شىشىنىڭ ئىچكى تاملىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ ئىشلىتىشكە تەييارلاپ قويۇلىدۇ. ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى ئادەتتىكى سۇ بىلەن پاكىز چايقاپ، ئاندىن سۈزۈلگەن (فىلتىرلانغان) ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇدا پاكىز يۇيۇپ، سۈيىنى ساقىتىپ دورا قاچىلىنىدۇ.

② ئامپۇلنى تازىلاش: قۇملۇق پىچاق بىلەن ئامپۇلنىڭ بوينىنى يۇمىلاق كېسىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى تولدۇرۇپ قويۇپ (زۆرۈر تېپىلسا 0.1 ـ

0.5 پىرسەنتلىك ھىدرو خىلور كىسلاتا ياكى 0.5 پىرسەنتلىك سىركە كىسلاتاسىنى تولدۇرۇپ قويۇلسا بولىدۇ)، 30 مىنۇت قايناتقاندىن كېيىن ئاندىن سۈزۈلگەن ئۇكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم چايقاپ ياكى قۇرۇتۇپ دورا قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

(2) سۈزۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىش:

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۈزگۈچ سايمانلار: بۇكنېر سۈزگۈچى، تىك ئەينەك سۈزگۈچ ۋە باشقا داتلاشمايدىغان مېتال ياكى ئەينەكتىن، سولىياۋلاردىن ياسالغان ھەر خىل كۆپ ئۆششاق تۆشۈكلىك سۈزگۈچلەردىن ئىبارەت.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۈزۈش ماتېرىياللىرى مايسىزلاندۇرۇلغان پاختا، سۈزگۈچ قەغەز (فىلتىر قەغەز)، يىپەك رەخت، فىلتىر قەغەز بوتقىسى، تاشپاختا تاختىسى، مىكرو تۆشۈكلۈك سۈزگۈچ پەردە ۋە باشقىلار.

تۆۋەندىكى ئامۇتسىمان ئەينەك سۈزگۈچ (3 ~ 4 ـ نومۇرلۇقلىرى) نى تازىلاش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئاۋۋال ئۇلارنى ئادەتتىكى سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇپ، سۈيىنى ساقىتىپ، ناترىي نىترات ـ سۇلفات كىسلاتا ئېرىتمىسىگە چىلاپ قويۇلىدۇ ياكى تەبىئىي تامچىلىتىپ ئىشلىتىشكە تەييارلىنىدۇ. ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى ئاۋۋال ئادەتتىكى سۇ بىلەن پاكىز چايقاپ، ئاندىن ئوكۇلغا قاقلاپ قۇرۇتۇپ ئاندىن ئىشلىتىلىدۇ.

(3) باشقا سايمانلارنى بىر تەرەپ قىلىش.

① ئەينەك سايمانلارنى تازىلاش: بۇنى يۇيۇش ئۇسۇلى ئەينەك شىشىلەرنى يۇيۇش بىلەن ئوخشايدۇ.

② چىنە بۇيۇملارنى تازىلاش: ئاۋۋال يۇمشاق چوتكا ياكى رەختنى ناترىي كاربونات تالقىنى ياكى پاراشوك سوپۇنغا تەگكۈزۈپ، قاچىنىڭ ئىچى ـ تېشىنى سۈرتۈپ يۇيۇپ ئاندىن ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن قايتا ـ قايتا چايقاپ تازىلىنىدۇ.

③ سولىياۋ نەيچىنى تازىلاش: ئادەتتىكى سۇ بىلەن يۇيۇپ، سۈيىنى ساقىتىپ ئىچىگە تۆۋەن قويۇقلۇقتىكى كالىي دىخرومات سولفات كىسلاتا سۇيۇقلۇقىنى تولدۇرۇپ 20 مىنۇت چىلاپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ئېلىپ ئادەتتىكى سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇپ، ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن چايقىلىدۇ.

④رېزىنكە ئېغىز ۋە رېزىنكە شلەنكىنى يۇيۇش: ئاۋۋال ئىسسىق سۇغا چىلاپ يۇيۇپ، 3 پىرسەنتلىك ناترىي كاربونات سۇيۇقلۇقىغا سېلىپ 30 مىنۇت قاينىتىلىدۇ. ئاندىن ئادەتتىكى سۇ بىلەن پاكىزلانغىچە ئۈزۈلمەي يۇيۇپ، 1 پىرسەنتلىك تۇز كىسلاتاسىغا 30 مىنۇت چىلاپ قويۇپ، ئاندىن ئادەتتىكى سۇ بىلەن تاكى كىسلاتالىقى تۈگىگىچە يۇيۇپ، ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇغا 30 مىنۇت چىلاپ قويۇلىدۇ. رېزىنكە ئېغىزنى ئىشلىتىلىدىغان چاغدا يەنە بىر قېتىم فىلتىرلانغان ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن چايقىلىدۇ.

نېپىز دىلون قەغەز (شىشە ئاغزىغا قويۇلغان قەغەز) نى تازىلاش: ئۇنىڭ قېتىنى

ئاجرىتىپ 95 پىرسەنتلىك ئىسپىرتقا چىلاپ قويۇلىدۇ. ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى، ئىسپىرتتىن سۈزۈۋېلىپ، ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن چايقاپ ۋە شۇ سۇغا چىلاپ ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 مىنۇتتىن قاينىتىلىدۇ. ئاندىن فىلتىرلانغان ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن سۈزۈك بولغۇچە چايقاپ يۇيۇلىدۇ. ئىشلىتىدىغان ۋاقىتدا يەنە بىر قېتىم فىلتىرلانغان ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن يۇيۇپ ئاندىن ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر دىلون نېپىز قەغەز بولمىسا ئەينەك قەغەز ئىشلەتسە بولىدۇ.

دىلۇن قەغەز ۋە ئەينەك قەغەزلەرنى ئاغزى يېپىق قاچىدا ساقلاش لازىم.

كالىي دىخرومات ـ سۇلفات كىسلاتا سۇيۇقلۇقىنى تەييارلاش ئۇسۇلى:

كالىي دىخرومات (Kalii Dichromat) 50 ~ 100 گىرامغىچە.

ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ (Aqua pro Injectione) 25 ~ 50 مىللىلىتىر.

قويۇق سۇلفات كىسلاتا (Acidi Sulfuric Fortic) 1000 مىللىلىتىرغا يەتكۈچە قوشۇلىدۇ.

تەييارلاش ئۇسۇلى: ئاۋۋال كالىي دىخروماتنى قۇرۇق ھاۋانچىدا يۇمشاق ئېزىپ، ئاندىن مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇلغان ئەينەك قاچىغا سېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئېرىتىلىدۇ (زۇرۇر كەلگەندە قىزىتىپ ئېرىتىلىدۇ)، سوۋۇغاندىن كېيىن ئۈستىگە قويۇق سۇلفات كىسلاتاسىنى، ئاستا ـ ئاستا قوشۇپ (سۇنى سۇلفات كىسلاتاسى ئۈستىگە قويۇشقا بولمايدۇ، قايناپ كېتىشى مۇمكىن)، توختىماي ئارىلاشتۇرۇپ، ھارارىتى يۇقىرىلاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن قاچىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ قويۇش مۇمكىن (تەخمىنەن 600 مىللىلىتىرغىچە قوشۇلغاندا كالىي دىخرومات ئېرىپ، رەڭگى توق قىزىل رەڭدىن قارا رەڭگە كىرىدۇ)، ئارقىدىن يەنە سۇلفات كىسلاتاسىنى ئومۇمىي مىقدارغا يەتكىچە قويۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

ناترىي نىترات ـ سۇلفات كىسلاتا ئېرىتمىسىنى تەييارلاش:

ناترىي نىترات ـ (NatriumNitricum) 20 گىرام.

ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ (Aqua Pro Injectione) 20 مىللىلىتىر.

قويۇق سۇلفات كىسلاتاسى (Acidi Sulfuric Fortis) 1000 مىللىلىتىرغا يەتكىچە قوشۇلىدۇ.

تەييارلىنىشى: ناترىي نىتراتقا سۇ قۇيۇپ ئېرىتىپ، ئاندىن سۇلفات كىسلاتاسىنى ئاستا ـ ئاستا قوشۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ (قاچىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ تۇرۇش لازىم)، ئاخىرىدا سۇلفات كىسلاتاسىنى ئومۇمىي مىقدارغا يەتكىچە قوشۇپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

سۇيۇقلۇقلارنى تەييارلاش:

سۇيۇقلۇق تەييارلاش جەريانىدا قاتتىق تەلەپ بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، ئېھتىمالغا يېقىن بولغان بۇلغىنىشلارنى توسۇپ تەييارلاش ۋاقتىنى ئىمكانقەدەر قىسقارتىپ، ئۆلچەملىك سۇيۇقلۇقلارنى تەييارلاش لازىم.

4. سۈزۈش (فىلتىرلاش) تېخنىكىسى:

سۈزۈش (فىلتىرلاش) ئوكۇل ياسالمىسى تەييارلاش جەريانىدا قوللىنىشقا تېگىشلىك بىر خىل مۇھىم تېخنىكىۋى مەشغۇلاتتۇر. گىياھ دورىلاردىن ئوكۇل ياسالمىسى تەييارلاشتا بىر خىل سۇيۇقلۇقنى بىرقانچە قېتىم سۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. سۈزۈش ئادەتتە دەسلەپكى سۈزۈش ۋە ئاخىرقى پاكىز سۈزۈش ئۇسۇللىرىغا بۆلۈنىدۇ.

1) دەسلەپكى تەخمىنەن سۈزۈش: بۇنىڭدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردىن ئىبارەت.

(1) تىندۇرۇپ سۈزۈش: قاينىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق جەۋھىرى ئېلىنغان دورا سۇيۇقلۇقلىرىغا ئىسپىرت قوشۇپ تىنچ ھالەتتە بىر مەزگىل توختىتىپ قويۇلسا چۆكمە ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى سۈزۈك قىسمى سۈزۈپ ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدا داكا ياكى پاختا قاتارلىق سۈزۈش ماتېرىياللىرى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

(2) سۈزۈش قەغىزى (فىلتىر قەغىزى) بىلەن سۈزۈش: بۇنىڭدا ئادەتتىكى ئارىلاشمىلارنى سۈزۈپ قالغىلى بولىدۇ.

(3) تاشپاختا بىلەن سۈزۈش: تاشپاختىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە يېپىشتۇرۇۋېلىش خۇسۇسىيىتى بار. گىياھ دورىلار ئىچىدىكى يېلىمسىمان ماددىلارنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن سۈزۈپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. بەلكى باكتېرىيەلەرنىمۇ سۈزۈپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. لېكىن ئۈنۈمى تۆۋەن، سۈزۈش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت ئۇزۇن بولىدۇ.

(4) سۈزۈشكە ياردەملەشكۈچى دورا سېلىپ سۈزۈش: مەلۇم دورىلارنى سۈزۈش قىيىن بولغاندا ياكى سۈزۈلۈش سۈرئىتى ئاستىراق بولۇپ قالغاندا سۈزۈشكە ياردەملەشكۈچى دورىلارنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۈزۈشكە ياردەملەشكۈچى دورىلار: ئاكتىپ كۆمۈر، تالكوم، فىلتىر قەغەز بوتقىسى قاتارلىقلار.

① فىلتىر قەغەز بوتقىسىنى ياردەملەشتۇرۇپ سۈزۈش: فىلتىر قەغەز بوتقىسى گىياھ دورىلىرى ئىچىدىكى خىمىيەۋى تەركىبلەر بىلەن رېئاكسىيەگە كىرىشمەيدۇ. ئەمما بەزى پىگمېنت ماددىسى، رېزىن، شىلىمشىق ماددىلارنى ۋە دورا سۇيۇقلۇقى ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن بەزى يېلىمسىمان دانچىلارنى يېپىشتۇرۇۋالىدۇ. بولۇپمۇ قويۇقراق سۇيۇقلۇقلارنى سۈزۈشتە 0.5 ~ 0.7 پىرسەنتلىك قىلىپ تەييارلانغان فىلتىر قەغەز بوتقىسى ئىشلىتىلىدۇ. بۇخىنىر سۈزگۈچى ئىچىگە بىر ۋاراق فىلتىر قەغەزنى سېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قاينىتىپ تەييارلانغان فىلتىر قەغەز بوتقىسىنى تەكشى يېيىپ ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئۆتكۈزۈپ يۇيۇپ، ئۆتكۈزۈلگەن سۇنىڭ pH قىممىتى، ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ pH قىممىتى بىلەن ئوخشاش بولغاندا ئاندىن دورا سۇيۇقلۇقىنى سۈزۈشكە بولىدۇ.

فىلتىر قەغىزى بوتقىسىنى تەييارلاش ئۇسۇلى: فىلتىر قەغەزنى ۋارونكىلارغا ئۆلچەپ كېسىۋېلىپ، ئەتراپىدىن چىقىپ كەتكەن فىلتىر قەغەز پارچىلىرىنى ئېلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئۇششاق كېسىپ، بىر پىرسەنتلىك ناترىي ھىدروكسىدى ئېرىتمىسىگە 2 ~ 3 كۈنگىچە چىلاپ قويۇپ، ئاندىن 2 ~ 3 سائەت قاينىتىپ، ئادەتتىكى سۇ بىلەن



www.uyghurkitap.com

نېيتراللاشقىچە چايقاپ، يەنە بىر پىرسەنتلىك ھىدروخىلورىد كىسلاتادا ئىككى سائەت قايىنىتىپ، يەنە ئادەتتىكى سۇ بىلەن ۋە ئارقىدىن ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن چايقاپ، چايقالغان سۇنىڭ pH قىممىتى ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولغاندا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

② ئاكتىپ كۆمۈرنى ياردەملەشتۈرۈپ سۈزۈش: ئاكتىپ كۆمۈرنى ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇغا سېلىپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. ئاندىن بۇخنېر سۈزگۈچى ئىچىگە فىلتىر قەغەز سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكشى ئارىلاشقان ئاكتىپ كۆمۈر سۇيۇقلۇقىنى تۆكۈپ، بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ سۈزۈپ، بىر قەۋەت نېپىز، تەكشى ئارىلاشقان كۆمۈر قەۋىتى شەكىللەنگەندىن كېيىن، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى 2 ~ 3 قېتىم ئۆتكۈزۈپ، سۈزۈلگەن سۇ ئۆلچەملىك ھالغا كەلگەندىن كېيىن دورا سۇيۇقلۇقىنى سۈزۈشكە باشلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن دورا سۇيۇقلۇقى ئىچىدىكى سۈتسىمان پارقىراق ياغلار، رەڭ ماددىلىرىنى سۈزۈپ قالغىلى بولىدۇ.

③ تالكۇمنى ياردەملەشتۈرۈپ سۈزۈش: بۇخنېر ۋارونكىسىغا فىلتىر قەغەز سېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى تالكۇم تالقىنىنى ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇدا قايىنىتىپ، ئۇنى ۋارونكىغا قۇيۇپ، ۋارونكا ئارقىلىق سۈزۈلىدۇ. ۋارونكا ئىچىدە تالكۇم بوتقىسىنى قويغاندىن كېيىن، نېپىز بىر قەۋەت پەردە پەيدا بولغاندا ئۈستىگە يەنە فىلتىر قەغەز سېلىپ، ئاندىن ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئۆتكۈزۈپ يۇيۇپ، سۇ سۈزۈلگەندە دورىلارنى سۈزۈشكە بولىدۇ.

بۇ ئۇسۇل يېلىمسىمان دورىلار تۇتقان سۇيۇقلۇقلار ۋە سۈتسىمان پارقىراق ياغلىق سۇيۇقلۇقلارنى سۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

تالكۇمنى چەككىلەپ پاكىز قىلغاندىن كېيىن ئىشلىتىش لازىم.

2) ئاخىرقى قېتىم پاكىز سۈزۈش ئۇسۇلى: يۇقىرىقىدەك دەسلەپكى قەدەمدە سۈزۈلگەن دورا سۇيۇقلۇقىنى 3 ـ ياكى 4 ـ نومۇرلۇق توسمىلىق ئامۇتسىمان ئەينەك ۋارونكا بىلەن سۈزۈپ قاچىلىنىدۇ.

**5. قاچىلاش ۋە ئاغزىنى ئېتىش ئۇسۇلى:**

دورىلار تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن جاراسىمسىز مەشغۇلات ئاستىدا قاچىلىنىدۇ. دورىلارنى قاچىلاش ۋاقتىدا مەشغۇلات توغرا ۋە تېز بولۇش ئارقىلىق بۇلغىنىشنى ئازايتىش لازىم.

ئامپۇلغا قاچىلاشتا دورا سۇيۇقلۇقىنى ئامپۇلنىڭ بوينىغا يۇقتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. بولمىسا ئامپۇل ئاغزىنى بېكىتىش ئۈچۈن ئېرىتىلگەن چاغدا كۆيۈك پەيدا بولۇۋالىدۇ.

ئاغزىنى پۇختا ئېتىش لازىم. ئەينەك شېشىنىڭ ئاغزى ئالىيۇمىن ئېغىز، داكا، كوللودىيۇم قالپاق قاتارلىق ماتېرىياللار بىلەن قاپلىنىشى كېرەك. ئامپۇلنىڭ ئاغزى ئوت

يالقۇنى بىلەن ئېرىتىپ ئېتىلىدۇ.

جاراسىمسىزلاندۇرۇش ئۇسۇلى:

ئاغزىنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال جاراسىمسىزلاندۇرۇش لازىم. جاراسىمسىزلاندۇرۇشتا دورىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئىسسىقلىق بېرىش بىلەن جاراسىمسىزلاندۇرۇش ياكى قاينىتىپ جاراسىمسىزلاندۇرۇش ئۇسۇللىرى تاللاپ قوللىنىلىدۇ.

## بەشىنچى بۆلۈم گىياھ دورا ـ ئوكۇل ياسالمىلىرىنى تەييارلاش ۋە ساقلاش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە سەۋەبلىرى ئۈستىدە تەھلىل

ئوكۇل ياسالمىلىرىنىڭ تەييارلاش جەريانىدا داۋاملىق بەزى مەسىلىلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: پىششىقلانغان دورىلارنىڭ تۇراقلىق دەرىجىسى، سۈزۈكلۈك دەرىجىسى، ئاغرىتىش مەسىلىسى، مىقدارى ۋە داۋالاشتىكى ئۈنۈمى، سۈپەت ئۆلچىمى قاتارلىقلار، بۇ خىل مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئانالىز قىلىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى ھازىر بار بولغان تەجرىبىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

**1. پىششىقلانغان دورىلارنىڭ تۇراقلىقلىقى ۋە سۈزۈكلۈك دەرىجىسى مەسىلىسى:**

ئادەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى جاراسىمسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ ياكى ساقلاش جەريانىدا دۇغلىنىپ چۆكمە ھاسىل بولىدۇ. بەزى چاغلاردا تەييارلاۋاتقىچە دۇغلىنىپ قالىدۇ. گەرچە قايتا ـ قايتا سۈزۈلگەن ياكى ئېرىشكە ياردەم بەرگۈچى دورىلار قوشۇلغان بولسىمۇ، سۈزۈكلۈك دەرىجىسى دېگەندەك بولمايدۇ. بۇلارنىڭ سەۋەبلىرى ھەر تەرەپلىمە بولۇپ، قىسقىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1) pH قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىشى: ئوكۇل ياسالمىسى جاراسىمسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن ساقلاش جەريانىدا pH قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ بولسا، ئېھتىمال بۇ ئەسلى دورا ماتېرىيالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ياكى جەۋھەر ئېلىش، ئاجرىتىش جەريانىدا ئېرىتكۈچى ۋە سايمانلاردىن كەلگەن ئېغىر مېتال ئىيونلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل مېتال ئىيونلىرى ئېرىتمە ئىچىدە كاتالىزاتورلۇق (تېزلىتىش) تەسىرىنى بېرىپ گىلىكوزىدلار سۇدا پارچىلىنىپ گىلىكوزىدلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىشى مۇمكىن. يەنە ئەسلىدە ئېرىپ بولغان بەزى شىپالىق تەركىبلەر قايتىدىن دۇغلىنىپ چۆكمە ھاسىل قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئامپۇلنىڭ سۈپىتى ئۆلچەملىك بولمىغانلىقتىن، كۆپىنچە جاراسىمسىزلاندۇرۇلغاندا ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنىڭ pH قىممىتى يەنە ئۆزگىرىدۇ.

2) ئارىلاشما ماددىلار پاكىز چىقىرىۋېتىلمىگەنلىكى ئۇچۇن چۆكمە بولۇۋالىدۇ.

گىياھ دورا ئوكۇل ياسالمىلىرى ئىچىدىكى بەزى يۇقىرى مولېكۇللىق بىرىكمىلەر، مەسىلەن: ساپوگېنىن، كىسلاتالىق رېزىن، تاننىن قاتارلىقلار پاكىز چىقىپ كەتمەيدۇ.



www.uyghurkitap.com

شۇڭا ساقلاش جەريانىدا چۆكمە بولۇۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا فېنول، پوراقلىق ئورگانىك كىسلاتالار ھەمدە كۆپ ئاساسلىق فېنول بىرىكمىلىرى ئاسانلا يىغىلىۋېلىپ ئېرىمەيدىغان ماددا ھاسىل قىلىپ سىقىپ چىقىرىلىدۇ.

3) ئىشلىتىلگەن قوشۇمچە دورىلارنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى:

بەزى ئوكول سۇيۇقلۇقىنىڭ تۇراقلىقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا تۆۋەن ـ 80 قوشۇلىدۇ. بۇنىڭ ئېرىشنى ئاشۇرۇش كۈچى خېلى ياخشى. لېكىن بەزى ئوكول ياسالمىسى ئىچىدە يۇقىرى مولېكۇلىلىق بىرىكمىلەر بولغانلىقتىن تۆۋەن ـ 80 قوشۇلسىمۇ يەنىلا دۇغلىشىپ قالىدۇ. بەزىدە پىروفىلېن گىلىكول ئېرىتمىسى ئىشلىتىلگەندە شىپالىق تەركىبلەرنىڭ ئېرىش دەرىجىسىنى ئاشۇرسىمۇ، ئەمما باشقا تەركىبلەرنى چۆكتۈرۈپ قويىدۇ.

4) ئاكتىپ كۆمۈرنىڭ سۈمۈرۈۋېلىش (يېپىشتۇرۇۋېلىش) پاكىز بولمىغانلىقى:

ئەگەر ئاكتىپ كۆمۈر سۈمۈرگۈچى قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولسا دورىنىڭ pH قىممىتىنى 6.8 ئەتراپىدا تەڭشەش لازىم. بولمىسا ئاكتىپ كۆمۈر ئۆزىنىڭ سۈمۈرۈش كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئاندىن دورا سۇيۇقلۇقى سۈزۈك بولمايدۇ.

**2. ئاغرىتىش مەسىلىسى:**

گىياھ دورىلاردىن ياسالغان ئوكول ياسالمىسىنى مۇسكۇلغا ئوكول قىلغاندا بەزىدە ئاغرىق پەيدا قىلىپ، يەرلىك ئورۇن قىزىرىپ، ئىششىپ، قاتتىق مونەك بولۇۋالىدۇ. ئادەتتە بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان:

1) دورا ماتېرىيالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاغرىتىش خۇسۇسىيىتى بار بولۇش؛

2) تاننىن، ئاقسىل، رېزىن ياكى ساپوگېنىن ماددىلىرى مەۋجۇت بولغاچقا ئاغرىتىدۇ. چۈنكى تاننىن ماددىسى ئىنسانلار بەدىنىدىكى ئاقسىللار بىلەن بىرىكىپ تاننالبىن ماددىسىنى ھاسىل قىلىپ، ئاسانلىقچە سۈمۈرۈلمەي يەرلىك ئورۇندا مونەك پەيدا قىلىپ قىزىرىپ، ئاغرىتىدۇ.

3) ئوكول سۇيۇقلۇقىنىڭ ئوسموس بېسىمى (سىرغىپ ئۆتۈش بېسىمى) مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن غىدىقلاش پەيدا قىلىپ ئاغرىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4) ئوكول ياسالمىسىنىڭ pH قىممىتى مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن بولىدۇ. pH قىممىتى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇپ قالسا ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ.

5) ئوكول سۇيۇقلۇقى ئىچىدىكى (ئاھاك ـ سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن چۆكتۈرۈلگەندە كىرگەن) كالتسىي ئىيونى مەلۇم مىقداردىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ.

6) ئوكول سۇيۇقلۇقى ئىچىدە ئىسپىرتنىڭ ساقلىنىشى (ئادەتتە ئىسپىرت بىلەن تىندۇرۇپ، ئارىلاشما ماددىلارنى ئايرىغاندىن كېيىن، ئىسپىرتنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىش پاكىز بولماي بىر قىسىم ئىسپىرت ئوكول سۇيۇقلۇقىدا قېپقالغاندا) بۇ ئىسپىرت يەرلىك ئورۇننى ئاغرىتىدۇ.

3. پىششىقلانغان دورىلارنىڭ رەڭگى مەسىلىسى:

بەزىدە، گەرچە بىر خىل ئوكۇل ياسالمىسى بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىم تەييارلانغان ياسالمىلارنىڭ رەڭگى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولماي قالىدۇ. بۇ ئەسلىي دورا ماتېرىيالىنىڭ بىر ـ بىرىگە تولۇق ئوخشىمىغانلىقىدىن يۈز بېرىدۇ. ئەگەر ماتېرىيال ئوخشاش بولغاندىمۇ، ئوكۇل ياسالمىسى تەييارلاش جەريانىدىكى ئايرىۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق بىر قاتار مەشغۇلاتلار ناھايىتى مۇرەككەپ بولغاچقا، بىر قېتىمقىسى بىلەن يەنە بىر قېتىمقىسى ئوتتۇرىسىدىمۇ ئازراق پەرق بولىدۇ ياكى كۆپ قېتىم يۇيۇش، سۈزۈش جەريانىدىمۇ رەڭ يوقىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەڭگى ئوخشاش بولماسلىقتەك پەرق پەيدا بولىدۇ. pH قىممىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ ئوكۇل ياسالمىسىنىڭ رەڭگىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

گىياھ دورىلار ئوكۇل ياسالمىسى ئىچىدە يېقىندىن بېرى مەۋجۇت بولغان يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئوخشاشمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى تاللاپ ئىشلىتىپ، ئىمكانقەدەر ئارىلاشما ماددىلارنى پاكىز چىقىرىۋېتىپ، مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى قوشۇش بىلەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

4. مىقدارى ۋە داۋالاش ئۈنۈمى مەسىلىسى:

يېقىندىن بۇيان خېلى كۆپ گىياھ دورا ئوكۇل ياسالمىلىرى تەييارلىنىپ ئىشلىتىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ خېلى كۆپلىرى شىپالىق تەركىبلىرى ئېنىق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ياسالغان بولۇپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن چىقىرىۋېتىلگەن ماددىلار كۆپرەك، شۇڭا شىپالىق تەركىبلەرنىڭ تولۇق ئارىيېپ ئېلىنغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، پەقەت ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش مەسىلىسىلا ئاساس قىلىنغان. شۇڭا بەزى گىياھ دورا ئوكۇل ياسالمىلىرىنىڭ شىپالىق ئۈنۈمى دېگەندەك روشەن ئەمەس، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل ئامىللار بار:

1) ئوكۇل ياسالمىسىنى تەييارلاش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقى: بۇ، داۋالاش ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق مەسىلە. چۈنكى ئېرىتكۈچىلەر مۇۋاپىق تاللانمىسا، تەييارلاش جەريانىدا قايتا ـ قايتا بىر تەرەپ قىلىنمىسا شىپالىق تەركىبلەرنى تولۇق ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ. بەزىدە ئارىلاشما ماددىلارنى چىقىرىۋېتىش جەريانىدا شىپالىق تەركىبلەرمۇ بىللە چىقىپ كېتىپ قالىدۇ. ئاندىن شىپالىق تەركىبلەرنىڭ تۇتقان مىقدارى تۇراقلىق بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن داۋالاشقا تەسىر يېتىدۇ.

2) ئىشلىتىش مىقدارى ئاز بولۇپ قالسا داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

3) گىياھ دورىلار ئىچىدە شىپالىق تەركىبلەرنىڭ تۇتقان مىقدارى شۇ خىل دورىنىڭ چىقىش ئورنى، يىغىش ئەھۋالى، يىغىلغان پەسلى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ياسالمىلىرى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا گىياھ دورىلارنىڭ ئەسلىي ماتېرىيالىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئوخشاش بولمىسا، بۇنىڭ تۇتقان شىپالىق تەركىبلىرى ۋە مىقدارى پۈتۈنلەي

ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن دورىلارنىڭ داۋالاشتىكى ئۈنۈمى ئوخشاش بولالمايدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم.

## ئالتىنچى بۆلۈم گىياھ دورىلار ئوكۇل ياسالمىسىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى ۋە تەكشۈرۈش

ھازىرچە گىياھ دورىلار ئوكۇل ياسالمىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ تېخى بىرلىككە كەلگەن سۈپەت ئۆلچىمى يوق. ئادەتتە گىياھ دورىلار ئوكۇل ياسالمىسى «جۇڭگو فارماكوپىيەسى» 1977 ـ يىلى باسمىسىدىكى ئوكۇل ياسالمىلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشتىن باشقا، يەنە يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيەتلەرگە، جەۋھىرىنى ئايرىپ ئېلىشتىكى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار ۋە داۋالاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئارىلاشما ماددىلارنى تەكشۈرۈش ۋە دورىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاپ، دورا ئىشلىتىش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر بار بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىل تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1. pH قىممىتى 4 ـ 9 ئارىلىقىدا بولۇشى لازىم:

pH قىممىتىنى ئۆلچەشتە لاكمۇس قەغىزى ۋە pH مېتىر (ھىدروگېن ئىيونلىرى كۆرسەتكۈچ سانىنى ئۆلچىگۈچ) ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا سۇيۇقلۇقلارنىڭ pH قىممىتى لاكمۇس قەغىزى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

ئۆلچەش ئۇسۇلى: ئۆلچىمەكچى بولغان سۇيۇقلۇقلاردىن ئاز مىقداردا ئېلىپ لاكمۇس قەغىزىگە تەگكۈزۈلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدا ھاسىل بولغان رەڭ كىسلاتالىق بىلەن شۇلتىلىقنى بەلگىلەيدىغان رەڭگە سېلىشتۇرۇلىدۇ. كىسلاتا ۋە شۇلتا كۆرسەتكۈچلىرى 1 ـ 12 غىچە نومۇر بىلەن بەلگىلىنىدۇ. يەتتىدىن تۆۋەن نومۇردىكىلىرى كىسلاتاغا مايىل، يەتتىدىن يۇقىرى نومۇردىكىلىرى شۇلتىغا مايىل بولىدۇ. كىسلاتالىق نومۇرى قانچە كىچىكلىسە قىزىل رەڭ پەيدا قىلىدۇ ۋە كىسلاتالىق دەرىجىسى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇلتىلىق نومۇرلىرى چوڭايسا توق قارا رەڭ پەيدا قىلىدۇ. بۇ، شۇلتىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**2. تاننىن ماددىسىنى تەكشۈرۈش كېرەك:**

تەكشۈرۈش ئۇسۇلى:

بىر مىللىلىتىر دورا سۇيۇقلۇقىغا 1% گېلاتىنلىق ناترىي خلورىد تەجرىبە سۇيۇقلۇقىدىن 1 ~ 2 تامچە قوشقاندا دۇغ ياكى چۆكمە ھاسىل قىلمىسا ياكى بىر پىرسەنتلىك يېڭى تەييارلانغان تۇخۇم ئېقىلىق فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۇ ئارىلاشمىسىدىن بەش مىللىلىتىرنى بىر مىللىلىتىر دورا سۇيۇقلۇقىغا تېمىتىپ 10 مىنۇت تىنچ ھالەتتە قويۇلسا دۇغ ياكى چۆكمە ھاسىل قىلمىسا بۇ خىل دورا

سۈيۇقلۇقىدا تاننىن ماددىسى يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. دورا سۈيۇقلۇقىدا ئەگەر تۆپىنىن 80 ياكى ئىسپىرت (ئېتىل ئىسپىرتى، پروفىلىن گىلىكول) بولغان بولسا، ئاسانلا خاتالىق كۆرۈلىدۇ. ئالدىنقىسىدا گەرچە تاننىن بولسىمۇ چۆكمە بولمايدۇ. كېيىنكىسىدە گەرچە تاننىن بولمىسىمۇ چۆكمە پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا تەجرىبىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

**3. ئاقسىل ماددىسىنى تەكشۈرۈش كېرەك:**

تەكشۈرۈش ئۇسۇلى:

بىر مىللىلىتىر دورا سۈيۇقلۇقىغا يېڭى تەييارلانغان 30 پىرسەنتلىك سۇلفو سالىتسىلىك كىسلاتالىق تەجرىبە دورىسىدىن بىر مىللىلىتىر قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلسا دۇغ پەيدا بولماسلىقى لازىم.

ئۆئۆملۈك تەركىبى كىسلاتاغا يولۇقسا ئاسانلا چۆكمە پەيدا قىلىمۋالىدىغان دورىلار، مەسىلەن: بىر قىسىم فلاۋون گىلىكوزىدى، ئالنتراكۋىنون گىلىكوزىدى، ئورگانىك كىسلاتا تۇزلىرى قاتارلىقلارغا بۇ خىل تەجرىبە دورىلىرىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇلارغا تاننىك كىسلاتا تەجرىبە دورىسىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. تاننىك كىسلاتا تەجرىبە دورىسىدىن 1 ـ 3 تامچە تېمىتقاندا چۆكمە ھاسىل قىلماسلىقى لازىم. لېكىن تاننىك كىسلاتا تەجرىبە دورىسىنى تەركىبىدە ئالكولوئىدلارنى تۇتقان دورا سۈيۇقلۇقىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**4. ئېغىر مېتال ماددىلىرىنى تەكشۈرۈش كېرەك:**

تەكشۈرۈش ئۇسۇلى:

بۇنىڭدا ئېغىر مېتال ماددىلىرىغا تەجرىبە ئارقىلىق ھىدروگېن سۇلفىدى ياكى ناتريي سۇلفىدىنى تەسىر قىلدۇرۇپ رەڭلىك مېتال ئارىلاشمىلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىلىدۇ.

بىرىنچى خىل ئۇسۇلى:

50 مىللىلىتىرلىق نېسلېر رەڭ سېلىشتۇرۇش نەيچىسىدىن ئىككى دانە ئېلىنىدۇ. A نەيچىگە ئۆلچەملىك قوغۇشۇن ئېرىتمىسىدىن مەلۇم مىقدار ۋە سۇيۇق سىركە كىسلاتاسىدىن ئىككى مىللىلىتىر قۇيۇلىدۇ. ئاندىن سۇ ياكى شۇ دورىغا بەلگىلەنگەن ئېرىتكۈچلەردىن 25 مىللىلىتىرغا يەتكىچە قوشۇلىدۇ. B نەيچىگە تەكشۈرۈلىدىغان دورا سۈيۇقلۇقىدىن 25 مىللىلىتىر قۇيۇلىدۇ. بۇ ئىككى نەيچىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھىدروگېن سۇلفىدى تەجرىبە دورىسىدىن 10 مىللىلىتىر قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە قاراڭغۇدا 10 مىنۇت تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن ئاق قەغەز ئۈستىدە قويۇپ ئاغزىدىن رېنتگېندە كۆرۈلىدۇ. B نەيچىدىكى كۆرۈلگەن رەڭ A نەيچىگە سېلىشتۇرۇلىدۇ. بۇ خىل رەڭ ھەددىدىن ئارتۇق توق بولماسلىقى كېرەك.

ئەگەر B نەيچىدىكى دورىدا رەڭ كۆرۈلسە A نەيچىگە ئاز مىقداردا كارامېل

ئېرىتمىسى ياكى باشقا كاشىلا قىلمايدىغان رەڭلىك ئېرىتمىلەرنى قوشۇپ A نەيچىدىكى ئېرىتمىنىڭ رەڭگىنى B نەيچىدىكى ئېرىتمىنىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشاش تەڭشەپ، ئاندىن ھەرقايسى نەيچىلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم ھىدروگېن سۇلفىد تەجرىبە ئېرىتمىسىدىن 10 مىللىلىتىر قوشۇپ يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە سېلىشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر A نەيچىگە سۇيۇق كارامېل ئېرىتمىسىنى قوشسىمۇ رەڭگى يەنىلا بىر خىل بولمىسا يەنە تەكشۈرۈلىدىغان دورا سۇيۇقلۇقى ۋە تەجرىبە دورا سۇيۇقلۇقىدىن ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا 30 مىللىلىتىر سۇ قوشۇپ سۇيۇقلاندۇرۇلىدۇ ۋە بۇ ئېرىتمە 2 ـ دەرىجىلىكa ، b ئېرىتمىسى بولىدۇ.

Bنەيچىگە 25 مىللىلىتىر سۇ قوشۇپ سۇيۇقلاندۇرۇلىدۇ. A نەيچىگە ھىدروگېن سۇلفىد تەجرىبە ئېرىتمىسى قوشۇپ، ئارقىدىن قىزىتىپ ھىدروگېن سۇلفىدنى پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىپ، سۈزۈپ، ئاندىن A نەيچىگە ئۆلچەملىك قوغۇشۇن ئېرىتمىسىدىن مەلۇم مىقدار قوشۇپ، ئۈستىگە 25 مىللىلىتىر سۇ قۇيۇلىدۇ. ھەرقايسى نەيچىلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم ھىدروگېن سۇلفىد تەجرىبە ئېرىتمىسىدىن 10 مىللىلىتىر قوشۇپ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە سېلىشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر تەكشۈرۈلىدىغان دورا تەركىبىدە فېررىك كىسلاتا تۇزى (يۇقىرى ۋالېنتلىق تۆمۈر تۇزى) بولۇپ، ئېغىر مېتال ماددىلىرىنى تەكشۈرۈشكە توسالغۇلۇق قىلسا تەكشۈرۈلىدىغان دورا سۇيۇقلۇقىغا ئانتى ئاسكوربىك كىسلاتا (Vitamin c) دىن 0.5 ـ 1.0 گىرامغىچە قوشۇۋېتىپ، ئاندىن يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە تەكشۈرۈلىدۇ. ھەممىدە سېلىشتۇرما سۇيۇقلۇققىمۇ ئانتى ئاسكوربىك كىسلاتاسى قوشۇلىدۇ.

ئىككىنچى خىل ئۇسۇلى:

تەكشۈرۈلىدىغان دورىدىن مەلۇم مىقدارغا ناترىي ھىدروكسىدى تەجرىبە ئېرىتمىسىدىن بەش مىللىلىتىر ۋە سۇدىن 20 مىللىلىتىر قوشۇلىدۇ. بۇ ئېرىتمىدىن كېيىن ئۇنى نېسلېر رەڭ سېلىشتۇرۇش نەيچىسىگە قۇيۇپ، ئۈستىگە ناترىي سۇلفىد تەجرىبە دورىسىدىن بەش تامچە تېمىتىپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن مەلۇم مىقداردىكى ئۆلچەملىك قوغۇشۇن ئېرىتمىسى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىنكى رەڭ بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا دورىنىڭ رېڭى توق بولماسلىقى كېرەك.

قوغۇشۇن زاپاس ئېرىتمىسىنى تەييارلاش ئۇسۇلى:

زىل تورۇزا بىلەن 105℃+ دا قۇرۇتۇپ ئېغىرلىقى تۇراقلاشقان قوغۇشۇن نىتراتتىن 0.1598 گىرام ئۆلچەپ ئېلىپ، 1000 مىللىلىتىرلىق ئۆلچەملىك ئىستاكانغا سېلىپ، ئۈستىگە نىترات كىسلاتاسىدىن بەش مىللىلىتىر ۋە سۇدىن 50 مىللىلىتىر قوشۇلىدۇ. ئېرىگەندىن كېيىن ئىشكالا[①] غا يەتكىچە سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ (ھەر مىللىلىتىردا 0.1 مىللىگىرام قوغۇشۇن بولىدۇ).

① ئىشكالا ـ تەجرىبە نەيچىسى ياكى ئەينەك كەمچەن ئۈستىدىكى ئۆلچەم سىزىق.

www.uyghurkitap.com

ئۆلچەملىك قوغۇشۇن ئېرىتمىسىنى تەييارلاش ئۇسۇلى:

قوغۇشۇن زاپاس ئېرىتمىسىدىن 10 مىللىلىتىر ئۆلچەپ ئېلىپ، 100 مىللىلىتىرلىق ئۆلچەملىك ئىستاكانغا سېلىپ، ئۈستىگە ئىشكالىغا يەتكىچە سۇ قۇيۇپ سۇيۇقلاندۇرۇلىدۇ ۋە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ (ھەربىر مىللىلىتىرى 10 مىكروگىرامغا تەڭ قوغۇشۇن بولىدۇ).

ئۆلچەملىك قوغۇشۇن ئېرىتمىسىنى يېڭى - يېڭى تەييارلاپ ئىشلىتىش كېرەك. تەييارلاشتا ۋە ساقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان شىشە ۋە قاچىلاردا قوغۇشۇن بولماسلىقى كېرەك.

**5. كالىي ئىيونىنى تەكشۈرۈش كېرەك:**

تەييارلانغان ئوكۇل ياسالمىسى ئىچىدە كالىي ئىيونى يۇقىرى بولسا يەرلىك ئورۇننى روشەن ھالدا غىدىقلايدۇ (يەرلىك ئورۇننى ئاغرىتىدۇ، يۈرەكنى زەھەرلەيدۇ ۋە يۈرەك مۇسكۇللىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ). شۇڭا ئۆزىدە كۆپ مىقداردا كالىي تۇزى ۋە باشقا ئانورگانىك تۇزلارنى تۇتقان بەزى گىياھ دورىلاردىكى ئانورگانىك تۇزلارنى چىقىرىۋېتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. مۇسكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان ئوكۇل ياسالمىلىرىدىكى كالىي ئىيونىنىڭ مىقدارىنى ھەر ml دە 22mg پىرسەنتتىن تۆۋەن دەرىجىدە تىزگىنلەش، ۋېناغا ئىشلىتىلىدىغان ئوكۇل ياسالمىلىرىدىكى كالىي ئىيونىنىڭ مىقدارىنى ھەر ml دە 60mg پىرسەنتتىن تۆۋەن دەرىجىدە تىزگىنلەش كېرەك (بىر قېتىم ئوكۇل قىلىنىدىغان ئۆسۈملۈك دورا ئوكۇل ياسالمىسىغا سۇ ئارىلاشتۇرۇپ سۇيۇقلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى كالىي ئىيونى ئادەم قېنى تەركىبىدىكى كالىينىڭ قويۇقلۇقىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم).

تەكشۈرۈش ئۇسۇلى:

بۇنىڭدا سودىيۇم تېترافېنىلبورات (Sodium tetraphenylborate) ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

(1) دورا سۇيۇقلۇقىنى بىر تەرەپ قىلىش: دورا سۇيۇقلۇقىدىن ئىككى مىللىلىتىر ئېلىپ، قىزىتىپ سۇيىنى ھورلاندۇرۇپ دۇغىنى كۆيدۈرۈپ، كۆمۈرگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭغا ئالتە پىرسەنتلىك سىركە كىسلاتاسى قۇيۇپ، ئېرىگەندىن كېيىن 25 مىللىلىتىر سۇ قۇيۇپ سۇيۇقلاندۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئايرىم - ئايرىم بىر مىللىلىتىر، ئىككى مىللىلىتىر سۇيۇقلۇق ئېلىپ ئون مىللىلىتىرلىق نېسلېررەڭ سېلىشتۇرۇش نەيچىسىگە قۇيۇپ، ھەرقايسىسىغا ئىشقارلىق فورمالىنىدىن 12 تامچە، 3 پىرسەنتلىك ناترىي ئېدىتاس تەجرىبە سۇيۇقلۇقىدىن ئىككى تامچە، ئۈچ پىرسەنتلىك سودىيۇم تېتا فېنىلبوراتتىن 0.5 مىللىلىتىر قوشۇپ، ئۈستىگە ئون مىللىلىتىرغا يەتكىچە سۇ قۇيۇلىدۇ.

(2) ئۆلچەملىك كالىي ئىيونى ئېرىتمىسى: ئۆلچەملىك كالىي ئىيونى ئېرىتمىسى (100r/ml) دىن ئايرىم - ئايرىم 0.2، 0.4، 0.6، 0.8 مىللىلىتىر ئېلىپ، ئۇلارنى ئون مىللىلىتىرلىق رەڭ سېلىشتۇرۇش نەيچىلىرىگە قۇيۇپ، ھەرقايسىسىغا ئوخشاش مىقداردا تەجرىبە سۇيۇقلۇقىدىن قۇيۇلىدۇ. ھەمدە 100 مىللىلىتىرغا يەتكىچە سۇ قوشۇلىدۇ. ئاندىن كۆز بىلەن دۇغىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارىلىدۇ ياكى ئېلېكتىر نۇرى بىلەن رەڭ سېلىشتۇرۇش ئەسۋابى ئارقىلىق تەكشۈرۈلىدۇ.

نەتىجىسى: ئەۋرىشكە نەيچىسىدىكى ئەۋرىشكىنىڭ ئۆلچەملىك نەيچىدىكى دۇغلۇق دەرىجىسى بىلەن تەڭ كېلىدىغان قويۇقلۇقى (كونسېنتراتسىيەسى) نى تېپىپ چىقىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەۋرىشكە تەركىبىدىكى كالىي ئىيونىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى ھېسابلاپ چىقىرىلىدۇ.

**6. چۆپ كىسلاتاسى (ئوكسالىك كىسلاتا) تۇزلىرىنى تەكشۈرۈش كېرەك:**

تەكشۈرۈش ئۇسۇلى:

دورا سۇيۇقلۇقىدىن ئىككى مىللىلىتىر ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ پىرسەنتلىك كالتسىي خلورىدى تەجرىبە ئېرىتمىسىدىن بىرقانچە تامچە تېمىتىلسا، ئۇنىڭدا سۇيۇق سىركە كىسلاتاسىدا ئېرىيدىغان چۆكمە پەيدا بولماسلىقى كېرەك.

**7. بىخەتەرلىك تەجرىبىسى ئىشلىنىشى كېرەك:**

بۇ، زەھەرلىك تەسىرىنى تەكشۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

تەكشۈرۈش ئۇسۇلى:

1. تېز تەسىر قىلغۇچى زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنى تەجرىبە قىلىش.

دورىلارنىڭ زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنى سىناشتىكى ئاساسىي ۋەزىپە: ھايۋانلارغا سىناق قىلىش ئارقىلىق زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى ئاز بولغان دورىلارنى تاللاپ چىقىپ كىلىنىكىدا دورا ئىشلىتىشتىكى بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئۇسۇلدا كىچىك ئاق چاشقان تەجرىبە قىلىش ھايۋانى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. قۇيرۇق ۋېنا تومۇرىدىن گىياھ دورا ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى مەلۇم مىقداردا كىرگۈزۈپ، ئاق چاشقاننىڭ مەزكۇر دورىنى قوبۇل قىلالايدىغان ئەڭ چوڭ مىقدارىنى تېپىپ، ئۇنى كىلىنىكىدىكى ئىنسانلارغا ئىشلىتىلىدىغان مىقدار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ھايۋاننىڭ قوبۇل قىلالايدىغان ئەڭ چوڭ مىقدارى ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان مىقدارى قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنى دورىلارنىڭ زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ كۆپ - ئازلىقىنى ئۆلچەيدىغان كۆرسەتكۈچ قىلىنىدۇ.

ئېغىرلىقى 18 ~ 22 گىرام كېلىدىغان ساغلام ئاق چاشقانىنىڭ ئەركەك، چىشىلىرىدىن باراۋەر ساندا ئېلىنىدۇ. چىشى چاشقان ئېغىر بوي بولماسلىقى كېرەك. ھەربىر خىل گىياھ دورا ياسالمىلىرى ئۈچۈن 5 ~ 10 غۇنچە چاشقان ئېلىپ، قۇيرۇق

ۋېنا تومۇرىغا (ياكى قورساق بوشلۇقىغا) 0.5 مىللىلىتىر ئوكۇل قىلىنىدۇ (قورساق بوشلۇقىغا 1 مىللىلىتىرغىچە ئاشۇرۇلىدۇ). ئوكۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتىكى تەسىرلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ خاتىرىلىنىدۇ. ئەگەر چاشقان بىرنەچچە مىنۇتتا ئۆلمىسە، ئوخشاش مىقداردا ئىككىنچىسىگە ئوكۇل قىلىنىدۇ، ئارقىدىن بەشىنچىسىگىچە شۇ مىقداردا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇلاردىن بىرەرسى ئوكۇل قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلسە، دورىنىڭ مىقدارىنى كېمەيتىپ يەنە قايتىدىن تەجرىبە قىلسا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ 5 چاشقاننىڭ ئۆلمەيدىغان ئەڭ چوڭ مىقدارىنى تېپىپ، 24 ~ 48 سائەتكىچە كۆزىتىپ چاشقاننىڭ ئۆلمىگەن ۋاقىتتىكى ئەڭ چوڭ قوبۇل قىلىش مىقدارى بىلەن كىشىلەرنىڭ كلىنىكىدا ئىشلىتىلىدىغان مىقدارىنىڭ نىسبەت قىممىتىنى چىقىرىپ، چاشقاننىڭ قوبۇل قىلالايدىغان ئەڭ چوڭ مىقدارى ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان مىقدار سانى ھېسابلاپ چىقىرىلىدۇ.

مىقدار نىسبەت قىممىتى = (چاشقان ئېغىرلىقى (گىرام) / چاشقاننىڭ ئەڭ چوڭ قوبۇل قىلالايدىغان مىقدارى) ÷ (كىشىلەر ئېغىرلىقى (كىلوگىرام) / كىشىلەرگە ئىشلىتىدىغان مىقدارى)

يۇقىرىدا چوڭ كىشىلەرنىڭ ئېغىرلىقى ئادەتتە 50 كىلوگىرام بويىچە ھېسابلىنىدۇ. كىچىك چاشقان ئېغىرلىقى 20 گىرام ھېسابلىنىدۇ.

گىياھ دورا ئوكۇل ياسالمىلىرىنىڭ مىقدار نىسبەت قىممىتى كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان مىقدارىنىڭ قانچىلىكگە باراۋەر بولغاندا ئاندىن كلىنىكىدا تەجرىبە ئۈچۈن ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ھازىرغىچە تېخى بىرلىككە كەلگەن بەلگىلىمە يوق. ھەرقايسى جايلارنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا بەدەن ئېغىرلىقى بويىچە ھېسابلاپ، قۇيرۇق ۋېنا تومۇرىغا ئوكۇل قىلىنىدىغان مىقدارى كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان مىقدارىنىڭ 60 ھەسسىسىگە باراۋەر بولسا، قورساق بوشلۇقىغا قىلىنىدىغان ئوكۇل مىقدارى كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان مىقدارىنىڭ 100 ھەسسىسىگە باراۋەر بولسا، كلىنىكىدا ئىشلىتىشكە مەلۇم دەرىجىدە بىخەتەر بولۇپ، بۇنى ۋاقىتىنچە بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچ قىلىپ پايدىلىنىش مۇمكىن.

ئادەتتە ۋېنا تومۇرغا قىلىنىدىغان ئوكۇل سۇيۇقلۇقى 100 ھەسسىدىن يۇقىرى، مۇسكۇلغا قىلىنىدىغان ئوكۇل سۇيۇقلۇقى 60 ~ 80 ھەسسىدىن يۇقىرى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

قوشۇمچە: غاجىلىغۇچى ھايۋانلارغا قىلىنغان تېز تەسىرلىك زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنى تەكشۈرۈش تەجرىبە ئەھۋالى ۋە كېسەللىك ئالامەتلىرى.

| ئەزا، سىستېما | كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈش مەزمۇنلىرى | ئادەتتىكى زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ ئىپادىلىرى |
|---|---|---|
| مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى ۋە بەدەن ھەرىكىتى ئېرۋىسى | (1) قىلىقلىرى؛<br>(2) ھەرىكىتى؛<br>(3) ئوخشىمىغان تەسىرلەرگە بولغان ئىنكاس؛<br>(4) مېڭە ۋە يۇلۇننىڭ ئىنكاسى؛<br>(5) مۇسكۇللارنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسى | بەدەن ھالىتى ئۆزگىرىدۇ، نورمالسىز ئاۋاز چىقىرىدۇ، بىئارام بولىدۇ، بەدەنلىرى تارتىشىدۇ.<br>تىترەيدۇ، ھەرىكەت يوقىلىدۇ، جىددىيلىشىدۇ، پالەچ بولۇپ قالىدۇ، تارتىشىپ قالىدۇ، مەجبۇرىي ھەرىكەت قىلىدۇ. مەجبۇرىي ھەرىكەت قىلىدۇ.<br>ھاياجانلىنىدۇ. قاشاڭ بولىدۇ، سېزىمچانلىقى، سەزگۈرلىكىنى يوقىتىدۇ.<br>مۇسكۇللار قاتىدۇ، كۈچسىز بولۇپ قالىدۇ. |
| ۋېگېتاتىپ نېرۋا سىستېمىسى<br>نەپەس سىستېمىسى<br>يۈرەك قان تومۇر | (6) كۆز قارىچۇقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى<br>(7) ئاجرىتىپ چىقىرىشى<br>(8) يۇرۇن تۆشۈكى<br>(9) نەپەسلىنىش سۈرئىتى ۋە ئالاھىدىلىكى<br>(10) يۈرەك رايونى تۇتۇپ تەكشۈرۈلىدۇ. | كىچىكلەيدۇ ياكى كېڭىيىدۇ، شۆلگەي ئاقىدۇ، ياش ئاقىدۇ. ھەر خىل ئاجراتمىلارنى چىقىرىدۇ.<br>نەپەس ئېلىش ئاستىلىشىدۇ، نەپەس قىيىنلىشىدۇ.<br>Cheynestokes<br>چېيىن ستوكىس، Kusmaul نەپەسى يۈز بېرىدۇ.<br>تىترەيدۇ، يۈرەك ئاستا سوقىدۇ، يۈرەك رىتىمى تەرتىپسىز بولىدۇ. يۈرەك رىتىمى كۈچىيىدۇ ياكى ئاجىزلايدۇ. |
| ھەزىم قىلىش سىستېمىسى | (11) ئەڭ ئاخىرقى بەلگىسى<br>(12) قورساق قىسمى<br>(13) چوڭ ـ كىچىك تەرەت | ئىچ سۈرىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ.<br>قورساق يەلگە توشىدۇ. قىسقىرىدۇ<br>چوڭ تەرىتى يېپىشمايدۇ. رەڭگى قارا ياكى توپا رەڭ بولىدۇ |
| سۈيدۈك يولى كۆپىيىش سىستېمىسى | (14) جىنسىي يولى، سۈت بېزى<br>(15) ئەرلىك كۆپىيىش ئەزاسى<br>(16) جىنسىي يول | كۆپىيىدۇ<br>ساڭگىلايدۇ<br>مەينەتلىشىپ كېتىدۇ |
| تېرە ۋە يۇڭى | (17) رەڭگى، تېرىنىڭ چىڭلىقى، پۇتۇنلىكى | يۇمشاقلىنىدۇ، پۇرلاش بولىدۇ. تېرىسىگە ئەسۋە (تاشما) چىقىدۇ. يۇڭلىرى تىك تۇرىدۇ. |
| شىللىق پەردە | (18) كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى، ئېغىز بوشلۇقى | ئاجراتمىلار كۆپىيىدۇ، قان قويۇلىدۇ. قاناشچان كۆكىرىش پەيدا بولىدۇ، سېرىقلىق چۈشىدۇ. |
| كۆز | (19) قاپقى<br>(20) كۆز ئالمىسى<br>(21) سۈزۈكلۈك دەرىجىسى | ساڭگىلايدۇ<br>پۇلتىيىپ چىقىدۇ، تىترەيدۇ<br>دۇغىسمان بولىدۇ |
| باشقىلار | (22) سوڭ (ئانۇس) ياكى تىرناقلىرى تېرە تېمپېراتۇرىسى<br>(23) ئوكۇل قىلىنغان جاي<br>(24) ئومۇمىي ئەھۋالى<br>(25) بەدەن ئېغىرلىقى | نورمالسىز بولىدۇ<br>يۇقىرىلايدۇ<br>ئىششىيدۇ.<br>نورمالسىز كۆرۈنىدۇ، ئورۇقلايدۇ، كېمىيىدۇ |

2. سۈس ئۆتكۈر ۋە ئاستا تەسىر قىلىدىغان زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنى سىناش.

بەزى دورىلارنى قىسقا مۇددەت ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن ئەكىس تەسىرى كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن ئۇزاق مۇددەت داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا تەدرىجىي توپلىنىپ (كۇمۇلاتسىيەلىنىپ) زەھەرلەپ قويۇشى ھەمدە بەدەندىكى رەئىس ئەزالارغا زەرەر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. شۇڭا بەزى سوزۇلما كېسەللىكلەرگە ياكى ئۇزاق مۇددەت داۋاملىق ئىستېمال قىلىش ھاجەت بولغان دورىلارنىڭ تېز تەسىر قىلغۇچى زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنى سىناپلا قالماي، يەنە سۈس ئۆتكۈر ۋە ئاستا تەسىر قىلىدىغان زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنىمۇ سىناش كېرەك.

سۈس ئۆتكۈر تەسىر قىلغۇچى زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنى سىناشتا دورا بېرىش ۋاقتى ئادەتتە 1 ~ 2 ھەپتىگىچە، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئۈچ ئايغىچە بولىدۇ. ئەمما ئاستا تەسىر قىلغۇچى زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنى سىناش ۋاقتى 3 ~ 6 ئاي بولىدۇ. بەزىلىرى 1 ~ 2 يىلغىچە سوزۇلىدۇ.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانلار كىچىك ئاق چاشقان، توشقان، مۈشۈك، ئىت، مايمۇن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

سىناش ئۇسۇلى: ساغلام تەجرىبە ھايۋانلىرىنى ئېلىپ، دورا بېرىشتىن ئىلگىرى تەجرىبە قىلىش مەقسىتىگە ئاساسەن ئۆلارنى ھەر خىل جەھەتتىن تەكشۈرۈلىدۇ. ئادەتتە كىچىك ئاق چاشقاننىڭ ئېغىرلىقى بويىچە ھېسابلاپ دورا بېرىلىدۇ ياكى كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان مىقدارنىڭ 10 ~ 40 ھەسسىسىگە باراۋەر مىقداردا قورساق بوشلۇقىغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ھەمدە بەلگىلەنگەن ۋاقىتقىچە كۆزىتىلىدۇ. ھەر 3 ~ 7 كۈندىن كېيىن تۆۋەندىكى تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ:

(1) بەدەن ئېغىرلىقى، ھەرىكەتلىنىش ئەھۋالى، سىرتقى تەسىرگە قارىتا ئىنكاسى، ئوزۇقلىنىشى، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنىڭ نورمال بولۇش ـ بولماسلىقى، يۈرەك رىتىمى، تەپەسلىنىشى، قان بېسىمىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار.

(2) قان رايى: قان رەڭ ماددىسى (ھېمو خروم)، قىزىل، ئاق قان ھۈجەيرىسى ۋە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى قاتارلىقلار. بەزى قانغا روشەن تەسىر قىلىدىغان دورىلارغا نىسبەتەن يەنە قانغا مۇناسىۋەتلىك باشقا خىمىيەۋى تەكشۈرۈشلەرنى قىلىش لازىم.

(3) جىگەر خىزمىتى: جىگەر ئورگانىزمىنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇش ئەزاسى بولۇپ، نۇرغۇن دورىلارنىڭ زەھىرى جىگەردە زەھەرسىزلەندۈرۈلىدۇ. شۇڭا دورىلارنىڭ جىگەر خىزمىتىگە يامان تەسىرى بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشمۇ ناھايىتى زۆرۈر.

(4) بۆرەك خىزمىتى: كۆپ دورىلار بۆرەك ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا دورىلارنىڭ بۆرەك خىزمىتىگە زىيان سالغان ـ سالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە زىياننىڭ دەرىجىسىنى ئۆلچەش كېرەك. بۇ، قاندىن چىقىپ كەتكەن ئاقسىللىق ئازوتنىڭ مىقدارىنى، شۇنداقلا سۈيدۈكنى قائىدىلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(5) توقۇلما ئېلىپ تەكشۈرۈش: ئوخشىمىغان مەزگىللەردە ھايۋانلار ئۆلگەن بولسا، توقۇلمىلاردىن پارچە ئېلىپ كۆزىتىپ، دورىلارنىڭ ھەرقايسى ئەزالارغا يەتكۈزگەن زىيانلىرىنى ۋە زىيان دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىگىلەش كېرەك.

**8. گىياھ دورا ئوكۇللىرىنىڭ كىچىك چاشقاننى زەھەرلەش دەرىجىسىنى سىناش ئۇسۇلى**

بۇ ئۇسۇل مەلۇم مىقداردىكى گىياھ دورا ئوكۇل سۇيۇقلۇقى (مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدىغان)نى كىچىك چاشقانغا ئوكۇل قىلىپ، چاشقان بەدىنىدىكى تەسىرىنى مەلۇم ۋاقىت كۆزىتىپ، ئاندىن زەھەرلەش دەرىجىسىنىڭ بەلگىلەنگەن چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلدۇر.

(1) تەجرىبىدە ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانلار: ساغلام، يارىلانمىغان كىچىك ئاق چاشقان بەش دانە، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 18 ~ 22 گىرام، ئەركەك، چىشىسى بولۇۋېرىدۇ. ئەمما ئېغىر بوي بولماسلىقى كېرەك.

(2) تەكشۈرۈلىدىغان دورىلارنى سۇيۇقلاندۇرۇش: ئىككى ئامپۇل ئوكۇل ئېلىپ، ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن چوڭ كىشىلەرگە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدىغان مىقدارى ئېلىنىدۇ (كىلىنىكىدا چوڭلارنىڭ بىر قېتىملىق مىقدارى 2 مىللىلىتىر بولسا 2 مىللىلىتىر ئېلىنىدۇ، بىر قېتىملىق مىقدارى 4 مىللىلىتىر بولسا 4 مىللىلىتىر ئېلىنىدۇ). ئاندىن ئۇنىڭغا فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۇيىدىن 10 مىللىلىتىرغا يەتكۈزۈپ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

(3) تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى: يۇقىرىدىكى چاشقانلارنى ئېلىپ ھەرقايسىسىنىڭ قورساق بوشلۇقىغا سۇيۇقلاندۇرۇلغان دورىدىن 0.4 مىللىلىتىردىن ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن، دورىنىڭ تەسىرى كۆزىتىلىدۇ. 72 سائەتكىچە ھەممىسى ھايات تۇرۇشى لازىم. ئەگەر بۇلاردىن بىرسى ئۆلۈپ قالسا يەنە باشقىدىن 18 ~ 22 گىرام ئېغىرلىقتىكى چاشقاندىن 10 نى ئېلىپ يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە قايتا ئىشلىگەندە 72 سائەت ئىچىدە ھايات تۇرۇشى كېرەك.

(4) نەتىجىگە ھۆكۈم قىلىش: ئايرىم بەلگىلىمىلەردىن باشقا، ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان گىياھ دورا مۇسكۇل ئوكۇللىرى بۇ خىل تەجرىبىدىن ئۆتەلىسە مەزكۇر دورىنىڭ زەھەرلىك دەرىجىسى سىنىقى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولىدۇ.

**9. قىزىتما مەنبەسىنى تەكشۈرۈش كېرەك:**

بۇ خىل ئۇسۇل مەلۇم مىقداردىكى دورىنى توشقاننىڭ ۋېنا تومۇرىغا كىرگۈزۈپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا توشقان تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلەش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، دورىدا ساقلانغان قىزىتما مەنبەسىنىڭ بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان ئۇسۇلدۇر.

بۇ تەجرىبىدە ئۆي توشقىنى ئىشلىتىلىدۇ. تەجرىبە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان توشقانلارنىڭ تېنى ساغلام، يارىلانمىغان، ئېغىرلىقى 1.7 ~ 3.0 كىلوگىرام كېلىدىغان، ئېغىر بوي ئەمەس چىشى توشقانلار بولۇشى كېرەك. تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشتىن يەتتە كۈن بۇرۇن بۇلار بىر خىل ئوزۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە ئېغىرلىقى يېنىكلەپ قالماسلىقى، روھىي ھالىتى، ئىشتىھاسى، تەرەت

چىقىرىشى قاتارلىقلاردا غەيرىيلىك بولماسلىقى كېرەك، ھەمدە تەجرىبە قىلىشتىن يەتتە كۈن بۇرۇن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تۇرۇپ تاللىنىدۇ. تەجرىبىگە تاللاش شەرتى دورىلارنى تەكشۈرۈش ۋاقتىدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن دورا ئوكۇل قىلىنماي تەكشۈرۈلىدۇ. ھەر سائەتتە بىر قېتىم تېمپېراتۇرا ئۆلچەپ تۇرۇلىدۇ. جەمئىي تۆت قېتىم ئۆلچىنىدۇ. تۆت قېتىملىق تېمپېراتۇرا 38.3℃ - +39.6℃ ئەتراپىدا بولۇپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى بىلەن ئەڭ تۆۋىنىنىڭ پەرقى +0.4℃ دىن ئاشمىغان توشقان تەجرىبىگە ئىشلىتىلىدۇ. قىزىتما مەنبەسىنى تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان توشقانغا دورا ئىشلىتىلگەندىن كېيىن بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى بىلىنسە، بۇنداق توشقاننى ئاز دېگەندە ئىككى كۈن ئارام ئالدۇرۇپ، 2 - قېتىملىق تەكشۈرۈشكە ئىشلەتسە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆرلىگەن تېمپېراتۇرىسى +0.6℃ بولغان توشقاننى كېيىن يەنە ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە توشقاننىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تاللاش نەزەرىيەسى بويىچە قايتىدىن قاراش كېرەك. ئەگەر دورا يەنە بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئېنىقلانسا ئاز دېگەندە ئىككى ھەپتە ئارام ئالدۇرۇلىدۇ. ھەربىر توشقاننى ئىشلىتىلىش قېتىم سانى ئادەتتىكى دورىلارنى تەكشۈرۈشكە ئىشلەتكەندە 10 قېتىمدىن ئاشماسلىقى لازىم. ئىككى قېتىملىق ئىشلىتىش ئارىلىقىدىكى ۋاقىت ئەگەر ئۈچ ھەپتىدىن ئېشىپ كەتسە، تەجرىبىنى باشلاشتىن بۇرۇن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تاللاش نەزەرىيەسىگە ئاساسەن تاللىنىشى لازىم.

تەجرىبىدىن بۇرۇنقى تەييارلىق: قىزىتما مەنبەسىنى تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرىكى 1 - 2 كۈندە تەجرىبىدە ئىشلىتىلىدىغان توشقانلار بىر خىل تېمپېراتۇرىدىكى مۇھىتتا تۇرۇشى كېرەك. تەجرىبىخانا ۋە بېقىلىدىغان ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ بىر خىل بولۇشى مۇمكىن. پۈتۈن تەجرىبە جەريانىدا ئۆي تېمپېراتۇرىسىنىڭ نورمال بولۇشىغا دىققەت قىلىپ، توشقاننىڭ قۇتراپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ھەمدە ئىككى سائەتتىن كۆپرەك تاماق بېرىش توختىتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن مەقئەت تېرمومېتىرى بىلەن مەقئەت ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆلچىنىدۇ. مەقئەت تېرمومېتىرىنى مەقئەتكە كىرگۈزۈشتىكى چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ھەممە توشقاننىڭ ئوخشايدۇ (ئادەتتە تەخمىنەن 6 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ) ياكى باشقا توغرا ئۆلچەش قۇرۇلمىسى ئىشلىتىلىدۇ. ھەر 30 ~ 60 مىنۇتتا بىر قېتىم ئۆلچىنىدۇ. ئادەتتە 2 ~ 3 قېتىم ئۆلچىسە بولىدۇ. توشقاننىڭ ئىككى قېتىملىق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ پەرقى 0.2℃ دىن ئاشماسلىقى كېرەك، ئىككى قېتىملىق تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئوتتۇرىچە سانىنى مەزكۇر توشقاننىڭ نورمال تېمپېراتۇرىسى قىلىشقا بولىدۇ. شۇ كۈنى ئىشلىتىلگەن توشقاننىڭ نورمال تېمپېراتۇرىسى 38.3℃ ~ +39.6 دائىرىسىدە بولۇشى، ھەر بىر توشقان ئارىلىقىدىكى نورمال تېمپېراتۇرا پەرقى 1℃ دىن ئاشمىغان دائىرىدە بولۇشى كېرەك. نورمال تېمپېراتۇرىسى بۇ دائىرىدىن ئېشىپ كەتكەن باشقا توشقانلار شۇ كۈنكى تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلمەيدۇ.

تەجرىبىدىن ئىلگىرى سايمانلارنى بىر تەرەپ قىلىش: ئىشپىرىس يىڭنە ۋە بارلىق دورا بىلەن ئۇچرىشىدىغان سايمانلارنى قاقلاش ساندۇقىدا قويۇپ +250℃ دا 30 مىنۇت



www.uyghurkitap.com

ياكى +180℃ دا ئىككى سائەت قىزدۇرۇپ ياكى باشقا مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ قىزىتما مەنبەسى چىقىرىۋېتىلىدۇ.

تەكشۈرۈش ئۇسۇلى: 3 توشقاننى ئېلىپ، نورمال تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگەندىن كېيىن، 15 مىنۇت ئىچىدە قۇلاق ۋېنا تومۇرىغا بەلگىلەنگەن مىقداردىكى تەخمىنەن +37℃ دىكى ئېلمان دورا سۇيۇقلۇقى كىرگۈزۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەر سائەتتە ئالدىنقى ئۇسۇل بويىچە تېمپېراتۇرىسى بىر قېتىم ئۆلچىنىدۇ. جەمئىي ئۈچ قېتىم ئۆلچىگەندىن كېيىن ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا سانىدىن نورمال تېمپېراتۇرا سانى ئېلىۋېتىلىدۇ. بۇ مەزكۇر توشقاننىڭ تېمپېراتۇرىسىدىكى ئۆرلىگەن سانى بولىدۇ. ئەگەر ئۈچ توشقاندىن پەقەت بىرىنىڭلا تېمپېراتۇرىسى 0.6℃ ياكى +0.6℃ دىن يۇقىرى دەرىجىدە ئۆرلىگەن بولسا ياكى 3 توشقاننىڭ تېمپېراتۇرىسى +0.6℃ دىن تۆۋەن دەرىجىدە ئۆرلىگەن بولۇپ، لېكىن ئۆرلىگەن ئومۇمىي سانى +1.4℃ ياكى +1.4℃ دىن ئارتۇق بولسا، بۇ چاغدا يەنە باشقا 5 توشقان ئېلىپ قايتىدىن تەجرىبە قىلىش لازىم. تەكشۈرۈش ئۇسۇلى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

نەتىجىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش: دەسلەپ تەجرىبە قىلىنغان 3 توشقان ئىچىدە تېمپېراتۇرا +0.6℃ دىن تۆۋەن دەرىجىدە كۆتۈرۈلگەن ھەمدە 3 توشقان تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئومۇمىي سانى +1.4℃ دىن تۆۋەن بولسا ياكى قايتا تەجرىبە قىلىنغان 5 توشقاندىن تېمپېراتۇرىسى +0.6℃ ياكى +0.6℃ دىن يۇقىرى بولغان توشقان بىردىن ئاشمىغان ھەمدە دەسلەپكى ۋە قايتا قىلىنغان تەجرىبىلەر بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن بۇ 8 توشقان تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئومۇمىي سانى +3.5℃ دىن ئاشمىغان بولسا ئۇنداقتا سىنالغان دورا قىزىتما مەنبەسىنى تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن دەپ قارىلىدۇ.

دەسلەپكى تەجرىبىدىكى 3 توشقان ئىچىدە تېمپېراتۇرا +0.6℃ ياكى +0.6℃ دىن يۇقىرى ئۆرلىگەن توشقان سانى بىردىن ئېشىپ كەتكەندە ياكى قايتا قىلىنغان تەجرىبىدىكى 5 توشقاندىن تېمپېراتۇرىسى +0.6℃ ياكى +0.6℃ دىن يۇقىرى دەرىجىدە كۆتۈرۈلگەن سانى بىردىن ئېشىپ كەتكەندە ياكى دەسلەپكى ۋە قايتا قىلىنغان تەجرىبىلەرنى بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن بۇ 8 توشقان تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئومۇمىي سانى +3.5℃ دىن ئېشىپ كەتكەندە بۇ دورا قىزىتما مەنبەسىنى تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارىلىدۇ.

قوشۇمچە: لىمۇلۇس تەجرىبىسى:

يېقىندىن بېرى ئامېرىكا لىمۇلۇس بېلىقى شەكىل ئۆزگەرتكۈچى ھۈجەيرىسىنىڭ ئېرىتمىسى بىلەن سىناق قىلىنىدىغان بولدى. چۈنكى مەزكۇر ئېرىتمە ئاز مىقداردىكى باكتېرىيە ئىچكى زەھىرى (ئېندوتوكسىنى) بىلەن (مىللىلىتىر /بىر مىللىمىكروگىرام) نىسبىتىدە بىرىككەندە 30 ~ 60 مىنۇت ئىچىدە سۈزۈك يېلىم ھاسىل قىلىدۇ. گىرام مەنپىي باكتېرىيە ئىچكى زەھىرىگە نىسبەتەن رېئاكسىيەسى ئەڭ سەزگۈر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېلىمنىڭ قېتىش تېزلىكى بىلەن ئىچكى زەھەر (قىزىتما مەنبەسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ قويۇقلۇقى ئوڭ نىسبەتتە بولىدۇ.

لىمۇلۇس بېلىقى تەجرىبە ئۇسۇلىنىڭ ئۆي توشقىنىدا قىزىتما مەنبەسىنى سىناش ئۇسۇلىغا قارىغاندا سەزگۈرلۈكى 10 ھەسسە يۇقىرى، چەت ئەللەردە مۇشۇ ئۇسۇلدا قىزىتما مەنبەسىنى تەكشۈرىدۇ. لىمۇلۇس بېلىقىنىڭ شەكىل ئۆزگەرتكۈچى ھۆجەيرە ئېرىتمىسىنىڭ تەييار ھالەتتە سېتىلىدىغان تاۋار نامى پىروگېنت دېيىلىدۇ. دۆلىتىمىزدە جۇڭگو لىمۇلۇس بېلىقى ياسالمىلىرىنى ياساپ ئىشلىتىپ كەلدى. ھۆجەيرە ئېرىتمە مەھسۇلى لىمۇلۇس تەجرىبە دورىسى دېيىلىدۇ. بۇ، قىزىتما مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ئېندو توكسىنلىق قان كېسەللىكىنى تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى توشقان ئۇستىدە تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى ۋە باكتېرىيە ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

لىمۇلۇس بېلىقى تەجرىبە ئۇسۇلى بىلەن قىزىتما مەنبەسىنى
تەكشۈرۈش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

| تەجرىبە نەيچىسىگە قوشۇلغان ml سانى | مەشغۇلات تەرتىپى | | | |
|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 |
| شەكىل ئۆزگەرتكۈچى ھۆجەيرە ئېرىتمە | 0.2 | 0.2 | 0.2 | 0.2 |
| مەشغۇلاتى مەنپىي سېلىشتۇرمىسى (فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۇيى) | 0.2 | – | – | – |
| مۇسبەت سېلىشتۇرمىسى (فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۇيىگە ئېندۇ توكسىن قوشۇلىدۇ) | – | 0.2 | – | – |
| يالغان مەنپىي سېلىشتۇرمىسى (دورىغا ئېندۇ توكسىن قوشۇلىدۇ) | – | – | 0.2 | – |
| تەكشۈرۈلگۈچى دورا | – | – | – | 0.2 |

يۇقىرىدىكى ئىشلىتىلىدىغان سايمان، تەجرىبە دورىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن ئالدى بىلەن قىزىتما مەنبەسىنى تازىلاش كېرەك. ئاندىن يېرىم سائەت، بىر سائەتتىن باشلاپ 24 سائەتكىچە +37℃ لۇق سۇغا سۇۋاننا قازىنىدا قويۇپ يېلىم بولۇپ ئۇيۇش رېئاكسىيەسىنى كۆزىتىش لازىم.

بىرىنچى نەيچىدە يېلىم ئۇيىمىسا، بۇ، پۈتۈن تەجرىبە جەريانىدا ئىشلىتىلگەن فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۈيىدە قىزىتما مەنبەسى يوقلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىككىنچى نەيچىدە 30 مىنۇتتا يېلىم ئۇيۇش رېئاكسىيەسى ھاسىل بولسا، ھۆجەيرە ئېرىتمە مەھسۇلىنىڭ ئاكتىپلىقى بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۈچىنچى نەيچىدە 30 مىنۇتتا يېلىم ئۇيۇش رېئاكسىيەسى بولۇشى كېرەك. بۇنداقتا تەكشۈرۈلىدىغان دورا بۇ تەجرىبىگە كاشىلا قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

تۆتىنچى نەيچە تەكشۈرۈلىدىغان دورا سۇيۇقلۇقىنى قوشۇپ ھۆكۈم قىلىدىغان نەيچىدۇر.

لىمۇلۇس تەجرىبە ئۇسۇلىنىڭ سەزگۈرلۈكى يۇقىرى، ئۇسۇلى ئاددىي، مەشغۇلاتى تېز بولۇپ ئېندوتوكسىن، قىزىتما مەنبەسىنى بىۋاستە تەكشۈرۈشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. لېكىن بەزىدە يالغان مەنپىي ۋە يالغان مۇسبەت رېئاكسىيەسىنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن، دىققەت قىلىش كېرەك.

**10. قاننى ئېرىتىۋېتىش سىنىقى ئىشلىنىشى كېرەك:**

بۇ، قىزىل قان ھۈجەيرىلىرىگە تەسىر قىلدۇرۇش تەجرىبىسىدىن ئىبارەت.

بۇ ئۇسۇلدا بىر قېتىم ئىشلىتىلىدىغان ئەڭ چوڭ مىقدارى 20 مىللىلىتىر ۋە 20 مىللىلىتىردىن تۆۋەن بولغان گىياھ دورا ئوكۇللىرى تەكشۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن مەلۇم مىقداردا ئېلىپ 2 پىرسەنتلىك توشقان قېنى بىلەن فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۈيى ئارىلاشمىسى قوشۇپ قان ئېرىتىش ۋە چاپلىشىپ كاللەكلىشىش رېئاكسىيەسى بار ـ يوقلۇقىنى كۆزىتىپ، گىياھ دورا ئوكۇللىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈشتە پايدىلىنىش تۈرلىرىنىڭ بىرسى قىلىنىدۇ.

2 پىرسەنتلىك توشقان قېنى فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۈيى ئارىلاشما سۇيۇقلۇقىنى تەييارلاش: قان ئۇيۇش ۋە قان ئېرىش ھادىسىسى كۆرۈلمىگەن ئۆي توشقىنى قېنىدىن 2 مىللىلىتىرغا 100 مىللىلىتىرغا يەتكىچە فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۈيى قوشۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى سۇيۇقلاندۇرۇش:

(1) سىناق قىلىنىدىغان دورا سۇيۇقلۇقىدىن 0.5 مىللىلىترغا 100 مىللىلىتىرغا يەتكۈزۈپ فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۈيىنى قوشۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ.

(2) ۋېنا تومۇرغا ئوكۇل قىلىنىدىغان گىياھ دورا ئوكۇل سۇيۇقلۇقىدىن 1 مىللىلىتىرغا 10 مىللىلىتىرغا يەتكۈزۈپ فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۈيى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەجرىبە ئۇسۇلى: ئۈچ دانە ئەينەك نەيچە ئېلىپ، ھەربىرىگە يېڭىدىن تەييارلانغان 2 پىرسەنتلىك توشقان قېنى فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۈيى ئارىلاشمىسىدىن 2 مىللىلىتىر قۇيۇلىدۇ. بىرىنچى نەيچىگە سۇيۇقلاندۇرۇلغان سىناق دورىسى (1) دىن 2.0 مىللىلىتىر، ئىككىنچى نەيچىگە سۇيۇقلاندۇرۇلغان سىناق دورىسى (2) دىن 2.0 مىللىلىتىر قۇيۇلىدۇ. ئۈچىنچى نەيچىگە فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۈيىدىن 2.0 مىللىلىتىر قويۇپ، سېلىشتۇرما نەيچە قىلىنىدۇ. ئاندىن چالغۇتۇپ 37℃+ لۇق ئىسسىقلىقتا قۇيۇپ بىر سائەت كۆزىتىلىدۇ. ئەگەر بىرىنچى نەيچىدە قىزىل رەڭلىك سۈزۈك سۇيۇقلۇق ھاسىل بولسا قان ئېرىتىش سىنىقى مۇسبەت چىققان بولۇپ، مەزكۇر ياسالمىنى ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ. بىرىنچى ياكى ئىككىنچى نەيچىلەردە ئەگەر قىزىل قان ھۈجەيرىلىرى چاپلىشىپ كاللەكلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، نەيچىنى چالغۇتۇپ ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، قىزىل قان ھۈجەيرىلىرى يەنىلا تەكشى تارقالمىسا ياكى دورىغا ئوخشاش چۆكمە ھاسىل قىلسا، دېمەك مەزكۇر ئوكۇل ياسالمىسىدا چاپلىشىپ كاللەكلىشىش مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئوكۇل ياسالمىسىنى ۋېنا تومۇرغا ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

سېلىشتۇرما نەيچىدە بولسا قان ئېرىش رېئاكسىيەسى ۋە چاپلىشىپ كاللەكلەشكەن ماددىلار بولماسلىقى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

بەدەن سىرتىدا قان ئېرىتىش تەسىرى بىر ئاز كۈچلۈك ئىكەنلىكى بىلىنگەن، ئەمما كلىنىكىدا ئىشلىتىلگەندە بىخەتەر بولغان زورەمبات ئوكۇلىغا ئوخشاش ۋېنا تومۇرىغا ئوكۇل قىلىنىدىغان جۇڭيى دورا ئوكۇللىرىنى يۇقىرىدىكى كۆرسەتكۈچ بويىچە ماقۇللاش مۇمكىن. لېكىن بەدەن سىرتىدا كۈچلۈك قان ئېرىتىش تەسىرى بىلىنگەن، شۇنىڭدەك كلىنىكىدا ئىشلىتىش جەريانىدا خەتەرلىك ھادىسىلەر كۆرۈلگەن گىياھ دورا ئوكۇللىرى بۇ ئۆلچەمدىن ئۆتەلمەيدۇ.

بۇ ئۇسۇل چوڭلارغا ئىشلىتىلىدىغان بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ مىقدارى 20 مىللىلىتىر ۋە 20 مىللىلىتىردىن تۆۋەن بولغان ئەھۋاللاردا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان مىقدارى كۆرسىتىلگەن دائىرىدىن ئېشىپ كەتكەندە نىسبەت بويىچە سىناق قىلىنىدىغان دورىنىڭ قويۇقلۇقى ئاشۇرۇلىدۇ.

**11. ئوكۇل ياسالمىلىرىدىن ئۈلگىلەر:**

**1) كالىيزىرە ئوكۇلى:**

تەركىبى:

كالىيزىرە 1000 گىرام، ناتىري خلورات سەككىز گىرام، تۆۋېن — 80 10 مىللىلىتىر.

ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ 3000 مىللىلىتىر.

پىششىقلىنىش مىقدارى 1000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى:

1. كۆرسىتىلگەن مىقداردىكى كالىيزىرىنى ئارىراق سوقۇپ، كۆرسەتمىدىكى سۇغا بىر سوتكا چىلاپ، ئاندىن سۇ ھورى بىلەن پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە پارلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال 1000 مىللىلىتىر سۇيۇقلۇق ئېلىپ ئوكۇل سۇيۇقلۇقى قىلىنىدۇ. يەنە داۋاملىق پارلاندۇرۇپ 3000 مىللىلىتىر سۇيۇقلۇق تامچىلىتىپ ئېلىپ كېيىنكى قېتىم كالىيزىرە چىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. 1000 مىللىلىتىر ئوكۇل سۇيۇقلۇقىغا تۆۋېن — 80 ۋە ناتىري خلورات قاتارلىق قوشۇمچىلارنى قوشۇپ، ئېرىتىپ، فىلتىر قەغىزى ئارقىلىق بىر قېتىم سۈزۈپ، ئاندىن ئامۇتسىمان ئەينەك ۋارونكا ئارقىلىق بىر قېتىم سۈزۈپ، شىشە ۋە ئامپۇللارغا قاچىلاپ، 100 گرادۇستا 30 مىنۇت جاراسىمسىزلاندۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

2. كالىيزىرىنى ئارىراق سوقۇپ، 80 پىرسەنتلىك ئىسپىرتنى ئېرىتكۈچى قىلىپ چىلاش ياكى سىرغىتىپ سۈزۈش ئۇسۇلى بويىچە جەۋھىرىنى ئايرىۋېلىپ، ئىسپىرتنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىپ 1000 مىللىلىتىرغا كەلگىچە قويۇلدۇرۇپ، ئاندىن بىر ئېكۋىۋالېنتلىق ناتىري خلورات بىلەن pH قىممىتىنى 8 ئەتراپىدا تەڭشەپ، ئاندىن نېفىت ئېتىرى بىلەن ئۈچ قېتىم ماي تەركىبلىرىنى يوقىتىپ، ئاندىن سۇغا چۆمۈلدۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق نېفىت ئېتىرىنى يوقىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا ناتىري

خىلوراتنى، تۆۋەن ـ 80 نى قوشۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئېرىتىپ، ئومۇمىي مىقدارغا يەتكىدەك ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ قۇيۇلىدۇ. ئاندىن تالكۇم فىلتىر قەغەز بوتقىسى بىلەن سۈزۈك بولغۇچە سۈزۈپ قاچىلاپ 100 گىرادۇستا 30 مىنۇت قاينىتىپ، جاراسىمسىزلاندۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

3. (1) كالىيزىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ قۇيۇپ سۇ پارى بىلەن پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە 500 مىللىلىتىر سۇيۇقلۇق ئېلىنىدۇ.

(2) ئاستىدا قالغان قالدۇقنى 30 مىنۇتتىن ئىككى قېتىم قاينىتىپ، سۈزۈپ، سۈزۈلگەن سۇيۇقلۇقلارنى بىرلەشتۇرۇپ 500 مىللىلىتىرغا كەلگىچە قويۇلدۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا 95 پىرسەنتلىك ئىسپىرت قوشۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ 24 سائەت قويۇپ، سۈزۈپ، سۈزۈلمىدىكى ئىسپىرتنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىپ، ئۈستىگە بىر ھەسسە مىقداردا ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ قوشۇپ، 24 سائەت سوغۇق ساقلاپ، يۇقىرىدىكى ئىككى سۇيۇقلۇقنى بىرلەشتۇرۇپ، ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈر قەۋىتى ئارقىلىق تاكى سۈزۈلگىچە سۈزۈپ، ناترىي خىلورات، تۆۋەن ـ 80 قوشۇپ، ھەممىدە ئومۇمىي مىقدارغا يەتكىچە ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ قۇيۇپ، ئامۇتسىمان ئەينەك ۋارونكىدا سۈزۈپ، قاچىلاپ، 100 گىرادۇس ئىسسىقتا 30 مىنۇت جاراسىمسىزلاندۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئىزاھات: بۇ ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنىڭ PH قىممىتى 8 ـ 9 ئەتراپىدا بولغاندا سۈزۈكلۈك دەرىجىسى ياخشىراق بولىدۇ. كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلاردا خورما رەڭ چۆكمە ھاسىل قىلىدۇ.

نېفىت ئېتىرىنى قايتۇرۇپ يىغىۋالغاندا ئۇنى سىرتقا ئىشلەتسە بولىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ئاققېسەلگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ھەر كۈنى بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 ~ 4 مىللىلىتىرغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

**2) مەرزەنجۇش چىنى ئوكۇلى:**

تەركىبى:

مەرزەنجۇش چىنى 2500 گىرام، ئوكۇل ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇ مۇۋاپىق مىقداردا.

نىكوتىنامىد 50 گىرام، بىنىزول ئالكوھول 10 مىللىلىتىر، پىششىقلىنىدىغان مىقدارى 1000 مىللىلىتىر.

تەييارلىنىشى: مەرزەنجۇشنى ئېلىپ، سوقۇپ، 15 ھەسسە سۇدا ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىم بىر سائەتتىن قاينىتىپ، ئۈچ قېتىملىق سۇيىنى بىرلەشتۇرۇپ، سۈزۈپ، ھەر مىللىلىتىر سۇيۇقلۇقتا بىر گىرام ئەسلىي دورا تۇتقىدەك قويۇلدۇرۇپ، ئاندىن 70 پىرسەنتلىك ئىسپىرت قۇيۇپ بىر كېچە تۇرغۇزۇپ، سۈزۈپ، ئىسپىرتنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىپ، ئىسپىرت پۈرىقى قالمىغاندا سۇغا چۆمۈلدۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ھەر مىللىلىتىر سۇيۇقلۇقتا ئۈچ گىرام ئەسلىي دورا تۇتقىدەك قويۇلدۇرۇپ قايتىدىن 80

پىرسەنتلىك ئىسپىرت قۇيۇپ، بىر كېچە تۇرغۇزۇپ، سۈزۈپ، ئىسپىرتنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىپ، قالغان سۇيۇقلۇقنى سۇغا چۆمۈلدۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن قاينىتىپ، ھەر مىللىلىتىر سۇيۇقلۇقتا بەش گىرام ئەسلىي دورا تۇتقىدەك قويۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەنە 85 پىرسەنتلىك ئىسپىرت قوشۇپ، 24 سائەت تۇرغۇزۇپ، ئىسپىرتنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىپ، 40 سائەت توڭلاتقۇدا قويۇپ، سۈزۈپ، ئۈستىدىكى سۈزۈك سۇيۇقلۇقنى ئېلىپ، ئۇكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇدىن 800 مىللىلىتىر قوشۇپ، بىر كېچە تۇرغۇزۇپ، سۈزگۈچ ئارقىلىق سۈزۈپ، نىكوتىنامىد ۋە ئۇكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇدىن مۇۋاپىق مىقداردا قۇيۇپ، بېنزول ئالكوھول قۇيۇپ، سۇ ۋاننىسىدا قويۇپ قىزىتىپ ئېرىتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن 0.5 پىرسەنتلىك ئاكتىپ كۆمۈر سېلىپ يەنە سۇ ۋاننىسىدا قويۇپ يېرىم سائەت قاينىتىپ، بۇ خېنىر سۈزگۈچى ئارقىلىق سۈزۈپ، سۈزۈلگەن سۇيىگە 10 پىرسەنتلىك ناترىي ھىدروكسىدى سۇيۇقلۇقىنى قوشۇپ pH نى 8 ~ 8.5 گىچە تەڭشىلىدۇ. ئاندىن ئومۇمىي مىقدارغا يەتكىچە ئۇكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى قۇيۇپ، سۈزۈپ ئامپۇلغا قاچىلاپ، ئاغزىنى ئېتىپ، 100 گىرادۇسلۇق ئىسسىقلىقتا 30 مىنۇت چاراسىمسىزلاندۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: يۆتەل پەسەيتىش، ھۆمىدەشنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: سوزۇلما كانايچە ياللۇغى.

ئىشلىتىش مىقدارى ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: ھەر كۈنى ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككى مىللىلىتىردىن مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ.

# بەدەل (ئورۇنباسار) دورىلار جەدۋىلى

| | ئەسلىي دورا | بەدەل دورا | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| | | دورا ئىسمى | مىقدارى | |
| 1 | ئاملە | كابۇل ھېلىلىسى | 2 باراۋەر | |
| 2 | ئالما | بېھى | | |
| 3 | ئاقىر قەرھا | پىلپىل، ئىگىر، ھەسەل | | جىگەر، ئاشقازان كېسەللى ئۈچۈن راسەن؛ يېرىم ۋەزنى بىلەن زەنجىۋىل؛ گال ئاغ- رىقى ئۈچۈن لاچىندانە |
| 4 | ئاق ماش (تىرمىس) | قىزىل دادۇر، قوغۇن ئۇرۇ- قى، ئەپسەنتىن | | |
| 5 | خەربەق سەفىد | پەككار مول (تىبەت قۇستى- سى) | | |
| 6 | ئاقاقىيا | ئەدەس، سەندەل، ھۇزۇر | ئۆزۋەزنى بىلەن | |
| 7 | ئاسارۇن | ئىگىر، زەنجىۋىل | ئۆزۋەزنى بىلەن | |
| 8 | ئارپىبەديان | چىگىسەي ئۇرۇقى | | |
| 9 | ئادراسمان (ھورمىل) | قەرەدمانە، سۇزاپ ئۇرۇقى | | |
| 10 | تاتلىق ئانار | ئاچچىق ئانار | | |
| 11 | ئاچچىق بادام | ئاچچىق ئۈزۈم مېغىزى | | |
| 12 | بابۇنە | قەيسۇم، بەرەنجاسىپ | ئۆز ۋەزنى بىلەن | |
| 13 | بادرۇج (تاغ رەيھىنى) | شۇنىز (سىيادانە) | ئۆز ۋەزنى بىلەن | |
| 14 | بادرەنجبۇيا | پىلە غوزىسى؛ پوستى ئۇترۇج | ئىككى ھەسسە | |
| 15 | باقىلە | لويلا ماش | | |
| 16 | بالادۇر | پىندۇق | | |
| 17 | بوزىدان | بەھمەن سەفىد؛ ئىگىر زورەمبات | ئۆزۋەزنى بىلەن يېرىم ۋەزنىدە | |
| 18 | بالەنگو | رەيھان | | |
| 19 | بەزرۇلبەنجى | ئەپيۇن | باراۋەر | |

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 20 | بىخ مارجان | كەھرىۋا؛ خۇنسىياۋشان؛ | تەڭ مىقداردا | |
| 21 | بەھمەن سەفىد | تۇدەرى، لىسانۇل ئاساپىر | يېرىم ۋەزنىدە | |
| 22 | بەسباسە | جويۇز | | |
| 23 | بەرەڭگى كابىلى | ئاق ماش؛ قىزىل | تەڭ ۋەزنىدە | |
| 24 | تۇخۇمى ئىسغىناخ | سېمىزئوت ئۇرۇقى | | |
| 25 | پىستە | بادام؛ ھەببىتۇلخۇزرا | | |
| 26 | پىلپىلمويە | قارىمۇچ، نارمۇشكى | باراۋەر | 1/3 مىقداردا سۆرۈنجان؛ 1/3 مىقداردا زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى ياكى دورا پىلپىل |
| 27 | ئۆرشىم | كۆيدۈرۈلگەن مەرۋايىت | | |
| 28 | پىرسىياۋشان | گۇلبىنەپشە؛<br>چۇچۇكبويا يىلتىزى | ئۆز ۋەزنىدە<br>ئۆز ۋەزنىدە | |
| 29 | تاباشىر | قورۇلغان سېمىزئوت | ئۆز ۋەزنىدە | سۇماق يېرىم ۋەزنىدە؛ گىل مەختۇم، ئاق سەندەل؛ كاسنە ئۇرۇقى ۋە تۆت ھەسسە ئىسپىغول |
| 30 | پەتەر ئاسالىيۇن | چىگىسەي ئۇرۇقى | ئىككى ھەسسە | |
| 31 | ئۇترۇج | لىمون ۋە نارەنجىنىڭ سۈيى | | |
| 32 | تۇخۇمى كاھۇ | خەشخاش، خۇنسىياۋشان | باراۋەر | |
| 33 | تۇربۇت | ئۇجمە يىلتىز قوۋزىقى | باراۋەر | سوغۇق مىزاجلارغا باراۋەر مىقداردا غارىقۇن بېرىلىدۇ |
| 34 | ئۇشبە | چۆپچىن | | چۆپچىن ئىسسىق مىزاج ياشلارغا زەرەر قىلىدۇ |
| 35 | خۇبسۇلھەدىد | كۇشتە قىلىنغان تۇخۇم شاكىلى | | |
| 36 | تۇخۇمى ھەلىيۇن | شاقاقۇل، تۇدەرى | | |
| 37 | تۇخۇمى ئەنجىرە | قەردمانە | | |
| 38 | جاۋشىر | پىننە ياكى ئەنجۇر سۈتى | تەڭ ۋەزنىدە | |
| 39 | جىگدە | پىندۇق | | |
| 40 | جىنتىيانا | ئاسارۇن؛ | 1.5 مىقداردا | توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇشلاردا |
| | | قۇستە؛ زىراۋەندە | باراۋەر | باشقا كېسەللەردە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 41 | جۆئدە | تاغ يالپۇزى؛<br>سەلىخە | | يەللەرنى تارقىتىشتا ئىشلىتىلىدۇ<br>سۇيدۇك، ھەيز ماڭدۇرۇشتا ئىشـ-<br>لىتىلىدۇ |
| 42 | جۇۋنە | سىيادانە؛ زىرە | ئۆز ۋەزنىدە | |
| 43 | چىلغوزا | بادام، شاقاقۇل،<br>ياڭاق مېغىزى | | |
| 44 | چىلان | سەرپىستان | | |
| 45 | چوڭ لاچىندانە<br>(قاقىلە) | كىچىك لاچىندانە | | |
| 46 | خاكىشى | تۇدەرى | | |
| 47 | خىيارشەنبەر | كىشمىش | ئۈچ باراۋەر | كىشمىشكە ئازراق تۇربۇت قوشۇ-<br>لىدۇ |
| 48 | خۇببازى | خىتمى ئۇرۇقى | | |
| 49 | خورما | ئەنجۇر؛ ھۆل زەنجىۋىل | ئۆز ۋەزنىدە؛ | ياكى تەڭ ۋەزنىدە |
| 50 | خۇسيەتۇسسۆئلەپ | بوزىدان؛ ئەنجۇر | يېرىم ۋەزنىدە، | بېدە ئۇرۇقى |
| 51 | خولىنجان | دارچىن، كاۋاۋچىن | | |
| 52 | خۇنسياۋشان | شادىنەج | | |
| 53 | خەربەق سىياھ | ئاق خەربەق | | |
| 54 | ھىلڭ | جاۋشىر | | |
| 55 | ھىمامە | ئاسارۇن؛ ئۇد،<br>قەلەمپۇر؛ ئىگىر | باراۋەر | |
| 56 | ھۇزۇز ھىندى | فۇپەل ۋە سەندەل | | |
| 57 | ھۇزۇز مەككى | ھۇزۇز ھىندى | | |
| 58 | ھەببۇلبان | سەلىخە<br>بەسباسە | 1.5 مىقداردا<br>0.1 مىقداردا | |
| 59 | ھەببى بىلسان | بىلسان ياغىچى<br>سەلىخە | 1.5 مىقداردا<br>باراۋەر | |
| 60 | ھەببۇرشات | قىچا | | |
| 61 | ھەببۇزەلەم | ھەببىتۇلخۇزرا | | |
| 62 | ھەسەل | ئۈزۈم شىنىسى؛ خورما | | |
| 63 | ھەببۇلنىل | شەھمەنزەل | باراۋەر مىقداردا | |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 64 | ھېلىلە | سېرىق ھېلىلە | | |
| 65 | ھەلىيون | زاغۇن | | |
| 66 | دارى پىلپىل (پىلپىل داراز) | ئاقمۇچ، زەنجىۋىل<br>ياكى زورەمبات | باراۋەر مىقداردا | |
| 67 | دانىكار (تەنكار) | بۆرى ئەرمىنى | | |
| 68 | دورونەج<br>ئەقرەبى | زورەمبات<br>قەلەمپۇر | باراۋەر مىقدارى<br>1/3 مىقداردا | بالىياتقۇ يەللىرىنى<br>يوقىتىشتا ئىشلىتىلىدۇ. |
| 69 | دىكزىيا | جەدۋار (پارىيا) | | |
| 70 | ياۋا سەۋزە<br>ئۇرۇقى (دۇقۇ) | ئادەتتىكى سەۋزە ئۇرۇقى،<br>چېكىسەي ئۇرۇقى | ئىككى باراۋەر<br>باراۋەر | |
| 71 | دەند | ئابدىمىلىك (ھەببى خىرۋە) | | |
| 72 | راسەن | ئىرىسا؛ قۇستە شىرىن | باراۋەر مىقداردا | |
| 73 | رۇمبەدىيان | سىرىقچېچەك ئۇرۇقى؛<br>زىرەۋە ئارپىبەدىيان | | |
| 74 | رەۋەن | قىزىلگۈل<br>سۇمبۇل | 1.5 مىقداردا<br>0.2 مىقداردا | ئاشقازان ۋە جىگەر كېسەللىكلى-<br>رىدە سىلىنىدۇ |
| 75 | زەنگار | ئىقلىميا؛<br>ياكى شىنگىرپ؛<br>ئۇزۇن زىراۋەند | باراۋەر مىقداردا<br>يېرىم مىقداردا<br>باراۋەر مىقداردا | |
| 76 | زىراۋەند | زىراۋەند چىنى،<br>قۇستە ياكى باسباسە | يېرىم مىقداردا | |
| 77 | زىرىق | زورەمبات<br>قىزىلگۈل ئۇرۇقى<br>ياكى ئاق سەندەل | يېرىم مىقداردا<br>باراۋەر مىقداردا<br>2/3 مىقداردا | |
| 78 | زۇپائى يابىس | سەئتەر؛ پەرسىياۋشان | | |
| 79 | زورەمبات | بوزىدان، دورونەج | باراۋەر مىقداردا | |
| 80 | زەرنەخ | گۈگگۈرت | | |
| 81 | زەرنەپ | دارچىن ياكى لاچىندانە | ئىككى باراۋەر | |
| 82 | زەمچە | نوشۇدۇر | | |
| 83 | دانا | تۇربۇت<br>سېرىق ھېلىلە | باراۋەر مىقداردا<br>يېرىم مىقداردا | 1/4 مىقداردا بىنەپشە |
| 84 | سېرىق ئوت | لاجۇۋەرد؛ ئەرمەن تېشى | | يېرىم ھەسسە ھاشا |
| 85 | سىمىزئوت | ئوسۇك ئۇرۇقى، كاۋا<br>ئۇرۇقى ۋە ئىسپىغول | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 86 | سىمىزئوت | ئۇرۇقى ئاق قەنت | | |
| 87 | سىركە | مۇسەللەس؛ لىمون سۈيى | | |
| 88 | سىيادانە | رۇمبەدىيان<br>تۇخۇمى شىبىت | ئۆز ۋەزنى بىلەن<br>يېرىم ۋەزنىدە | |
| 89 | سىماب | ئېرىتىلگەن قوغۇشۇن | | |
| 90 | سۇماق | سىركە ۋە ئاقاقىيا | | |
| 91 | سۇزاپ | سەئتەر؛ يالپۇز | | |
| 92 | سۆرۈنجان | مەككە خېنىسى؛ | باراۋەر مىقداردا | بوغۇم ئاغرىقىنى پەسەيتىش-تە ئىشلىتىلىدۇ |
| 93 | سۆئدى ھىندى | مۇقەل<br>سۇمبۇل<br>مۇرمەككى | يېرىم ۋەزنىدە<br>باراۋەر<br>يېرىم باراۋەر | 1/4 ۋەزنىدە دارچىن |
| 94 | سۇمبۇل تىپ | ئىزخىرمەككى، سازەج ھىندى | باراۋەر | |
| 95 | سەبرە | ھۇزۇرى مەككى<br>زەپەر | 1.5–2 باراۋەر<br>0.5 باراۋەر | 1/4 باراۋەر تۇربۇت ئۆز ۋەزنى بىلەن ئەرمەن، سوق-مونىيا |
| 96 | سەدەپ | مەرۋايىت | | |
| 97 | سەرپىستان | خىتمى (ئاق لەيلى) | | |
| 98 | سەرتان نەھرى | سەدەپ قۇرتى | | |
| 99 | سوقمونىيا | سەبرە<br>سىرىق ھېلىلە | 1.5 ھەسسە<br>يېرىم ھەسسە | |
| 100 | سەكبىنەج | پىننە، راتىيانەج | | |
| 101 | سەندەل | كافۇر ياكى ئۆشنە | 1/2 باراۋەر | |
| 102 | شاقاقۇل | سەنۇبەر ئۇرۇقى، بوزىدان | | |
| 103 | شام ياغىچى (بەرەنجا-سىپ) | بابۇنە؛ ئەمەن | ئۆز ۋەزنى بىلەن | |
| 104 | شەترەنج | مارجان، ئوردان؛ زورەمبات | | |
| 105 | شىۋاق | ئەمەن | باراۋەر | |
| 106 | شۇمشا | شۇمشا ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، زىغىر | | |
| 107 | غاپەس | ئاسارۇن، | باراۋەر | ئەمەن يېرىم ۋەزنىدە |

www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | | شەھمەنزەل، تۇربۇت | | |
| 108 | غارىقۇن | زەنجىۋىل، پەرپىيون،<br>گەپتىمۇن | | |
| 109 | ئەينۇلا | ئەمرىھىندى | ئۆز ۋەزنى بىلەن | |
| 110 | قارا پارپا | زورەمبات | ئۈچ باراۋەر | |
| 111 | قارىمۇچ | زەنجىۋىل، دورا پىلپىل | | ئاشقازان ۋە تال كېسەللىكىدە ئاقمۇچ |
| 112 | قەردمانە | ئىزخىر، ئادراسمان | | |
| 113 | قىزىلگۈل | بىنەپشە | ئۆز ۋەزنى بىلەن | 1/4 باراۋەر مەرزەنجۇش |
| 114 | قىزىل چۆپچىن | ئۇشبە مەغرىبى | | |
| 115 | قۇستە | ئاقىرقەرھا | يېرىم ۋەزنى | باراۋەر ۋەزنىدە خىتمى |
| 116 | قۇندۇزقەھرى | ئېگىر (ۋەج)<br>قارىمۇچ | باراۋەر<br>يېرىم ۋەزنىدە | |
| 117 | قەلەمپۇر | دارچىن<br>يەسباسە ياكى<br>پەرەنجىمىشكى | باراۋەر<br>يېرىم ۋەزنىدە | |
| 118 | ئىكلىلىلمىلىك | بابۇنە، تاغ كۇدىسى | باراۋەر | يېرىم ۋەزنىدە ئەنجۈر يوپۇرمىقى |
| 119 | قەنبىل | تىرمىس، سەكبىنەج<br>رەڭگى كابۇلى مۇقەششەر | | |
| 120 | قەنتەرىيۇن | ئەمەن، بابۇنە | باراۋەر | بابۇنە يېرىم مىقداردا |
| 121 | پەرەنجىمىشكى | بادرەنجبۇيا، قەلەمپۇر | | |
| 122 | كاتھىندى | گىل | | |
| 123 | كامازىرىيۇس | سەلىخە، غاپەس ئۇرۇقى،<br>ئۇسقۇلۇ قەندەرىيۇن | | |
| 124 | كالىيزىرە | زىرە، رۇم بەدىيان،<br>ئارپىبەدىيان | | |
| 125 | كىچىك لاچىندانە | كاۋاۋىچىن؛ بىلسان<br>ئۇرۇقى | يېرىم مىقداردا | ياكى باراۋەر مىقداردا چوڭ لاچىندانە |
| 126 | كۆچۈلا | بالادۇر | | |
| 127 | كۆكنار (خەشخاش) | شاكىلى (پوستى خەشخاش) | | ئۇرۇقىنىڭ بەدىلى ئوسۇك ئۇرۇقى |
| 128 | كۈنجۈت | زىغىر | | |
| 129 | كۇندۇر | مەستىكى | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 130 | كابابەچىنى (كاۋاۋدـ چىن) | قاقىلە؛ كىچىك لاچىندانە | باراۋەر | |
| 131 | كەتىرا | سەمغى ئەرەبى | | |
| 132 | كەھرىۋا | سىندۇرۇس گىل ئەرمىنى | ئىككى باراۋەر | ياكى 1/3 سەلىخە ياكى مەرۋايىت |
| 133 | كەپەرەس (رەسكەپۇر) | ھەببى سالاتىن (دەند) | | |
| 134 | كەندىر ئۇرۇقى | كۈنجۈت ياكى پىستە | باراۋەر | |
| 135 | گۈلبىنەپشە | نىلۇپەر؛ ھەمىشەباھار گۈلى، يوپۇرمىقى؛ گۈلى گاۋزىبان، بىخسۇس | باراۋەر ئۆز ۋەزنى بىلەن | |
| 136 | ئىزخىر | راسەن، راسەن؛ تاتلىق قوستە | | گۈلىنىڭ قەسبۇزەرىرە |
| 137 | ئىسپىغول | بىھى ئۇرۇقى؛ سىمىز ئوت | | |
| 138 | ياقۇت | يەشەپ ياكى ئالتۇن | | |
| 139 | ياۋا موزا | ئانار گۈلى؛ ئانار پوستى؛ ھەببۇلئاس ئۇرۇقى، خەرنۇپ | بىر ھەسسە | |
| 140 | يەبرۇج سەنەم | بەزرۇلبەنجى | | |
| 141 | لىھيەتۇتتىس | ھۇزۇر؛ ئاقاقىيا | | ياكى ئانار گۈلى ۋە ئانار گۈلى ئۇرۇقى |
| 142 | لوك مەغسۇل | رەۋەن | 2/3 ھەسسە | ياكى 1/4 ھەسسە تاباشىر |
| 143 | لىسانۇل ئاساپىر | جويۇز؛ قىزىل تۇدەرى؛ ئاسارۇن ياڭاق مېغىزى ياكى كاۋاۋىچىن | يېرىم باراۋەر مىقداردا | ياكى يېرىم مىقداردا قىزىل بەھمەن |
| 144 | ماھۇدانە | دەند؛ ھەببۇلنىل | يېرىم مىقداردا | ياكى باراۋەر مىقداردا ھەبـ بۇلمۇلۇك |
| 145 | مامىرانچىن | زەرچىۋە | باراۋەر | يېرىم مىقداردا مۇر |
| 146 | مىئەسائىلە | قۇندۇزقەھرى | | |
| 147 | مۇرمەككى | ئاچچىق بادامنىڭ يېلىمى | | |
| 148 | موزا | ئانار پوستى؛ بەللۇت؛ يۇلغۇن مېۋىسى؛ سېرىق ھېلىلە؛ | | |
| 149 | موغاس | سۆرۈنجان؛ ئاقىرقەرھا | | |
| 150 | مۇقەل | مۇرمەككى | | |
| 151 | مەستىكى رۇمى | كۇندۇر؛ ئىزخىر | باراۋەر | |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىن ئادرېسى

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 152 | نارجىل | ياڭاق مېغىزى؛ پىستە مېغىزى<br>ياكى چىلغوزا مېغىزى | | |
| 153 | نارمىشك | زەنجىۋىل؛ زىرە كېرمانىي<br>پىستە پوستى؛ سۇمبۇل تىب | باراۋەر<br>يېرىم مىقداردا | |
| 154 | نۆشۇدۇر | بۆرى ئەرمىنى | | |
| 155 | ئۇد ھىندى | دارچىن؛ قەلەمپۇر؛ زەپەر | | |
| 156 | ئۇشەق | سەكبىنەچ، جاۋشىر | | |
| 157 | ئۆشنە | قەردمانە | ئۆز ۋەزنى بىلەن | |
| 158 | ئەپيۇن | بۇزرۇلبەنجى | ئۈچ باراۋەر | قان توختىتىش ئۈچۈن<br>تاباشىر؛ گىل مەختۇم؛<br>كافۇر، كەھرىۋا |
| 159 | سەمغى ئەرەبى | بادام يېلىمى؛ ھەببۇلئاس | | |
| 160 | ئەقىق | مارجان يىلتىزى | | |
| 161 | ئەنزىرۇت | سەبرە | باراۋەر | |

# ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم مۇھىم دورا ئەشيالىرىنىڭ ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە، لاتىنچە، خەنزۇچە ناملىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى ①

| | ئەرەبچە | ئۇيغۇرچە | لاتىنچە | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ئامىلەج | ئامىلە | Fructus Phylloanthi Emblica | 余甘子 |
| 2 | ئاقاقىيا | | Acacia senegal | 阿拉伯胶树 |
| 3 | ئازاراقى | كۇچۇلا | Semen NuX Vomica; Semen strychni | 马钱子 |
| 4 | ئاقىرقەرھا | | Radix Anacyclis pyrethrum | 除虫菊根 |
| 5 | ئامىلە مۇقەششەر | ئۇچكىسى ئېلىنغان ئامىلە | Fructus phyllanthus Emblica desnucleate | 去核余甘子 |
| 6 | موم سەفىد | ئاق موم | Cera alba | 白（蜂）蜡 |
| 7 | ئاسارۇن | | Radix Asarum, Europaeum | 欧细辛 |
| 8 | ئەپيۇن | | opium | 雅片;阿片;鸦片 |
| 9 | ئەنزىرۇت | | Gummi Astragalus sarcacola | 甘草味胶 |
| 10 | ئەۋرىشىم | پىلە غوزىسى | Silk Cocoon; Bombux Mori | 丝茧 |
| 11 | ئەنسۇن | رۇمبەدىيان | Sem,en, Pim pinella anisum | 洋茴芹籽<br>洋茴香籽 |
| 12 | ئەنگۇر شىپا | ئىتئۈزۈمى | Semen, Solanum nigra | 龙葵籽 |
| 13 | ئەپتىمۇن | سېرىق ئوت | Herba Cuscuta reflexa | 展瓣菟丝子 |
| 14 | ئەقىق يەمەنى | يەمەن ئەقىقى | Agate | 玛瑙 |
| 15 | ئەقرەب | چايان | Scor pion | 全蝎 |
| 16 | ئەنبەر | | Ambragrisea | 龙涎香 |
| 17 | ئەنجىبا | ئۇرگۈنەك؛ پاتمۇ نەك | Radix Polygonum bistorta | 拳参根 |
| 18 | ئەزپارەتىپ | دېڭىز قۇلۇلىسى قېپى | concha ostrea | 牡蛎 |

① 1) تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن سېلىشتۇرما نام. مەلۇم خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن؛
2) يەككە دورا ئەشيالىرىنىڭ تاۋار نامى ئاساس قىلىپ ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 19 | بەديان چىنى | شاكال بەديان | Anisum stellatum | 八角茴香 大茴香 |
| 20 | بادرەنجبۇيا ھىندى | | Melissa oficinalis | 蜜蜂花 |
| 21 | بادرەنجبۇيا چىنى | جۇڭگو بادرەنجبۇيىسى | Dracocephalum Moldavica | 香青兰 |
| 22 | بارتەڭ | پاقىيوپۇرمىقى | Plantago Mojor | 车前草 |
| 23 | بۇيا ئۇرۇقى | | Semer Sophora alopecuroides | 苦豆子 |
| 24 | بەديان | ئارپەبەديان | Semen Faeniculum Vulgare | 小茴香 |
| 25 | بەسباسە | جويۇز سىرتقى پوستى | Macis | 肉豆蔻衣 |
| 26 | بەھمەن سۇرۇخ | قىزىل بەھمەن | Rhizoma Statice Limon ium | 柠檬补血草根 |
| 27 | بەھمەن سەفىد | ئاق بەھمەن | Rhizoma Centaurea behenLinn | 失车菊 |
| 28 | بەسەل | پىياز | Allium cepa Linn | 洋葱 |
| 29 | بەرەنجاسىپ | ئەمەن | Artemisia Vulgaris | 艾 |
| 30 | بەللۇت | | Fructus Quercus sativa | 象子 |
| 31 | بەندال | ئاغچە (يۇغۇچ) | Luffa cylindrica | 丝瓜络 |
| 32 | بەرەڭگى كابۇلى | | Fructus Embelia Ribes (Brunf) | 信筒子 |
| 33 | بىستپايەج | | Polypodium Vulgare Linn | 普通水龙骨 |
| 34 | بۆرە ئەرمىنى | ئاق توغرىغۇ | Bole Armeniae; Basic salt | 亚美尼亚碱性盐 |
| 35 | بۆكەن مۈڭگۈزى | | Cornu antelopus (cornu Nemor haedi) | 羚羊角 |
| 36 | بىخسۇس | چۈچۈكبۇيا يىلتىزى | Radix Glycyrrhisa | 甘草根 |
| 37 | ئىسپىغۇل بۇزۇرى قۇتانا | قارنى يورۇق | Semen Isphagula (Semen plantago ovata) | 卵叶车前子(印度车前子) |
| 38 | بىدانجىر | ئىنەكپىتى | Semen Ricinus communis | 蓖麻子 |
| 39 | بىخ بابۇنە | بابۇنە يىلتىزى | Radix Matrticaria chamomilla | 母菊根 |
| 40 | بىخ دارى پىلپىل (پىلپىلمۇيە) | پىلپىل يىلتىزى | Radix Piper longum | 荜拨根 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 黄华柳 | Flos Salix Caprea | سۆگەت پوتلىسى | بىدىمۇشكى | 41 |
| 西瓜子 | Semen Citrullus uulgaris | تاۋۇز ئۇرۇقى | بۇرۇلبىتتىخ | 42 |
| 车前子 | Semen Plantaginis | پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى | بۇزۇرۇللىسانىل ھەمەل (تۇخۇمى زۇب) | 43 |
| 胡麻子 | Semen Lini | زىغىر ئۇرۇقى | بۇزۇرى كەتان (تۇخۇمى كەتان) | 44 |
| 莳萝子 | Semen Anethum, graviolens | سىرىقچېچەك ئۇرۇقى | بۇزۇرۇلشىبىت (تۇخۇمى شىبىت) | 45 |
| 芜菁子 | Semen Brassica Rapa | چامغۇر ئۇرۇقى | بۇزۇرۇلشەلەغەم | 46 |
| 大黄根 | Radix Rhei | جۇڭگو رەۋەنى | بىخ رىباس (رەۋەندچىنى) | 47 |
| 蛋黄;卵黄 | Vitellus Ovi | تۇخۇم سېرىقى | زەردى بەيزە | 48 |
| 骆驼莲子 | Semcn Peganurn, har male | ئادراسمان ئۇرۇقى | بۇزۇرۇلھورمۇل | 49 |
| 菜菔子 | Semen Raphani | تۇرۇپ ئۇرۇقى | بۇزۇرۇلفەجەل | 50 |
| 罂粟子 | Semen Papaveris | كۆكنار ئۇرۇقى | بۇزۇرۇلخەشخاش (تۇخۇمى خەشخاش) | 51 |
| 芹菜子<br>旱芹菜子 | Semen Apium graviolens | چىڭسەي ئۇرۇقى | بۇزۇرۇلكەرفەس (تۇخۇمى كەرەپشى) | 52 |
| 火麻仁;大麻仁 | Semen Cannabislndica | كەندىر ئۇرۇقى | بۇزۇرۇلقەنب | 53 |
| 大蒜子 | Semen Allii sativi | سامساق ئۇرۇقى | بۇزۇرۇلسۆم | 54 |
| 菠菜子 | Semen spinacia Oleracea | پالەك ئۇرۇقى | بۇزۇرۇلئىسپىناخ | 55 |
| 香墓（菜） | Viola odorata | بىنەپشە | بىنەپشە | 56 |
| 毛诃子 | FructusTerminalia Bellererica | بەلىلە | بېلىلەج | 57 |
| 野胡萝卜子 | Semert Daucus Carota | ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى | بۇزۇرۇلجەزەرىلبەرى (دۇقۇ) | 58 |
| 罗勒子 | Semen Ocimum basilicum | رەيھان ئۇرۇقى | بۇزۇرۇلرەيھان | 59 |
| 牵牛花根 | Radix pharbitis hederacea | ھەشقىپېچەك يىلتىزى | بىخ لەبلاپ | 60 |
| 红花子 | Semen Carthamustinctorius | زاراڭزا ئۇرۇقى | بۇزۇرۇلمۇ ئەسپەر | 61 |
| 天仙子<br>莨菪子 | Semen Hyoscyami Nigrum | بەڭگىدىۋانە ئۇرۇقى (قارا) | بۇزۇرۇلبەنج | 62 |
| 白莨菪子 | Semen Hyoscyami Album | بەڭگىدىۋانە ئۇرۇقى (ئاق) | بۇزۇرۇلبەنج | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 苜蓿子 | Semen Medicago | بېدە ئۇرۇقى | بۇزۇرۇلرەتبە | 63 |
| 珊瑚 | Os Coralli | مارجان يىلتىزى | بىخ مارجان | 64 |
| 蜂蜜 | Mellis | ھەسەل | بال | 65 |
| 竹黄 | Concretio Sil icea Bambusae | تاباشىر | تاباشىر | 66 |
| 旱莲草 | Ecli pta Alba Hasak | | تاغ بىھىنگىرەسى | 67 |
| 叉鸣冠花叶 | Folia Celosia Cristata | تاجگۈل يوپۇرمىقى | قەتىيفە يوپۇرمىقى | 68 |
| 硼酣 | Borax | دانىكار | تەنكار | 69 |
| 罗望子:罗晃子 | Tamarindus Indica | تەمرىھىندى | تەمرىھىندى | 70 |
| 骆驼刺糖 | Man,na Alhagi pseudoalhagi | يانتاق شېكىرى | تەرەنجىبىن | 71 |
| 荨麻子 | Semen Urtica cannabina | كۆنۈچە ئۇرۇقى (چاققاق ئۇرۇقى) | تۇخۇمى ئەنجىرە | 72 |
| 绿罗勒子 | Semen Ocimum Viridi | بالەنگو ئۇرۇقى | تۇخۇمى بالەنگو | 73 |
| 韭菜子 | Semen Allium Tubercsi | كۇدە ئۇرۇقى | تۇخۇمى كۇراس | 74 |
| 金盏花子 | Semen Calendula officinale | ھەمىشباھار ئۇرۇقى | تۇخۇمى ھەمىشبا- ھار | 75 |
| | | (بۇزۇرۇلرەيھانغا قاراڭ) | تۇخۇمى شاھسۇفرەم | 76 |
| 石刁柏子 | Semen Asparagus officinalis | ھەليۇن ئۇرۇقى | تۇخۇمى ھەليۇن (مارچۇبە) | 77 |
| 酸模子 | Semen Rumex Acetosa | ھۇمماز ئۇرۇقى | تۇخۇمى چوكا (تۇخۇمى ھۇمماز) | 78 |
| 黑芝麻 | Semen Sesami | كۇنجۇت ئۇرۇقى | تۇخۇمى كۇنجۇت | 79 |
| 母菊子 | SemenMatricaria chamomilla | بابۇنە ئۇرۇقى | تۇخۇمى بابۇنە | 80 |
| 阿魏子 | Semen Ferulae asafoetida | ھىلڭ ئۇرۇقى | تۇخۇمى ئەنجۇدان | 81 |
| 木香子 | Semen inula Helenium | راسەن ئۇرۇقى | تۇخۇمى راسەن (تۇخۇمى زەنجىۋىل شامى) | 82 |
| 莴苣子 | Semen Lactuca sativa | ئۇسۇڭ ئۇرۇقى | تۇخۇمى كاھۇ | 83 |
| 胡荽子 | Semen Cor iandri | يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى | تۇخۇمى كەشنىز | 84 |
| 芸香子 | Semen Ruta graviolens | سۇزاپ ئۇرۇقى | تۇخۇمى سۇزاپ | 85 |
| 胡芦巴 | Semen Trigonellae (foenum-graecum) | شۇمشا ئۇرۇقى | تۇخۇمى ھۇلبە | 86 |

www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 胡萝卜子 | Semen Carotae | سەۋزە ئۇرۇقى | تۇخۇمى جەزەر | 87 |
| 甜瓜子<br>胡瓜子 | Semen Melo | قوغۇن ئۇرۇقى<br>تۇز ۋە ئەگرى | تۇخۇمى خەربۇزە | 88 |
| 黄瓜子 | Semen Cucumis Sativa | تەرخەمەك ئۇرۇقى | تۇخۇمى خىيارەين | 89 |
| 南瓜子 | Semen Cucurbitae | كاۋا ئۇرۇقى | تۇخۇمى كەدۇيى داراز | 90 |
| 锦葵子 | Semen Malva sylvestr is | ھەمىشىۋا ئۇرۇقى | تۇخۇمى خۇببازى | 91 |
| 艾蒿子 | Semen ArtemiSia vulgaris | ئەمەن ئۇرۇقى | تۇخۇمى بەرەنجاسىپ | 92 |
| 马齿苋子 | Semen Portulaca oleracea | سېمىز ئوت ئۇرۇقى | تۇخۇمى خىرپە | 93 |
| | (ھەببى رىشاتقا قاراڭ) | زاغۇن ئۇرۇقى | تۇخۇمى جىر - جىر | 94 |
| 榅桲子 | Semen cydoni | بىھى ئۇرۇقى | تۇخۇمى سەفەرجەل | 95 |
| 睡莲子 | Semen Nymphia lotus | نىلۇپەر ئۇرۇقى | تۇخۇمى نىلۇپەر | 96 |
| 石榴子 | Semen Granati | ئانار ئۇرۇقى | تۇخۇمى رۇمان | 97 |
| 菊苣子 | Semen Cihor ium, Intibus | كاسنە ئۇرۇقى | تۇخۇمى كاسنە | 98 |
| 菟丝子 | Semen Cuscuta | سېرىق ئوت ئۇرۇقى | تۇخۇمى ئەپتىمۇن | 99 |
| 大蒜芥予 | Sisymbrinm officinale | ئاق تۇدەرى | تۇدەرى سەفىد | 100 |
| 垂果蒜芥子 | Sisymbrium heteromallum | قىزىل تۇدەرى | تۇدەرى سۇرخ | 101 |
| 锌（白锌） | Zincum | تۇتىيا | تۇتىيائى كىرمانى | 102 |
| 黑桑椹 | Fructus Morus Nigra | قارا ئۈجمە | تۇت سىيا | 103 |
| 白桑椹 | Fructus Morus Alba | ئاق ئۈجمە | تۇت ئەبيەز | 104 |
| 印度牵牛花根 | Ipomaea Turpetum | ئاق تۇربۇت | تۇربۇت سەفىد | 105 |
| 无花果 | Fructus Ficus Carica | ئەنجۈر | تىن | 106 |
| 去心印度牵牛花根皮 | Cortex ipom,aea<br>Tur petum radicis | ياغىچى ئېلىنغان تۇربۇت | تۇربۇت مەۋسۇپ | 107 |
| 薄荷 | Mentha arvensis | يالپۇز | پۇدىنە | 108 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 革蔻子 | Semen cossypium herbacea | چىگىت | پەنبەدانە | 109 |
| 阿月浑子 | Semen pistacia uera | پىستە | پىستە | 110 |
| 奇诺树子<br>紫铆子 | Semen Butea frondosa | پىلاس | پىلاس | 111 |
| 欧芹菜子 | Semen Petroselinum<br>Satium | تاغ چىگىسىيى | پەتەر ئاساليۇن | 112 |
| 铁线蕨 | Adiantum Capillus<br>Ueneris | پەرسىياۋشان | پەرسىياۋشان | 113 |
| 酸模根皮 | Cortex Rhus cariaria<br>Radicis | سۇماق پوستى | پوستى سۇماق | 114 |
| 石榴皮 | Pericar Pium Granati | ئانار پوستى | پوستى رۇمان | 115 |
| 小茴香根皮 | Cortex Radix foeniculi | ئارپىبەديان<br>يىلتىز پوستى | پوستى بىخ<br>بەديان | 116 |
| 罂粟壳 | Ca psu lae Papaueris | كۆكنار پوستى | پوستى خەشخاش | 117 |
| 黑胡椒 | Piper Nigrum | قارىمۇچ | پىلپىل گەرد؛<br>پىلپىل ئەسۋەد | 118 |
| 辣椒 | Capsicum annuum<br>Capsicum frutensis | قىزىلمۇچ (لازا) | پىلپىل ئەھمەر | 119 |
| | (پىلپىل گەردگە قاراڭ) | قارىمۇچ | پىلپىل سىياھ؛ | 120 |
| 荜拨 | Piper longum | دارى پىلپىل | پىلپىل داراز | 121 |
| 白胡椒 | Piper Album | ئاقمۇچ | پىلپىل ئەبيەز | 122 |
| 刺山柑根皮 | Cortex Capparis<br>Spinosae radicis | بۆرى سويمەسى<br>يىلتىز پوستى | پوستى بىخ كەبەر | 123 |
| 陈皮 | Pericar pium citri<br>Reticulatae | ئۇترۇج پوستى | پوستى ئۇترۇج | 124 |
| 芹菜根皮 | Cortex Apium<br>Grauiolens radicis | چىگىسىي يىلتىز<br>پوستى | پوستى بىخ<br>كەرەپشە | 125 |
| 菊苣根皮 | Cortex Ciehorium<br>Intibus radicis | كاسنە يىلتىزى پوستى | پوستى بىخ كاسنە | 126 |



www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 清泻山扁豇 | Cassia fistula Linn | | پۇنۇس | 127 |
| | (پوستى ئۆترۆجغا قارالسۇن) | ئاپپلسىن پوستى | پوستى تۇرۇنج | 128 |
| 藿香 | Herba Agastachum Rugosa | پىننە | پىننە | 129 |
| 古莲香脂 | Galbanum: Balsam Ferula<br>Galbano fera stoise | جاۋشىر | جاۋشىر | 130 |
| 龙肌 | Radix Gentiana | جىنتىيانا | جىنتىيانا | 131 |
| 肉豆蔻 | Semen Myristica fragrans | جويۇز | جۆز بۇۋا | 132 |
| 曼陀罗 | Semen Datura stramonium | ئىتياشقى (ۋالك) | جەۋزى ماسىل | 133 |
| 海狸香 | Castoreum | قۇندۇزقەھرى | جۇندى بىدەستۇر | 134 |
| 金石蚕 | Teucrium polium | جۆئدە | جۆئدە | 135 |
| 飞燕草 | Radix Delphinium<br>Denudatum | ھىندى جەدۋارى | جەدۋارھىندى | 136 |
| 附了 | Radix Aconiti<br>Prae parata | جۇڭگو جەدۋارى | جەدۋارچىنى | 137 |
| 枸橼酸<br>柠檬酸 | Acidum citricum | لىمون كىسلاتاسى | جەۋھەرلىمون | 138 |
| 椰子 | Cocos nuci fera | نارجىل | جەزبلھىندى | 139 |
| 木腰子 | Semen Entadae | | جەۋزى مۇقاتىل | 140 |
| 药喇叭根 | Ipomea puraga hayna<br>(JALAPA) | جالافا | جالافا | 141 |
| 菝葜 | Smilax china | چۆپچىن | چۆپچىن | 142 |
| 马尼松子<br>(红松子) | Semen pinus Massonia<br>Semen Pinus sibirica | چىلغوزا | چىلغوزا | 143 |
| 药用蒜芥子 | Semen Sisymbrium<br>Officinale | خاكشى | خاكشى | 144 |
| 蒺藜 | Fructus Tribulus<br>Terrestris | ئوغرىتىكەن | خارخەسەك | 145 |
| 钞掺 | Iton Rusi | تۆمۈر پوقى | خۇبسۇلھەدىد | 146 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 高良姜 | Rhizoma Alpinia Officinarum | خولىنجان | خولىنجان | 147 |
| 血竭<br>苛诺 | Dracaena ombet<br>Dragon.s blood: kino | خۇنسىياۋشان | خۇنسىياۋشان | 148 |
| 无花果实 | Fructus Ficus carica Sicca | ئەنجۈر قىقى | خۇشك ئەنجۈر | 149 |
| 芥子 | Semen brassica | قىچا | خەردەل | 150 |
| 滔梨 | Papaver sommi ferum | كۆكنار، ئەپيۇنگۈل | خەشخاش | 151 |
| 黑嚏根革 | Helleborus Niger | قارا خەربەق | خەربەق سىياھ | 152 |
| 白藜芦 | Verat rum album | ئاق خەربەق | خەربەق سەفىد | 153 |
| 醋(葡萄汁醋) | Vinegar | سىركە | خەل | 154 |
| 阿義勘 | Cassia fistulosa L | پۇتۇس سىرتقى قاپچۇقى | خىيار شەنبەر | 155 |
| 药蜀葵根 | Radix Althen Offis inalis | ئاق لەيلى يىلتىزى | ختمى | 156 |
| 百置香<br>野麝香 | Thymus Vulgaris | تاغ يالپۇزى | هاشا | 157 |
| 阿魏 | Resina Ferulae | ھەك سۆتى | ھىلتىت | 158 |
| 指甲花叶 | Folia Lawsonia lnermis | ھۆل خىنە يوپۇرمىقى | ۋاراقى خىننا | 159 |
| 印度<br>小檗波膏 | Extractum Berberis Indica | ھۇزۇز ھىندى | ھۇزۇز ھىندى | 160 |
| 铁荸并 | Semen Cy perus esculentus L (Egyptian nut) | ھەببى زەلەم | ھەببى زەلەم | 161 |
| 独行草子 | Semen Lepidium satiuum | ھەببى رىشات | ھەببى رىشات | 162 |
| 麦加香<br>脂树子 | Semen Commiphora oPobalsamum | بىلسان ئۇرۇقى | ھەببى بىلسان | 163 |
| 月桂瓔子 | Semen prunus laurocerasus | ھەببۇلغار | ھەببۇلغار | 164 |

www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| 大花牵牛手 | Semen I pomoea nil;<br>Semen pharbitis | هەشقىپىچەك ئۇرۇقى | هەببۇلنىل 165 |
| 笃耨香子 | Semen Pistacia<br>Terebinthus | دەرەخ ئۇرۇقى | هەببىتۇلخوزراسقىچ 166 |
| 桃金娘实 | Semen Myrthus<br>Communis | ئاس دەرىخى ئۇرۇقى | هەببۇلئاس 167 |
| 阿拉伯<br>辣木实 | Semen Moringa<br>Arabica | بان دەرىخى ئۇرۇقى | هەببۇلبان 168 |
| 药西瓜 | Citrullus Colocynthis | | مەنزەل 169 |
| 贯叶连翘 | Hypericum per foratum | | هۇۋپارىقۇن 170 |
| 小麦 | Triticum uv lgare | بۇغداي | ھىنتە 171 |
| 青果 | Frutus canarii | قارا ھېلىلە | ھېلىلە سىياھ 172 |
| 诃子 | Eructus termenaliu<br>Chebulas | كابۇل ھېلىلىسى | ھېلىلە كابۇلى 173 |
| | (ھېلىلە كابۇلىگە قاراڭ) | سېرىلىق ھېلىلە | ھېلىلە زەرد 174 |
| 犹大石<br>吉多果化石 | Helmintholithus<br>Judicus (jeus stone) | ھەجەرۇليەھۇد | ھەجەرۇليەھۇد 175 |
| 姜黄 | Curcuma longa (turmeric) | زەرچىۋە | دارى ھەلد 176 |
| 肉桂 | Cinnamomum Zeilonicum<br>Blume | دارچىن | دارچىنى 177 |
| 巴豆 | Semen Crotonis | ھەببۇلمۇلۇك؛<br>ھەببى سالاتىن؛<br>ماھۇدانە | دەند (دەن) 178 |
| 硫酸铜 | Cuptum sulfuricum<br>Copper sulphat | كۆكتاش | دانە پەرەڭ 179 |
| 鸡 | Gallus domesticus | توخۇ | دەجاج (مورخ) 180 |
| 熊 | Ursus | ئېيىق | دۇب 181 |
| | Doronicum scar pioides | | دۇرنەج ئەقرەبى 182 |
| | (ئىغ ھىندىگە قاراڭ) | | دەرمەنە تۇركى 183 |

www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| 松树脂 | Resina pini | راتنيانەج | 184 رال |
| | (ئارپىبەدىيانغا قاراڭ) | رازيانە | 185 رازيانەج |
| 罗勒 | Ocimum basilicum L | رەيھان | 186 رەيھان (شاھى سۇفرەم) |
| 甘草浸膏 | Extractum Glycyrrhis | چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ئېكستراكتى | 187 رۇبىسسۇس |
| 石榴 | Punica granatum | ئانار | 188 رۇممان |
| 牛油；牛脂 | Axungia Bovina | كالا يېغى | 189 رەۋغەنى گاۋ |
| 玫瑰油 | Oleum Rosae | گۈلى يېغى | 190 رەۋغەنى ۋەرد |
| 橄榄泊 齐墩果油 | Oleum olivarum; Oleum olivae | زەيتۇن يېغى | 191 رەۋغەنى زەيتۇن |
| 鸡汕 | Oleum Gallus domesticus | توخۇ يېغى | 192 رەۋغەنى دەجاج |
| | (ھۇزوز ھىندىگە قارا) | زىرىق ئېكستراكتى | 193 رۇسۇت |
| 白锡 | Stannum album | ئاق قەلەي | 194 رۇساس ئەبيەز |
| 人参 | Panax ginseng | ئادەمگىياھ | 195 جۇنساھ؛ رىنسىلڭ |
| 葡萄 | Vitis Vini fera L | ئۈزۈم | 196 زەبىب (ئەنگۇر) |
| 草棉花 | Flores Gossypium Herbacacum | كېۋەز چېچىكى | 197 زۆھرىلقوتنى |
| 藏红花 番红花 | Crocus satiuum; Stigma croci | زەپەر | 198 زەئىپىران |
| 浸醋孜然 | Cuminum cyminum Praeparata | سىركىگە چىلانغان زىرە | 199 زىرەمۇدەببەر |
| 斑蝥 | Cantaris | ئالا قوڭغۇز | 200 زارارىھ |
| 雄黄 | Realgar | | 201 زەرنىخ |
| | (كەرۋىياغا قاراڭ) | كەرۋىيا | 202 زىرەكىرمانىي |
| 姜 | Radix zingiber officinale | زەنجىۋىل | 203 زەنجىۋىل |
| 莪术 | Radix curcuma zedoaria | ئايلىشى | 204 زورەمبات |
| 小檗实 | Fructus Berbeis Vulgaris (var Amurensis) | زىرىق | 205 زىرشك |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 除虫斑<br>鸠菊实 | Semen vernonia<br>Anthelmintica | كالىيزىرە (قارازىرە) | زىرە سىياھ | 206 |
| 神香草<br>（海索草） | Hyssopus of f icinalis | قورۇق زۇپا | زۇپايى خۇشك؛<br>زۇپايى يابس | 207 |
| 无水羊毛脂 | Lanolinum<br>Anhydricum | قوي يۇڭى يېغى<br>(لانولىن) | زۇپايى رەتىپ | 208 |
| 矿物解毒剂 | Antidotum mineralis<br>Mineral Bezoar | | زەھرى مۆھرە<br>پادزەھەر كانىي؛<br>ھەجەرىسسەم؛ | 209 |
| 刚根马兜铃 | Radix Aristolochia<br>Rotunda | يۇمىلاق زىراۋەندە | زىراۋەندە<br>مۇدەھرەج | 210 |
| 长根马兜铃 | Aristolochia longa | ئۇزۇن زىراۋەندە | زىراۋەندە تەۋىل | 211 |
| 印度马兜铃 | Aristlochia Indica | ھىندىستان زىراۋەندىسى | زىراۋەندە ھىندى | 212 |
| 汞，水银 | Hydrargyrum:Hg:<br>Mercuri | سىماب | زەيبەق | 213 |
| 喜马拉亚冷杉<br>（黄果紫杉） | Abies spectabitis<br>(Taxus Bacca ta<br>Uar lutea) | زەرنەپ | زەرنەپ | 214 |
| 珍珠母 | Concha Margariti fera usta | سەدەپ | سەدەپ | 215 |
| 越 | crab | دەريا قىسقۇچپاقىسى | ھەرتانى نەھرى | 216 |
| 索科特拉<br>芦荟 | Alos sacotine; Aloe | سېرىق سەبرە | سەبرە سوقۇترى | 217 |
| 秋水仙 | Bulbus colchicum<br>Autumnale | مىسىر سۆرۈنجانى | سۆرۈنجان مىسرى | 218 |
| 斑叶红门兰<br>球根 | Orchis macula | خۇسيەتۇسسۆئلەپ | سۆئلەپ مىسرى | 219 |
| 牛至 | Origanum vulgare | سەئتەر | سەئتەر | 220 |
| 肉桂 | Cortex cinnam omi | قېلىن دارچىن | سەلىخە | 221 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 肥皂 | Sapo | سوپۇن | سابۇن | 222 |
| 安息香 | Styrax benzoin | سالاجىت | سالاجىت | 223 |
| 番泻叶 | Foli sena (foliu Cassia angustifolia) | سانا | سانا | 224 |
| 印度缬草根 | Radix valerianna Wallachi | سۇمبۇل ھىندى | سۇمبۇل ھىندى | 225 |
| 甘松 | Radix nardostachytis | جۇڭگو سۇمبۇلى | سۇمبۇل چىنى | 226 |
| 缬草根 | Radix valeriana Officinalis | سۇمبۇل تىپ | سۇمبۇل تىپ | 227 |
| 榅桲实 | Fructus oydoniu oblanga | بىھە | سەپەرجىل | 228 |
| 苹果 | Malus | ئالما | سىب؛ تۇففاھ | 229 |
| 檀香（木） | Lignum Santali abb | ئاق سەندەل | سەندەل سەفىد | 230 |
| 紫檀 | Santalum rubrum | قىزىل سەندەل | سەندەل سۇرۇخ | 231 |
| 天然硫化锌 | Natural zinc Sulphidi; black jack | تەبىئىي زىنك سۇلفىد؛ قارا تۇتىيا | سەڭگى بەسرىي ھەجەرىلكەھل | 232 |
| 火蒜 | Allium satiuum Siccatum | قۇرۇق سامساق | سۇم خوشك | 233 |
| 大叶舱木实 | Frustus cordial lati folia | سەرپىستان | سەرپىستان | 234 |
| 硅陵铵 | Magnesia silicate Soap stone | سوپۇن تاش جاراھەت تېشى | سەڭگى جاراھەت (ھەجەرىلئەئرابىي) | 235 |
| 阿拉伯树胶 | Gummi Arabi cum | ئەرەب يېلىمى | سەمغى ئەرەبى | 236 |
| 三条筋树 | Cinnamomum Tamala | سازەج ھىندى | سازەج ھىندى | 237 |
| 芸香 | Ruta graviolens L | سۇزاب | سۇزاب | 238 |
| 商汝草 | Cyperus longus | سۇئدى | سۇئدى | 239 |
| 海龙 | Syngnathus | سەقەنقۇر | سەقەنقۇر | 240 |
| 波斯阿魏 | Sagaf enum | سەكبىنەج | سەكبىنەج | 241 |
| 司格蒙旋花脂 | Resina Scammoniae | پىشۇرۇلغان سوقمونىيا | سوقمونىيا مەشۋى (مەھمۇدە) | 242 |

www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 盐肤木实 | Fructus rhus chinensis | سۇماق | سۇماق | 243 |
| 鸡内金 | Corium stomachicum Galli | توخۇ تاشلىقى ئىچكى پەردىسى | سەنگدانەمۇرغ (قانسە) | 244 |
| | (ئارپىبەديانغا قاراڭ) | بەديان | سۇنق | 245 |
| 朱砂 | Ginnabar | قىزىل سىر | شىڭگىرىپ | 246 |
| 白矾（明矾） | Alumen | زەمچە | شەب | 247 |
| 白雪花 | Plumbago zeylanicum | ھىندى شەترەنجى | شەترەنجى ھىندى | 248 |
| 白头翁 | Anemone Pulsatilla Chinensis | شاقايىقۇلنىمانى؛ لالىگۈل | شاقايىقۇلنىمانى | 249 |
| 白花丹根 | Pustinica Secacul radicis | شاقاقۇل | شاقاقۇل | 250 |
| 蓝堇 | Fumaria officinalis | شاھتەررە | شاھتەررە | 251 |
| 硝石 | Potassium Nitrate | مىلتىق دورىسى | شور قەلمى | 252 |
| 莳萝 | Anethum Graveolens | سېرىقچېچەك | شىبىت | 253 |
| 蛔蒿 | Artemisia maritime Cina | ھىندى شىۋاقى | شىخ ھىندى | 254 |
| 茵陈蒿 | Artemisia capillaries Thunb | جۇڭگو شىۋاقى | شىخ چىنى | 255 |
| 麦角 | Frgota;secale ornutum | ساراڭ بۇغداي ئۇرۇقى | شىلەم | 256 |
| 黑种草子 | Semen Nigella sativa | سىيادانە | شۇنىز | 257 |
| 药西瓜瓤 | Pulpa colocynthidis | ئاچچىقتاۋۇز | شەھمەنزەل | 258 |
| 香豆子 | Trigonella foenum Graecum | خۇش پۇراق پۇرچاق (شياڭدوۋزا) | شۇمشا (ھۆلبە) | 259 |
| 胡芦巴叶 | Folia Trigonella Foenum Graecum | شۇمشا يوپۇرمىقى | شۇمشا بەرگى | 260 |
| 白砂糖（甜菜糖） | Saccharum album; Beet sugar | ئاق شېكەر (قىزىلچا شېكىرى) | شېكەر سەفىد | 261 |
| | (بالغا قاراڭ) | ھەسەل | شەھد | 262 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 药用多孔菌<br>落叶松蕈 | Polyporus officinalis | غارىقۇن | غارىقۇن | 263 |
| 大花龙芽草 | Agrimonia eupatoria L. Asiatica | غاپەس | غافەس | 264 |
| | (سەگگىدانە مۇرغىقا قارالسۇن) | | قانىسە | 265 |
| 草果 | Fructus Amomi tsao - ko | چوڭ قاقىلە | قاقىلە كىبار | 266 |
| 牛阴 | Penis Bull | بۇقاچۇيىسى | قەزبى گاۋ | 267 |
| 木香 | Radix sausseria | تاتلىق قۇستە | قۇستەشىرىن | 268 |
| 广木香云木香 | Radix sausseria lappa | ئاچچىق قۇستە | قۇستەتەلىخ | 269 |
| 卡马拉；<br>吕宋楸荚粉 | Kamala | | قەنبىل | 270 |
| 印度当药 | Chiretta | پۇتەي قومۇش | قۇسبۇزەرىرە | 271 |
| 野孜然 | Lagoecia cuminoides | قەردمانە (ياۋا زىرە) | قەردمانە | 272 |
| 丁香 | Flos Cariophylly;<br>Cloves | قەلەمپۇر؛ مىخ دارچىن | قەرەنفىل | 273 |
| 鹿角 | Cornu Ceruv | بۇغا مۈڭگۈزى | قەرنلئىل<br>(شاخى گوزەن) | 274 |
| 补血草 | Statca limonium | قانتىپەر | قانتىپەر | 275 |
| 德苦草 | Erythraes Centaurium | قەنتەرىيۇن | قەنتەرىيۇن | 276 |
| 骆驼助乳 | Colostrum camel | تۆگە ئوغۇز سۈتى | فەنىرمايە شۇتۇرى<br>ئەئرابى | 277 |
| 金刚纂汁 | Succus Eu phorbia<br>Antiquorum L | پەرپىيون | پەرپىيون | 278 |
| 榛子 | Fructus Corylus | تاش ياڭاق | پىندۇق | 279 |
| 丁香罗勒 | Ocimum gratissimum | پەرەنجىمىشك | پەرەنجىمىشك | 280 |
| 槟榔 | Areca Catechu | فوفىل | فوفىل (سۇپارى) | 281 |
| 欧当归 | Levisticum officinalis | رۇم ئەنجۇدانى | كاشىم | 282 |



www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 松香 | Collophonium | كۆچادۆرقاي يېلىمى | 283 | كۆچا |
| 孜然 | Cuminum cyminum | زىرە | 284 | كۆمۆن |
| 西黄蓍胶 | Gummi Tragacantha | كەتىرا | 285 | كەتىرا |
| 乳香 | Olibanum; olibanoresin | كۆندۆر | 286 | كۆندۆر |
| 银箔 | Silver foil | كۆمۈش ۋاراق | 287 | ۋاراقى فىززە |
| 金箔 | Aurum foil | ئالتۇن ۋاراق | 288 | ۋاراقى تىللا |
| 酸浆 | Fructus physalis alke kengi | پانۇس شوخلا | 289 | كاكىنەچ |
| 干胡荽 | Herba coriandrum Sicca | قۇرۇق يۇمغاقسۈت | 290 | كەنىزى خۇشىك |
| 海螺蛸：乌贼骨 | Os sepia | كۆپىكدەريا | 291 | كۆپىكدەريا |
| 樟脑 | Camphoru | كافۇرا؛ كامفورا | 292 | كافۇر |
| 琥珀 | Succinium; Abmer | قەھرىۋا | 293 | كەھرىۋا |
| 硫磺 | Sulphur;sulfur | گۈڭگۈرت | 294 | كىبرىت |
| 老鼠瓜实 | Fructus capparis Spinosa | بۆرى سويمىسى | 295 | كەبەرخەمىكى |
| 山薤 | Allium japonicum | ياۋا تاغ جۇسىيى | 296 | كۇراسى جەبەلى |
| 荜橙茄实 | Semen Piper cubeba | كەبابە | 297 | كەبابە |
| 花椒 | Frustus zanthoxyli | كاۋاۋىچىن | 298 | كەبابەخەندان |
| | Teucrium chamaedrys L | كامازىرىيۇس | 299 | كامازىرىيۇن |
| 儿茶 | Catechu;Gambir | كاتھىندى | 300 | كاتھىندى |
| | (تۇخۇمى ئەپتىمۇنغا قاراڭ) | سېرىق ئوت | 301 | كۇسۇس |
| 柽柳实 | Fructus Tamarix gallica | يۇلغۇن مېۋىسى (بۇژغۇن) | 302 | گەزمازەج |
| 散沫花叶 | Hena; Lawsonia inermis | مەككە خېنىسى | 303 | گۇلى مىھەندى |
| 荨麻 | Urtica Cannabina | چاچقاقئوت | 304 | گۇل قەقە |

www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 305 | گۇلنار | ئانار گۈلى | Flores Granati | 石榴花 |
| 306 | گۈلى داۋۋدى؛ | باسۇم جۇخار گۈلى | Chrysanthemum<br>Mori folium | 菊花 |
| 307 | گۈلسۇرۇخ | قىزىلگۈل | Rosa rugosa | 玫瑰 |
| 308 | گۈلاب | قىزىلگۈل پارسوي | Aqus rosae | 玫瑰露 |
| 309 | گاۋزىبان ھىندى | ھىندى گاۋزىۋانى | Folia Borago<br>Officinalis | 琉璃苣 |
| 310 | گىل ئەرمىنى<br>تىنى ئەرمىنى<br>گىل مولتانى | ئەرمەن قىزىل گىلى<br>مولتان قىزىل گىلى | Bole Armeniae; Bolus<br>Armenia rubra | 亚米尼亚红土 |
| 311 | ئىرسا | گۈلسەۋسەن يىلتىزى | Radix Iris Germaniae | 德国鸢尾根 |
| 312 | ئىكلىلمىلىك | ئىكلىلمىلىك | Herba Melilotus<br>Officinalis | 黄香草木犀 |
| 313 | ئىزخىرمەككى | مەككى چىغى يىلتىزى | Radix Andra pogon<br>Schoenantus | 青香茅根 |
| 314 | ئىجاس | ئەينۇلا | Fructus Prunus domestica | 洋李 |
| 315 | لوبيا (ئەدەس) | لوبيا | Phaseolus Vulgaris | 莱豆 |
| 316 | لاچىندانە | لاچىندانە | Semen Amomum<br>cardamomi | 小豆蔻 |
| 317 | لىسانۇل ئاساپىر (زە-<br>بانى گەنجىشك) | ئەرمۇدۇن دەرەخ ئۇرۇقى<br>(قۇشقاچتىل) | Semen Fraxinus | 白蜡树子 |
| 318 | لاجۇۋەرد | لاجۇۋەرد | Lapis - Lazuli; Lazurite | 青金石 |
| 319 | لوك مەغسۇل | لوك مەغسۇل | Lacca rubra | 紫草茸；虫胶 |
| 320 | لەئلى؛ لەئلى<br>بەدەخشان | قىزىل ياقۇت | Rubinus; Ruby | 红宝石 |
| 321 | موزا | موزا | Galla Turcicae ; gallnut | 没食子 |
| 322 | مىئە سائلە | مىئە سائلە | Styrax liquidus | 液状苏合香 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 自然铜 | Pyritum | تەبىئىي مىس رۇدىسى | مىرقىششائى تۇتىيا | 323 |
| 木姜子 | Litsea pungens | موغاس | موغاس | 324 |
| 珍珠 | Margarite | مەرۋايىت | مەرۋارىد | 325 |
| 红花子仁 | Nucleus Semen Carthamus Tinctorium | زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى | مەغزى ھەببى قۇرتۇم | 326 |
| 麻雀脑 | Ence phalon Passer Montana | قۇشقاچ مېڭىسى | مەغزى كۇنجۇشەك | 327 |
| 扁桃仁 | Nucleus Semen Amygdala | بادام مېغىزى | مەغزى لەۋز | 328 |
| 冬瓜子仁 | Nucleus Semen Benincasae | قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى | مەغزى تۇخۇمى كۇدۇيى تەلخ | 329 |
| 埃及羽扇豆 | Semen Lupinus termis | دادۇر مېغىزى | مەغزى باقىلا (تىرمىس) | 330 |
| 没药 | Commi for a myrrh | مۇرمەككى | مۇرمەككى | 331 |
| 黑胡椒 | Piper nigrum | قارىمۇچ | مۇرچ سىياھ | 332 |
| 蚂蚁 | Formica | چۇمۇلە | مۇر | 333 |
| 黄连 | Coptis chinensis | مامىرانچىن | مامىرانچىن | 334 |
| 毒鱼防己 | Anamirta Cocculus | بېلىق دورىسى | ماھى زەھرەج | 335 |
| 麝香 | Moschus | ئىپار | مىسك | 336 |
| 毒参茄 | Mangidora of ficinalis | زەھەرلىك لۇفاھ | مېھرىگىياھ مەردۇم گىياھ؛ (يەبرۇجى سەنەم) | 337 |
| 墨角伦草 | Origanum Ma jorana | مەرزەنجۇش | مەرزەنجۇش | 338 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 乳香；熏陆香 | Mastiche; Resina<br>Pistacia Lenticulus | روم مەستىگى | مەستىكى رۇمى | 339 |
| 密陀僧 | Lithar g yrum | مەدەستان | مۇردارسەڭ | 340 |
| 丽春花 | Papauer Rhoes | | مامىسا | 341 |
| 小金梅草 | Hypox aurea Lour | موسلى سەفىد | موسلى سەفىد | 342 |
| 地蜡 | Ozokerite | مۇمىيا | مۇمىيا | 343 |
| 铁力木粉 | Mesua ferrea L | نارمىشك | نارمىشك | 344 |
| | (پۆدىنەگە قاراڭ) | يالپۇز | نەئنائ | 345 |
| 印度藏茴香 | Carum ajowan;<br>Carum Copticum | جۇۋنە | نانخا | 346 |
| 鹰嘴豆 | Semen Cicer areitinum | نوقۇت | نوقۇت (ھەمىس) | 347 |
| 淀粉 | Amylum; starch | كىراخمال | نىشاستە | 348 |
| 大青盐<br>岩盐 | Halite | لاھور تۇزى<br>(تاش تۇز) | نەمەكى لاھورى | 349 |
| 黑盐<br>印度盐 | Sal nigrum; natrium<br>Chloride nigelli | قارا تۇز | نەمەكى سىياھ | 350 |
| 淡硇砂 | Sal Ammoniacum; Ammonium<br>Chloride | نۇشۇدۇر | نوشادىر | 351 |
| 椰子实 | Cocos nuci ferae | نارجىل | نارجىل | 352 |
| 酸橙；枳壳 | Fructus Citri Aurantii | نارەنجى | نارەنجى | 353 |
| 生石灰 | Calcaria Usta | ئاھاك | نەۋرە | 354 |
| 葡萄干 | Fructus uitis<br>Uinifera siccatus | قۇرۇق ييمىش | ۋاسالغۇ | 355 |



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تۇنجى تارقىتىش ئادرېسى

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 大麻叶 | Folia Cannabis indica | كەندىر | ۋاراقى خىيال | 356 |
| 菖蒲根茎 | Radix Acori Calamus | ئېگىر | ۋەج | 357 |
| 没药树木材 | Lignum Commi phora Opobalsamum | بىلسان ياغىچى | ئۇد بىلسان | 358 |
| 沉香 | Lignum Aquilar ia (ئۇدى ھىندىگە قاراڭ) | ئۇد ھىندى | ئۇد ھىندى<br>ئۇد قىمارى<br>(ئۇد خام) | 359 |
| 白芍根 | Radix paeonia alba | سەللە گۈل يىلتىزى | ئۇد سەلىب | 360 |
| 茜草根 | Rubia Tinctorium radix | ئوردان | ئوردان (ئۇرۇقى ئەھمەر) | 361 |
| 阿摩尼亚草<br>氨草 | Doerma Ammoniacum | ئۇشەق | ئۇشەق | 362 |
| 洋孩梨根 | Radix sasae | تومۇر دورىسى | ئۆشبە مەغرىبى | 363 |
| 熏衣草 | Lavandula vera | ئۇستقۇددۇس | ئۇستقۇددۇس | 364 |
| 枣 | Fructus zizyphus Jujube | چىلان | ئۇنناب | 365 |
| 地衣；台藓 | Lichen | ئۆشنە | ئۆشنە (داۋالە) | 366 |
| 新疆圆柏子 | Semen juniperus sabina | ئارچا ئۇرۇقى | ئۇبھەل | 367 |
| | (نۆشۇدۇرگە قاراڭ) | نۆشۇدۇر | ئۇقاب | 368 |

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر تېبابىتى داۋاسازلىق ۋە مۇرەككەپ دورىلار ئىلمى

**ئاپتورى:** رۇقىيەم سادىق


**باش مۇھەررىر:** مەھەممەت ئىمىن سابىرى
**باش تەھرىر:** ھاجى ئابدىلھەمىد يۇسۇپى
**مەسئۇل مۇھەررىر:** ئىنايىتۇللا ھىلمى
**مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى:** ئەنۋەر قاسىم
**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
**تور ئادرېسى:** http://www.xjpsp.com
**باسقۇچى:** شىنجاڭ خوگتۇ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**نەشرى:** 1987 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2014 ـ يىل 11 ـ ئاي 2 ـ باسمىسى
**فورماتى:** 1092 × 787 م م 1/16 كەسلەم 23 باسما تاۋاق
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5372 - 5955 - 2
**تىراژى:** 7000 — 4001
**باھاسى:** 57.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: 2823055 (0991) پوچتا نومۇرى: 830001